ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# بەختسىز سىسدىيە

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بەختسىز سەئدىيە



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاه
خەتتات : ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

بۇ رومان 2003 ـ يىلى دېكابىردا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇنجى نۆۋەتلىك « تەڭرىتاغ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇكاپاتى » نىڭ « ئەسەر مۇكاپاتى » غا ئېرىشكەن.

ئۇنتۇلغان كىشىلەر
ھايات شۇنداق
ئاي يامغۇرى
يىراقتا قالغان مۇھەببەت
سەرسان روھ
بەختسىز سەئدىيە
قاباھەت
يېكچىشىم
مۇزلىغان يۈرەك
دەۋر ساداسى

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى
ISBN 978-7-5371-6501-3
9 787537 165013 >
باھاسى: 33.00 يۈەن

بۇ كىتابنى — بەش ئوغۇل، ئىككى قىزنى تەربىيىلەپ، قاتارغا قوشۇش يولىدا جەبىر — جاپا چەككەن، مېھرىبان ئانام نۇرانە ھاجىم داۋۇت قىزىنىڭ پارلاق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن.

مۇئەللىپ

ئەخمەت تۇردى ئەسەرلىرى



# بەختسىز سەدىيە

( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : **ئابلىز قېيۇم**
مەسئۇل كوررېكتورى : **ئىبادەت ياسىن**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : **غالىب شاھ**

ئەخەت تۇردى ئەسەرلىرى
**بەختسىز سەئىدىيە**
(تارىخىي رومان)
ئاپتورى: **ئەخەت تۇردى**
*
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 14.5
2009 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىلى 3 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
ISBN978 – 7 – 5371 – 6501 – 3
باھاسى: 33.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



يازغۇچى ئانىسى بىلەن بىللە

1986 - يىل

# نەشرىياتتىن

ئەخەت تۇردى — دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا ، گۈللەپ ياشناش ۋەزىيىتىگە مۇھىم تۆھپە قوشقان ۋەكىللىك خاراكتېردىكى داڭلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى . ئۇ ئۆزىنىڭ 50 يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىدا پروزىچىلىقنىڭ ھېكايە ، پوۋېست ، رومان قاتارلىق ھەممە ساھەسىدە قەلەم تەۋرىتىپ ، ھەممە ساھەسىدە بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىپ ، ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە خېلى زور تەسىر قوزغىدى .

يازغۇچى 1940 - يىل 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان . 1949 - يىلىدىن 1959 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان . 1959 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . 1964 - يىلى 8 - ئايدا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەقسىم قىلىنىپ ، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن ، كېيىن ژۇرنالنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى بولغان . 1989 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ كەسپىي يازغۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنىپ ، 2000 - يىلى 12 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققۇچە شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى بولغان . ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، مەملىكەتلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، دۆلەتلىك

بىرىنچى دەرىجىلىك يازغۇچى ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسى-
تېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى .

ئەخەت تۇردىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى 1958 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق ھېكايىسى بىلەن باشلانغان . شۇنىڭدىن تارتىپ 1960 - يىللارنىڭ ئوتتۇرى-لىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ «ھاياتنىڭ باشلىنىشى» ، «دەشتكە باھار كەلدى» ، «كۆرەش داۋام قىلىدۇ» ، «ئازاد زامانەمدىن ئايلىناي» ، «بىزنىڭ ئەۋلاد» قاتارلىق بىر قىسىم ھېكايىلەرنى يېزىپ ، شۇ دەۋر رېئاللىقىنى خېلى جانلىق ئەكس ئەتتۇرگەن ھەم كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان . 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلى-رىدىن باشلاپ ئەخەت تۇردىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى . بۇ مەزگىللەردە ئۇ «يالقۇنلۇق ياش-لىق» ، «مەرھابا ، باغۋەن» ، «مەھبۇس قىزى» قاتارلىق ھېكا-يىلەرنى يېزىش ئاساسىدا پوۋېست ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللى-نىپ ، «قىيانلىق دەريا» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» قاتارلىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلىپ ، بۇ جەھەتتىمۇ كۆرۈنەرلىك نەتىجى-لەرگە ئېرىشتى . ئۇنىڭ پوۋېست ئىجادىيىتى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىدىن رومان ئىجادىيىتىگە ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى ئىجادىيىتى بولۇپ قالدى . ئۇ 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ رومان ئىجادىيىتىگە كىرىشىپ ، 1989 - يىلى تۇنجى رومانى — «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»نى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆ-رۈشتۇردى . بۇ رومان ئۆزىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە قىممىتى ۋە يۇقىرى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە زور تەسىر قوزغىدى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ رومان ئىجادى-يىتى ئۇچۇن پۇختا ئاساس بولۇپ قالدى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاساسلىق كۈچىنى رومان ئىجادىيىتىگە قارىتىپ ، كەينى - كەي-نىدىن «ھايات شۇنداق» ، «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدى-يە» ، «قاباھەت» قاتارلىق رومانلارنى يېزىپ جامائەتچىلىك بى--

لەن يـۈز كـۆرۈشتۈردى . ئـەگەر بـىز «خەيرخوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» ، «ئەلۋىدا ، كۆز يېشىم» ناملىق ئەسەرلەرنى ئۇنىڭ ھېكايە ۋە پوۋېست ئىجادىيىتىدىكى بىر پەللە دېسەك ، ئۇنداقتا «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» ، «قاباھەت» رومانلىرى ئۇنىڭ رومان ئىجادىيىتىدىكى نەتىجىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان نادىر ئەسەردۇر .

يازغۇچىنىڭ تۇنجى پوۋېستى «قىيانلىق دەريا» 1985 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيا- تىنى باھالاشتا «مۇنەۋۋەر پوۋېست» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كې- يىن ، ئۇنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرى ، بولۇپمۇ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ، «ھايات شۇنداق» ، «سەرسان روھ» ، «بەختسىز سەئىدىيە» قاتارلىق رومانلىرى كەينى - كەينىدىن «جۇڭگو كى- تاب مۇكاپاتى» ، «تۇلپار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» ، «تەڭرىتاغ ئەدە- بىيات - سەنئەت مۇكاپاتى» ··· قاتارلىق مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ زور شەرەپ قۇچتى . ئۇنىڭ بىر تۈركۈم ھېكايە - پوۋېستلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغاندىن سىرت ، «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ، «خەير- خوش ، توققۇز كۈنلۈك ماكان» قاتارلىق نادىر ھېكايىلىرى چەت ئەل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ ، «چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھې- كايىلىرى» ناملىق توپلام بىلەن «پەرۋاز» ناملىق مەجمۇئەلەردە ئېلان قىلىندى .

بۇ قېتىم نەشرىياتىمىز دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللى- قىغا سوۋغا قىلىش ۋە ئەخەت تۇردى ئىجادىيىتىنىڭ 50 يىللىقى- نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى 10 توم قىلىپ نەشر قىلدۇق . بىز ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە سۇن- غان بۇ 10 توملۇق ئەسەر يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ تارىخ ۋە رېئاللىق ھەققىدىكى 50 يىلدىن بۇيانقى جاپالىق ئىزدىنىشلىرى- نىڭ مەھسۇلى . ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىدە كىشىلەرنىڭ

ئىجتىمائىي رېئاللىق بىلەن بولغان ئوخشاشمىغان مۇناسىۋەت ـ ئالاقىلىرىنى ، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ باي ۋە مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىنى تىپىك ۋە ماھىيەتلىك بولغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئىچىدە ئوبرازلىق يارىتىشتەك ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇب ياراتقان . ئۇ تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلارنىڭ كۆپىنچىسىدە زاماندىشلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى تەبىئىي ۋە ئېنىق ئېچىپ بېرىلىپ ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىپىك مىللىي خاراكتېرى خېلى روشەن ئەكس ئەتكەن . بۇ خىل تىپىك خاراكتېر يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ، جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى ئالاھىدە كۆزقاراشلىرى ، شۇنىڭدەك ئۆزگىچە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئارقىلىق سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلگەن . شۇڭا ئۇ كىشىلەرگە ئۆزگىچە بىر خىل ئېستېتىكىلىق زوق بېغىشلايدۇ ، كىشىنى ھايات گۈزەللىكىدىن ، شۇنداقلا تەبىئەت گۈزەللىكىدىن سۆيۈندۈرىدۇ .

قىسقىسى ، ئەخەت تۇردى دەۋر قىياپىتىنى ئىجابىي ۋە سەلبىي ياقتىن يورۇتقان ، تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى كەسكىن ، پېرسوناژلىرى ئۆزىگە خاس خاراكتېرگە ئىگە ، تىلى تاتلىق بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ، جۈملىدىن ئۇنىڭ رومانچىلىق ساھەسىگە مۇناسىپ تۆھپىلەرنى قوشقان تۆھپىكار يازغۇچىدۇر .

بىز ئاخىرىدا ، ھۆرمەتلىك ئەدىبىنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ، قەلىمىگە تېخىمۇ زور بەرىكەت تىلەيمىز !

2009 ـ يىل ، مارت .

# سۆز بېشى

يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلار ئىزىنى ئىزدەپ يۈرۈپ، بۇ سەۋدايى يولغا كىرىپ قالدىم. نۇرغۇنلىغان ئەگىم ـ دوقاللار بىلەن سىرلىق قىستاڭلاردىن ھاسىل بولغان بۇ يول ئاخىر مېنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ 17 ـ ئەسىردىكى ھەسرەت ـ نادامەتلىك دەۋرىگە باشلاپ كەلدى. سەلتەنەت مەھكۇملۇق بىلەن، مەرىپەت نادانلىق بىلەن، يورۇقلۇق جاھالەت بىلەن ئالماشقان بۇ دەۋر ھەقىقەتەنمۇ خەلقىمىز ھاياتىدىكى بىر پاجىئە ئىدى.

ۋەھالەنكى، خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، مەيلى ئۇ قانچىلىك پاجىئەلىك ۋە دەھشەتلىك بولسۇن بىز ئۈچۈن بەرىبىر ئەزىز ھەم مۇقەددەس بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇ ئۆتمۈش يالغۇز پاجىئە ۋە قارا كۈنلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى يەنە قاراڭغۇ زۇلمەتنى ئۆز شولىسى بىلەن يورۇتماقچى بولغان نۇرغۇن مەشئەلچى، چىراغچىلارنىڭ تارىخ قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەن بۈيۈك ئىختىرالىرى، كۈرەشلىرى ۋە نۇرى بىلەن چاقنىغان يورۇق كۈنلىرىدىنمۇ ئىبارەتتۇر !

ئىشەنچ بىلەن يولغا چىقتىم، يولۇمنى ئەنە شۇ نۇرلار يورۇتتى، كۆز ئالدىمدا ئەنە شۇ ئۆلمەس سىيمالار گەۋدىلىنىپ، ماڭا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ تۇردى.

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم
## زەرەپشانىنىڭ كۆز يېشى


بىرىنچى باب قىسقا ھاياتتىكى ئۇزۇن بىر كېچە .................. 3
ئىككىنچى باب قارا بوران چاڭ ـ توزانلىرى .................. 21
ئۈچىنچى باب جاھىل قورغان ..............................34
تۆتىنچى باب باسقۇن ........................................70
بەشىنچى باب شىرقىراپ چۈشۈۋاتقان قان ئاۋازى ..............84
ئالتىنچى باب كۆيگەن جاھان .............................. 102
يەتتىنچى باب ئالتۇن تەخت ئۈستىدىكى بىردەملىك ئاچچىق خىيال ..........................................144
سەككىزىنچى باب ۋاباغا ئوخشايدىغان ئادەم....................166
توققۇزىنچى باب بىر نەچچە سەھىپىلىك ئەسلىمە ............. 185
ئونىنچى باب مېھرى ئىسسىق يوچۇن كىشى .................. 209


## ئىككىنچى قىسىم
## قارغىشقا تولغان ئالەم


بىرىنچى باب ئوت ۋە ئوقيا.................................. 227
ئىككىنچى باب نىكاھ ۋە سەلتەنەت ........................... 247
ئۈچىنچى باب قانغا بويالغان يىگىرمە بىرىنچى جۈمە ...........................................................280

تۆتىنچى باب   شانلىق قەبرە ...................................309
بەشىنچى باب   سەرمازار ھاشىرى ..................................331
ئالتىنچى باب   چۆلدىكى يالغۇز كەپە .............................345
يەتتىنچى باب   ئەۋلىيانى چۆچۈتكەن خەۋەر ........................365
سەككىزىنچى باب   دىيانەت تەزكىرىسى .............................377
توققۇزىنچى باب   ئۇزۇن چۈش .....................................404
ئونىنچى باب   ئۆلۈمسىز ھالاكـەت ................................ 431
ئەسەردىكى مۇھىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىسقىچە
بايـانـى ........................................................440

# بىرىنچى قىسىم

## زەرەپشاننىڭ كۆز يېشى

## بىرىنچى باب

# قىسقا ھاياتتىكى ئۇزۇن بىر كېچە

### 1

مىلادىيە 1678 ـ يىلى گۈزەل قەشقەرنىڭ كەڭ ۋە تىنچ زېمىنىنى ۋەھىمە باستى. بىر يۈز ئاتمىش تۆت يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۈيۈك سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ سەلتەنىتى كۈلپەت ئىچىدە قالدى!

خىرە ئايدىڭ كېچە، ئەل ئۇيقۇغا چۆمگەن خامۇش بىر پەيتتە، قارا قۇرۇم تاغلىرى تەرەپتىن كەلگەن دەرۋىش سىياقىدىكى بىر ئادەم شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى خانىقا دەرۋازىسىدىن قەلئە ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى كېچە ـ كۈندۈز جېدەللەپ مېڭىپ، مانا ئەمدى مەنزىلگە يەتكەنىدى. شۇڭا، يول بويىدىكى كۆل بېشىدا توختاپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى، ئاندىن بىر قولى بىلەن كۆلنى ئىھاتە قىلغان ياغاچ سالاسۇنغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئاي نۇرىدا سۇس جىلۋىلىنىپ تۇرغان تىنىق سۇدىن بىر نەچچە ئوچۇم ئىچتى. مۇزدەك تاتلىق سۇ ئۇنىڭ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى نەملەپ ھارغىنلىق باسقان يۈرىكىنى ياشارتىپ قويغاندەك بولدى. ئۇ تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا قارامتۇل بۇلۇتلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىققان ئاي شەھەرنى ۋالىلدە يورۇتىۋەتتى. تىمتاسلىققا چۆمگەن شەھەر ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە باشقىچە سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغىنىغا يەتتە يىل بولغانىدى. قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدا ئۆتكەن يەتتە يىل ئۇنىڭ جىسمى

بىلەن روھىدا قانداق روشەن ئۆزگىرىشلەرنى قىلغان بولسا، بۇ شەھەردىمۇ شۇنداق زور ئۆزگىرىشلەرنى قىلغانىدى. ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە خۇددى دېۋەيلەپ تۇرغان دېۋىدەك كۆرۈنگەن ماۋۇ سېپىلمۇ بۇرۇنقىدىن ئېگىز ۋە مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ سېپىلغا قاراۋېرىپ توساتتىن يۈرىكى سىقىلغاندەك بولدى. تاغ ئارىسىدا ئەركىن - ئازادە يايلاپ يۈرگەن بۇ ئادەم ئۈچۈن بۇ يەر بەئەينى تار قەپەستەك بىلىنىپ، ئۆزىنى غەلىتە بىر سېزىم ئىچىدە ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇنىڭ خىيالى بىر جېسەكچىنىڭ يېقىنلا يەردە تۇرغان تاقىلدىقى بىلەن «ئەل ئامان! ...» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازىدىن بۆلۈندى. ئۇ كۆل بويىدا قويغان بوغقۇچلۇق خالتىسىنى ئېلىپ، يولنى داۋام قىلدى.

شەھەر يوللىرى، مەھەللىلەر ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى. ئۇ غەدىگەرلىكتىن ئۆتۈپ، چارسۇغا كەلدى. ئۇ يەردىن يەنە بىر گۈللۈك دوقمۇشنى ئايلىنىپ، شەھدانكۆل مەھەللىسىدىكى قوش قاناتلىق يوغان بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىدى ۋە ئىشىكنىڭ قۇببىلىك قۇيما ھالقىسىنى يەڭگىل قاقتى. ھالقا ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇلغاندا ئىچكىرىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ «كىم بۇ؟» دېگەن ئاۋازى بىلەن شىپىرلاپ ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— مەن ...

— مەن دېگەن كىم؟

كۆپ ئۆتمەي ئىشىكنىڭ زەنجىر تاقاقلىرى شىرىقلاپ چۈشۈپ، بىر قانىتى يېرىم ئېچىلدى ۋە يىگىرمە ياشتىن ھالقىغان، كەڭ كۆكرەكلىك، قاپلان باش بىر يىگىتنىڭ گەۋدىسى غۇۋا كۆرۈندى.

— ئىسەن سوپىم، خۇداغا شۈكرى، ئۆزلىرى بار ئىكەنلا! — دېدى يولۇچى مۇلايىم ئاۋازدا.

— سىلى، ئۆزلىرى ....، — ئۆي ئىگىسى يىگىت قولىدىكى قارا چىراغنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ، يولۇچىنىڭ چىرايىغا سەپسىلىپ قارىدى ۋە بىردىنلا ھاياجانلىنىپ تووۋلىۋەتتى، — دەرۋىش خوجا، بۇ راست سىلىمۇ...

يىگىتنىڭ ئەسلىدىكى ئوتلۇق كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى.
— مەن شۇ ... ئىسەن سوپىم، دەرۋىش خوجا ...

يىگىت ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. ئۇستىگە جۇلدۇر چاپان، بېشىغا پىلتىلىرى تورزۇپ، مازلىرى چىقىپ قالغان ئەسكى تەقيە كىيگەن بۇ ئادەم ئۆز ۋاقتىدا بۇ دىياردا نامى چىققان دەرۋىش خوجا ئىدى.

ئۇلار بىر - بىرىنى يېتىلىشىپ دەسلەپ هويلىغا، ئاندىن كايىۋانىلىق مېھمانخانىغا كىردى. مېھمانخانا كەڭ ۋە ئازادە ئىدى. ئۇدۇلدىكى مېھرابنىڭ ئىككى تەرىپىگە گەجدىن قاپارتما نەقىشلەر ئويۇلۇپ، ئۇستى زەڭگەر سىرلانغانىدى. تورۇستىكى جەگە، لىملارغىمۇ ناھايىتى نەپىس، چىرايلىق نەقىشلەر ئويۇلغانىدى. تامدىكى ئويۇقلاردا بولسا، ھەر خىل كىتاب ۋە چىنە - قاچىلار رەت - رېتى بىلەن تىزىلىپ تۇراتتى. ئىشقىلىپ، هويلا ۋە ئۆيىنىڭ بېزىلىشى، سەرەمجانلىشىشى ئۆي ئىگىسىنىڭ پەزىلىتى ۋە هۈنەرگە كامىللىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى.

مېھمانخانىغا چىراغ يېقىلدى، ئۆي ئىچى ئاپئاق يورۇدى، شۇ چاغدا ئۆي ئىگىسى يىگىت مېھمانغا ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن قايتىدىن سەپسالدى.

ئۇ ئېگىز بوي، قارىمۇتۇق يۈزىدە پېچاقنىڭ ئىزى بار، ئوتتۇز بەش ياشلاردىكى بەستلىك ئادەم ئىدى. ئۇ پۇتىغا تاغلىقلاردەك چورۇق كىيىپ، ئەسكى چاپىنىنىڭ ئۇستىدىن كەڭ كاشا باغلىۋالغانىدى. چورۇقنىڭ قونچىدا كۆمۈش تولتىلىق يىگىسار پىچىقى تومپىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دۈگىلەك، قاپقارا كۆزلىرى بوغما يىلاننىڭ كۆزىدەك سۈرلۈك ئىدى. ئۇنىڭ يۈز تېرىلىرى تاغ شامىلىدا قارىداپ يېرىك. لىشىپ بەئەينى ئېكەكتەك تىلىم - تىلىم يېرىلىپ كەتكەنىدى. بېشىدىكى كونا تەقيىسى ئاستىدىن چىقىپ تۇرغان پاخماق چاچلىرى بىلەن چۇپپۇرلىشىپ كەتكەن گىجەك ساقاللىرى ئۇنى تېخىمۇ سۈرلۈك ۋە بەتبەشىرە قىلىۋەتكەنىدى. پەقەت قىزىللىق ئېتىپ تۇرغان

ئېپىز لەۋلىرى بىلەن ئاپئاق چىشلىرىلا ئادەمگە ئاز ـ تولا يېقىملىق كۆرۈنەتتى.

مېھمان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۇسۇر ـ كۇسۇر ئايەت ئوقۇپ تېزلا دۇئا قىلدى، تۇرقىدىن بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقانلىقى ۋە ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ـــ يۇنۇس ئاكام كۆرۈنمەيدىغۇ؟ ـ دېدى مېھمان دۇئادىن كېيىن، ـــ ئۇخلاپ قالدىمۇ ـ يا؟

ـ يوقسۇ، دادام قەشقەرگە كەتكەن، ـ دېدى ئۆي ئىگىسى يىگىت داستىخان سېلىۋېتىپ، ـ ئۇ يەردە كاتتا بىر مەدرىسە قۇرۇلۇشى بار ئىكەن، شۇنىڭغا چاقىرتىپ كەتكەن.

دەرۋەقە، يىگىتنىڭ دادىسى يۇنۇساخۇن يىراق ـ يېقىندا نامى چىققان ئۇستا تامچى ھەم نەققاش ئىدى. ئۇ گۈللۈك خىش ۋە رەڭلىك كاھىشلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى، ئىمارەتنىڭ ياسىلىش تارىخىنى شۇنداق نەپىس ۋە چىرايلىق يازالايتتى، مەسچىتنىڭ گۈمبەزلىرىگە، ئىمارەتنىڭ جەگە ـ لىملىرىغا ئاجايىپ گۈزەل نەقىشلەرنى ئويالايتتى. شۇڭا، بۇنىڭدىن ئىككى ئاي بۇرۇن ئۇنى قەشقەردىكى چوڭ بىر مەدرىسە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن چاقىرتىپ كەتكەنىدى.

ـ نەدە بولسا سالامەت بولسۇن، ـ دېدى مېھمان ناۋات سېلىنغان چاينى ئوتلاپ تۇرۇپ، ـ مانا ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇرۇپلا ئىسەن سوپىم، بىر بولساق تاغ ئىچىدە يۈرۈپ تۇگىشىپ كەتتۇق...

«ئىسەن سوپىم» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يىگىت قارىماققا بۇقىدەك بەستلىك، پالۋان قامەت ئىدى. كۆزلىرىدىنمۇ بىر خىل جاسارەت ۋە ھۆكۈمرانلىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى. شۇڭا، تەڭتۇشلىرى بىلەن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنى ئالاھىدە سۆيەت بىلەن «ئىسەن بۇقا» دەپ ئاتايتتى. بۇ لەقەم ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ سىڭىپ يارىشىپ قالغانىدى.

ـ خوش، نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزلىرىنى نەدىن سورايمىز، دەرۋىش خوجا؟ ـ دېدى ئىسەن بۇقا چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، ـ ئۆزلىرىنى

يەتتە يىل يوقىتىپ قويدۇق، بۇ بەكمۇ ئۇزۇن جۇدالىق بولدى...

ــ شۇنداق، يەتتە يىل!...، ــ ئېغىر ئۇھسىنىپ قويدى دەرۋىش خوجا، ــ بۇ جۇدالىق ماڭىمۇ بەك ئېغىر كەلدى، لېكىن ھەربىرلىرىنى بىر كۆنمۇ ئېسىمدىن چىقارغىنىم يوق. پىر ــ ئۇستازىمىزدىن ئايرىلغان ئاشۇ قارا كۆندىن ئېتىبارەن بۇ يۇرتلارنى ئۆزۈمگە ھارام بىلىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتىم. ئۇ يەردىكى «بۇرقۇم»، «چىراغلىق ئەۋلىيا» مازارلىرى ماڭا خىلۋەت ماكان بولدى. بىر ــ ئىككى يىل يوشۇرۇنۇپ، خانلىقنىڭ ئىت ــ كۆچۈكلىرىدىن ئاگاھ بولدۇم، كېيىن شەيخلىك قىلدىم. ئۆز يۇرتۇمنى، ئاتا ــ ئانامنىمۇ ئىككى قېتىملا يوقلىيالىدىم...

دەرۋىش خوجا بىر پەس جىم بولدى، ئەلەمدىن قىسىلغان كۆزلىرىنى لوقىراپ كۆيۈۋاتقان چىراغقا تىكتى، ئوت شولىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىدە چاقناپ تېخىمۇ سۇرلۇك تۇس ئالدى، ئىسەن بۇقا قولىدىكى تۇچ قىسقۇچ بىلەن چىراغنى پەرلەپ قويدى.

ــ يامان چۈش شەيتان تەرەپتىن كېلىدۇ، ياخشى چۈش خۇدا تەرەپتىن، ــ دېدى دەرۋىش خوجا چىراغقا تىككەن كۆزىنى بىردىنلا ئىسەن بۇقىنىڭ تەئەججۇپلۈك چىرايىغا يۆتكەپ، ـــ مەن يېقىندا بىر چۈش كۆرگەندىم، بۇ چۈش ھەقىقەتەنمۇ خۇدا تەرەپتىن كەلگەن ئېسىل چۈش بولدى...

بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، دەرۋىش خوجىنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل خۇشلۇق پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ئىسەن بۇقىنى تېخىمۇ قىزىقتۇردى.

ـــ قانداق چۈش، بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى، ــ دېدى ئۇ ھەمراھىغا يېقىنراق سىلجىپ.

دەرۋىش خوجا ئاغزىدىكى لوقمىنى چايناپ يۇتۇۋېتىپ، ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ بىر كۈنى چۈشۈمدە بىر ۋەقە زاھىر بولدى: ئالدىمدا بىر شام يېنىقلىق تۇراتتى، شامنىڭ روشەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئاۋۋال

قۇياشقا، ئاندىن ئۇن تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئۆزگەردى... شۇ چاغدا ئۇيقۇدىن بىدار بولدۇم، ئاندىن ئۇزاق ئويلاپ چۈشۈمگە مۇنداق تەبىر بەردىم: شامىنىڭ روشەنلىكى ماڭا ئىلىم ھالىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى، ئالدىمدىكى قۇياش ئىلىم ھالىغا مۇيەسسەر بولغانلىقىمنىڭ، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرگەنلىكىم پىرىمنى كۆرگەنلىكىمنىڭ دەلىلىدۇر... راست دېگەندەك، ئۈچ كۈندىن كېيىن پىرىمدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئاللانىڭ بۇ بىشارەتلىك كارامىتىگە تەھسىن ئوقۇدۇم!...

دەرۋىش خوجا قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئىچىدە شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، جەندىسىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن كەشمىر قەغىزىگە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى ئالدى.

ـ مانا بۇنى كۆرۈپ باقسىلا، ــ دېدى ئۇ خەتنى ئىسەن بۇقىغا ئۇزىتىپ، ـ بۇنىڭدا سىلىگە تەئەللۇق گەپلەرمۇ بار. بۇ خەت بىزگە پىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى، ھىدىنى، ئىشەنچىنى يەتكۈزدى!

ئىسەن بۇقا خەتنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ئاچتى ۋە چىراغ يورۇقىغا يېقىن تۇتۇپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«... ئەي مېنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرىم، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاتائالا مېنى تامامى موغۇلىستان خەلقىگە ئۇلۇغ خاقان قىلىپ تەيىنلەشنى ئىرادە قىلدى... چۈنكى، مەن كېيىنكى يەتتە يىل ئىچىدە ئاللانىڭ ئىشقى يولىدا كۆپ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتتىم...

ئاللاتائالا بىزگە نۇسرەت ئاتا قىلغانىكەن، ئەمدى ھېچكىم بىزنى خار قىلالمايدۇ، مانا بىز ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىمىز، ئىسلامنىڭ ئۆرنىكىمىز. مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانچىلىقتا بىزنى ئۈلگە قىلىشى، بىزگە ئەگىشىشى ۋە بىزنى ھىمايە قىلىشى كېرەك، ئەمدى بۇ قەشقەرىيە ھۇدۇدى ① خوجىلار باغچىسىدۇر!...

ئەي غاپىل مۇخلىسلىرىم: ئەمدى بىزنىڭ ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغى-

---

① ھۇدۇدى ــ تەۋەسى، كەڭ زېمىن.

نىپ، دۇنياغا ۋىجدانىي كۆزىمىز بىلەن قارايدىغان پەيت كەلدى! ئۆز ۋاقتىدا خانىدانلىقنىڭ ئېغىر پالتىسى هاياتلىق دەرىخىمىزنىڭ يىلتىزىغا تەگكەنىدى، بىزنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىمىز تەرىقەت دۇنياسىغا كەلگەن ئۆلۈم تەهدىتى سەۋەبىدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقانىدى. ئەمدى يەنە ئۆزىمىزنى ئاشكارىلاش پەيتى كەلدى. بىزنىڭ يولىمىزنىڭ، مەسلىكىمىزنىڭ بەرهەقلىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەت بىزنىڭ زىممىمىزگە چۈشتى. مەن سىلەرنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن! ... ئەمدى ئۇخلاپ ياتماي ئويغىنىڭلار، پۇرسەت غەنىيمەتتۇر. چۈنكى، پۇرسەت ئۆتكۈر شەمشەردۇر، شەمشەرنى ئىشلەتسەڭ پايدا ئالىسەن، ئىشلەتمىسەڭ دات باسىدۇ! هازىر مېنىڭ ئاتۇش ۋە قەشقەردىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىم غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، بەئەينى شىر ـ يولۋاسلاردەك شىجائەت بىلەن جەڭگە ئاتلاندى، هازىر قەشقەر بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتتى، بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆتۈرۈلگەن قارا بوراندەك، جىمى غەلدە ـ غەشلەرنى سۈپۈرۈپ ماڭماقتا.

بىزنىڭ ئەمدىكى مەنزىلگاهىمىز ياركەنت بولىدۇ. هېلىقى موغۇل بەچچىسى ئىسمائىل خان ئۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ ياتماقتا. مېنىڭ شىر يۈرەك ئوغلانلىرىم دەرۋىش خوجا، ئىسەن سوپىم، سىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئاراملىق بەرمەڭلار. ئەزەلدىن قورغاننى ئىچىدىن ئېلىش ئوڭاي! ئاللا بىزگە مەدەت بەردى، هەزرىتى پىرىڭلار ئاپاق خوجا هەمىشە سىلەر بىلەن بىللە، سىلەرگە يار ـ مەدەتكار! جاننى ئايىماڭلار، ئۆلسەڭلار شېهىت، قالساڭلار غازىي. جىهاد غازاتنىڭ مەرتىۋىسى ناهايىتى ئۈستۈندۇر!...

نېسىۋە هەممىگە باراۋەر بېرىلىدۇ، ئەمما هەركىم قۇربى يەتكۈچە ئالىدۇ. مەن سىلەردەك سادىق مۇخلىسلىرىمنىڭ يېڭى سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن نۇرغۇن نېسىۋە ئالالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. خۇدا نېسىپ قىلسا، پات ئارىدا ئاستانە باغچىسىدا ئۇچرىشىپ، زەپەر شارابىنى بىللە تېتىغايمىز!...

نامە پۈتۈلدى ھىجرىيە 1066، زۇلقەئدەنىڭ يەتتىسى. ھىدايىتۇللا ئىشان — ئاپاق خوجا (مۆھۈر) »

ئىسەن بۇقا خەتنى ئوقۇپ بولدى، خەتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلدى، روھى ئۇرغىدى، ئىچكى دۇنياسى گويا باھار پەسلىدىكى چۈغلۇق تاڭدەك ئىللىق، يوپيورۇق بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ، يەتتە يىلدىن بېرى مانا شۇ «ئاپاق خوجا» دەپ ئاتالغان پىر - ئۇستازىنى قايتا كۆرۈشنى ئويلاپ، ئەسلەپ سېغىنىپ كەلگەنىدى. شۇ تاپتا بۇ خەت بۇ ئىككى مۇرىت - مۇخلىس ئۈچۈن گويا قۇملۇق چۆلدە كېتىۋاتقان كارۋاننىڭ تەشنا بولىدىغىنى بۇلاق سۈيى بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق سېغىنىش ئوتىنى باسقان ۋىسال شەربىتىدەك تۇيۇلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ ئىككىسىنىڭ، بولۇپمۇ دەرۋىش خوجىنىڭ كۆزلىرى خوجايىنلىق، ھۆكۈمرانلىق ۋە يەنە قانداقتۇر تەمەننا كۈلكىسى بىلەن جىلمىيىپ تۇراتتى.

— شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، — دېدى ئۇ ئاخىر يۈرىكىدىكى ھاياجاننى باسالماي، — ھەزرىتى ئىشانەمنىڭ نۇرلۇق چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمىگەنىدى، مۇبارەك دىدارىنىڭ لەززىتى ھەمىشە دىلىمدا ساقلاندى.

— شۇنداق، ھەممىمىز ئۇنى بەك سېغىندۇق، — دېدى ئىسەن بۇقا ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇنىڭ خۇش نەپەس ئاۋازىنى، سىر - ھېكمەتكە تولغان سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇمىز كەلدى، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك دەرۋىش خوجىدىن سورىدى، — ھە، راست، ھەزرىتى پىرىم خېتىدە ئۆزىنى «ئاپاق خوجا» دەپ ئاتاپتۇ، بۇنىڭ قانداق نام ئىكەنلىكىنى ئۇقلىمۇ؟

دەرۋىش خوجا بىلەرمەنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ئۇقتۇم، خەتنى ئېلىپ كەلگەن موللا دادالاق سوپىمىنىڭ ئېيتىشىچە، پىرىمىزغا بۇ نامنى ئاللا بېرىپتۇ. «ئاپاق» دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدىكى «يورۇتقۇچى» دېگەن گەپ ئىكەن. دېمىسىمۇ، ئەۋلادى پەيغەمبەر خوجام ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىنلەرگە پىر - ئۇستاز

بولۇش ئۈچۈن كەلگەن كەشپۇ كارامەتلىك ئەۋلىيا. ئاللاتائاللا بۇ ئۇلۇغ زاتقا ئىككى ئالەملىك زىرەك، دانالىق خىسلىتىنى ئاتا قىلغان، پۈتۈن ئالەمنىڭ سىر - ھېكمەتلىرىگە مۇئەككەل قىلغان بۇ زات بىر دۇئا بىلەن ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە سالالايدۇ، بىر قارىشى بىلەن ئادەمنى جىن - ئالۋاستىغا سۈرىتى مۇبەددەل قىلىپ تاشلايدۇ، شۇڭا يەتتە يىل بۇرۇن ئۆزى يەكلەنگەن، سىقىپ چىقىرىلغان زېمىنغا مانا ئەمدى خاقان بولۇپ سەلتەنەت سۈرۈشكە كەلگەن گەپ...

ياشلىقىدىن پىر - ئۇستازىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭدىن تەرىقەت ئەقىدىچىلىكى بىلەن قارىغۇلارچە بويسۇنۇشنى ئۆگىنىپ قالماي، بەلكى يەنە ۋائىزلىق بىلەن قارىسىغا سۆزلەشنىمۇ يەتكۈچە ئۆگەنگەن دەرۋىش خوجا ئۆز پىرى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، ئەنە شۇنداق چىرايلىق تىل - ئىبارىلەر بىلەن كۆپتۈرۈپ، ئۇلۇغلاپ سۆزلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. خۇددى ئۆزى ئەينى ۋاقىتتا، ئەنە شۇنداق ئەسەبىي ئۇلۇغلاشلارنىڭ تەسىرىدە، ئاپاق خوجىغا سادىق مۇرىت بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاش كېيىنكى كۈنلەردە نۇرغۇن نادان، كۆڭلى ئاق، باغرى يۇمشاق كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق سۆزلىرىنىڭ ئەسىرى بولۇپ كەتكەنىدى...

داستىخان يىغىلاندى، كەڭ گىرۋەكلىك ئورۇس چىنىسىدە ئىسسىق بۇقىنىڭ ئانىسى تەييارلىغان ھاردۇق ئېشى ـــ ئاشكۆكى بىلەن چامغۇر سېلىنغان ئۈگرە كەلتۈرۈلدى.

دەرۋىش خوجا مەززىلىك ئۈگرىنى تەرلەپ ئولتۇرۇپ ئىشتىھا بىلەن ئىككى چىنە ئىچتى. ئاندىن نىرى - بېرى دۇئا قىلىپ، ئىسسىق بۇقا بىلەن بايىقى خەتنىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پاراڭغا چۈشتى. ئۇلار ئۇزاق مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، دەرۋىش خوجا ئاۋازىنى پەسەيتىپ مۇنداق دېدى:

ـــ مەن ئەمدى بىر مەزگىل ئۆيدىن چىقمايراق تۇراي، ماڭا باللىخانىدىن ئورۇن راسلاپ بەرسىلە، ئىسمائىل خاننىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئۇزۇنغا قالماي شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاپ جەڭگە تەييارلىق قىلىدۇ...

— نەچچە كۈندىن بېرى بولۇۋاتقان پاتىپاراقچىلىقلار شۇ ئىكەن ـ دە! — دېدى ئىسەن بۇقا بىر ئىشلارنى ئېسىگە ئالغاندەك ئۈيچان قىياپەتتە.

— قانداق پاتىپاراقچىلىقلار بولدى؟ — سورىدى دەرۋىش خوجا قىزىقىپ.

ئىسەن بۇقا بىر نەچچە كۈندىن بېرى بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى:

— شەھەردىكى پۈتۈن كۆللەرگە جېدەللەپ سۇ قاچىلىنىۋاتىدۇ، يېزىلاردىن كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئاشلىق توشۇلۇۋاتىدۇ، يەنە تۆمۈرچى، مىسكەرچىلەرنى تەشكىللەپ، قورال ـ ياراغ ياسىتىۋاتقانلىقىنىڭ گېپى بار. ئىشقىلىپ، شەھەر بۇرۇنقىدەك تىنچ ئەمەس...

— مانا بۇ قارا بوراننىڭ شەپىسىنى سەزگەنلىك! — دېدى دەرۋىش خوجا بىلەرمەنلىك بىلەن، — لېكىن، ئىلاھىي قازا نازىل بولغاندا، نە كۆزدە روشەنلىك قالىدۇ ۋە نە تەدبىر پايدا قىلىدۇ. پەقەت خۇدانىڭ ھەق ھۆكمىگە تەسلىم بېشىنى قويماقتىن باشقا چارە يوق! ئىسەن سوپىم، بىز ئەمدى ئۆز ئىشىمىزنى ھەقدارىغا يەتكۈزۈپ قىلايلى، بىز بۇ شەھەردە يالغۇز ئەمەس!

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. يەتتە يىل ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغان پىر ـ ئۇستازىنىڭ بۈگۈن خۇددى شۇۋىقەدرىدەك تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇ «مۇبارەك» خېتى ئۇلارنى بەكمۇ روھلاندۇرۇۋەتكەنىدى. خەتتە تىلغا ئېلىنغان «مۆجىزىلىك ئىشلار» بولسا، ئۇلارنى تېخىمۇ خۇشال قىلىپ، پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان ئالەمچە ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزگەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى، ھېسسىياتى بېسىلمايتتى، يۈرىكى ھاياجاندىن تېپىچەكلەيتتى.

تۈن نىسپىدىن ھالقىغاندا، دەرۋىش خوجا ئۆز تەلپىي بىلەن بالىخانىغا چىقىپ ئورۇنلاشتى. باش كۈز مەزگىلى بولغاچقا ئۆگزىنىڭ كەچكى ھاۋاسى سالقىن، نەمخۇش ئىدى.

دەرۋىش خوجا بالىخانىنىڭ تۆرىگە سېلىنغان يېكەنداز ئۈستىگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، يېنىدىكى خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، خالتىدىن بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى چىلىمنى ئالدى، چىلىم چىرايلىق، نەپىس ئىدى، ئوتخانىسى سېرىق تۇچتىن، نەيچىسى ئاق سۆڭەكتىن ياسالغانىدى. ئۇ يەنە خالتىنىڭ ئاستىنى مىتىقلاپ يۈرۈپ، سىڭار مۇشتتەك بىر تۈگۈنچەكنى ئالدى، ئۇ قاتمۇقات لاتا - پاتىلارغا ئورالغان بىر مونەك نەشە ئىدى.

دەرۋىش خوجا چىلىمنى ئىشارەت قىلىپ ئىسەن بۇقىدىن سورىدى:

— قانداق ئىنىم، بىرەر پەنەك تارتىشقا زوقلىرى بارمۇ؟

— يوقسۇ ئاكا، شۇنىڭغا ئۆگىنەلمىدىم، — دېدى ئىسەن بۇقا رايىشلىق بىلەن، — سىلى ئەمدى ئارام ئالسىلا، مەن چۈشۈپ كېتەي.

ئىسەن بۇقا بالىخانىدىن چىقىپ كەتتى، دەرۋىش خوجا يېشىلىپ ئولتۇرۇپ چىلىمغا ئوت ياقتى ۋە ھۇزۇرلىنىپ بىر پەنەك نەشە چەكتى، ئاخىرقى ئىسنى ئاغزىدىن چىقارغاندا كۆزلىرى كەيپتىن غىلايدى، ئۆزىمۇ بارغانسېرى تۈگۈلۈپ تامنىڭ بۇلۇڭىغا كىرىپ كەتتى.

## 2

كەيپ ئۇنى خىيالچان قىلىپ قويدى. سەگەك كاللىسى شېرىن خىياللار بىلەن خامۇشلاندى. ئۇ خىيال ئىچىدىن خىيال تۇغدۇرۇپ، خىيالنىڭ دەشت - باياۋىنىدا سەرسان بولۇپ يۈرەتتى. لېكىن ئۇ، ئاشۇنداق باش - ئاخىرى يوق خىياللار ئىچىدە يۈرۈپمۇ پىر - ئۇستازىنىڭ نامى بىلەن دىدارىنى ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن بىردەممۇ نېرى قىلمىدى. ئاپاق خوجا پۈتۈن سىيماسى ۋە دەرۋىش خوجىنىڭ نەزىرىدىكى ئۇلۇغلۇقى، شان - شۆھرىتى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئۇ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، چىگىشلىشىپ

كەتكەن گىرىمسەن خىياللار ئىچىدىن ئاخىر ئۆز ھاياتىغا تەئەللۇق بولغان ئون يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ چىقتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ تەقدىر - قىسمىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەن، پىر - ئۇستازىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلغان ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلار ئىدى...

دەرۋىش خوجىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ھاپىز بولۇپ، يېزىدىكى تەڭتۇشلىرى ئۇنى «ھاپىز چورۇق» دەپ ئاتايتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى بۇ يۇرتنىڭ باغئاۋات دەپ ئاتىلىدىغان چەت، نامرات بىر يېزىسىدا دادىسى موللا مۇسانىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان مۆمىن، رايىش، ئىشچان يىگىت ئىدى. قاچانكى ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ يەرلەرگە كېلىپ، مۇرىت - مۇخلىسلىرى بىلەن خەلقنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، «ئىشقى كۆلبە»، «ئاق خانىقا» لارنى سېلىپ سۈلۈك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشلاپ، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ يېقىنلىرى ئۇنىڭ مەھەللىسىدە پەيدا بولۇپ، كۈندە ئۈچ ۋاخ داش قازان ئېسىپ، كىشىلەرگە «خۇدايى تاماق» تارقىتىپ، دوقمۇش - دوقمۇشتا ۋەز ئېيتىپ يۈرگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا غەلىتە ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بۇ ئۆزگىرىش خۇددى ئۆمرىدە شاراب ئىچىپ باقمىغان ئادەم تۇنجى قېتىم مەي ئىچكەندە، ۋۇجۇدى قىزىپ، روھى ئۇرغۇپ، ئۆزىنى گويا ئاللىقانداق گۈزەل بىر خىيالىي دۇنيادا يۈرۈۋاتقاندەك سېزىمدە بولىدىغان يېقىملىق ئۆزگىرىش ئىدى. ئۇ مەسچىتتە، خانىقادا ۋە «خۇدايى تاماق» ئىچىۋاتقاندا ئاڭلىغان مۇنۇ سۆزلەرنى ئۆزىنىڭ ئېتىقاد دەستۇرى قىلىۋالغانىدى:

— پىرىمىز ھىدايىتۇللا ئىشان ئىسلام ئەھلىنىڭ پاسىبانى، نىجاتكارى، بىغۇبار ئەۋلىياسىدۇر. ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبلىرىدىندۇر. بۇ كىشى نامازنىڭ سۈننىتىنى ياركەنتتە ئوقۇپ، پەرزىنى مەككىدە ئوقۇيدۇ. ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇبارەك نەزىرى كىمگە چۈشسە، ئۇ ئۆمۈرۋايەت بەھرە تاپىدۇ. بۇ زاتنىڭ قەدەملىرى

يەتكەن يەردىن تاڭلا مەھشەرگىچە بەرىكەت كەتمەيدۇ، باسقان قەدە-
مىدىن خۇشبۇي گۈل ـ گىياھلار ئۈنۈپ چىقىدۇ، مىنگەن ئاتلىرى
يۈز ياشتىن ھالقىيدۇ، تۈتۈپ قويغان ياغىچى چىنار بولۇپ
كۆكلەيدۇ...

ـــ پىرىمىزنىڭ ھەربىر سۆزى قۇرئاننىڭ ئايىتى پۈتۈلگەن تۇمارغا
ئوخشاش. شۇڭا، ئۇنىڭ سۆھبىتىدە بىردەم ئولتۇرغان ئادەم بۇ دۇنيا-
غا يېڭى تۆرەلگەن بوۋاقتا ئوخشاش پاكلىنىدۇ. ئۇنىڭ خاس سۆھبەت-
لىرى ئوتقا ئوخشايدۇ، ھەرقانداق ھۆل نەرسىنى قۇرۇتىدۇ، مۇبادا،
ھېچ نەرسە يۇقمايدىغان قۇرۇق نەرسە بولسا، كۆيدۈرۈۋېتىدۇ!...

ـــ ئىشان نۇر ئاللا خوجامنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ مۇرىت بولغۇ-
چىلارنىڭ ھەرقانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ، گۇناھىدىن ساقىت
بولىدۇ! بىرەر كىشى يالغۇز ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتىپ، دىنىنىڭ
پۈتۈن ئەركانلىرىنى ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر پىر ـ ئەۋلىياغا
قول بەرمەيدىكەن، ئىشەنمەيدىكەن، قەتئىي گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان
ئىبادەتلىرى قوبۇل بولمايدۇ. پىرلار مۇسۇلمان ئۇممەتلىرىنى جەننەت
ۋە دوزاختا ئايرىغۇچىلاردۇر. پىرلار ئاللانىڭ تىلى ۋە جامالىدۇر.
پىرلار قىيامەت كۈنى بەندىلەرنى سوئال ـ سوراق قىلغۇچىلاردۇر.
ئىنسان ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەزرى-
تى پىر ھىدايىتۇللا ئىشانغا قول بېرىشى شەرتتۇر. پىر سىز يۈرگۈ-
چىلەر دىندىن ئېزىپ يۈرگۈچىلەردۇر. پىر تۇتمىغان ئادەمنى خۇدا
بەندەم دېمەيدۇ، ئۇنداق ئادەم خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ!
مۆمىنلەر پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ھارام دۇنيا، ئازغۇن ئالەم ۋەسۋەسىلىرىدىن
خالىي تۇتۇپ، پۈتۈن مېھرىنى پىر ـ ئۇلۇغلار ئىختىيارىغا ئاتاشلىرى،
ئۇلارنىڭ مۇبارەك تەلىملىرىدىن ئايرىلماسلىقلىرى ۋاجىپتۇر!...

ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مەدداھلىقتا ۋايىغا يەتكەن مۇخلىسلىرىنىڭ
كۆپتۈرۈلگەن مۇنداق ماختاشلىرى ئۇنىڭ نادان، ساددا پۇقرا
ئېچىدىكى تەسىرىنى كۈچەيتىۋەتكەنىدى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ
كۆڭلىدە «ئۇ زاتنى بىر كۆرسەم» دەيدىغان شېرىن ئىستەك

قوزغالغانىدى...

نادانلىقتا قالغان، جاھان كۆرمىگەن، دۇنيانى ئاز چۈشەنگەن ئادەملەر نېمىدېگەن ئاجىز، بىچارە ـ ھە! بۇنداق ئادەملەر ئۆز قەلبىگە ئازراقلا تەسىر قىلغۇچى ۋائىز ـ ئۆلىمالارنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە، سىرلىق سېيمالىرىغا ئۆلگۈچە چوقۇنىدۇ، ئېتىقاد قىلىشىدۇ!

بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ يىگىرمە يىلغىچە مۇشۇ نامرات، خىلۋەت يۇرتتىن سىرتتا چىقىپ باقمىغان، تۆگە قۇلىقىدەك كېلىدىغان مۇشۇ زېمىننى دۇنيا دەپ بىلىپ، بۇ يەردە ياشاۋاتقان بىر نەچچە يۈز تىرىك جاننى ئادەم ئاتا ياراتقان ئىنسانىيەت دەپ بىلىپ كەلگەن بۇ نادان يىگىت ھېلىقى مۇخلىسلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان يېيىش بىلەن ئىشلەشتىلا بىلىدىغان بىغەم ۋە پەرۋاسىزلىقتا مۈگدەپ قالغان قەلبى مانا شۇ ئىشلاردىن كېيىن بىردىنلا لەرزىگە كەلگەندەك بولدى. دۇنيادا ئۆزلىرىدىن باشقا، تېخى بۇنداق سېھرىي كارامەتلىك ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقىنى بىلىپ قاتتىق ھاياجانلاندى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ ھاياجانلىق يۈرىكىدە كۈچلۈك بىر ئارمان ۋە چوڭقۇر غايىۋى چوقۇنۇش پەيدا بولدى. كېيىن ئۇ ئارمىنىغىمۇ يەتتى، ھىدايىتۇللا ئىشاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ بولدى.

ئۇ كۈنى ھىدايىتۇللا ئىشان ئۈستىگە ئازادە ئەشرەفى تون، بېشىغا تەڭگە ـ مونچاقلار قادالغان مەخمەل كۇلاھ كىيىپ، ئات مىنىۋالغانىدى. ئېسىل جابدۇقلۇق، كەڭ كۆكرەك، ئۇزۇن يايلىلىق جەدە ئات سالماق قەدەم بىلەن كېلەتتى. ئاتنىڭ بويىندىكى كۈمۈش ئۆمۈلدۈرۈقى قۇياش نۇرىدا يال ـ يۇل قىلىپ چاقناپ تۇراتتى. ئىشاننىڭ شاش جەدە ئېتىنى ئۇچلۇق نىمكەش كۇلاھ كىيگەن، چۇپۇر چاچلىرى گەدىنىنى يېپىپ تۇرىدىغان، قىزىل كۆز، يالاڭ ئاياغ ئىككى دەرۋىش يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. دەرۋىشلەر ئۆز قەدىمىگە تەڭكەش قىلىپ، «يائاللا دوست، يائاللا، ھۇم...» دېگىنىچە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. نە ئات تۇيىقىدىن توزۇغان ئاچچىق چاڭ، نە پۇتلىرىغا كىرگەن شوخا

تىكەن ۋە نە ئـات دەسسەپ زېدە قىلىۋەتـكەن پۇتلـىرىنىـڭ ئاغرىقى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. شۇ تـاپتا بۇ دەرۋىـشلەرنىـڭ ئاقۋالداق يەكتىكى بىلەن ئىغى لوپپاڭـشىپ تۇرىـدىغان بوز تـامبىلى چىلىق - چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنـىدى. كۇلاھى تـېگىدىـن چىقىـپ تۇرغان چۇپۇر چاچلىرى ئارىسـىدىن سىرغـىپ تۇرغان ئـاچچىق تـەر يۈز - كۆزىنى بويلاپ مەيدىسىگە ئاقاتتى.

هاپىـز چورۇق ئۆزى كـۆرۈشكە تەشـنا بولغـان بۇ زاتنى يـېقىـنـلا يەردىن كـۆردى. ئۇ ئات ئۈسـتىدە گـىدىيىـپ، ئـۇلۇغۋار قـىياپەتـتـە ئولتۇراتتـى. هاپىز چـورۇقنىڭ تـەسەۋۋۇرىدا بۇ زات ئـاددىي ئادەمگـە ئوخشاشمايدىغان، پەرىشتە سۈپەت، ئەۋلىيا قامـەتلىك ئـالاھىدە بەنـدە ئىدى. لېكىن، هازىر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى ئادەتتىكى كىشلەرگە ئـوخشاش ئوتـتۇرا بويلـۇق، ئاق سېرىـق يۈزى سېمـىزرەك كەلـگـەن، قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، كۆزلىرى چېـچەن ۋە سۇرلۇك بـىر ئادەم ئـىدى. بۇ هال ئۇنى هاپىز چورۇقنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ سىغىـشلىق، كـۆڭلىگـە يېقىن كۆرسەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، ئۇ خانىقادا ئۆز نەزىرىدە ئىلاهلاشقان بـۇ ئۇلۇغ زاتـنىڭ هېـكمەتكـە تولغان ۋەز - نـەسىھەتـلىرىـنـى، مەنىـسى چوڭـقۇر، مىسـرالىرى چىـرايلىق مـەسنىۋىـلىرىـنـى ئاڭلاپ دەسـلـەپ تەسىرلەندى، هاياجـانلاندى، كېـيىن ئۆزىـنى تۇتالـماي ئەسەبـىيلـىك بىلەن خانىقانىڭ داق يېرىگە ئۆزىنى ئېتىپ يۇمىلاپ، زار - زار يىغلاپ بىهوش بولۇپ كەتتى. كېيىن هوشىغا كېلىپ، هىدايىتۇللا ئىـشانىنـىڭ پېشىغا ئېسىلىپ: «ئاھ خۇدا، نېمە ئۈچۈن پـىرىمغـا بۇرۇنراق ئەگـەشـ- مىگەن بولغىيدىم ؟! نېمشقـا ئۇنىڭ ئـاي - يۇلتۇزلـىرىنـىڭ يورۇقنـى بۇرۇنراق كۆرمىگەندىمەن ؟!...» دەپ ئۆز يۈرىكىنى ئىزهار قىلدى...

راستىنلا هاپىز چورۇقنىڭ يۈرىكى ئېرىگەنىدى، بۇنى هىدايىتۇلـلا ئىشانىنىڭ تۇيغۇن كۆڭلىمۇ ئاللىقاچان سېزىپ يەتكەنىدى.

شۇ كۈنى هاپىز چورۇق رەسمىي مۇرىت بولۇش ئىستىكىدە، خانـ- قانىڭ تۆرىـدە ئولتۇرغـان هىدايـىتۇللا ئـىشانىنـىڭ ئالدىغا ئۆمىلـەپ

كەلدى، ئۇنىڭ ئىشانچە يەكتىكىنىڭ پەشلىرىنى سۆيدى، كۆزلىرىگە سۈرتتى ۋە ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى ئىچىدە، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، سەممىي ـ سادىق بولۇش ئىرادىسىنى بىلدۈردى. شۇ چاغدىلا ھىدايىتۇللا ئىشان يېنىدىكى بىرىگە ئىشارەت قىلدى، ئۇ ئاللە ـ قاچان يېزىپ تەييارلاپ قويغان بىر يارلىقنى ئېلىپ كېلىپ، ھىدايە ـ تۇللا ئىشانغا ئىككى قوللاپ تۇتتى. ئىشان بىر پارچە قىزىل دۇخاۋىغا ئورالغان مۆھۈرنى قويىنىدىن ئېلىپ يارلىققا باستى ۋە ئۇنى مەۋلانە موللا نەقىگە بېرىپ، «ئوقۇڭ» دېگەن مەنىدە ئىشەك قاقتى. مەۋلانە موللا نەقى كىشىلەرگە يۈزلىنىپ يارلىقنى ئوقۇشقا باشلىدى :

«بىز كىم سۇلكى ئىشقىيە ئۇلۇغلىرى ــــ پىرى تەرىقەت خوجا ھىدايىتۇللا ۋە سەردارى ئەھلىي مۇخلىسلار ئۇشبۇ يارلىقنى بەردۇك شەھىرى ياركەنت باغ ئابات يۇرت پەرزەندى ھاپىز موللا مۇساغىكىم، بۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئول نەۋجۇۋان يىگىت ئىشقىيە ئاشىقلىرى سۇلۇ ـ كىگە قوبۇل ئېتىلدى. ئول پەرزەندى ئەرجۇمەند يولىندە ئاللا ئۇنىڭ دىلىگە ئىشق ئوتىنى سالىپتۇر. ئول پەرزەندى خاھلىسا، كېلىپ تەھسىل تاپقاي ۋە ئىقتىدارى بىلەن يۈكسىلىپ، مەشھۇرى جاھان بولغاي! قايسىبىر ئەل ئوغلى ئىشقىيە ئوتى بىلەن يانسا، ئۇلارغا ئۇلۇغ ئاستانىنىڭ دەرۋازىلىرى تامام ئوچۇقتۇر! كەلمىش ئاشىقلارنى ئۆز تەمىناتىمىز ۋە ھىپزۇ ھىمايىمىزغا ئالىدىغانلىقىمىزغا تەكرى ئالدىدا سابىتمىز[1] !...»

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، ھاپىز چورۇق ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ مۇرىتلىرى قاتارىغا كىردى، مۆھۈر بېسىلغان ئەنە شۇ يارلىق ئۇنىڭ بۇرۇنقى تىنچ، قۇۋناق ياشلىق ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. خۇددى ئاق، پاكىز نەرسە ئاسان كىرلەشكەندەك، ھىدايىتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ سادىق مۇخلىسلىرىنىڭ ئېتىبار بىلەن تەربىيىلىشى نەتىجە ـ سىدە، ھاپىز چورۇق ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىشەنچلىك،

---

① سابىت ــــ تەۋرەنمەس، ئۆزگەرمەس، گۇۋاھ.

سادىق ۋە پىداكار مۇرىتقا ئايلاندى. ئىشاننىڭ ئۇنى ھەرقېتىم «سوپىم» دەپ ئۇلۇغلىشى بىلەن گويا گۈزەل بىر ئىستىقبال ئۇنىڭ ئالدىدا قۇچاق ئاچقاندەك بولاتتى.

ھىدايىتۇللا ئىشان بۇ يۇرتلاردىن كېتىدىغان چاغدا، ئۇنى ئۆزىنىڭ خاس ئادەملىرى قاتارىدا ئېلىپ كەتتى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ سۆھبەتلىرىگە ھەمىشە قاتناشتۇرۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ، جەھرە ـ ساما سىلىشنى، ھۆكمەت ئېيتىپ، تەلقىن ئوقۇشنى ئۆگەندى، كۆندە نەشە چېكىپ، خۇدانىڭ ئىشقىدا مەستۇ مۇستەغرەپ بولۇش ئۇنىڭ تاتلىق خۇمارىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ پىشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ تەسىرىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەڭ چوڭقۇرلىشىشقا باشلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ قولىدىكى رەھىمسىز چوماققا، ئىتائەتمەن قۇلغا، ئاغزىدىن چىققان ھورىنى زايە قىلمايدىغان سادىق مۇخلىسقا ئايلاندى.

مانا شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئاتىسى موللا مۇسا ئەزان چىللاپ قويغان «ھاپىز» دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سوپى ـ دەرۋىشلەر تەرىپىدىن «دەرۋىش خوجا» غا ئۆزگىرىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئۇزۇنغا بارماي ئۆزىنىڭمۇ ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئېسىدىن پاك ـ پاكىز كۆتۈرۈلۈپ كەتتى...

مىلادىيە 1671 ـ يىل شەئبان ① ئايلىرىدا، ھىدايىتۇللا ئىشان سەئىدىيە سۇلتانى ئىسمائىل خان تەرىپىدىن چەت ئەلگە قوغلاندى قىلىنغان ۋاقىتتا، دەرۋىش خوجا ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، پىر ـ ئۇستازى بىلەن ھايات ـ ماماتتىمۇ بىللە بولۇشقا قەسەم قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كېتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ھىدايىتۇللا ئىشان ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئاڭلانغۇدەك قىلىپ مۇنداق دېگەندى:

— بۇ يۇرتنىڭ نادان خانلىرى ئۇلۇغلارنىڭ قەدرىنى بىلمىدى، بې-

---

① شەئبان — ئاۋغۇست ئېيى.

شىمىزغا بالا ــ دىشۋار چىلىقنى سالدى. كېرەك يوق، بالالارنىڭ قاتـ-
تىقراقى پەيغەمبەرلەرگە، ئاندىن ئەۋلىيالارغا بېرىلىدۇ. چۈنكى، خۇدا
جويلۇق① بالا جويلۇق دېگەن شۇ! ئىشىنىمەنكى، بۇ جۇدالىق كۈنلەر-
دە، مۇھاجىرەت زامانلىرىدا، بۇ بىئارام جانغا يەتكەن غەم ــ قايغۇلار
ئاللانىڭ «ھەر قىيىنلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق» دېگەن ۋەدىسى بو-
يىچە ئاياغلىشىدۇ. زامان مۇشكۈللۈكىدىن سوڭ ئاسانلىق، كېچىنىڭ
قاراڭغۇلۇقىدىن كېيىن، سۇبھى نۇر بار. مېنىڭمۇ سىلەردىن ھەرگىزمۇ
ئايرىلغۇم يوق، لېكىن ئاللا بىزنىڭ ئايرىلىشىمىزنى ئىرادە قىلىپتۇ. ئى-
شىنىمەنكى، قايتا ئۇچراشتۇرۇشقىمۇ ئاللا يەنە نېسىپ قىلىدۇ. بۇ يەر-
دىكى ئىشلارغىمۇ ئادەم كېرەك، بىزنىڭ تەرىقىتىمىز، مەسلىكىمىز، سۆ-
لۈكىمىز ئىگە ــ چاقىسىز قالمىسۇن!...

مانا شۇ گەپلەر بىلەن دەرۋىش خوجا يىغا ــ زارە ئىچىدە پىر ــ
ئۇستازى بىلەن خوشلىشىپ قالغانىدى...

ئاردىن يەتتە يىل ئۆتكەندە، ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ «ئاپاق خوجا»
دېگەن نام بىلەن بۇ يۇرتتا قايتا پەيدا بولۇشى ــــ قاراقۇرۇم تاغلىرى
ئارىسىدىكى كونا مازارلاردا جان ساقلاپ كەلگەن دەرۋىش خوجىنىڭ
جېنىغا جان قوشۇپ، بېشىنى كۆككە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ھېلىقى
خېتىدىكى قىساسكارلىقتا تولغان مەردانە سۆزلىرى دەرۋىش خوجىنىڭ
قەلبىدە ئۇزۇندىن بېرى چۆكۈپ ياتقان ئارزۇلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدىغا
لەيلىتىپ چىقارغاندەك بولدى...

ئۇنىڭ كەيپى يېشىلدى. بالىخانىدىن سىرتقا چىقتى. ئەتراپ
تىمتاس ئىدى، زەرەپشان دەرياسى تەرەپتىن سوقۇپ تۇرغان سالقىن،
نەمخۇش شامال ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلىدى. ئۇ راسا بىر كېرىلىپ
ئاسمانغا قارىدى. ئەنە، پىل ــ پىل يېنىپ تۇرغان ئۇپۇق يۇلتۇزلىرى
يېنىدا زۆھرە يۇلتۇزىمۇ كۆرۈندى، يېقىنلا يەردىن خورازنىڭ چىللىشى
ئاڭلاندى.

---

① جوي ــــ ئىزدەش.

# ئىككىنچى باب

# قارا بوران چاڭ ـ توزانلىرى

## 1

ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان، بۇ يەردىن ئۆتۈشۈپ تۇرغان سودا كارۋانلىرى بىلەن سانسىز تۆگىلەرنىڭ يۇمشاق تاپىنى بۇ يوللارنى يالاپ پارقىراق قىلىۋەتكەنىدى. يول بويىدا ھەر خىل سىياقتىكى قاقشال سۆڭەكلەر، قۇرۇپ كەتكەن قوي مايىقلىرى بىلەن ئات ـ كالا تېزەكلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، يۇلغۇن ۋە سۆكسۆكلەرنىڭ شېخىغا ئېلىنىپ قالغان لاتا ـ پاتىلار بولسا، تەكلىماكان تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرغان قۇم بارخانلىرىنىڭ ئىسسىق شامىلىدا مازارلىقتىكى تۇغ ـ شەددىلەردەك لەپىلدەيتتى.

ئۈزۈندىن بېرى تىپتىنچ ياتقان بۇ يوللار بۈگۈن گويا تاغ تاشقىنىدەك بېسىپ كەلگەن زور بىر قوشۇننىڭ دەۋرىشىدىن تىترەشكە باشلىدى. سانسىز ئاتلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا چۆل ـ جەزىرىنىڭ تىكىنەك باسقان قۇملىرى ئاقاتتى. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ئاق ۋە بوز رەڭلىك ئاتلىرى تەر ۋە توپا ـ تۇمان دەستىدىن خورما رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

قامچىلارنىڭ قارسىلداشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى، ھارۋىلارنىڭ غىچىلدىشى ۋە باش ـ ئايىغى يوق قوشۇننىڭ ئاللىقانداق بىر تىلدا چۇۋۇلدىشىپ سۆزلەشلىرى بىرلىشىپ

پۈتۈن ئەتراپنى بۈنىڭدىن بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ئاجايىپ بىر غوۋغا ئۆز ئىلكىگە ئالغانىدى.

ئۇلار بىر ھەپتىدىن بېرى يۈرۈش قىلىپ كېلىۋاتاتتى. يىراقتىن قارىغاندا، قاتتىق تەرتىپ بىلەن سەپ تۈزۈپ كېلىۋاتقان بۇ قوشۇن گويا كۆزىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك بىر مەخلۇققا ئوخشايتتى.

مانا بۇ، بوراندەك گۈركىرەپ، قۇيۇندەك پىتىراپ كېلىۋاتقان پايانى يوق ئاتلىق قوشۇن غالدان بوشۇكتۇخاننىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا، سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەنگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان جۇڭغار قوشۇنلىرى ئىدى. ئۇلارنى مۇشۇ يۇرتنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى كاتتا ئىشانى «پەيغەمبەر نەسەبلىك» تەرىقەت پېشۋاسى ئاپاق خوجا باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ پىچاق ـ كالتەك بىلەن قوراللانغان نەچچە يۈز سوپى ـ دەرۋىشلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئات ـ ئېشەكلىك، بەزىلىرى پىيادە ئىدى...

جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچىسىدا يېڭىگە يوللۇق قىزىل جىيەك تۇتۇلغان ئۇزۇن كۆك كىيىم بار ئىدى. بېشىدىكى كىگىز قالپىقىنىڭ گەردىشى يۇقىرىغا قايرىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كوسا يۈز، كۆزلىرى قىسىق، بادام قاپاق ئىدى. سىدام يۈزلىرى كۈن تەپتى بىلەن شامال زەربىدىن بەئەينى قارىغاينىڭ قاسىرىقىدەك يىرىك ۋە قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۇلار يېنىغا كالتە ئەگرى قىلىچ ئېسىپ، ساداق بىلەن قىزىل ئوقلار قاچىلانغان ئوقدانلارنى ئېگەرنىڭ قۇشبېشىغا باغلىۋالغانىدى. تېقىمىغا باستۇرۇۋالغان خۇرجۇن، تېرە خالتىلارغا بولسا، قەشقەردىن ۋە يول بويىدىكى شەھەر ـ بازارلاردىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغان قىممەت باھالىق ئولجىلار تىقىلغانىدى.

ئالدىدا ئاتلىقلار كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يول بويلاپ كېلىۋەتتى، بەزىلىرى بولسا دالىغا يېيىلىپ كېتىشكەنىدى. ئاتلارنىڭ ئاياغلىرى تېگىدىن قارا بۇلۇتتا ئوخشاش كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ قاياق-

تىندۇر تۇيۇقسىز سوققان چۆل شامىلىدا نەلەرگىدۇر تارقاپ، ئاتلىقلارنىڭ ئارقىدىن كېلىۋاتقان ھارۋىلار ئوچۇق كۆرۈندى. قېچىر ۋە ئۆكۈز قوشۇلغان غىچىلداق كۆتەك ھارۋىلاردا چوڭ ـ كىچىك مىس قازانلار، قاپ ـ قاپ ئۇن ـ گۈرۈچ، سۇرلەنگەن يارتا ـ يارتا گۆش، كوزىلاردا ھەسەل ۋە شاراب، چاناچلاردا ئۇيۇتۇلغان ياغلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بولسا، چاڭ ـ توزاننى ئاسمانغا كۆتۈرىدىغان سانسىز چارۋا ماللار ۋە قاقىردەك ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان تۆگە كارۋىنى كېلەتتى، تۆگىلەرگە چېدىر ـ كىگىزلەر، قازانلار، ئۈچ پۇتلۇق داڭقانلار ۋە ھەر خىل قورال ـ جابدۇقلار ئارتىلغانىدى.

بىر جۈپ ئۆكۈز قوشۇلغان كېلەڭسىز جۇڭغار ھارۋىسى ئوت ـ چۆپى قۇرۇپ كەتكەن پايانسىز دالىدا ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇنىڭ ئادەم بويى ئېگىزلىكتىكى ياغاچ چاقلىرى غىچىلداپ، ئەزەلدىن ئىگىسىز قالغان بۇ دالىنىڭ باغرىغا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر جۈپ چوڭقۇر ئىز قالدۇرۇپ توختىماي ئايلانماقتا...

ھارۋا شورتاڭلىق بىر دۆڭدىن ئۆتۈپ، ساي ـ جىرالاردىن يېغىلغان يامغۇر سۈيى ئۆتىدىغان كونا بىر كۆۋرۈككە كەلگەندە پالاكەتكە يولۇقتى. ياغاچ ـ تاختايلىرى بوشاپ، ئۇستىدىكى توپىسى يېيىلىپ كەتكەن كۆۋرۈكنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ھەر ئىككى ئۆكۈزنىڭ پۇتى كۆۋرۈككە تىقىلىپ تەڭلە گۆش بولۇپ قالدى. ئۇنى قۇتۇلدۇرىمىز دەپ مىدىرلاتقانسېرى، كۆۋرۈكنىڭ يوغان ياغاچلىرىمۇ تەڭ مىدىرلاپ، ئۆكۈزلەرنىڭ پۇتىنى تېخىمۇ قاتتىق قىساتتى، تىلسىز ھايۋان جان ئاغرىقىدا ئېچىنىشلىق بۆركىرەيتتى. بۇ ھارۋا ئوزۇق ـ تۈلۈك بېسىلغان ھارۋىلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقىسى بولغاچقا، باشقا ھارۋىلار بىلەن تۆگە كارۋىنىنىڭمۇ يولى توسۇلدى. ئەگەر كۆۋرۈكتىن ئۆتمەي ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، خېلى يولنى بىھۇدە بېسىشقا توغرا كېلەتتى. ئەمما مۇھىمى، ئىككى قاۋۇل ئۆكۈزنىڭ پۇتى سۇنۇپ، ئېغىر يۈك بېسىلغان ھارۋا ئۇلاغسىز قالغانىدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشنى

قوشۇننىڭ باشلىقىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن «پۈچۈق پالۋان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر سەركەردە ئالدىغا ئات چاپتۇرۇپ ماڭدى. ئاتلىقلار خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى. سەركەردىنىڭ ياخشى كۆتۈنگەن چىپار ئېتى بىردەمدە قوغلاپ ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. سەركەردىنىڭ ئىسمى بورۇنتاي بولۇپ، يۈز سۆڭىكى بۆرتۈپ چىققان، ئورا كۆز، دۈشە ئېڭەك، ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىت خېلى تەمبەل ئىدى. شامال ۋە ئىسسىقتىن يۈزى قارىداپ، تىلىم - تىلىم يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئاندا - ساندا شالاڭ چىققان بۇرۇتى چاشقاننىڭكىدەك دىردىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىنقى كالپۇكى بىر زامانلاردىكى ئۇرۇشتا قىلىچ تەگكەچكە پۈچۈق بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ قوشۇن باشلىقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى ۋە پۈتىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇلۇغ خاقانىم، هارۋىلىرىمىز يولدا قالدى!

— نېمە بولۇپ؟! — سوئال كەسكىن ۋە سوغۇق ئىدى. بورۇنتاي ۋەقەنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

«ئۇلۇغ خاقانىم» دەپ ئاتالغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى كۆرۈنۈشى سۈرلۈك، گەپ - سۆزلىرى كەسكىن بۇ ئادەم مانا مۇشۇ يەر - جاھاننى يالماپ، سەلدەك بېسىپ كېلىۋاتقان سانسىز جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ باش قوماندانى غالدان سېرىن ئىدى. ئۇ تەقى - تۇرقى قوپال، قارا بويۇن، كەڭ يەلكىلىك، كۆزى مۈشۈكنىڭكىدەك ئىتتىك، ياپىلاق يۈز ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ياش چېغىدىنلا مەنسەپ ئېتىغا مىنىپ، ئۆزىگە قارشى چىققانلىكى ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ يۈرگەن باتۇر، شەپقەتسىز سەركەردە ئىكەنلىكى ئادەمگە ھېچقانداق ھېيىقماي، توپتوغرا تىكىلىپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆزلىرىدىنلا مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ بەدىنىدىن قان ھىدى پۇراپ تۇراتتى. ئۇزۇن يىل ئۇرۇش قىلىپ، كۆزلىرىگىمۇ قان ئاداپ كەتكەنىدى.

ئۇ قېلىن چەم كەمىرىگە شەمشەر ئېسىۋالغانىدى، ئۇنىڭ قېتىپ قال-

غاندەك ئىپادىسىز قارامتۇل يۈزى، سوغۇق نەزەر بىلەن ئالدىغا تىكىلگەن قىسىق كۆزلىرى ھەم كۈلكىلىك، ھەم سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

غالدان سىرىن «پۇچۇق پالۋان» نىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— لەشكىرىڭدىن بىر نەچچىنى ئېلىپ، قەيەردە مەھەللە بولسا، شۇ يەرگە بۆسۈپ كىرمەمسەن، قىلىچىڭنىڭ دەستىنى چىڭ تۇتساڭلا ھەممە ئىشنىڭ پۈتىدۇ! — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭدا.

— ئۇقتۇم! — دېدى «پۇچۇق پالۋان» بېشىنى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئېگىپ ۋە شۇ ھامان چىپار يورغىنىڭ بېشىنى قايرىپ، كەلگەن يېرىگە چاپتۇرۇپ كەتتى.

يىراق كۈنپېتىش تەرەپتە خۇددى ئۇپۇققا تۇتىشىپ كەتكەندەك غۇۋا كۆرۈنىدىغان بىر يېشىللىق بەلۋىغى بار ئىدى. بۇنى ھېلىقى ئۆكۈزنىڭ پۇتى پېتىپ كەتكەن كۆۋرۈكتە تۇرۇپ قارىسا، ناھايىتى تەسلىكتە ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. ئۇ يەر ئاشۇ چۆللۈك ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان كىچىككىنە ئېقىننى بويلاپ پەيدا بولغان ھاياتلىق بوستانلىقى ئىدى. بۇ خىلۋەتتىكى ئوتتۇز - قىرىقتەك ئائىلە يەكەن خانلىقىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بويسۇنۇپ، تىنچ ۋە باياشات ياشايتتى. تېخى يېقىنقى كۈنلەردىمۇ بۇ چوڭ يولنىڭ بويىدا ئاشۇ خىلۋەتتىكى سەھرا خەلقلىرى سودا - سېتىق قىلىدىغان كىچىك - كىچىك قونالغۇ ۋە ئۆتەڭلەر بار ئىدى. ھازىر بولسا، ئۇلارنىڭ ئىگىلىرى نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ، ئىگىسىز تاشلىنىپ قالغان ئۆيلەردىن شامال ھۇۋلايتتى.

بورۇنتاي ئون نەچچە لەشكەرنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاشۇ خىلۋەت يۇرتقا قاراپ ئات سالدى. ئارىدىن بىرەر ئاش پىشىمچە ۋاقىت ئۆتكەندە، «پۇچۇق پالۋان» يىراقتىن ھاي - ھايلاپ، بىرمۇنچە ئولجىلار بىلەن قايتىپ كەلدى. بىر جۈپتىن ئات قوشۇلغان ئۈچ ھارۋىغا تاغار - تاغارلاپ بوغۇز ۋە يەم - خەشەك بېسىلغانىدى. ھارۋىلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر پادا قوي - ئۆچكە چاڭ توزۇتۇپ، ئالتاغىل مەرىشىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بولسا، مال - دۇنياسى بۇلانغان

بىر مۇنچە ئەر ـ ئايال دېھقانلار يىغلاپ ـ قاقشاپ كېلىۋاتاتتى.

بورۇنتاي يىراقتىن ئات سالغىنىچە ئۇدۇل غالداننىڭ ئالدىغا كەلدى، بۇ چاغدا غالدان سايىۋەن قىلىپ تىكلەنگەن يوغان بىر پارچە رەختنىڭ ئاستىدا غىزالىنىپ ئولتۇراتتى. بورۇنتاي ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، يەكتىز بولۇپ تىزلاندى ۋە قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى. غالدان ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاچ، چالا غاجىلىغان ئۇستىخاننى بىر تەرەپكە تاشلىدى، ياغلىق قوللىرىنى بۇغا تېرىسىدىن تىكىلگەن چورۇقىغا سۈرتتى ۋە كۈمۈش دەستىسىگە ھەر خىل ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان خەنجىرىنى غىلاپقا سېلىپ بولۇپ ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

— ياخشى قىپسەن، بوغۇز ۋە يەم ـ خەشەك ئەكەلگىنىڭ ياخشى بوپتۇ.

شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، غالداننىڭ چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى. چۈنكى، بىرنەچچە كۈندىن بۇيانقى گىياھ ئۈنمەس چۆل ـ جەزىرىلەردىكى جاپالىق يۈرۈش يېشىل يايلاققا ئۆگىنىپ كەتكەن موڭغۇل ئاتلىرىنىڭ ھالىنى قويمىغانىدى. يەم ـ خەشەكنىڭ قىسلىقىدىن ئۇلارغا بېرىلىدىغان بوغۇزمۇ ئازلاپ جەڭ ئاتلىرىنىڭ كۈتۈمى ناچارلاپ كەتكەنىدى. «پۇچۇق پالۋان» نىڭ بۇ گۈنكى ئولجىسى ھەرھالدا بىر قىسىم ئاتلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى.

ئۇلار شۇ گەپلەرنى قىلىشىۋاتقاندا، غالداننىڭ يېنىغا ھېلىقى تالان ـ تاراج قىلىنغان دېھقانلار كېلىپ ھال ئېيتىشقا باشلىدى.

— غوجام، بىزگە ئۇۋال بولدى، رەھىم قىلىشسىلا...

— ئات ـ ئۇلاغلىرىمىزدىن ئايرىلساق دېھقانچىلىق قىلالمايمىز...

— ئوغلۇمنى ئۆيلەش ئۈچۈن باققان ئارانلا ئىككى تال قويىدى...

غالداننىڭ تەرى تۈرۈلدى، ئۇ يېنىدىكى تىلماچ ئارقىلىق، ئۇ تەرەپتىكى سايىۋەن ئاستىدا سەگىدەپ ياتقان ئادەمگە دوق قىلدى:

— ھەزرىتىم، ماۋۇ ئادەملىرىڭىزگە گەپ قىلىڭ، بولمىسا بۇ

چۆل ــ جەزىرىدە هارام ئۆلۈپ گۆرسىز قالدۇ!

«ھەزرىتىم» لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، جۇگغار خانىنىڭ كەيپىنى بۇزۇشقا پېتىنغان بۇ «غەلىۋىخور» لارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق ۋارقىراپ كەتتى:

ــ سىلەرگە بۇ يەردە نېمە بار! بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ دەرھال بۇ يەردىن يوقىلىڭلار!

بۇ يەردە ئۆز تىلىنى بىلىدىغان، ئۆزىگە ئوخشاش تائىپىدىكى بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلگەن بۇ ئاق كۆڭۈل دېھقانلار ئەمدى تېخىمۇ جانلىنىپ، بايا باشلىرىغا كەلگەن ئېغىر قىسمەتلىرىنى يېڭىۋاشتىن زارلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى. لېكىن، بۇ سۆزلەر «ھەزرىتىم» نىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا، بۇ غەلىۋىخورلارنى بۇ يەردىن تېزرەك كەتكۈزۈپ، باشپاناھى غالدانىنىڭ قۇلىقىنى تىنچىتىش خىيالىلا بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، تۇشمۇتۇشتىن سۆزلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ سۆزىنى قول سىلكىپ بۆلۈۋەتتى:

ــ بولدى، بولدى، بېشىمنى قوچۇۋەتتىڭلار! بۇلار بۇ يۇرتقا كەلگەن ئەزىز مېھمانلار، مېھماننى قارشى ئالمايدىغان، كۈتمەيدىغان ئىش نەدە بار!؟

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ياشراق بىر دېھقان غورا تۇمشۇقلۇق بىلەن تەنە قىلدى:

ــ ياقا يۇرتتىن كېلىپ، كۆپكۆندۈزدە خەقنى بۇلايدىغان مېھمان نەدە بار، ئۇنى قانداقمۇ مېھمان دېگىلى بولىدۇ!؟

ــ ھاي ـ ھاي، ئاغزىڭغا بېقىپ سۆزلە! ــ دېدى «ھەزرىتىم» نىڭ يېنىدا تۇرغان موللا باقى سەمەرقەندى ئىسمىلىك بىر سوپى قولىدىكى قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ، ــ ساڭا گەپ قىلىۋاتقان ماۋۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ بۇ كىشى پۈتۈن ئۆمرى ـ ھاياتىنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم قىلىشقا، رەئىيەت[1] گە ئىمان يولى، ئىمان

---

① رەئىيەت ــ خەلق، پۇقرا.

خىسلىتى، ئىمان تىلى ۋە ئىمان ساداسىنى بىلدۈرۈش ۋە سىڭدۈرۈشكە ئاتاپ كەلگەن ئۇلۇغ زات — ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجا بولىدۇ. پىر - ئىشاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش پېقىرلەرگە ۋاجىپ. چۈنكى، بىزنىڭ نېسۋىمىز ۋە ھوسۇلىمىز ئىشانىدىدۇر!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كىشىلەر جىممىدە شۈكلەپ قالدى. ئۇلار كۆز ئالدىدا تۇرغان ئەللىك ياشتىن ھالقىغان، ئوتتۇرا بوي، قاشلىرى ئۆسكىلەڭ، سېمىز ئاق سېرىق يۈزى سەل قارىداپ قالغان، ئاق ئارىلىغان ساقال - بۇرۇتى رەتسىز ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن چىرايلىق تارالغان، قوڭۇر كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى ۋە غۇرۇرغۇن مىجەزلىكى چىقىپ تۇرغان بۇ ئادەمنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن يەتتە - سەككىز يىل بۇرۇن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ خېلى مەشھۇرلۇقىنى، كېيىن بۇ مەشھۇر ئىسمىنىڭ ئاستا - ئاستا كىشىلەر ئارىسىدىن يوقاپ، ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىشتى ۋە بۈگۈن تۇيۇقسىز بۇ يۇرتتا قايتا پەيدا بولغان بۇ زاتقا ھەم قىزىقىش، ھەم ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ، جىممىدە تۇرۇپ قېلىشتى.

ئۇلارنىڭ قىزىقىشى — ئۆز ۋاقتىدا نامى چىققان بۇ ئادەمنى بۈگۈن بۇ يەردە تاسادىپىي كۆرۈشكە نېسىپ بولغانلىقتىن بولسا، ھەيرانلىقى — «پۈتۈن ھاياتىنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم قىلىشقا بېغىشلىغان» بۇنداق ئۇلۇغ زاتنىڭ قانداقتۇر ئەجۈج - مەجۈجلەرگە ئوخشايدىغان شۇنچە كۆپ قوراللىق يات ئادەملەرنى يىللاردىن بېرى تىنچ، خىرامان ياشاپ كېلىۋاتقان ئەل ئۈستىگە باسقۇن قىلىپ باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىدا ئىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ چېچەن كۆزلىرى بۇ ساددا خەلقنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى تەئەججۈپلۈك ئوي - خىياللىرىنى بىلىۋالدى. شۇڭا ئۇ، دەرھال ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قول سېلىپ، كۆڭلىدىكى شۈبھە - گۇمانلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن مۇنداق دېدى:

— ئۆز زامانىسىدا، ھەزرىتى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋمى ئەيش -

ئىشرەت، راھەت ـ پاراغەتتە خامۇش ـ پەرامۇش بولغانلىقتىن، خۇدا تويان سۈيىنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى سۇغا باستۇرۇپ جازالىغانىدى. خۇددى شۇنىڭدەك، ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن چەتنەپ، مۇسۇلمانچىلىق ئەھكاملىرىدىن چىقىپ، راھەت ـ پاراغەتتە نەپسىنى سەمرىتكەنلىكتىن، ئاللاتائالا مانا مۇشۇ سانسىز جۇڭغارلارنى مۇلكى قەشقەرىيە خەلقىنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت[1] قىلدى. شۇڭا، ھەرقانداق كىشى ئۆي ـ روزىغارىدىن، مال ـ دۇنياسىدىن، دۇنيا راھىتىدىن دىلىنى تەرك ئېتىپ، بىرگە يىغلاپ ئىقتىدا قىلىپ، يۈرىكىنى كاۋاپ ئەتسە، ئىككىلا دۇنيالىقى سائادەتلىك بولىدۇ...

كىشىلەر نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ تۈيغۇن يۈرەكلىرى ئاللىقاچان بۇ «ئۇلۇغ زات» نىڭ ئاۋۇ تەلەتى سۈرۈن، باغرى تاش باسقۇنچىدىن قىلچە پەرقى يوقلۇقىنى سېزىپ بولغانىدى.

شۇڭا، ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بۇ ئەرز ـ دادىنى تاڭلا مەھشەردە ئاللانىڭ ئۆزى سورىشىغا تاپشۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

## 2

ئۇلار ئۈزۈك ـ ئۈزۈك قايراقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن بىردىنلا ئاچچىق شورتاڭ توپىلىق كۆز يەتكۈسىز ئېدىرلىققا چىقتى.

غالدان بىلەن ئاپاق خوجا يانمۇيان كېلىشىۋاتاتتى، ئىككى ئات بەزىدە تىزگىن سىيرىپ بىر ـ بىرىنىڭ تۇمشۇقىغا نوقۇشۇپ قوياتتى، بەزىدە بولسا، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭلىتىپ بىر ـ بىرىنى چىۋىندايتتى. يول يەنىلا شۇ قۇم ـ شېغىل ئارىلاشقان ساي ئىدى، يېشىللىق كۆزگەن، سۇسىرىغان تۇپراقتىن ئاچچىق چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلەتتى. يولنىڭ پايانى يوق، ئالدىغا قارىغان ئادەمگە يىراقتىن گىرىمسەن ئۈپۈقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، ئات ئۈستىدىكى ئادەملەرگە

---

① مۇسەللەت ــ غالىب قىلىش.

گويا ئاتلىرى پۇتىنى كۆتۈرۈپ قەدىمىنى يەنە ئۆز جايىغا تاشلاۋاتقان-دەك تۇيۇلىدۇ.

بۇنداق باش - ئاخىرى يوق، گىياھسىز، سۇسىز چۆل - جەزىرىدە مېڭىۋېرىش غالدانىنىڭ جېنىغا تەگدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا يېشىل يايلاقلار، تىنىق سۇلۇق بۇلاقلار، ساپ، سالقىن ھاۋالىق ساي - جىرالار كېلىۋېلىپ، بىردەم بولسىمۇ شۇ يەرلەردە ئات چاپتۇرغۇسى، ئېغىناپ ئويناقلىغۇسى، ناخشا توۋلاپ سەيلە قىلغۇسى كېلىپ كەتتى. لېكىن، بۇ شېرىن خىياللار ئۇنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىشتىن باشقا ھېچقانداق راھەت بېغىشلىيالمىدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسىلا، يەنە شۇ تاقىر يەر، كۆيۈك تۇپراق، پايانسىز چۆل ۋە ئادەمنىڭ ئاغزى - بۇرنىغا قۇم - تۇپراقنى تىقىپ ھۇشقىيتىپ ئويناپىدىغان ئىسسىق، قۇرغاق شامال ئىدى.

بۇلارنى ئويلىسا، ئۇنىڭ بۇ يەردىن ھازىرلا ئاتىنىڭ بېشىنى بۇراپ كەتكۈسى كېلەتتى. لېكىن، سەلتەنەت، شان - شەرەپ ۋە ھۆكۈمران-لىق تۇيغۇسى ياش چېغىدىنلا ئۇنىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەچ-كە، بۇنداق شېرىن ۋە مۇقەددەس تۇيغۇ ئالدىدا تەبىئەتتىكى ئۇنچىلىك ئۇقسانلار ۋە سەپەر ئۈستىدىكى جاپالار ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئۇ ئۆز تەجرىبىسىدىن، بۇنداق جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ ئارقىسىدىن چوقۇم ئالەمچە راھەت - پاراغەتنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ھەمراھىغا سىر بەرمەسلىك ئۈچۈن :

— ھەزرىتىم، يەنە قانچىلىك ماڭارمىز، بۇ سەپەر ئادەمنى ئەجەب تويغۇزدىيا! — دېدى.

ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىشى بىلەن ئارقىدا كېلىۋاتقان تىلماچ دەرھال ئېتىنى دېۋىتىپ ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى.

— ئاز قالدۇق خان ئالىيلىرى ! — دېدى ئاپاق خوجا خۇشامەتگۈي-لۇق بىلەن قىمدىنىپ تۇرۇپ، — ئىنشائاللا، ئەتە چۈشكىچە ياركەنت شەھىرىگە يېتىپ بارىمىز. ئۆزلىرىنى كۆپ مالال قىلدۇق...

ئارغىنە سۈكۈتتىن كېيىن، غالدان ئاپاق خوجا تەرەپكە سىڭارىيان

بۇرۇلۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئاپاق خان، مەن قەشقەرنىڭ ناھايىتى گۈزەل، تۇرمۇشى پاراۋان، مەدەنىيەت ـ مەرىپەتتە يۈكسەك شەھەر ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇ يەرلەر ئەمدى سىزنىڭ ئىلكىڭگە ئۆتتى، ئۇ يەرلەرگە قەدىمى يەتكەن ھەرقانداق سودىگەر بولسۇن، ساياھەتچى بولسۇن، سىزنىڭ دانا ھۆكۈمرانلىقىڭىزنى دۇنياغا جاكارلايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ يۇرتلاردا مەن يەنە نۇرغۇن بەختسىز خەلقنىمۇ كۆردۈم. ئۇلار ئاچ ـ يالىڭاچلىق، ماكانسىزلىق ئازابىنى چېكىشىۋېتىپتۇ. ئۇلارنى بەختلىك قىلىش سىزنىڭ قولۇڭغا قالدى. بىر ھاكىمىيەتتە ۋەيران بولغان ئىشلارنى يەنە بىر ھاكىمىيەت ئىزىغا سېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، كىشىلەر ئۇ ھاكىمىيەتنىڭ شەپقىتىنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

— ئەلھەق شۇنداق، خان ئالىيلىرى، دانا گەپ قىلدىلا.

ئىككىسىنىڭ سۆزلىرى تىلماچىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە ئىخچام ھەم تېز يەتكۈزۈلۈپ تۇردى. بۇ تىلماچىنىڭ ئىسمى مىرزا زەيدىن جوراس بولۇپ، غالداننىڭ قۇمۇل ئاراتۈۋرۈكتىكى قارارگاھىدىن ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەنىدى.

— بۇ يۇرتلارنى ھەم ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ھەم يىرگەندىم، — دېدى غالدان بايىقى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ياخشى كۆرگىنىم — يۇرتلار ئاۋات، خەلقى ياۋاش، ئىشچان ھەم شۈكۈر ـ قانائەتچان ئىكەن، بۇنداق خەلقنى باشقۇرۇش ئوڭاي، ئۈستىگە مىنسەڭمۇ، ئوچۇملاپ پاخال بېرىپ، چېلەكلەپ سۈت ئالىمەن دېسەڭمۇ ئۇنىمايدۇ. ئەمدى يىرگەنگەن يېرىم شۇكى، بۇ يۇرتلار بەكمۇ چۆل ـ جەزىرە، خەلقى بەكمۇ قالاق، نادان ۋە خۇراپات ئىكەن. نادانلىقتا قۇمدەك چېچىلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىشتىن يانمايدىكەن، خۇراپاتلىقتا بىر دىننى نەچچە مەزھەپ، نەچچە مەسلەككە بۆلۈپ، توختىماي قورساق سوقۇشى قىلىدىكەن. بۇنداق خەلق روناق تاپالمايدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ يولىنى توسۇپ، بىر ـ بىرىگە رەقىب بولۇپ، مەڭگۈ ئىلگىرى باسمايدۇ!...

ئاپاق خوجا يەنە دېيىشىنى بىلمەي بىردەم خىيالغا چۆكتى. غالداننىڭ سۆزلىرىنى يالغان دەي دېسە، راست ئىدى؛ راست دەي دېسە، ئۆزى ئۆمۈر بويى شۇ ئىشنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ بۇزرۇكۋار دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ مازار پادىشاھنىڭ قۇتلۇق جېنىدنىمۇ شۇ مەزھەپ كۈرىشى ئالغان ئەمەسمىدى ؟! ئاپاق خوجىمۇ بۇ قېتىم ھاكىمىيەتنى تولۇق قولغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ كۈرەشنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئۈزۈل - كېسىل داۋاملاشتۇرماقچى ئەمەسمۇ ؟!

غالدان يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدە ئۆز ئەجدادىغا بولغان ئىپتىخار، ئۆزگە بولغان تەمەننا ۋە باشقا مىللەتلەرگە بولغان كەمسىتىش كۈچلۈك ئىدى. ئۇ دۇنيانىڭ يېرىمىنى بويسۇندۇرغان چىڭگىزخاننى پەخىر - ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى. دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە — «ئاخىرقى دېڭىز» غا يېتىپ بارغان باتۇخاننى ئۇلۇغلىدى، ئەمما ئۆزىنى — ھاياتى ئاشۇنداق جەڭگىۋارلىق بىلەن زەپەر قۇچۇپ ئۆتكەن ئۇلۇغ بىر ئەجدادنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادىنىڭ تېخى ھېچقانداق ئىش قىلالمىغانلىقىنى ئەيىبلىدى.

— لېكىن، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا سۆزىگە يەكۈن ياساپ، — بىر ئادەمدە ئۇلۇغۋار غايە بولىدىكەن، چوقۇم ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز شۇنداق قىلغان، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز. مەن بۇنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى باستىم...

— ئىنشائاللا، بۇ قەدەملەر مۇبارەك قەدەمدۇر، ئۇلۇغ خاقان! — دېدى ئاپاق خوجا غالدان تەرەپكە يېرىم تولغىنىپ تۇرۇپ، — قاچانكى بەندىلەر ناپسەنتلىك، ناشۈكۈرلۈك، غاپىللىق قىلىشىپ، ئۇلۇغ خان - خاقانلارنى، پىر - ئەۋلىيالارنى ئۇنتۇپ، بىخۇد - خىرامان، بەتقىلىق، بەتگۇمان بولۇپ كېتىشىدىكەن، ئاللا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ جازاسىغا دۇچار بولىدۇ، بەرھەق شۇنداق. ئۆزلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى قەدىمى مانا شۇ بەرھەق جازانىڭ نىشانىدۇر. پېقىر قۇللىرى شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، سىلىنىڭ زامانلىرى دۇنيادىكى زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولىدۇ، مۇبارەك ناملىرى بولسا، ئەجدادلىرىنىڭ نامىدەك ئەبەدىلئەبەد

ياشايدۇ...

ماختاش، خۇشامەت دېگەنلەرنى كۆپ ئاڭلاپ يۈرىكى تويۇنۇپ قالغان غالدان ئاپاق خوجىنىڭ ۋائىزلىق بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىگە مەست بولۇپ كېرىلىپمۇ كەتمىدى، پەقەت «ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ» دېگەندەك، بىر ـ ئىككى قېتىم ئېگىكىنى قېقىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن، ھەر ئىككىسى جىمىپ قالدى. يورغىسى سىلىق جەدە ئاتنىڭ بىر خىل رىتىمدا تەۋرىتىشى بىلەن غالداننى ئۇيقۇ باستى. ئات ئۈستىدە شىددەتلىك جەڭ قىلىشىنىمۇ، بەھۇزۇر ئۇخلاشنىمۇ ئۆگەنگەن غالدان قامچىسىنى ئېگەرنىڭ قۇشېشىغا ئىرەپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئاپاق خوجا بولسا بىردەم بېلىنى رۇسلاپ، بىردەم تېقىمنى سىلاپ، بىئاراملىق ئىچىدە ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاسماننىڭ ئۇپۇققا باش قويغان بىر بۇرجىكىدە كەچكى شەپەقنىڭ يارقىن نۇر چاچمىسى جۇلالىنىپ تاراشقا باشلىغاندا ئۇلار يەكەنگە يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى ئاخىرقى قونالغۇغا يېرىپ چۈشتى.

# ئۈچىنچى باب

# جاھىل قورغان

## 1

ئالتۇندەك كۆز ئايلىرىنىڭ تىنىچ ۋە چىرايلىق كۈنلىرىدە، بۇ دىيارنى جەڭلەرنىڭ قانلىق كەلكۈنى بىلەن سەلتەنەت تالىشىۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ تاشقىن دەريادەك تىنىمسىز دولقۇنلىرى بېسىپ كەتتى.

مىلادىيە 1678 - يىلى يازدا، مۇز داۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا ئۇدۇللا چۈشكەن غالدان بوشۇكتۇخاننىڭ ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق قوشۇنى ئاقسۇ چۆلىدە ئىسمائىل خان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنىنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى، ئىسمائىل خان يارىلاندى. جىددىي ھەربىي كېڭەشتىن كېيىن، بىر قىسىم كۈچنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە، ئۇلار دەرھال خانلىق پايتەختى يەكەنگە چېكىندى. غالداننىڭ غالىب قوشۇنى چاقماق تېزلىكىدە قەشقەرگە بېسىپ كەلدى. قەشقەر نائىبى — ئىسمائىل خاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتان مۇداپىئە خاراكتېرلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. لېكىن، ئۇنىڭ جان پىدالىق بىلەن كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرىمۇ، ئاقسۇ چۆلىدىكى تۇنجى جەڭنىڭ غەلىبىسى خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويغان جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان ئاپاق خوجىنىڭ قەلەندەر سىياق پىچاقچى سوپىلىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىپ ھۇجۇم قىلىشى بىلەن تېزلا تارمار بولۇپ، باباق سۇلتاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇلار قەشقەردە شەپقەت-

سىزلەرچە خۇنلۇق قىلدى، ئالتە مىڭ بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنى تۇمەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن بىللە يىراقلارغا ئاقتى، قىز - چوكانلار دەپسەندە قىلىندى، ئالتۇن - كۈمۈشلەر بۇلاندى، گۈزەل ۋە ئاۋات شەھەر ھۇۋقۇشنىڭ ئۇۋىسىدەك خارابىلىككە ئايلاندى.

ئۇلار بىرنەچچە كۈنلۈك قەتلىئام ۋە باستۇرۇشلاردىن كېيىن شەھەرنى تىنچىتتى، ئاندىن ئاپاق خوجا ئۇ يەرگە چوڭ ئوغلى يەھيا خوجىنى خان قىلىپ تىكلەپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆزىگە سادىق بىرنەچچە سوپى - ئىشانلارنى ياردەمچى قىلىپ قويدى.

غالدان بىلەن ئاپاق خوجا قەشقەردىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، قوشۇننى بىر نەچچە كۈن دەم ئالدۇرۇپ رەتلىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ مەنزىل — يەكەنگە قاراپ ئاتلاندى.

دەسلەپكى بىر نەچچە كۈنلۈك يۈرۈش تىنچ، ئوڭۇشلۇق بولدى، ئەمما يەكەنگە يېقىنلاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ مۈشكۈلى ئېغىرلاشتى. بىرىنچى قېتىم، غالداننىڭ ھارغىن قوشۇنى يەكەننىڭ «پوپان» دېگەن يېرىدە، ئەركا بەگ باشچىلىقىدىكى خانلىق لەشكەرلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، خېلى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. لېكىن، ئۇلار دەرھال ئېسىنى يىغىپ، قايتۇرما ھۇجۇم بىلەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، خانلىق لەشكەرلىرى سان جەھەتتىن نەچچە ھەسسە ئاز بولغاچقا، رەقىبىنى قاتتىق بىر چۆچۈتۈپ قويۇپ، ئاستا - ئاستا چېكىندى.

ئىككىنچى قېتىم كېچىدە، خانلىقنىڭ بەھرام سۇلتان ئەمرلىكىدىكى بىر قوشۇنى «ئاقتىلا» دېگەن يەردە غالدان بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ پىچاقچى سوپىلىرىغا يان تەرەپتىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تاڭ ئاتقۇچە پاراكەندە قىلدى.

كەڭ دالىنى قاپلىغان چاڭ - توزان ئىچىدە، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرغىنى، ئاتلارنىڭ كىشنىگىنى، قىلىچ - قالقانلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازى تاڭ ئاتقۇچە توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى. شىددەتلىك جەڭ تاڭ شەپىقى ئۇپۇقنى قىزارتىپ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن

قۇياش نۇرى قۇم - تۇپراققا سىڭىپ، تۇگۇر - تۇگۇر قېتىشىپ قالغان
قانلار بىلەن بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ياتقان ئۆلۈكلەرنىڭ ئالايغان
كۆزلىرىدە جىلۋە قىلىشقا باشلىغاندا تۇختىدى. بۇ قېتىممۇ بەھرام
سۇلتاننىڭ لەشكەرلىرى غالداننى ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويۇپ
چېكىندى.

ئۇلار گەرچە چېكىنگەن بولسىمۇ، ئەمما بىر غېرىچ يەر، بىر تۈپ
ياغاچ، ھەتتا بىر تال گىياھ ئۈچۈن جان تىكىپ ئېلىشتى. شۇڭا، ئانا
زېمىننىڭ مۇشۇ بىر پارچە تۇپرىقىدا ئۇلارنىڭ ئاپئاق سۆڭەكلىرى
بىلەن قىپقىزىل قانلىرى ئاشۇ روھقا شاھىت بولۇپ قالدى.

مانا ئەمدى غالداننىڭ قوشۇنى بىلەن ئەسەبىيلەشكەن پىچاقچى
سوپىلار بەئەينى ئۆششۈك ھەرىلىرىدەك ئەلپازدا جېدەللەپ ئىلگى-
رىلەپ، ئاخىرقى مەنزىلگە چۆمۈلىدەك بېسىپ كەلدى.

شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ئالدىدا قۇچاق يېيىپ ياتقان بۇ تىنچ، بەرد-
كەتلىك زېمىن — قۇدرەتلىك سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ھىمايىسىدىكى
يەكەن تۇپرىقى ئىدى. ئەنە ئاۋۇ ھەيۋەتلىك سېپىل بىلەن قورشالغان
مۇستەھكەم قەلئە بولسا، ئۇنىڭ يۈرىكى — بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان
ئۇنىڭغا ئاستانە بولۇپ كەلگەن ئوردا شەھىرى ئىدى. بۈگۈن بۇ قەدد-
مىي، قۇتلۇق زېمىن گويا ئەسىرلەر بويى تىنچ ياتقان ئۇيقۇدىن
بىردىنلا چۆچۈپ ئويغانغاندەك، مۇدھىش ۋاڭ - چۇڭ ئىچىدە
قالغانىدى.

## 2

بەستلىك، سۆلەتلىك شاھ ئىسمائىل خان بۈگۈن كېچە زادىلا
ئۇخلىيالمىدى. ئۇ خابگاھتىن① ئاستا چىقىپ، ئوردا بېغى تەرەپكە
ماڭدى. تۆمۈر ئەگۈنلۈك دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىدا ساۋۇت ۋە تۆمۈر

① خابگاھ — ھۇجرا، ياتاق ئۆي.

قالپاق كىيگەن، ئىنچىكە، ئۇزۇن نەيزە تۇتقان قاراۋۇللار تۇراتتى. خان دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، ئوردا بىغىنىڭ تاش ـ كېسەك ياتقۇزۇلغان، ئىككى يېقىغا كېپىكتاللار بىلەن قىزىلگۈللەر تىكىلگەن تار يولدا خىيالغا چۆكۈپ ماڭدى. كۈمۈش ھالقىلىق دەرۋازىنىڭ ئالدى ۋە يول بىلەن قەسىر تۆۋرۈكلىرىگە ئېسىلغان چىراغلاردىن غۇۋا يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. تېخى يېقىندىلا ئىككى قاسناقتىكى ئېرىقلاردىن شىرقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى، ئەمدى بولسا، سۇلار پۈتۈنلەي قۇرۇپ، تاللار بىلەن گۈللەرمۇ سارغىيىپ، يوپۇرماق تاشلاشقا باشلىغانىدى. ئەسلىي بۇنداق چاغلار — ئوردا بىغى بىلەن پۈتكۈل يەكەن باغلىرىدا قىزىل ياقۇتتەك دانلىق ئانارلار پىشقان، سايىۋا، مۇناقى ئۈزۈملەر قۇياش نۇرىدا جۇلا چاچىدىغان، كەھرىۋادەك سارغايغان بېھى ۋە بىر مەززىگە قىزارغان نەشپۈت، كۆك ئامۇتلار يېتىلگەن ۋە شىرنە يىغقان ئاجايىپ ئەلۋەك ئالتۇن چاغلار ھېسابلىناتتى. لېكىن، ھازىر بۇ يەرلەرگە ئۇشتۇمتۇت ۋابا تەگكەندەك، ھەممە نەرسە ئۆز قېلىپىدىن چىقىپ كەتتى، باغلار ۋاقىتسىز غازاڭ بولدى، ئادەملەرمۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، جان ھەلەكچىلىكىدە قالدى.

ئىسمائىل خان ئوردا بىغىدىكى كاتتا راۋاقنىڭ يېنىغا كەلدى، تۆۋرۈك ۋە قۇببىسى ھەرخىل نەپىس نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن سالاسۇنلۇق بۇ راۋاقنى ئەنسىز كېچىنىڭ قارا پەردىسى ئورىۋالغانىدى. ئىسمائىل خاننىڭ ھەمىشە كېلىپ ئارام ئالىدىغان بۇ راۋاقتىمۇ تۇرغۇ-سى كەلمىدى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر بىر نەرسە تاتىلىغانىدەك، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇ راۋاقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ يولى-نى داۋام قىلدى.

كەچكى ھاۋا سالقىن ھەم نەمخۇش ئىدى، ۋاقىتسىز سارغايغان غازاڭلار بەرگىدىن «پىرس ـ پىرس» ئۈزۈلۈپ، خاننىڭ بېشى ئۈستىدە ئۈنسىز لەيلەپ يۈرەتتى، نېرىدىكى سۇيى سوغۇلۇپ كەتكەن مەرمەر كۆلچەكنىمۇ بىر قەۋەت غازاڭ بېسىپ كەتكەنىدى. كۆل ئەتراپىدىكى ئارچا دەرەخلەر بىلەن مەجنۇنتاللار ئادەمگە تەسەللى

بولسۇن دېگەندەك قىيغىتىپ شىلدىرلايتتى.

خان ئىختىيارسىز ئۇردا بېغىدىن چىقتى ۋە ھېچكىمنىمۇ ئەگەشتۇرمەي ئۇدۇل شەھەر سېپىلىغا قاراپ ماڭدى.

بۇ شەھەر بىنا بولغاندىن بۇيان نەچچە قېتىم ئېگىزلەپ، نەچچە قېتىم كېڭىيىپ، نەچچە قېتىم مۇستەھكەملەنگەن قەلئە سېپىلى ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى جىددىي ھالەتتە ئىدى. لەشكەر ۋە پۇقرالار ئەنە شۇنىڭغا تايىنىپ پايتەختنى بىخەتەر قوغداۋاتاتتى.

ئىسمائىل خان يىگىرمە نەچچە پايلىك ئايلانما پەلەمپەي بىلەن سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقتى. بۇ يەرمۇ جىددىي ھالەتتە ئىدى، نەچچە قەدەمدە بىردىن كۆزەتتە تۇرغان لەشكەرلەر ئويغاق ۋە ھوشيار ئىدى.

ئىسمائىل خان قورغان تۆشۈكىدىن تۆۋەنگە قاراپ، مىسلىسىز ئاپەتكە يولۇققان شەھەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭىغا قۇلاق سالدى. جۇڭغارلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇ تەرەپكە قارىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىيتتى، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، كالا - ئۆكۈزلەرنىڭ مۆرەشلىرى ۋە لەشكەرلەرنىڭ جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى قوشۇلۇپ، ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان مۇدھىش بىر غوۋغا پەيدا قىلغانىدى. شەھەر ئەتراپىدا ئۆتكەنكىدەك تىنچ ۋە ئاسايىشلىقتىن ئەسەر قالمىغانىدى. شەھەر خۇددى بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ئادەمدەك مۇڭلىنىپ تۇراتتى. قورغاندىن نېرىدا — كەڭ كەتكەن ئاي دالىدا جۇڭغار لەشكەرلىرى پۈتۈن - پۈتۈن ياغاچتىن ياسالغان كىلەڭسىز ھارۋىلار يېنىغا چېدىرلار تىككەن، چېدىرلارنىڭ ئالدى - كەينىگە يېقىلغان سانسىز گۈلخانلار ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان جۇڭغار لەشكەرلىرى ئەتراپتىكى ئىگىسىز قالغان ئۆيلەرنى، قوتانلارنى، دۇكانلارنى نۆۋەت بىلەن بۇزۇپ، ياغاچ تاختايلارنى ئەكېلىپ، كېچىچە ئوت يېقىپ چىقاتتى ۋە بۇ ئوتلارغا مىس قازانلارنى ئېسىپ چاي قايناتاتتى، شورپا سالاتتى، ياغاچ كۆمۈرلىرىدە گۆشلەرنى كاۋاپ قىلاتتى، ئارقىدىن ياغاچ تۇڭلاردا، چەم چاناچلاردا ساقلانغان

مەيلەرنى ئېچىپ، كېچىچە مەيخورلۇق قىلىشاتتى. بۇنداق چاغلاردا جۇگغارلار ئۆزلىرىنىڭ پايانى يوق يېشىل دالىلىرىنى، سۈزۈك، شوخ سۇلىرى بىلەن تولغىنىپ ئاقىدىغان بەگۋاش دەريالىرىنى، ئالتۇن رەڭگە پۈركەنگەن ساي ـ جىرالىرىنى، ئارچا ـ قارىغايغا تولغان قامەتلىك تاغلىرىنى ۋە ئۆيلەردە يىغلاپ قالغان ئاتا ـ ئانا، يار ـ بۇرادەرلىرىنى ئەسلەپ ناخشا ئېيتىشاتتى:

ئۆتتى ئۆمرۇم ساداق، نەيزىگە بولۇپ ئەسرا،
ئاچ يىلپىز كەبىي تاشلاندۇق دەھشەتلىك جەڭلەر ئارا.
...
تۇن پاتقاندا ھېچ يەر كۆرۈنمەيدۇ،
ھارۋىلار ماڭسىمۇ ئىز كۆرۈنمەيدۇ،
گۈزەلنىڭ ۋەسلىگە يەتكىلى بولمايدۇ...

ئىسمائىل خان ئۇلارنىڭ ناخشا ئاھاڭىدىن، ناخشا ئېيتقان چاغدىكى كەيپىياتلىرىدىن ئۇلارنىڭ يۈرىكىدىن چوڭقۇر بىر مۇڭنى ۋە مۇڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىر خىل سېغىنىش بىلەن ئۈمىدسىزلىك ھېسسىياتلىرىنى ئاڭلىغاندەك، كۆرگەندەك بولدى. دېمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھاياتلىق ئۈچۈن مال ـ دۇنياغا قىزىقتۇرۇلغان، ئالدانغان، ھەتتا قوشۇنغا مەجبۇرىي قېتىلغانلار ئىدى. ئۇلارغا بېرىلگەن بۇيرۇق: باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىش، ئۇرۇشتا ئولجا ئالغان، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان مال ـ دۇنيانىڭ ھەممىسى ئۆزىگە تەئەللۇق بولۇش. ئۇلار ئەنە شۇنداق مال ـ دۇنيا ۋەسۋەسىسى بىلەن ئەزىز جانلىرىنىڭ جاھاننىڭ يەنە بىر چېتىدە ـــ يات ئەلدە، يات ماكاندا جەسەتلىرى ئادەم تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ، ئالايغان كۆزلىرى بىلەن ناتونۇش ئەلنىڭ ئاسمىنىغا چەكچىيىپ، قەدىرسىز ھالەتتە پاتقاقتا، قان ـ يىرىڭغا مىلىنىپ قالىدىغانلىقلىرىنى ئويلىمايتتى. شەھەر قامال قىلىنغان مۇشۇ ئون نەچچە كۈندىن بېرى، ئۇلار ئارىسىدىكى ئەجىلى توشقانلاردىن ـــ يۈرىكىگە ساداقنىڭ ئوقى سانجىلىپ، ئوتتا كۆيۈپ،

سىپىل ئاستىدىكى سىبىق سۇلۇق خەندەككە چۆكۈپ ئۆلگەنلەر ئازمۇ ؟! ئۇلارنىڭ ئۆلۈكى مانا شۇ يات ئەل تۇپرىقىدا قاغا - قۇزغۇنلارغا، قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولۇپ كەتمىدىمۇ ؟!...

ئەلۋەتتە، مۇنداق ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشتا، ئىسمائىل خانمۇ ئۆزىنىڭ بىرمۇنچە باتۇر ئوغلانلىرىدىن، قەيسەر سەركەردىلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دۈشمەننىڭ قەلئە سىرتىدىكى تىنىمسىز ھۇجۇمى ۋە پاراكەندىچىلىكىنى ئاز دېگەندەك قەلئە ئىچىدىكى خائىن - سېتىلمىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق، ئاغدۇرمىچىلىق قىلمىشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. مۇشۇ ئىككى كۈندىن بېرى، ئۇلار ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن غەملەنگەن يوغان بىر ئاشلىق ئامبىرىغا ئوت قويۇۋەتتى، چوڭ جامە ئالدىدىكى كۆلگە زەھەر تاشلاپ، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى.

ئۈستى - ئۈستىلەپ بولۇۋاتقان مۇنداق سۇيىقەستلىك ئىشلار ئىسمائىل خاننىڭ زەخمە يېگەن يۈرىكىنى گويا قەھرىتان قىشنىڭ قېلىن مۇزلىرىدەك سىقىپ كەتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ يېقىندىن بېرى ئۇيقۇسى قېچىپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ھېچقاچان خانلىق تەقدىرى ئۈستىدە بۈگۈنكىدەك ئاچچىق ۋە ئازابلىق خىياللارغا پاتمىغانىدى.

زەرەپشان دەرياسى تەرەپتىن سوققان كۈز شامىلى ئىسمائىل خاننىڭ گەجگىسىدىن قورۇغاندەك بولدى. ئۇ شاھلىق تاج ئورنىدا كىيگەن يېشىل سەللىسىنى بىر ئاز چۆكۈرۈپ قويدى. ئۈچىسىدىكى ئاق مەشۇت كەمزۇل ئۈستىگە يېپىنچاقلىۋالغان زەر يەكتەكنى ئۆرىدەپ، بىر نەچچە كۈندىن بېرى تىغ تەگمىگەن ئۆسكىلەڭ ساقىلىنى سىلاپ قويدى.

ئىسمائىل خان ئەمدى كەڭ سېپىلنىڭ بۇ قاسىنقىغا ئۆتۈپ، قەلئە ئىچىگە نەزەر سالدى. شەھەردىكى داڭدار مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنىڭ ھەل بېرىلگەن كاھىشلىق قۇببىلىرى سۇۋادان تېرەكلەر بىلەن بويى تالاشقان كۆركەم مۇنارلىرى گۈگۈم قوينىدا خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. ئۇ بايا ئۆزى چىقىپ كەلگەن سۇرلۇك ئوردا قەسىرلىرىگە، چاھارباغدىكى دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ ئارىسىغا چۆككەن راۋاقلارغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. بۇ يەرلەرنى ئېغىر سۈكۈت ۋە قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. خاننىڭ نەزىرىدە، گويا بۇ قاراڭغۇلۇقنىڭ ھەربىر قەدىمىدە كىشىلەرنى يوشۇرۇن ئەجەل كۈتۈپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ چاغدا، خاننىڭ قۇلىقىغا تىنجىپ قالغان شەھەرنىڭ بىر چېتىدىن كەلگەن مۇڭلۇق، يېقىملىق بىر ناۋا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ، زەن سېلىپ تىڭشىدى، ساتار بىلەن ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئوردىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى خانلىق قەبرىستانلىقى ھېسابلىنىدىغان «ئالتۇنلۇقۇم» مازىرى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرى ساتارغا تەڭكەش قىلىپ، راك مۇقامىنىڭ قايسىبىر ئاھاڭىنى ئېيتىۋاتاتتى. سۇزۇك، خۇش نەپەس ئاۋاز كېچىنىڭ جىمجىت ئاسمىنىنى بويلاپ يىراقلارغا تاراپ كەتكەنىدى :

خەزان ئەتتىم زىمىستانى غەمىڭدە گۈلئۇزارىمنى،
كېلىپ دىلبەر تاماشا قىل خەزان بولغان باھارىمنى.
قۇرۇدى باغى تەبەسسۇم، غۇنچە قالدى گۈل ئاچىلماستىن،
كەرەم ئايىن بېرىپ سەبسىز ئەيلە باغۇ لالەزارىمنى.
...
مەن ئۆلسەم ئەي بۇرادەرلەر، ئانى يولىدا كۆمگەيسىز،
كى ھەريانە ئۆتەر بولسا باسىپ ئۆتكى مازارىمنى.

ئىسمائىل خاننىڭ يۈرىكى تېخىمۇ ئېزىلدى. ئۇ دۆلەتنىڭ، پۇقرانىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پاجىئەلىك تەقدىر ـ قىسمەتلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئاجىز، ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئۆكۈندى، ئۆكۈنۈشتىن يۈرىكى پۈچىلىنىپ، قاتمۇ قات ئاچچىق يۇتۇۋالدى. ئۇ ناخشا كېلىۋاتقان تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ، ئەجدادلىرى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن «ئالتۇنلۇقۇم» دىن مەدەت تىلىگەندەك، زەئىپ ئاۋازدا پىچىرلاشقا

باشلىدى:

«ئى كەرەملىك خۇدا، سەن ئۆز ھىممىتىڭ بىلەن بىزگە ئاتا قىلغان بۇ قۇتلۇق زېمىن ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قولىدا روناق تېپىپ، گۈللىنىپ، بەختلىك، قۇدرەتلىك كۈنلەرگە ئېرىشكەنىدى. ئەمدى مېنىڭ قولۇمدا ۋەيران بولىدىغان ئوخشايدۇ! مەن ئۇلارغا ــ بۇ ئانا تۇپراقنى قوغداش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قان تەرىنى تۆككەن ئەجدادلىرىمىزغا قانداق يۈز كېلەلەيمەن! مەن ئەمدى بىلدىم، تاشقى دۈشمەندىن ئىچكى دۈشمەن يامان، خەۋپلىك ئىكەن! بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن باسقان كىچىك-كىنە خاتا قەدىمىم مېنىڭ بېشىمغا بالا بولدى، مېنى بىر ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قويدى! مەن ئۆز ۋاقتىدا، ھىدايىتۇللا ئىشان دېگەن بۇ تۈزكور، مۇناپىقنى بۇ دۇنيادىن يوقىتىۋەتكەن بولسام، خاندانلىقنىڭ بېشىغا بۇگۈنكىدەك قارا كۈنلەر چۈشمەيتتى، مەن ئۆز قولۇم بىلەن بۇ يوشۇرۇن ئاپەت يىلتىزىنى ساقلاپ قالدىم... مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ بەتبەختلىكى، شەقىلىكى سەۋەبىدىن خاندانلىقىمىز پالاكەت ھەم زاۋالەت ئاسارىتىدە قالدى... ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، بۆرىنىڭ كۈچۈكى ھامان بۆرە ئىكەن، ئۇنىڭ ئىككى چىشىنى سۇغۇرۇپ تاشلىساڭمۇ، ئادەم يېيىش نىيىتىدىن يانمايدىكەن!...»

ئىسمائىل خان پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان سوغۇق بىر تۇيغۇ دەستىدىن تىرناقلىرىغىچە مۇزلاپ كەتتى، كاللىسىدا بولسا، يەنىلا شۇ ھەسرەتلىك خىياللار قۇيۇندەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. «ۋادەرىخا!... سەئىدىيە تەختىگە ئاشۇ تۈزكور مۇناپىق چىقىۋالسا، سەلتەنەتنىڭ ھالى نېمە بولار ؟!...»

ئىسمائىل خان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى، تىنىقى ئۆزىگە ئۇتتەك ئىسسىق بىلىنىپ كەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن پۇشايمان ئارىلىشىپ كەتكەن تاشقىن بىر ھېسسىيات ئىچىدە سېپىلدىن چۈشتى.

بۇ چاغدا كۆل رەڭ ھاۋا ئاستا ـ ئاستا سۇزۇلۇپ، ئاسماننىڭ شەرق بۇرجىكىدە ئاقۇچ شولىلار يالترىاشقا باشلىدى. كېچىچە جىمىرلاپ،

بىر ـ بىرىدىن ھۆسن تالىشىپ چىققان يۇلتۇزلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۆچۈپ، پەقەت زۆھرە يۇلتۇزىلا كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. مەزىندەلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن ئەزان تووۋلاشتى، سەگەك ئىتلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن قالماي دوراپ قاۋاشلىرى ئەۋجىگە چىقتى.

يەنە بىر كۈنلۈك تەشۋىشكە، ئەنسىزچىلىككە ۋە ھايات ـ ماماتقا ۋەھىمىسىگە تولغان يېڭى كۈن باشلاندى.

## 3

سەھەرگە يېقىن ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇردىن كېيىن، ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى. يامغۇر سۈيى چاڭ ـ توزان باسقان كاھىشلىق تاملارنى، ئويمان ـ چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن سېرىق توپىلىق يوللارنى، دەرەخ ۋە گۈمبەزلەرنى يۇيۇپ تاراپ، ھامامغا چۈشكەندەك بېزەپ چىققانىدى. ئوچۇق، ساپ ھاۋادىن يېقىملىق نەمخۇش پۇراق تارايتتى. كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ كۈز يامغۇرى پەيدا قىلغان ئاچچىق سوغۇقنى قوغلاشقا باشلىدى. بايا تۇمشۇقلىرىنى مەيدىسىگە تىقىپ دۈگدەرەپ كەتكەن ئادەملەر بىلەن قۇيرۇقلىرىنى چاتىرىقىغا قىستۇرۇپ شۈمشەرەپ قالغان ئات ـ كالىلار قۇياش نۇرىدا باشقىدىن جانلىنىپ كەتتى.

ئاپاق خوجا يوغان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخىنىڭ يېنىغا تىكىلگەن چېدىردىن چىقىپ، «ئەچكۈچى دۆڭ» دەپ ئاتىلىدىغان تۆپىلىككە قاراپ كەلدى. بۇ يەردىن قارىسا شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئالتۇن مەسچىت» نىڭ مۇنار ـ گۈمبەزلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. گۈمبەز يېشىلغا مايىل ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ـــ دېڭىزدەك سۈزۈك ئاسماندا ئويۇنچى كەپتەرلەر موللاق ئېتىپ، پەرۋاز قىلىپ يۈرۈشەتتى، ئۇلارنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلغان كىچىك غوڭ قاپاقلاردىن ئادەمنى روھلاندۇرغۇچى زىل ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

ئاپاق خوجا بىردەم قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ كەتكەن شەھەرگە، بىردەم پايانسىز كۆكتە ئەركىن ئازادە ئۇچۇپ شۇڭغۇپ

يۇرگەن كەپتەرلەرگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ھايال ئۆتمەي، كۆكتىكى كەپتەرلەرنىڭ قىسمىتى ئۆزگەردى. نەدىندۇر پەيدا بولغان بىر لاچىن ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ، كەپتەرلەرنىڭ غەمسىز توپىغا بۆسۈپ كىردى. كەپتەرلەر ۋەھىمە ئىچىدە پىتىراشقا باشلىدى. شۇ ئارىدا بىر كەپتەر بەئەينى موللاقچىدەك تۆۋەنگە قاراپ پىلدىرلاپ چۈشۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا توزۇغان بىرمۇنچە پەي – قاناتلار كۈن نۇرىدا ھەر خىل رەڭدە جۇلالىنىپ، ئېگىز بوشلۇقتا لەيلەپ قالدى.

ئاسماندىكى بۇ مالامەتلىك كۆرۈنۈش ئاپاق خوجىنىڭ ئېسىگە بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇنقى ئىشلارنى سالغاندەك كۆڭلىنى بىر خىل بىئاراملىق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى. دەرۋەقە، شۇ تاپتا ئۇ، بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئىسمائىل خان تەرىپىدىن ئەنە شۇ لاچىن سوققان كەپتەردەك بىچارە ھالغا چۈشۈپ، بۇ دىياردىن بەئەينى ئىتتەك قوغلانغانلىقىنى ئازاب بىلەن ئەسلىگەنىدى. ئۇ چاغدا ئىسمائىل خان ئاشۇ كۆكتىكى لاچىندەك زوراۋان ھەم ھۆكۈمران ئىدى. ئاپاق خوجا بولسا، بەئەينى ئاشۇ پەيلىرى توزۇپ، يەر قەرىگە پىلدىرلاپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان كەپتەردەك مەھكۇم ھەم ناتىۋان ئىدى. ئەمدىچۇ ؟! ئەمدى پەلەك چاقى ئايلىنىپ، ئۆتكەنكى تەقدىر – قىسمەتلەرنى پۈتۈنلەي ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋەتتى. «بۇ ئۆزى ئەنە شۇنداق ئۆتنە ئالەم! — دەپ ئۆز – ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى ئاپاق خوجا، — ئەي شۇم نىيەت خان، سەن بىزنى ئۆز ۋاقتىدا دەرگاھىڭدىن ئىتتەك قوغلىغانىدىڭ، مانا ئەمدى بىز يولۋاس بولۇپ دەرگاھىڭنى ۋەيران قىلغىلى كەلدۇق! سەنلەر بىزنى سەل چاغلاشتىڭ، شەيتىنىڭ ئۈستۈن كەلدى! سەنلەر بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى بىلىشمەيسەن، ۋاقتى – سائىتى كەلگەندە، بىزنىڭ سادىق مۇرىت – مۇخلىسلىرىمىز سەنلەرنىڭ ھەشەمەتلىك ئورداڭلارنى ئېغىلغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ! ئەي موغۇل بەچچىسى ئىسمائىل خان، ئەمدى كۆرگەنسەن، بىز تەۋرىسەك ئەل تەۋرەيدۇ! بىز غەزەپ قىلساق، ھەممە نەرسە تەخسىراتقا كېتىدۇ! چۈنكى، ئەۋلىيالارنىڭ

كارامەتلىرى ھەق، ئەۋلىيانىڭ غەزىپى خۇدانىڭ غەزىپىنىڭ نەمۇنىسى! سەن ئۆز ۋاقتىدا بىزنى لاچىن بولۇپ سوققان بولساڭ، بىز ئەمدى شۇڭقار بولۇپ كۆزۈڭنى ئويىمىز!... سەن بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى غەنىيمەت بىلمىدىڭ، ئۇلۇغلارنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمىدىڭ، تەرىقەت ئەھلىگە زۇلۇم قىلدىڭ. ئاخىر، ئۆزۈڭنىمۇ، تائىپەلىرىڭنىمۇ ھالاكەتكە يۈزلەندۈردۈڭ! ئەي خان بىلگىنكى، ئۇلۇغلار ئىككى بىسلىق قىلىچتۇر، ئۇنىڭغا دۇچ كەلگەن ئادەمنىڭ ھەم ئىمانى كېتىدۇ، ھەم جېنى كېتىدۇ، سەن ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ!...»

ئاپاق خوجا مانا شۇنداق شۇۋىرلاشلاردىن كېيىن ئۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك خۇش كەيپ ھېس قىلدى، كۆزلىرىدە تەمەننا كۈلكىسى پەيدا بولدى. يۈزىدە غالىبلارغا خاس تەكەببۇرلۇق بىلەن بىر خىل ئىچى قارىلىقنىڭ سوغۇق ئەلەڭگىسى جىلۋىلەندى. ئۇ بىر زامانلاردا سەمەرقەنتنى ئۆز ھۆكمىگە ئالغان ئۇلۇغ ئەجدادى — تەرىقەت پېشۋاسى خوجا ئەھرارغا ئوخشاش، سەئىدىيە سۇلتانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئالتۇن تاجلىق پادىشاھلىرىنى ئۆز ئىزىغا سېلىپ، ئاغزىغا قارىتىشنى ئويلايتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ئىسمائىل خانغا ئوخشاش خان ئەۋلادى ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەۋلادى قاتارىدا سانىلىدىغان سەئىدلەردىن، شۇنداقلا ئەرشئەلاغا يېقىن تۇرىدىغان تەرىقەت پېشۋاسى دەپ بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ خىيال كەپتەرلىرىنى تېخىمۇ يىراققا پەرۋاز قىلدۇرۇپ، بۇنىڭدىن ئون بىر يىل بۇرۇن مەزھەپ ۋە مەسلەك رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن دادىسىنى ئەسلەپ كەتتى.

«ئەي، بۈزرۈكۋار ئاتا! سىز ھايات چېغىڭىزدا ئوغلىڭىزغا ئىشەنگەن ھەم ئۇنىڭدىن پەخىرلەنگەنىدىڭىز، لېكىن ئۇنىڭ سىز كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان ئاشۇ كارامەتلىرىنى كۆرەلمەي، بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كەتكەنىدىڭىز! مانا بۈگۈن ئوغلىڭىز سىزنى ئارمىنىڭىزغا يەتكۈزدى، سىزنى خورلىغان، چەتكە قاققان ۋە سىزنىڭ جېنىڭىزغا زامىن بولغان خاندانلىقلارنىڭ ئالتۇن تاجى مانا ئەمدى ئوغلىڭىزنىڭ بېشىغا كىيدىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. سىز بۇ كۈنلەرنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغانىدىڭىز —

ھە؟! سىز گەرچە بۇ خۇشاللىق، قۇتلۇق كۈنلەرنى كۆرەلمىگەن بولسىڭىزمۇ، مەن ئىشىنىمەنكى، بۇنى ھازىر سىزنىڭ پاك روھىڭىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ! بۇزرۇكۋار ئاتا، سىزنىڭ ئەبەدىيلىككە چۆككەن روھىڭىز بولسىمۇ خۇشاللانسۇن، شادلانسۇن! مەن تېخى سىزنىڭ بارلىق رەقىبلىرىڭىزدىن، سىزگە كۆز ئالايتقان جىمى پاسىقلاردىن نەچچە باراۋەر ئاشۇرۇپ ئىنتىقام ئالىمەن، روھىڭىزنى مەڭگۈ قورۇندۇرمايمەن!...»

ئۇنىڭ مەستانە خىياللىرى تۇيۇقسىز يېنىدا پەيدا بولغان غالدان بىلەن تىلماچىنىڭ سوئال - سورىقىدا ئۈزۈلدى.

— قورغاننى قانداق ئېلىشنى ئويلاپ تۇرامسىز، ھەزرىتىم؟

غالدان گەرچە بۇ يەرگە ئاتلىق كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەمىشە يېنىدىن ئايرىمايدىغان كۈمۈش دەستىلىك قامچىسى بىلەن ئېگىز پاشنىلىق بۇلغار ئۆتۈكىنىڭ قونچىنى «چىرس - چىرس» ساۋىغىنىچە سېپىلغا قاراپ تۇراتتى. چىرايىدىن نېمىگىدۇر ئالدىراپ تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئەسەبىيلەشكەن قوشۇنى ئىككى ھەپتىدىن بېرى شۇنچە پىداكارلىق كۆرسىتىپمۇ، قورغاننىڭ بىرەر يېرىدىن يوچۇق ئاچالمىغانىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا «مەسخىرە دەرۋازىسى» نى مۇھاسىرە قىلىپ ياتقان نەچچە يۈز جۇڭغار كېچىسى دەرۋازىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ ئۆزلىرىگە ھۇجۇم قىلغان خانلىق لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. پايتەختنى قوغداپ تۇرۇۋاتقان مۇستەھكەم سېپىلنىڭ بەش دەرۋازىسى يەنە شۇ پېتى مەزمۇت ھەم ھەيۋەت تۇراتتى.

جۇڭغار قوشۇنلىرى مانا شۇ بەش دەرۋازىنى نۇقتا قىلىپ، پۈتۈن سېپىلنى ھالقىسىمان قامال قىلغانىدى. غالدان بىلەن ئاپاق خوجا سېپىلنىڭ «ئالتۇن دەرۋازا» ئالدىدىكى ئوچۇقچىلىققا چۈشكۈن قىلىپ بارگاھ تىكىشكەنىدى. غالدان بىلەن قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا چېپىشىپ يۈرگەن خەۋەرچىلەر كېچە - كۈندۈز سېپىلنى بويلاپ دۈكۈرلىشىپ يۈرەتتى، غالداننىڭ نەزىرىدە، بۇنداق بىھۇدە ئۇرۇنۇش ۋە غەلىبىسىز

يىتتۇرىش ــ ئۆز مەغلۇبىيىتىدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ بۇگۈن بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالغانىدى.

ــ يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق يىتتۇرىمىز، ھەزرىتىم؟! ــ دېدى ئۇ سوئالنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ سىز «قەلئەنىڭ ئىچىدىكىلەر ھەرىكەتكە كەلدى، ناھايىتى تېزلا قوۋۇقلارنى ئېچىپ بېرىدۇ» دېگەنىدىڭىز. مانا شۇ گەپكىمۇ ئون نەچچە كۈن بولدى. تېخىچە شەپە يوق. بۇنداق يىتتۇەرسەك قورغاننىڭ ئىچىدىكىلەر ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز تۈگىشىپ كەتمەمدۇق!...

ئاپاق خوجا غالدان تەرەپكە بۇرۇلۇپ، بېشىنى تۆۋەن ئەگدى. كۆزىدە، چىرايىدا ئوخشاشلا يېلىنىش ۋە خۇشامەت ئالامەتلىرى كۆرۈندى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ــ بېلىنى يوللۇق يىپەك رومال بىلەن باغلاپ، سۆڭەك ساپلىق ھىندى خەنجىرىنى يانپىشىغا قىستۇرۇۋالغان ئوغۇل بالىنىڭ تۇرقىغا ئوخشاشماي قالدى.

ــ ياق، بىز تۈگەشمەيمىز، ھەرگىز تۈگەشمەيمىز! ــ دېدى ئۇ ئالدىراپ ــ تېنەپ، ــ قورغاننى چوقۇم پەتھ قىلىمىز! بېشەۋكەـ تىخان، ئۆزلىرى دۇنياني بويسۇندۇرغان ئۇلۇغ چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى، باتۇر سەركەردە! مېنىڭ ئادەملىرىممۇ ماڭا سادىق، كۆڭلۈم گۇۋاھلىق بېرىۋاتىدۇ: ئۇلار ئەلھەق ئاشلىق، قورال ــ ياراغ ئامبارلىرىغا ئوت قويىدى، كۆللەرگە زەھەر تاشلىدى... سىلى خاتىرجەم بولسىلا خان ئالىيلىرى، مەن يەنە بىر ئىشنى ئويلاپ قويدۇم، ھازىرلا ئورۇندايمەن، ئۇ چاغدا، ئىسمائىل خاننىڭ يېنىدىكى لەشكىرىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا قارشى تىغ كۆتۈرىدۇ.

ــ قانداق ئىش ئۇ؟ ــ غالدان ئېرەنسىزلىك بىلەن سورىدى.

ئاپاق خوجا ئالمان ــ تالمان چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

ــ مېنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوردىدا ئىشلەيدىغان چاغرىبەگ ئىسىملىك بىر مۇرىتىم بولىدىغان، ئىنشائاللا، ھازىرمۇ ئوردىدا ئەمەل تۇتقاندۇ، دەپ ئويلايمەن، ئۇنىڭ تۇرار جايى ئىسمىدە قېلىشىچە قەلئەنىڭ مۇشۇ ئالتۇن دەرۋازىسىغا يېقىن يەردە ــ سېپىلغا يانداش سېلىنغان بىر باغ

هويلىدا ئىدى. مەن بايا ئۇ يەرنى ئىدىتلاپ، مۆلچەرلەپ كۆردۇم. مەن بىر پارچە خەت يېزىپ، ئوقيا بىلەن باغ هويلىغا تاشلىماقچى، مۇبادا، ئۇستا مەرگەن مەن كۆرسەتكەن يەرگە ساداقتىن ئوق ئۈزسە، ئوق ئىنشائاللا، چاغرىبەگنىڭ بېغىغا چۈشىدۇ، مېنىڭ خېتىم ئەلھەق ئۇنىڭ قولىغا تېگىدۇ...

غالدان دەسلەپ بۇ گەپلەرگە مەنستىمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كېيىن بىر نەرسىنى ئويلىدىمۇ قانداق، بۇ ئىشقا سەل قىزىققاندەك تەلەپپۇزدا سورىدى:

— بۇ بىر تەۋەككۈل ئىشقۇ، ھەزرىتىم، نەتىجىسى قانداق بولار؟

— بۇ دۇنيادىكى تۇرغۇن ئىشلارنى خۇددى قىمارۋازلاردەك تەۋەككۈل قىلىپ باقىدىغان گەپ، — دېدى ئاپاق خوجا ھەم ئىشەنچ، ھەم دېلىغۇللۇق بىلەن، — بەزىدە تەۋەككۈلنىڭ تېگى ئالتۇن بولۇپ قالىدۇ، بۇ ئىش ھەر ھالدا جىم ياتقاندىن ياخشى، سىناپ باقايلى.

ئاپاق خوجىنىڭ ئاخىرقى سۆزى غالدانغا ياقتى، ئۇ جىم تۇرۇشنى ياخشى كۆرمەيتتى. شۇڭا، ئاپاق خوجىغا دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى ـ يۇ، لېكىن يەنە بىر ئىشقا پەمى يەتمەي ئارىسالدىلىق بىلەن سورىدى:

— بولىدۇ، سىناپ باقايلى، لېكىن ھەزرىتىم، بىز تۇرغان يەر پەس، قەلئە ئېگىز تۇرسا، ئوقنى باغقا قانداق چۈشۈرگۈلۈك؟

— مەن بۇنىمۇ ئويلاپ قويدۇم، — دېدى ئاپاق خوجا ئۆزىدىن بىرەر يۈز قەدەم نېرىدىكى سۆۋادان تېرەكلەرنى ئىشارەت قىلىپ، — مەرگەن يول بويىدىكى ئاۋۇ ئېگىز تېرەكلەرنىڭ بىرىگە چىقىپ ئوق ئاتسا، ئىنشائاللا مۆلچەرگە تېگىدۇ...

— سىز لەشكەر بولمىسىڭىزمۇ، ئەمما بۇ قېتىم ئەقلىڭىز ئىشلەپتۇ، ھەزرىتىم، — دېدى غالدان ئۇنىڭغا قايىللىق بىلدۈرۈپ ۋە يېنىدىكى تىلماچقا قاراپ بۇيرۇدى، — سەن بېرىپ باخاي مەرگەننى چاقىرىپ كەل، ئەمىسە سىزمۇ خەتنى تېزرەك پۈتۈڭ ھەزرىتىم...

# 4

بۈگۈن ئىسمائىل خان ئوردىدا كېڭەش چاقىردى. ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان خاننىڭ ئۈستىدە شاھانە تون، بېشىدا گۆھەر قويۇلغان سۇلتانلىق تاجى بار ئىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ شاھانە تون ئىچىگە ساۋۇت كىيىپ، بېلىدىكى كەڭ كۈمۈش كەمەرگە قىلىچ ئېسىۋالغانىدى. ئوردىغا ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى جەم بولغانىدى. ئىشىك ئاغىسى قاسىمبەگ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كېلىپ، خانغا ھەممەيلەننىڭ تەل ئىكەنلىكىنى، كېڭەش باشلىسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

خان بىر قولىدا قىلىچىنىڭ دەستىنى، بىر قولىدا ئۆزى ئولتۇرغان تەختنىڭ يان گىرۋىكىدىكى ئالتۇن قۇببىنى تۇتۇپ، ئېغىر ـ بېسىق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى، لېكىن ئۇ ھەرقانچە يوشۇرۇشقا تىرىشىسىمۇ، يۈرىكىدىكى تەشۋىش، بىئاراملىق كۆزىدىكى، چىرايىدىكى تېز ـ تېز ئۆزگىرىپ تۇرغان ئالامەتلەردىن ئېنىق كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

— مەن ئاۋۋال ھەر بىرلىرىنىڭ ئېسىگە ئۇلۇغلارنىڭ مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزىنى سېلىپ قوياي: «ۋىجدانىڭ ئەمرىگە قۇلاق سال! ئۇلۇغلۇق شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدىن قەلبمۇ، ۋىجدانمۇ ئارام تاپىدۇ. گۇناھ ئىش شۇكى، ئۇنىڭدىن قەلب قارار تاپالمايدۇ، ۋىجدان ئازابلىنىدۇ. كىشىلەر پەتىۋا بەرسىمۇ، سەن ئۆز ۋىجدانىڭدىن پەتىۋا سورا، — خان بىر ئاز توختاپ، ئۆزىگە جىممىدە قاراپ تۇرغان كېڭەش ئەھلىگە بىر باشتىن قاراپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى، — ھەممەيلەنگە مەلۇم، ئەل ـ يۇرت بېشىغا كۈلپەت چۈشتى، ۋەھشىي دۈشمەننىڭ بوسۇغىمىزدا ماراپ ياتقىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. لېكىن، ئەڭ يامىنى ئىچىمىزدىكى ساتقىنلار، تۆزكورلار كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار ئامبارلارغا ئوت قويۇپ، كۆللەرگە زەھەر تاشلاپ، بىرمۇنچە ئىچكى پاراكەندىچىلىكنى تۇغدۇرغانىنى ئاز

دەپ، يوشۇرۇن سۈيىقەست بىلەن بىھۇدە خۇن تۆكۈۋاتىدۇ. ئاۋامنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى، نۆكەرلىرىمىزنىڭمۇ روھى كۈندىن ـ كۈنگە سۇسلاپ كېتىۋاتىدۇ، مەن بىر نەچچە كۈندىن بېرى كۆپ ئويلاندىم، دۈشمەن تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ باقساقمىكىن دەيمەن. پۈتۈن ئاۋامنىڭ بېشىغا كۈلپەت ياغدۇرۇپ، قان تۆكۈش، ئاچ قويۇش ۋە ئوت ئىچىدە قالدۇرۇشتىن كۆرە، ئۇلار بىلەن سۆھبەت تۈزۈپ باقساق ياخشىراق بولارمىكىن. بۇ ھەقتە ھەر بىرلىرى بايا ئېيتقان ھېكمەتنىڭ ئىزمى بويىچە ئۆز ۋىجدانلىرىدىن پەتىۋا سوراپ بېقىشسىلا...

ئوردىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى، خاننىڭ سۆزى گويا تۇيۇقسىز چاققان دەھشەتلىك چېقىندەك ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ھېچكىم خاننىڭ دېگەنلىرىنى يالغان دېيەلمەيتتى. بەلكى، بەزى ئىشلار ئۇلارغا خاندىنمۇ ئېنىق مەلۇملۇق ئىدى. ۋەزىيەت ھەممىگە روشەن: ھەربىي كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا، جۇڭغارلار ھەرجەھەتتىن ئۈستۈن ئىدى. قەلئەنىڭ ئىچى سىرتىغا قارىغاندا، خۇددى مىتە يېگەن بۇغدايدەك كۈندىن ـ كۈنگە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر ئاقىلانىلىك بىلەن پىكىر قىلغاندا، كىمنىڭ يېڭىشى، كىمنىڭ يېڭىلىشى ھېچقانداق مۆجىزە ھەم سىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۆزىنى توختاتقان، مەسىلىلەرنى سوغۇق قانلىق بىلەن ئويلايدىغان بەزى ۋەزىرلەر، ئەمىر ـ ئۆمىرالار خاننىڭ پىكرىنى تەستىقلاپ باشلىرىنى لىڭشىتىۋاتاتتى. لېكىن، يەنە بىر قىسىم غۇرۇرى كۈچلۈك، قېنى قىزىقلار ناقايىللىق بىلەن باشلىرىنى سىلكىپ سۆزلەشكە تەييارلىنىۋاتاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەكرەك تاقەتسىزلىنىپ، چاپچىپ تۇرغىنى پايتەخت شەھىرىنىڭ ئەمىرى[1] ھاۋازبەگ ئىدى، ئۇ ئەزەلدىن غۇرۇرى كۈچلۈك، ئىنتىلىشچان، قەيسەر ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىرىنچى بولۇپ سۆز ئالدى:

① ئەمىر — ھەربىي قوماندان، لەشكىرىي ئىشلارغا مەسئۇل ۋەزىر.

— ئەلۋەتتە، خان ئالىيلىرى ھەمىشە ئاۋامنى ئويلايدۇ، ئادالەت ئىستەيدۇ، بىر سائەتلىك ئادالەت ئاتمىش يىللىق ئىبادەتتىن ئەۋزەل، دېگەن گەپ بار. لېكىن، بىز شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئۇلار بىزنى بېقىپ كېلىۋاتقان مۇنبەت يەرلىرىمىزنى، گۈزەل باغلىرىمىزنى چەيلەپ پايخان قىلماقچى، ئۆي - ماكانلىرىمىزغا ئوت قويۇپ كۆلىنى كۆككە سورىماقچى! شۇڭا، بىزگە بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ ئەل - يۇرت ئۈچۈن مەردلەرچە ئېلىشىش، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمىمىز قالغۇچە ئېلىشىش! ئەگەر ئۇلار بىلەن سۈلھى قىلىشىمىز دېسەك، بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ ئۇزلىرىنىڭ پەرزەنتى باباق سۇلتانىنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئۇنتۇپ قالساق بولماس...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىسمائىل خاننىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى، دەسلەپ قارىداپ، كېيىن تاتاردى، كۆزلىرى ئەلەمدىن قىسىلىپ، قېنى قاچقان لەۋلىرىنى يىمىرىپ چىشلىدى.

بۇ ئەسلەتمە ئۇنىڭ ئەمدىلا ساقىيىشقا باشلىغان يۇرەك يارىسىنى قاتتىق تىرنىۋەتكەنىدى. ئۇ ئەقىللىق، باتۇر، مۇلايىم ئوغلى باباق سۇلتاننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن!

جۇڭغارلار بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ پىچاقچى سوپىلىرى قەشقەرنى بېسىۋالغاندا، ئاپاق خوجا تىرىك قولغا چۈشكەن ئىسمائىل خان ياساۋۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى چېپىپ تاشلاش توغرىسىدا غالدانغا ئىلتىماس قىلغان. شۇ چاغدا، ئاپاق خوجىنىڭ «ئۇلۇغ سەئىد» لىك، «دىنىي شاپائەت» چىلىك تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان، خۇدا يولىدىكى سۇلھى - سالا ۋە مۇسۇلمانچىلىق يولىدىكى مادارا ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈككەن باباق سۇلتان ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرىپ قارشىلىقنى، قىرغىنچىلىقنى، بىھۇدە قان تۆكۈشنى توختىتىش توغرىسىدا ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىغا، ئاپاق خوجىنىڭ پىچاقچى سوپىلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇز بىر ھەمراھى بىلەن بىللە دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالەتتە بىر باشتىن چېپىپ تاشلانغانىدى...

بۇ خەۋەر پايتەختكە يېتىپ كەلگەندە، ئىسمائىل خان مانا مۇشۇ ئەمىر ـ ئۆمىرالىرى بىلەن بىللە ئاڭلاپ، قاتتىق قايغۇرغان، ئېچىنغان ۋە غەزەپلەنگەنىدى. لېكىن، ئۇ بىر خانىدانلىقنى باشقۇرۇۋاتقان پادىشاھ بولغاچقا، كەڭ قورساقلىق بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پۈتۈن زېھنى ـ كۈچىنى يەنىلا ئەل ـ يۇرتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدىكى چوڭ ئىشلارغا بېغىشلىدى. ئەمما، بۈگۈن بۇ ئىشنىڭ قايتا تىلغا ئېلىنىشى ئۇنى ھەم ئازابلاندۇردى ھەم سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

— توغرا، ھاۋازبەگ توغرا ئېيتتى! — دەپ ئۇنى قوللىدى بەھرام سۇلتان خېلى بىر جىمجىتلىقتىن كېيىن، — لەشكەرلەر بىلەن سەردار جەھەتتىنكى ئاجىزلىقلىرىمىزنى ئويلىمايلى، نۆكەرلىرىمىز ئىچىدە نامى چىققان باتۇرلار خېلى بار. قانداقلا بولمىسۇن، بۇ قېتىم ئاشۇ تۇزكور ھىدايىتۇللا بىلەن بىر ئېلىشىپ باققىنىمىز ياخشى!

ھاۋازبەگ بىلەن بەھرام سۇلتاننىڭ سۆزى خۇددى تىپتىنچ ياتقان كۆلگە يوغان بىر تاشنى تاشلىغاندەك، ئوردا ئىچىدە داۋالغۇش ۋە شاۋقۇن پەيدا قىلدى. بىردەملىك تىنچسىزلىقتىن كېيىن، ئەركابەگ — ئىككى خانلىق دەۋرىنىڭ ئوردا ئەمەلدارى، تەمكىن، تەجرىبىلىك ئەقىلدارى كۆپچىلىكنى تىنچىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— دەرۋەقە، بۇ مۇناپىق ھىدايىتۇللا ئىشانىنى نۇرغۇن ئاۋام خەلق ئۆزلىرىنىڭ نىجاتچىسى، پىر ـ ئەۋلىياسى قىلىۋالغان، شۇڭا كىشىلەر ئەزىز جانلىرىنى ئۇنىڭ يولىدا پىدا قىلىشتىن يانمايدۇ. يەنە بىرى، جوڭغارلارنىڭ لەشكىرى ھەددىدىن زىيادە كۆپ، بۇنداق پاكىتنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشۇش — ئەقىل ـ پاراسەتتىن يىراق ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، مېنىڭچە، بۇ ئىشلارنى دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىنى نەزەردە تۇتۇپ ئويلىشىپ باقايلى!

ئەركا بەگنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن بەھرام سۇلتاننىڭ تەئەددىيلىك ئاۋازى ئوردا ئىچىدە گۈلدۈرلىدى:

— زەرەپشاننىڭ قۇياشى تېخى پاتقىنى يوق! روھىمىزمۇ ئۆلگىنى

يوق! ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن سەئىدىيە خانىدانلىقى-نىڭ ئالتۇن تەختى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتسە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنىمامدۇ؟! بىزدە تىغمۇ تىغ جەڭ بىلەن ئانا تۇپراقنى، سەئىدىيىنىڭ شان - شۆھرىتىنى قوغدىماقتىن باشقا يول يوق! قىلىچىنىڭ دەستىسىنى تۇتۇشنى خالىمى-غان ئادەم، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىغىغا دۇچ كېلىدىغان گەپ!

— توغرا، جىن - ئالۋاستىلارنىڭ ماكانى باياۋان! — دېدى شەھەر ھاكىمى ھەيدەربەگ مەردانە ئاۋازدا، — ئۇلارنى بۇ گۈلشەندىن پاك - پاكىز قوغلاش كېرەك! ئەر كىشىنى تەگرى جەڭ ئۈچۈن ياراتقان!...

كېڭەش بېسىقىغا چۈشتى. خان ئۆزىنىڭ «سۆلھى» توغرىسىدىكى تەكلىپىنى قايتا ئېغىزغا ئالمىدى. چۈنكى، ئەل - يۇرتنى قوغداش، پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىش — بۇگۈنكى كېڭەشنىڭ ئاساسلىق ساداسى بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، خان ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىل-لىق جەڭلەردە سىنالغان ئەمىر - ئۆمەرالىرىنىڭ قىزغىن، جۇشقۇن روھىغا سوغۇق سۇ سېپىشنى خالىمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، مۇشۇنداق روھلا بولىدىكەن، گەرچە ئۇ بەربات بولغان تەقدىردىمۇ، مەڭگۈ قەدىرلەشكە، ئەسلەشكە ئەرزىيتتى. ئەۋلادلار بۇنداق روھنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارماي، ئۆزلىرىگە نەمۇنە قىلاتتى.

ئىسمائىل خان تەختىنىڭ ئالتۇن قۇببىلىرىنى سىلاپ - سىلاپ كۆزى قىيمىغان ھالدا يەرگە چۈشتى. ئۇ قوللىرىنى كەينىگە قىلغىنىچە شاھ سۇپا ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى لىپىلداشقا باشلىدى، جاغ پەيلىرى تۇرتۇلۇپ چىققان بۇغداي ئۆڭ يۈزىدە، قىسقىسى، پۈتۈن كەيپىياتىدا بىر خىل جىددىيلىك ۋە شەپقەتسىزلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— بولىدۇ، ھەممىمىز ئۆز ئەركىمىز بويىچە، ۋىجدانىمىزدىن پەتىۋا سورىدۇق، — دېدى ئۇ تەختكە قايتا ئولتۇرۇپ تەمكىنلىك بىلەن، — ئەمدى بىر قېتىملىق قاتتىق جەڭگە تەييارلىق قىلايلى، كېڭەش تامام!

## 5

چاغرىبەگ بوي ـ بەستى قاملاشقان، ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى سىپايە ئادەم بولۇپ، ئوردىدا خېلى مەرتىۋىلىك سەرمۇنشى[1] ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى كۈچلۈك، خېتى چىرايلىق بولغاچقا، دىۋانبېگى ئۇنى ئالاھىدە ئەتىۋارلايتتى.

ئۇ بۈگۈن چۈشتە ئۆيىگە كېلىپ، بالا ـ چاقىلىرى بىلەن ئاددىيلا غىزالاندى ـ دە، پېشىن نامىزىغا تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن باغقا كىردى. مەنزەرلىك ئۆينىڭ ئارقا ھويلىسى ھېسابلىنىدىغان بىر چارەكلىك كۆلەمدىكى بۇ باغ كىرگەن كىشىنىڭ كۆڭلى ۋىلىلىدە ئېچىلغۇدەك چىرايلىق ۋە ئازادە ئىدى. باغ ھازىر ئالتۇن تۈسكە كىرگەن بولۇپ، سارغايغان يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ماراپ تۇرغان بېھى، ئانار ۋە ئامۇتلار راسا ۋايىغا يەتكەنىدى.

چاغرىبەگ ئۇششاق تاش ياتقۇزۇلغان تار يولنى ئەگىپ ئۆتۈپ، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلنىڭ بويىغا كەلدى. تېخى يېقىندىلا لېمۇ لىق توشقۇزۇلغان كۆلنىڭ سۈيى پەسلەپ، ئاستىدىكى لەش ۋە جامىكلار سۇنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقىۋالغانىدى.

ئۇنى ئاز دېگەندەك، كۆلنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت غازاڭ ـ غۇزۇڭلار قاپلاپ تۇراتتى. چاغرىبەگ كۆلنىڭ لېۋىدىكى ئېۋرىقنى قولىغا ئالدى، ئېۋرىقنىڭ بويىنى بىر غۇلاچ شويىنا بىلەن باغلانغانىدى. ئۇ شويىنىنىڭ بىر ئۇچىنى قولىدا تۇتۇپ، ئېۋرىقنى كۆلگە ساڭگىلاتتى ۋە لەش غازاڭلارنى چايقاپ تۇرۇپ، ئېۋرىقنى سۇغا چۆكۈردى. ئېۋرىق ئەستە تولدى. چاغرىبەگ ئۇنى ئاستا تارتىۋېلىپ، كۆلنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قىر ئۈستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاھارەت ئېلىشقا باشلىدى. ئېۋرىقتىن بۇلدۇقلاپ چۈشۈۋاتقان سۇ ساپ ئەمەس ئىدى، سۇنىڭ رەڭگى سېرىققا ئۆزگىرىپ، ھەر خىل ئۇششاق قۇرتلار بىلەن سېسىشقا

① سەرمۇنشى — باش كاتىپ، پۈتۈكچى باشلىقى.

باشلىغانىدى. چاغرىبەگ قولىدىكى سۇدىن سەسكەنگەندەك بىردەم تەرىنى تۇرۇپ ئولتۇردى، كېيىن ئايەت بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، تاھارەت ئېلىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇ تاھارەت ئېلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، بېلىدىكى كۆك شايى رومالچىنى يېشىپ يۈز - كۆزىنى ئېرتتى، ئاندىن بوينىنى سۈرتۈش ئۈچۈن بېشىنى يۇقىرىغا شۇنداق كۆتۈرۈۋىدى، كۆزى ئۆزىدىن بىر قەدەم نېرىدىكى يوغان بىر تۈپ ئۆرۈك دەرىخىنىڭ شېخىغا سانجىلغان يا ئوقىغا چۈشۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئوقنىڭ شەكلى، ياسىلىشى ئۇ ھەمىشە كۆرۈپ تۇرغان ئوقلارغا ئوخشاشمايتتى، ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى، ئوقنىڭ تۆمۈر بېشىنىڭ بوينىدا خەتكە ئوخشاش بىر نەرسە ئېسىلىپ تۇراتتى.

چاغرىبەگ كۈتۈلمىگەن بۇ غەلىتە نەرسىگە ھەيرانلىق ئىچىدە بىر ھازاغىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئەزەلدىن قەلەم بىلەنلا ھەپىلىشىپ، ئەلەمدىن يىراق يۈرگەن روھى زەئىپ بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئاللىقانداق قورقۇش ۋە ئەنسىزلىك قاپلىغانىدى. ئۇ خېلى ۋاقىتتىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنى رۇسلىۋالدى. پېشىن نامىزىمۇ ئاللىقاچان قازا بولغانىدى. چاغرىبەگ ئاخىر ناھايىتى زور جاسارەتكە كېلىپ، ئوقنى ئېلىشقا بەل باغلىدى، ئوقتىكى نامەلۇم، سىرلىق خەت ئۇنى قورقۇش ئىچىدە قىزىقتۇرغانىدى. كىم بىلىدۇ، بۇ خەت ئېزىپ - تېزىپ بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان بىلەن خانغا تەئەللۇقمۇ تېخى! مۇبادا، دۆلەتنىڭ ھازىرقى ھايات - ماماتلىق تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولسىچۇ؟! ئۇنى دەرھال ئەمىر - ئۆمىرالارغا يەتكۈزۈش كېرەك.

چاغرىبەگ شۇ خىياللار بىلەن دەرەخكە شوتا قويۇپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئوقنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خوتەننىڭ بىر ۋاراق پاتلىق قەغىزىگە يېزىلغان خەتنى ئاچتى، بىسمىللاسىدا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ، يۈرىكى سېلىپ كەتتى، خەتتە بىرمۇنچە دۇئايى - سالاملاردىن كېيىن، مۇنداق گەپلەر يېزىلغانىدى.

«... دۇنيادىكى بارلىق ئەسھابىلاردىن مېنىڭ ئەسھابىلىرىم ياخشى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەسھابىلىرىگە شۇنداق دې- گەن: «مېنىڭ ئەسھابىلىرىم يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ، يۇلتۇز ئېزىپ قالغان ئادەمگە يول كۆرسىتىدۇ...»① مېنىڭ مۇرىتلىرىم ۋە ماڭا ئەگەشكۈ- چىلەر — خۇدا تەرەپتىن يول تاپقۇچىلاردۇر. ماڭا ئەگەشمىگەنلەر — مۇنكىرىمۇناپىقلاردۇر!

چاغرىبەگكە، سىز ئارقىلىق نىيازبەگكە ۋە ماڭا قول بەرگەن تامامى مۇرىت - مۇخلىسلىرىمغا روشەن بولغايكىم، سىلەر تاۋاپ قىلىپ ياتقان خانىدانلىق زاۋالىقا يۈزلەندى، سىلەر ئىستەيدىغان باشپاناھ ئەمدى ئۇ يەردە ئەمەس، بىز تەرەپتە! بىز ھازىر نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە ئوخشايمىز، ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا ئېسىلسا ئامان قالىدۇ، كىمدە - كىم ئۇنىڭغا قارشى تۇرسا، بەرھەق ھالاك بولىدۇ!

سىز ئەقىللىق ئادەم، ئۆزىڭىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىڭىزنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىنى ئويلاپ، دەرھال ھوشىڭىزغا كېلىڭ. قانداق قىلىشنى سىز بىلىسىز!...»

خەت يەنە بىر مۇنچە ۋەز - نەسىھەت ھەم قورقۇنچلۇق تاپشۇ- رۇقلاردىن كېيىن «ھىدايىتۇللا — خوجا ئاپاق» دېگەن تونۇش ئىمزا بىلەن ئاخىرلاشقانىدى.

چاغرىبەگ كۆزىنى لەش باسقان كۆلگە تىككىنىچە خىيالغا پاتتى. ئۇنىڭ دادىسى نادىر ئىمام ئۆز ۋاقتىدا ئاپاق خوجىنىڭ دادىسىغا قول بېرىپ مۇرىت بولغان چوڭ ئىشان ئىدى. بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن، ئۇ سەكراتقا چۈشكەندە، يېنىغا مەرھۇم پىر - ئۇستازىنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا — خوجا ئاپاقنى چاقىرتىپ كېلىپ، خانلىق مەد-

---

① پارسچە «ھىدايەتنامە» ناملىق قوليازمىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 124 - بەت. بۇ تارىخي قوليازما ھىجرىيىنىڭ 1190 - يىلى، يەنى مىلادىيە 1776 — 1777 - يىللىرى مىرخالىدىن كاتىپ قازى شاھ كۈچەك ياركەندى تەرىپىدىن قەشقەردە يېزىلغان. مىلادىيە 1804 - يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنى ئۇستاز ئەخمەت زىيائى 1987 - يىلى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

رىسىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلى چاغرىبەگكە «ئاتا ئىزىنى بېسىش، ئاتا يو-
لىدا مېڭىش» توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلىپ، مانا شۇ ئۆيدە ئۇنى ئاپاق
خوجىغا مۇرىت قىلىپ بەرگەنىدى. چاغرىبەگ گەرچە كۆڭلىدە
بۇنداق تەركىي دۇنيالىقنى، سوپى ـ دەرۋىشلىكنى ياقتۇرمىسىمۇ، لې-
كىن ئاتا ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل ئاپاق خو-
جىنىڭ جەھرە ـ سۆھبەتلىرىگە قاتنىشىپ، خانىقالاردا ساما سېلىپ،
ھۆكمەت ئېيتىپ مۇرىتلىق بۇرچىنى ئادا قىلغانىدى. كېيىن، ئاپاق
خوجا بۇ يۇرتتىن قوغلانغاندا، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ تىنىچ تىرىكچىلىك يو-
لىنى تۇتۇپ كەلگەنىدى. بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە، بۇ سۈرلۈك ئوق
بىلەن تەھدىت ـ ۋەھىمىگە تولغان خەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ
كۆڭۈل ئارامىنى بۇزۇۋەتتى. ئەگەر بۇ خەت بولمىغان بولسا، ئۇ ئۆزد-
نىڭ تەقدىرىنى مۇشۇ شەھەردىكى سانسىز ئادەملەرنىڭ ــ خاندىن
تارتىپ پۇقراغىچە بولغان بارلىق مۇسۇلمان بەندىلىرىنىڭ تەقدىرى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، بېشىغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرگەن بولاتتى. ئەم-
ما، خەت ئۇنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق چالغىتتى، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يې-
رىدىكى پىنھان خىياللارنى جانلاندۇرۇپ، ھايات ـ مامات توغرد-
سىدا، ئۆزى ۋە ئەۋلادلارنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا يېڭىۋاشتىن
ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ خەتتىكى گەپلەرنى يالغان دېيەلمەيتتى، كۆز
ئالدىدىكى رېئاللىق ئۇنىڭغا كۈندەك روشەن ئىدى. كۈندىن ـ كۈنگە
ئېغىرلىشىۋاتقان ئاچارچىلىق، تەشنالىق، يوشۇرۇن خۇنخورلۇق، مەغ-
لۇبىيەتنىڭ، ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىسى ... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ
بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يوشۇرۇنۇپ ھەرىكەت قىلىۋاتقان كۆزگە كۆ-
رۈنمەس ئەرۋاھتەك سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ خانىدانلىقنى ئاغدۇرۇش
يولىدىكى ئەسەبىي ھەرىكەتلىرى ئىدى. پايتەخت خەلقى ھەقىقەتەنمۇ
ئېغىر كۈلپەت ھەم ۋەھىمە ئىچىدە قالغانىدى. بىرنەچچە قېتىملىق ئې-
لىشىشتىن كېيىن نۆكەرلەرنىڭمۇ روھى چۈشۈپ، يۇرتنى چۈمۈلىدەك
بېسىپ كەتكەن، چەبدەس ئاتلارغا مىنگەن، يۈزلىرى سىدام، كۆزلىرى
قىسىق بولغان بىلەن، يەلكىلىرى كەڭ، جەڭدە ئۆزىنى ئالدىغا ئېتىپ

تۆرىدىغان ئاشۇ تەلۋە جۇڭغار لەشكەرلىرىنى يېڭىش ئىشەنچىنى يوقاتقاندى.

مۇنداق ئاچچىق پاكىت ئالدىدا، چاغرىبەگ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىش لازىملىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھەرقانداق ئادەم ھاياتىنىڭ خەتەرلىك ئەگىم ـ دوقاللىرىدا ئۆزى ئۇچۇن ئەپلىك بىر چېكىنىش يولى قالدۇرۇشنى ئويلىماي قالمايتتى. ئوردىدا بولغان تۈنۈگۈنكى كېڭەشمۇ ئاشۇنداق بىر «چېكىنىش يولى» توغرىسىدىكى دەتالاش بولماي نېمە؟! پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر خان «سۈلھى» قىلىشنى ئويلىغان يەردە، چاغرىبەگدەك ئاددىي بىر مۇلازىم ئۆز ئىستىقبالىنى ئويلىسا نېمە بوپتۇ؟! سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەم كىچىككىنە بىر تال پاخال ئۇچرىسىمۇ شۇنىڭغا ئېسىلىپ، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنىدۇ، خەق ساڭا شەپقەت قولىنى سوزۇۋاتسا، ئۇنىڭغا ئېسىلىپ قۇتۇلماي، كەلكۈندە بىھۇدە غەرق بولساڭ بولامتى؟!

ئۇ مانا شۇنداق خىياللارنىڭ تۈرتكىسىدە، كەچكە يېقىن نىيازبەگ بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كەلدى. نىيازبەگ قەلئەنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى «قارىقات دەرۋازا» سىنى قوغدىغۇچى قىسىمنىڭ سەركەردىسى ئىدى. ئۇمۇ بۈنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن، ئاپاق خوجىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى ئاڭلاپ، خانىقالاردىكى جەھرە ـ سامالارغا قىزىقىپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا ئۇ بىر قولىدا سۈپەر، بىرقولىدا نەيزە تۇتۇپ، ئوردا ئىشىكلىرىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرىدىغان ئاددىي نۆكەر ئىدى. كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي ئەپچىللىكى ۋە قۇلىقىنىڭ يۇمشاق، ئاغزىنىڭ تاتلىقلىقى بىلەن قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ، بۈگۈنكىدەك بىرمەر يۈز نۆكەرنى باشقۇرىدىغان سەركەردىلىك ئورنىغا كۆتۈرۈلگەنىدى.

چاغرىبەگ قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۆيىدىن چىقىپ، ئۆتۈك بازىرى، كىچىك ئالتۇنلۇق، چارسۇ كۆل قاتارلىق كوچا ـ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، قارىقات دەرۋازىسىغا كەلدى.

ۋەزىيەت كۈندىكىدىن جىددىيرەك ئىدى. سېپىلنىڭ ئاستى ـ

ئۈستىدە چىپپىشىپ، دۈكۈرلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر ئەنسىز كۆرۈنەتتى. چاغرىبەگ نىيازبەگنى سىپىلنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان يەردە ئۇچراتتى.

— نېمە گەپ سەركەردە؟ — دېدى چاغرىبەگ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولۇپلا، — بەكلا ئۆرە - تۆپە بولۇپ كېتىپسلەرغۇ!؟

— بىزدە نېمە گەپ بولاتتى، جەڭنىڭ تەييارلىقى شۇ ئاكا، — دېدى نىيازبەگ كۆڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا، — تۈنۈگۈنكى ئوردا كېڭىشى شۇنداق قارار قىپتۇ، بىر قېتىم قاتتىق جەڭ قىلىدىكەنمىز.

— بۇ ئۆزى قاراپ تۇرۇپ جاننى بىھۇدە سېپىپ بەرگەنلىك ئەمەسمۇ ؟! — چاغرىبەگ ناقايىللىق بىلەن غودۇڭشىدى.

— ھىم ... چاغرىبەگ يۈرۈڭ، ھۇجرىغا كىرىپ پاراڭلىشايلى، — نىيازبەگ ئۇنى قولتۇقىدىن ئېلىپ، قاناتلىرىغا تۆمۈر قاپلانغان چوڭ قوۋۇقنىڭ يېنىدىكى ھۇجرىغا باشلاپ كىردى. ھۇجرىدا مايسىراپ كەتكەن چويۇن چىراغ سۇس لىپىلداپ تۇراتتى، پاخال سېلىنغان بىر بۇلۇڭدا ئەسكى جۇۋا بىلەن بىر دانە سامان تەكىيە تۇراتتى، ئېھتىمال ئۇ نىيازبەگنىڭ ۋاقىت چىققاندا ئانچە - مۇنچە ئۇخلايدىغان يېرى بولسا كېرەك.

— شۇمۇ كۈن بولدىمۇ، — دەپ ئۆزىچە ۋايساپ كەتتى نىيازبەگ ھۇجرىغا كىرىپلا، — يا قورساق تويمىسا، يا ئۇسسۇزلۇق قانمىسا، يا ئۇيقۇ بولمىسا، تېخى قاچان ئوق تېگىپ، نەيزە سانجىلىپ ئۆلەرمىز دەپ جاننىڭ غېمى ...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن چاغرىبەگ ھېلىقى خەتنى قوينىدىن يانچۇقىدىن ئېلىپ، پەس ئاۋازدا دېدى:

— پىرىمىز ھىدايىتۇللا ئىشانىدىن خەت كەلدى ...

— نېمە !؟ خەت ...، — نىيازبەگ ھەيران بولغاندەك ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— شۇنداق، خەت ...، — دېدى چاغرىبەگ خەتنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ، — مانا، ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ.

نىياز بەگ خەتنى ئېلىپ ئالمان ـ تالمان ئوقۇشقا باشلىدى ۋە بەزى يەرلىرىگە قايتا ـ قايتا نەزەر سالغاندىن كېيىن :

— پىرىمىز مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردىمۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ ـ دە، — دېدى سۆيۈنگەن قىياپەتتە.

كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولغان بۇ خەت نىياز بەگكە گويا قاپقاراڭغۇ زىنداندا يېتىپ جاندىن تويغان ئادەمگە تۇيۇقسىز قاپقاق ئېچىلىپ، ئىللىق قۇياش نۇرى چۈشۈپ نىجاتلىق بەرگەندەك، شۇنداق يېقىملىق ۋە ئۈمىدلىك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

— شۇنداق، بىزگە يەنە باشپاناھ بولماقچى بوپتۇ، — دېدى چاغرىبەگ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ، — ئويلاپ قارىسام، تەڭرى جىمى نۇسرەتنى قالماقلار بىلەن پىرىمىزغا ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ. خانىدانلىقىمىزنى بۇ ھالاكەتتىن ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمىغۇدەك، يىگىش ـ يىگىلىش پەقەت ۋاقىتقىلا باغلىق بولۇپ قاپتۇ. سىزنىڭچە، پىرىمىزنىڭ خېتىگە قانداق جاۋاب قايتۇرساق بولار؟

نىيازبەگ خۇددى ئالدىن ئويلاپ قويغاندەك ئوڭايلا جاۋاب بەردى :

— جاۋاب بىرلا : ئەتراپىمىزدىكىلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىش. ئاچقۇچ مېنىڭ قولۇمدا، لېكىن، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنى قانداق قىلىمىز؟ پىرىمىزغا بۇ خەۋەرنى قانداق يەتكۈزىمىز؟

ھەر ئىككىسى ئويلىنىپ قالدى، بىر ھازادىن كېيىن چاغرىبەگ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى :

— مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ يەردە ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەن بىر نەچچە سوپى ـ دەرۋىشلەر بار. يۇنۇس تامچىنىڭ ئوغلى ئىسەن بۇقا شۇلارنىڭ بىر سىمىكىن، دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭ يېنىدا قەلەندەر سىياق بىر سى پات ـ پات پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشەي، ئۇلار بىلەن تىل تېپىشالىساق، ئىشىمىز چوقۇم ئاسانلىشىدۇ.

— بەلەن گەپ بولدى، — دېدى نىيازبەگ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈز بەرگەن ئوت قويۇش، زەھەر تاشلاش،

ئادەم ئۆلتۈرۈشتە چوقۇم ئۇلارنىڭ قولى بار. ئۇلار بىلەن سۆزلىشىش، قوغۇقتىن چىقىرىش ئىشىنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن. بۇ قېتىمقى لەشكەر چىقىرىش ۋاقتىدا بىر ئامال قىلىپ قوشۇپ چىقىرىۋەتسەك بو-لىدۇ.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى، ھەرىكىتىمىز ھەم تېز، ھەم مەخپىي بولسۇن!

ئۇلار ئەنە شۇنداق كېلىشىپ، ئەلياتقۇ ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن ئايرى-لىشتى.

## 6

ھاۋازبەگ جاھاننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆز خاتىرجەملىكى ئۈچۈن تىنچقىنە ياشايدىغان زەئىپ تەبىئەتلىك ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ، خىللانغان پىدائىيلار قوشۇنىنى باشلاپ، دۈشمەن سېپى ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە تەييارلاندى.

ئۇ مىنگەن چىلان تورۇق، غاز بويۇن، قويۇق يالىلىق، كۆكرىكى كەڭ، يەلكىسى تار ئەرەب نەسىللىك ئارغىماق قارا تۇياقلىرىنى دۈكۈر-لىتىپ، ئويناقلاپ، چاپچىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بويىنىغا زەر بىلەن زىننەت-لەنگەن بويۇنباغ باغلانغانىدى.

ئات ئۈستىدە غادىيىپ، سۆلەت بىلەن ئولتۇرغان ئەمىرنىڭ زەڭگەر كىمخاب تونى، كۈمۈش كەمىرى، دەستىگە قىممەتلىك جاۋاھىرلار قويۇلغان قىلىچى قۇياشتا پارقىراپ كۆز چاقنىتاتتى.

خان ئوردىسىنىڭ ئىچى - تېشىدا سەپ - سەپ بولۇپ تۇرغان ئاتلىق لەشكەرلەر بېشىغا چەم دۇبۇلغا، ئۈستىگە بۇلغار ساۋۇتلارنى كىيىپ، بەزىلەر قولىغا ئۇزۇن نەيزە ۋە بەزىلەر بۆرە چىشلىق ئومۇت تۇتقان، بېلىگە قىلىچ ئېسىپ، غانجۇغىلىرىغا ساداقلىرىنى باغلىۋالغان ھالدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. سەپنىڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە نۆ-

كەر بۇرغا ـ كانايلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكەنىدى.
هاۋازبەگ چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، پۇتىنى ئۈ-زەڭگىگە تىرەپ، بەستلىك گەۋدىسىنى يېرىم ئۆرە قىلدى ۋە تەمكىن، ياڭراق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:
— يىگىتلەر، باتۇر ئەزىمەتلەر! بىز دەسسەپ تۇرغان بۇ تۇپراق — سەئىدىيە خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن سۇغىرىلغان، ئەجدادلىرىمىز ماكان قىلغان مۇقەددەس تۇپراق! بۇ تۇپراقنى گۆللەندۈرۈش، قوغداش ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىسسىق قېنىنى، هالال تەرىنى تۆككەن! ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى، بىزمۇ ئىسسىق قېنىمىز، پاك ئىمانىمىز بىلەن بۇ ئانا تۇپراقنى قوغدايلى!
ئەمىرنىڭ سۆزى بۇرغا ـ كانايلارنىڭ هەيۋەتلىك ئاۋازى بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ياڭراق چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە ئالقىشلاندى.
غەزەپ ۋە خورلۇقتىن سەۋر قاچىسى تولغان ئادەم بەئەينى پالتىدىن يانمايدىغان ئۆكـۈزگە ئايلىنىدۇ. شـۇ تاپتا، هاۋازبەگنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ ئەلپازى ئەنە شۇنداق ئىدى!
بۇرغا ـ كاناي ساداسى ئىككىنچى قېتىم كۆكتە ياڭرىدى، بۇ ئاتلىنىش بۇيرۇقى ئىدى. ئوڭ ۋە سول بولۇپ ئىككى قاناتقا بۆلۈنگەن مىڭدىن ئارتۇق لەشكەر هاۋازبەگ بىلەن بەهرام سۇلتاننىڭ قوماندانلىقىدا، تاغ كەلكۈنىدەك يوپۇرۇلۇپ چىقتى. هېسابسىز ئات تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ ـ توزان قۇياش يۈزىنى توراپ، جاهاننى قاراڭغۇلۇق باستى. غالدان بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ چېدىر بارگاهلىرىمۇ ئەنە شۇ چاڭ ـ توزان بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. لېكىن، هەمىشە جەڭدىي ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرغان جۇڭغار قوشۇنلىرى ناهايىتى تېز هەرىكەتكە كېلىپ، مۇستەهكەم سەپ تۈزۈۋالدى.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاپاق خوجىنىڭ سوتا ـ سەبەندە كۆتۈرۈۋالغان سوپى ـ دەرۋىشلىرىمۇ «يائاللاهۇم ... يائاللا» دەپ جەهرە سېلىپ، هۆكمەت ئېيتىپ تۇرۇشاتتى.
دەسلەپكى تۇيۇقسىز هۇجۇمدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن خان لەش-

كەرلىرى جەسەتلەر ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن تۆپىلىكلەردىن سىرغىپ چۈشۈپ، دالىغا قاراپ ماڭدى. ئورنىدىن تۇرالماي قانسىراپ ياتقان ئاتلار تەرەپ ـ تەرەپتە خارقىرايتتى، بەزى ئاتلار ئۈزەڭگىگە پۇتى ئىلىنىپ قالغان ئادەملەرنى سۆرەپ، دالا تەرەپكە جىنىنىڭ بارىچە چېپىپ كېتىۋاتاتتى.

ھاۋازبەگنىڭ يىگىتلىرى ھەقىقەتەنمۇ جان پىدالىق بىلەن قان كېچىپ ئۇرۇشتى. يىقىلغانلار قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ، دۈشمەن بىلەن ئاخىرقى نەپسىگىچە ئېلىشتى. ئۇلار جۇڭغارلارنىڭ يىراقتىكىسىگە ئوق ئېتىپ، يېقىندىكىسىگە نەيزە سانجىپ، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى ماكچايتىپ، بەزى ۋىجىكلىرىنى ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپ قان تالاش قىلىۋەتتى.

ئات ئۈستىدە ئېگەرگە چاپلاپ قويغاندەك مەزمۇت ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن قىلىچ ئوينىتىپ، جەڭنىڭ ئەڭ كەسكىن يەرلىرىدە باتۇرلارچە يول ئېچىپ كېلىۋاتقان ھاۋازبەگنىڭ بۇ دەھشەتلىك جەڭنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭنى، جان بېرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئەلەملىك چىرقىراشلىرىنى ۋە ئاتلارنىڭ كىشنىشى بىلەن نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇپ چاراق ـ چۇرۇق قىلىشىنى بېسىپ چۈشۈپ:

— يارايسەن يىگىت، بوي بەرمە! بۇ مەلئۇنلارنى قىرىۋەر! — دېگەن ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، جۇڭغار لەشكەرلىرىنى بۇرۇنقى جايىدىن ئارقىغا — خېلى يىراققا قاراپ چېكىندۈردى.

سۈپسۈزۈك ئاسماندا ھېچقانچە تەپتى قالمىغان كۆڭۈلسىز قۇياش پارقىراپ تۇراتتى، ئۇپۇققىچە يېيىلغان بىپايان دالا ئالقاندەك ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بايىقى ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ھوشىغا كېلىپ، قايتىدىن تولۇقلىنىپ، زىچ بولۇپ سەپلەنگەن جۇڭغار قوشۇنلىرى ئاتلىرىنى دۈكۈرلىتىپ، ئوق يەڭلىرىنى قايرىپ يەلكىلىرىگە باغلىۋالغان ھالدا، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ دالىغا چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بېشىدىكى دۇبۇل-

غـلارنىڭ بەزىـلىرى پولاتـتىن، بەزىـلىرى بۇلـغاردىن ياسـالغانـىدى. ئۇلارنىڭ قورالى ئەگرى قىلىچ ۋە ئوقيا بولۇپ، ئوق ئۇچى تۆمۈردىـن ياكى سۆڭەكتىن ياسالغانىدى. ئۇلارنىڭ قارا ۋە ئاق تۇغلىرى ئۇستى-گە باغلانغان ئاتنىڭ يالى يىپنىڭ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ئـادەم-لەرنىڭ ئاتلىرى كىچىك، يۇگىلۇق بولغىنى بىلەن چىدامـلىق ھەم يـۈ-گۈرۈك ئىدى. ئۆزلىرىنىڭمۇ بويى پاكار بولغىنى بىلەن گەۋدىلىك ئـى-دى. يەلكىسى كەڭ، چىـرايى سۇرلۇك، بۇرنى ياپىـلاق، كۆزلىرى قىـ-سىق ئىدى.

شۇ تۇرقىدا، ئىككى سـەپ ئىككـى ياقتا گـويا بىر - بىـرى بىلـەن باراۋەر ئىككى تاغدەك توختاشتى.

بۇ سەپ توغـرىسىدا، خـان لەشكەرلـىرى ئارىسـىدىكى بـىر شائىـر مۇنداق تەرىپلىدى:

«ئىدى مەردلەر تىگىدا ئاتلارنىڭ ئۇچاسى تۆمۈردەك،

ئىدى ئاتلار ئۇچاسىدا يىگىتلەر بىر تۆمۈر تاغدەك».

دەھشەتلىك قـۇچاقلاشمـا جەڭ باشلانـدى. ئۇر - يىقىـت، قىيـا - چىيـا، داد - پەرياد جاھـاننى بىـر ئالدى. بۇ يـەردە بەئەينـى قىيامـەت بولغانىدى. نەيزە - قىلىچ ئاستىدا جان بىرىۋاتقانلارنىڭ داد - پەرياد-لىرى، يارىدارلارنىڭ ئەلەملىك ئىگـراشلىرى، ئـەڭ يىقىـن سەپداشلـى-رىدىـن ئۆمۈرۋايەت جـۇدا بولۇۋاتقـانلارنىڭ ئـازابلىق ۋارقـىراشلـىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ مۇدھىش بىر ھالەت شەكىللەنگەنىدى.

نـەچچە ۋاقىـتتىن چـەيلىنىـپ قۇرۇپ كەتـكەن دالىنـى پۈتۈنلـەي ئاچچىق چاڭ قاپلىۋالغانىدى. ئۇر - يىقىت بولۇۋاتقان، ئىگىسىز قالغان ئاتلار ئۇركۈپ يۈگۈرگەن، بۇرغا - كانايلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭـلىنىـپ تۇرغان جايلاردا بۇنداق چاڭ - توزان ناھايىتى قويۇق ئىدى. چـاڭ - توزان قاراڭغۇلۇقىدا قانغا بويالغان نەيزە - قىلـىچلار بەئـەينى تۇتـۇن ئارىسىدىكى ئوت يالقۇنىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

مۇشۇنداق مالىـمان ئىچىـدىمۇ، بـۇيرۇق ۋە خەۋەر يەتـكۈزىدىغـان چاپارلار جەڭ بولۇۋاتقان دالىنىڭ ھەر تەرەپلىرىدە خۇددى كىرىچتىن

ئېتىلغان ئوقتەك ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

ھاۋازبەگنىڭ يېنىدىكى قوغدىغۇچى بىر يىگىت ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزى ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ چىڭ تارتىلغان ئوقياسىنى ئۆزىدىن ئون قەدەم نېرىدىكى پالۋان قامەت بىر جوڭغارغا قارىتىپ ئېتىۋىدى، كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ھېلىقى جوڭغار قوللىرىنى يۇلاڭلىتىپ، ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى، ئۈركۈپ كەتكەن قارا ئات بىر نەچچىنى سەكرەپ كەتتى. قېنى قىزىغان يىگىت ئەمدى كالتە نەيزىسىنى يەنە بىر دۈشمەنگە قارىتىپ زەرب بىلەن ئاتتى، بىراق دۈشمەن چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇردى، نەيزە ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا، ئۇدۇل تەرەپتىن ئات سېلىپ چىقىپ كەلگەن بىر مەرگەننىڭ شىددەت بىلەن ئاتقان يا ئوقى يىگىتنىڭ پارقىراپ تۇرغان ئىككى قارا كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانجىلدى.

يىگىت قوللىرىنى ھاۋادا يۇلاڭلىتىپ: «ئەلۋىدا سەپداشلار، ئەلۋىدا يۇرت ـ ماكان!» دېگىنىچە ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى.

ئۆز يېنىدا ئۇزۇن يىل بىللە يۈرگەن ياش يىگىتنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمى ھاۋازبەگنىڭ غەزىپىنى ئۆرلەتتى، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا شۇۋۇلدىغان ئىسسىق قان مېڭىسىگە ئۇرۇلۇپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈردى، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى، يۈرىكى ئىنتىقام ئوتىدا ياندى.

شۇ چاغدا، خۇددى ئەجەلى سۆرەپ كەلگەندەك، چىپار ئات مىنگەن «پوچۇق پالۋان» ئەگرى قىلىچىنى كۆتۈرۈپ، چاپ ـ چاپ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ھاۋازبەگ ئارغىماقىنىڭ بېشىنى بۇراپ، «پوچۇق پالۋان» غا يېقىن بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشتى، «پوچۇق پالۋان» ئالدى بىلەن ھەملە قىلىپ قىلىچ كۆتۈرۈۋىدى، ئەمىرنىڭ غەزەپلىك بىر ئۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ ئەگرى قىلىچى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارە بولۇپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىمدا ئەمىر بارلىق كۈچىنى يۈرىكى بىلەن بىلىكىگە يىغىپ، جوڭغار پالۋاننىڭ يەلكىسىگە قىلىچ

ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى. لېكىن، ئۇنىڭ پۇتى ئۈزەڭگىدە قالغاچقا، ئات ئۇنى مەيداننى بويلاپ سۆرەپ قاچتى، ئۇنىڭ يېرىم جان تېنى داق يەردە سۆرىلىپ كېتىۋاتاتتى، بەدىنىدىن ئاققان قان بەدىنى قىزىل ئارغامچىدەك ئىز قالدۇرۇپ باراتتى.

بۇ كۆرۈنۈشلەرنى يىراقتا تۇرۇپ جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان غالدان خېلى ئېنىق كۆردى. ئۇ بىرەر يۈزدەك مۇھاپىزەتچى قوشۇنىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جەڭگاھنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى. ھاۋاز بەگنىڭ باتۇر، چاققانلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ ھاۋاز بەگنىڭ ھېچقانچە كۈچىمەيلا بىر ھەملە بىلەن جۇڭغار قوشۇنى ئىچىدە «يۈچۈق پالۋان» دەپ نام چىقارغان بورۇنتاينى جېنىدىن جۇدا قىلغانلىقىنى ئويلىماي تۇرالمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھاۋازبەگدەك بۇنداق جەڭگىۋار، قەيسەر ئادەملەر جەڭ مەيدانىنىڭ شۆھرىتى، جەڭ غەلىبىسىنىڭ كاپالىتى ئىدى. شۇڭا ئۇ، ھاۋازبەگكە ئۆچ بولۇشىنىڭ ئورنىغا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭدا تۇيۇقسىزلا ھاۋازبەگنىڭ بەستى - بويىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالغانىدى.

— ھەزرىتىم، — دېدى ئۇ يېنىدا كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ تۇرغان ئاپاق خوجىغا قاراپ، — ئاۋۇ چىلان تورۇق ئارغىماق مىنگەن ئادەمنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن، ئەلۋەتتە تونۇيمەن بىشەۋكەتى خان ئالىيلىرى، — دېدى ئاپاق خوجا كۆزلىرى غەزەپتىن چاقناپ، — ئۇنىڭ ئىسمى ھاۋازبەگ، خانلىق قوشۇنىنىڭ سەردارى، قورال كۈچى بىلەن بىزنىڭ بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەرنى سالغانلارنىڭ بىرسى شۇ!

غالدان يېنىدىكى بىر خەۋەرچىگە بۇيرۇدى:

— سەن بېرىپ خادان پالۋانغا ئېيتقىن، ئۇ بىرنەچچە ئادەملىرى بىلەن ئاۋۇ ھاۋازبەگ دېگەننى تىرىك تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا ئەكەلسۇن!

خەۋەرچى ئاتنى دېۋىتىپ دۆڭدىن چۈشۈپ كەتتى.

غالدان قولىنى سايىۋەن قىلىپ، كۆزلىرىنى قىسقان ھالدا يەنە ئاشۇ تەرەپكە قارىدى. بۇ چاغدا، ھاۋاز بەگنىڭ ياخشى كۆتۈنگەن كىچىك ئارغىمىقى ئالدىغا ئۈچرىغان دۈمبەل ۋە توساقلاردىن سەكرەپ ئۆتۈپ، جۇڭغار ئاتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن ئوقتەك قوغلايتتى، بەزىدە توساتتىن چىپپىدە توختاپ، ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئۈينىاقشىپ قوياتتى ـ دە، ئاندىن يەنە تىزگىنى تارتىلغان تەرەپكە قۇيۇندەك چىپىپ كېتەتتى.

ھاۋازبەگ ئوك تەرەپتىكى دۈشمەن ئىچىگە ئەنە شۇنداق يۇرگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بىر ئازگالدا قانغا مىلىنىپ ياتقان ئوردا ئەمرى ھاجى كامال بارلاسنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ بېشىغا تەگكەن جۇڭغار قىلىچى دۇبۇلغىسىنى ئۈچۈرۈپ چۇشۇرۇپ، پېشانىسىنى يېرىۋەتكەن، كانىيغا بولسا، ساداقنىڭ ئوقى تىك سانجىلغانىدى. ئوردا ئەمرىنىڭ قانغا مىلەنگەن قارا ساقاللىق، بۇغداي ئۆڭ چىرايىدىن، شىشە پارچىسىدەك قېتىپ قالغان يوغان قوڭۇر كۆزلىرىدىن ھېچقانداق قايغۇ ـ ھەسرەت بەلگىسى كۆرۈنمەيتتى، بەلكى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەندەك خىرامان ئىدى.

ھاۋازبەگ ئاتتىن چۈشۈپ ھاجى كامال بارلاسنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزىنى ئالىقىنى بىلەن سىيپاپ يۇمغۇزدى، ئاندىن قويىنىدىن ئاق يىپەك رومالچىنى ئېلىپ قىسقىلا بىر ئايەت بىلەن دۇئا قىلدى ـ دە، رومالنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېپىپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ چاغدا، بىر توپ جۇڭغار لەشكىرى ئۇنى قورشاپ كەلدى. ئۇ ئاتقا مىنىشكە ئۈلگۈرەلمىدى، پەقەت قولىدىكى قىلىچ بىلەن ئالدىغا ـ ئارقىغا ئوقچۇپ تۇرۇپ، دۈشمەننى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، دۈشمەنلەر ئۇنى تىرىك تۇتىدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا ئۇ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆزىگە يېقىنلاشقانلىكى دۈشمەننى يارىلاندۇردى. شۇ چاغدا، كۆزىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان قامەتلىك بىر يىگىت جۇڭغارلار توپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھالقا ئىچىدە قالغان ھاۋازبەگنى

ئاتقا ئۆگىتىۋېلىپ ئالدى - دە، جەڭ مەيدانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇ بىر نەچچە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا، تاغ تىرەكلىرىدەك بوي تارتىپ ئۆسكەن خادان ئىسىملىك بىر جۇڭغارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۇرغان قىلىچى يىگىتنىڭ يەلكىسىدىن ئېگىكىگىچە ھەممە يېرىنى قىيمىلاپ تاشلىدى. ئىككى ئادەمنى كۆتۈرۈۋالغان ئاتمۇ ئېغىر نەپەس ئالاتتى، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى كېرىلىپ، توختىماي خارتىلدايتتى.

ئۆزىنى قۇتقۇزغىلى كېلىپ، ئۆزىنىڭ قۇچىقىدا جان بەرگەن يىگىتكە قاراپ، ھاۋازبەگنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى، ئىچى - ئىچىدىن قاپساپ چىقىۋاتقان غەزەپ ۋە ئىنتىقام ئوتى ئۇنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. ئۇ شۇ ئوت، شۇ ھارارەتنىڭ تەپتى بىلەن ئاجايىپ بىر كۈچكە تولغانىدى. كۆزلىرى قان قۇيۇلغان پىيالىدەك قىزىرىپ، پۈتۈن بەدىنىدىكى پەي - سىڭىرلىرى پولات سىمدەك تارتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇ كۈچ بىلەن ئىككى تەرەپتىن ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەن ئىككى جۇڭغارنى بىردىنلا قىلىچ ئۇرۇپ جېنىدىن جۇدا قىلىۋەتتى. دۈشمەن توپى بەئەينى شىرغا يولۇققان بۆرە كۈچۈكلىرىدەك بىر مەھەل مەڭدەپ قالدى، لېكىن بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسىلا ئىدى، دۈشمەن ھامان كۆپ ھەم كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە بىتەلەي شور پېشانىلەرنى قۇربانلىق بېرىش بەدىلىگە ئاخىر ھاۋاز بەگنى تىرىك تۇتۇۋالدى.

ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ، قاچقانلار قېچىپ، جەڭگاھ ئاستا - ئاستا تىنچىشقا باشلىدى. بايىقى قىيا - چىيانىڭ ئورنىنى ئەمدى ئېچىرقاپ كەتكەن قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرغان قاقىلداشلىرى ۋە تاپ تالىشىپ سوقۇشۇۋاتقان باز - بازلىرى ئىگىلەپ ئالغانىدى.

نەچچە يۈزلىگەن ئادەملەر بىلەن ئاتلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئۈستىگە توپا - تۇماندىن يوپۇق ياپقان بۇ چەكسىز دالا يەنە ھېچنېمە كۆرمىگەندەك سۈكۈت ئىلكىدە ئاخىرقى شەپەق نۇرى بىلەن ئوينىشىپ ياتاتتى.

يىراقتىن كىمدۇر بىرىنىڭ مۇڭ ۋە ھەسرەتكە تولغان غەزىلى لەرزان كۆتۈرۈلۈپ، جەسەتكە تولغان بۇ سۇرلۇك دالىنىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ تۇراتتى:

ناغرىنىڭ ئاۋازىغا يەڭ سىلىپ ئوينار رەقس ئەلەم،
تاغلار تىترەر ئاتقا ئوخشاش پۇت قىقشىپ دەمبەدەم.
ئەيلىگەن قىسقا، ئۇزۇن يولنى ئەجەلگە قانلى نەيزىلەر،
يىغلىماقتا ئۆلگۈچىلەر باشىدا چويۇن ناغرىلەر.
باھادىرلارنىڭ يۈرىكىدە ئوق بىلەن نەيزە بېشى،
كۆزىدە ئاشىقلىنىڭ كىرپىكىگە ئوخشاش قان يېشى.
...

# تۆتىنچى باب

# باسقۇن

## 1

مىلادىيە 1678 ـ يىلى شەۋۋالنىڭ باشلىرىدا، ئۇزاق ۋە قاتتىق قامال بىلەن ھالسىرىغان قورغان ئاخىر يىمىرىلدى. بۇ يىمىرىلىشتە، قورغاننىڭ سىرتىدىكى ھېسابسىز دۈشمەننىڭ ئاشكارا قارشىلىقىدىن كۆرە، ئىچكى قىسمىدىكى بىرنەچچە سېتىلمىلارنىڭ يوشۇرۇن ھەرىكىتى غالىب كەلگەنىدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، جان ساقلاش غېمىدە ساتقۇنلۇق قىلغانلار ئەڭ دەسلەپ جېنىدىن ئايرىلدى. نىياز بەگ تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا «قارىقات دەرۋازىسى» نى ئېچىپ بېرىپ، يوشۇرۇنۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر نەچچە مەرد يىگىتنىڭ قولىدا قىلىچلىنىپ ئۆلدى. چاغىربەگ بولسا، پىر ـ ئۇستازىنىڭ دىدارىنى ئىزدەپ، ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتىنى تېزرەك بىلدۈرۈش يولىدا، جۇڭغارلارنىڭ تاغ كەلكۈنىدەك بېسىپ كىرگەن ئاتلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ ئۆلدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق، قەدىرسىز بولدى، ئۇلارنى ھېچكىم ئەسكە ئالمىدى، گويا ئۇلار بۇ دۇنياغا ئارتۇقچە تۆرىلىپ قالغاندەك، شۇنداق ئىزسىز، نام ـ نىشانسىز يوقالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ئانا يەرنىڭ قەھرى يۇتۇپ كەتكەنىدى.

تاڭ ئاتتى، يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ ھارارەتسىز نۇرلىرى سەھەر تۇمىنىنى تارقىتىپ، شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە

يورۇتتى. كوچا دوقمۇشلىرىدا، لەش باسقان كۆللەردە ۋە رەستىلەر-
دىكى ئەگۈنلەرنىڭ بوسۇغىلىرىدا ھېلىلا قەتل قىلىنغان خان لەشكەر-
لىرىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن پالتا ـ كەكىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ
قارشىلىق كۆرسەتكەن پايتەخت خەلقىنىڭ يېرىم ـ يارتا ئۆلۈكلىرى
پۈت ـ قوللىرىنى تاشلاپ ياتاتتى، ئۇلارنىڭ باشلىرى يېرىلغان،
پۈت ـ قولى كېسىلگەن، يۈزلىرى قانغا بويالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ
جانسىز تۇرقىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئاداققى پەيتلەردىمۇ جۇڭغار
لەشكەرلىرىگە قارشى غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ئېتىلغانلىقى كۆرۈنۈپ
تۇراتتى. بۇنداق كۆرۈنۈشلەر دەسلەپكى جەڭ بولغان شەھەر قوۋۇق-
لىرىنىڭ ئەتراپىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايتتى. ئۇ يەرلەردە ھەر ئىككى
تەرەپتىن ئۆلگەن ئادەم جەسەتلىرى تەرتىپسىز تاشلىنىپ ياتاتتى.
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالغان، بەزىلىرى پۈت ـ قولىنى
سوزۇپ غادىيىپ ياتقان، بەزىلىرى بولسا، باش ـ كۆزلىرىنى قولتۇق
ۋە چاتراقلىرىغا تىقىۋېلىشقانىدى. قان ـ يىرىڭ قېتىپ قالغان پارە ـ
پارە ئىشتانلاردىن ئۇلارنىڭ كۈپتەك ئىششىپ كەتكەن پۇتلىرى چىقىپ
تۇراتتى. قېتىپ قالغان جەسەتلەرنىڭ ھىڭگايغان چىشلىرى، ھايات-
لىققا تارتىشىپ ئۇچۇق قالغان كۆزلىرى، چۇۋۇلغان مېڭىسى ۋە
ئېغىز ـ بۇرنىدىن ئاققان قان ـ يىرىڭلارغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى
ئاينىپ، بەدىنى شۈركۈنەتتى.

پۈتۈن شەھەرنى پاجىئەلىك بىر مۇڭ ۋە قايغۇ باسقانىدى. جۇڭغار
لەشكەرلىرى شەھەرنىڭ ھەممە دەرۋازىسىدىن قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈپ،
توپ ـ توپى بىلەن كىرىشكە باشلىغاندا، ئامان قالغان كىشىلەر
بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا قېچىپ، ئۇلارغا يىراقتىن سەپسالاتتى. ئۆگزى-
لەرگە چىقىۋالغان، سىراج تاملارنىڭ شورا ـ تۆشۈكلىرىدىن ماراپ
تۇرغان خەلق پاكار، يالى ئۇزۇن ئاتلارغا مىنگەن كوسا، ياپىلاق يۈز
ئادەملەرگە دەھشەت بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئەزەلدىن مۇنداق
غەلىتە ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلارنىڭ تەلەتى سەت ۋە
سۈرلۈك ئىدى. ھەممىسىنىڭ ياپىلاق يۈزى كۈندە كۆيۈپ، شامالدا

يالىنىپ قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ يۈزىدە ئەرلەرگە زىننەت بولىدىغان ساقال دېگەن نېمە يوق، بەزىلىرىنىڭ پەقەت لېۋىدە ۋە ئېڭىكىدە ئۆسۈپ قالغان بىرنەچچە تال تۈكلەر دىردىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىسىق، لېكىن نەزىرى ئىتتىك ئىدى. ئاۋازلىرى ئىنچىكە، لېكىن كەسكىن، گەۋدىلىرى كىچىك ۋە مۇستەھكەم ئىدى.

ئادەمسىز كوچا - رەستىلەر، چوڭ - چوڭ گۈزەرلەر جۇڭغارلارغا ئوڭچە قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاتلىق ئىدى، ئاتلىرى كۆرۈنگەن نەرسىدىن ئۈركۈپ، پۇشقۇرۇپ، تىپىچەكلەپ تۇراتتى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ گۈزەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سەيناغا يىغىلدى. سەركەردىدەك بىرى قولىدىكى ئەگرى قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، چىرقىراق ئاۋازدا بىر نەرسىلەرنى دېدى، سۆزى قىسقا بولدى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ لەشكەرلەر ئالىتاغىل چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن، قىلىقىدىن قانداقتۇر خۇشاللىقى ۋە غەلىبە شادلىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، لەشكەرلەر ئاتلىرىنى دۈكۈرلىتىپ بىر نەچچە توپقا بۆلۈندى ۋە قولىرىغا سوتا - سەبەندە ئېلىۋالغان ئاپاق خوجا سوپىلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن شەھەرنىڭ تەرەپ - تەرەپلىرىگە ئاتلىنىپ، قىرغىنچىلىق بىلەن بۇلاڭ - تالاڭنى باشلىۋەتتى.

ئۇلارنىڭ قەدىمى تەگكەنلا يەردە، خاتىرجەم ياتقان خەلقنىڭ كۆز يېشى بۇلاق، قېنى سۇ بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. گۇناھسىز ئادەملەرنىڭ ئېچىنىشلىق مۇڭ - زارىنى، مېھرىبان ئانىنىڭ ئىسسىق قوينىدىن ئايرىلغان نارەسىدىلەرنى، ئىپپىتى ئاياغ - ئاستى قىلىنغان ياش قىزلارنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ كېتەتتى...

## 2

سالام بەرگىلى، تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەر ئارقا - ئارقىدىن چىقىپ كەتتى، نازۇنېمەتلەر تىزىلغان داستىخانمۇ ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈلدى.

مەنسەپدارلارمۇ، خىزمەتكارلارمۇ غايىب بولۇشتى، پەقەت دەرۋىش خوجا بىلەن ئىسەن بۇقىلا بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ ئىشىكنىڭ يېنىدا يۈكۈنگەن ھالدا ئولتۇراتتى.

— خۇدا پەرىشتىلەرنى نۇردىن، جىنلارنى ئوتتىن، دىۋىلەرنى ئىس - تۈتەكتىن ياراتقان!....

ئاپاق خوجا شۇ گەپلەرنى دەپ، بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇرۇنقى تەشۋىش، ھارغىنلىق ئاللىقاياقلارغا غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى كىبىر ۋە مەنمەنلىك ئىگىلىگەندى. كۆزلىرىدىن بىر خىل تەمەننا كۆلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

— شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ ئۆزىگە ئىقتىدا قىلىپ ئولتۇرغان ئىككىيلەنگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاللا بىزنى نۇردىن ياراتقاچقا، مانا بۈگۈن خۇددى پەرىشتىلەردەك بۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپتىمىز. ئۆزىنى دىۋىدەك چاغلىغان سەتەمكار سۇلتان ئىسمائىل بىلەن بەدكار ھاكىم ھەيدەرلەرچۇ؟ ئاللا ئۇلارنى ئىس - تۈتەكتىن ياراتقاچقا، مانا بۈگۈن ھەق جايىنى تېپىپ زىنداندا يېتىپتۇ. بۇ غازاتتا سىلەر قالتىس ئىش قىلدىڭلار، كاتتا ئىش قىلدىڭلار، بوتىلىرىم! مەن سىلەردىن رازى، پىرىڭلار سىلەردىن رازى بولغانىكەن، ئاللا سىلەردىن رازى...

بۇ ماختاشلاردىن دەرۋىش خوجا قاتتىق ھاياجانلاندى، تەسىرلەندى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئاۋازىنى تىترىتىپ مۇنداق دېدى:

— پىر - ئۇستازىمىزنىڭ دىدارىغا يېتىش ئۈچۈن قىلغان ئۇنچىلىك ئىش ھېچ گەپ ئەمەس، بۇنى پىر - ھەزرىتىمنىڭ ھەققە يېتىش يولىدا تارتقان رىيازەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، دېڭىزدىن بىر تامچە! بىز شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ تاجى، ئەۋلىيالارنىڭ سەر ھالقىسى ئۆزلىرىدەك ئۇلۇغ كىشىنى بىزگە قايتا يەتكۈزۈپ بەرگەن قادىر ئاللاغا ئەتە - ئاخشاملارنىڭ ھەممىسىدە شۈكۈر

قىلىمىز، ھەمدۇسانا ئېيتىمىز!

— شۇنداق، شۇنداق! — دېدى ئىسەن بۇقا ئورنىدىن يېرىم - يارتا قوزغىلىپ تۇرۇپ، — بىز پىر - ئۇستازىمىزنىڭ يولىغا بەك مۇنتەزىر بولدۇق، بۇ يۇرتقا قايتا كەلگەنلىك خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ بىشىمىز كۆككە يەتتى، مۇبارەك خەتلىرىنى كۆزىمىزگە تۇتىيا قىلىپ سۈرتتۇق. پىرسىز قالغان ئادەم يولدىن ئېزىپ كەتكەن مۇساپىرغا ئوخشايدىكەن. شۇڭا، ئۆزلىرى بىلەن قايتا ئۇچرىشىش بىزنى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتۇردى...

ئاپاق خوجا ئىسەن بۇقىغا زەن سېلىپ قارىدى. ئۆز قولىغا كىچىك چۈشكەن بۇ ئامراق مۇخلىسى سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ يىللاردىمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن چىقمىغانىدى. ئۇنىڭ چېچەن - ئەقىللىقلىقى، ئېتىقاد يولىدىكى مەھكەم ئىرادىسى ۋە ئۆزىگە بولغان سەمىمي - سادىقلىقى ھەمىشە ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرەتتى. ئۇ ئىسەن بۇقىنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلغان يەتتە يىلدىن بۇيانقى جىسمانىي ئۆزگىرىشلىرىگە قاراپ تېخىمۇ مەستلىكى كەلدى. ھازىر ئىسەن بۇقا راۋۇرۇس بوي تارتىپ قالغانىدى. قوللىرى ئۇزۇن، يەلكىسى كەڭ ئىدى. قاڭشارلىق بۇرنى چىرايىغا قانداقتۇر سالاپەتلىك تۈس بېرىپ تۇراتتى. قويۇق قارا قاشلىرى ئاستىدىكى بىر جۈپ چېچەن كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى.

— مانا - مانا ... چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپسىز، ئىسەن سوپىم! — دېدى ئاپاق خوجا ئۇنى ئەركىلەتكەندەك خۇش تەلەپپۇزدا، — ئەمدى سىزنى چوڭ - چوڭ ئىشلارغا سالساق بولغۇدەك.

ئىسەن بۇقىمۇ ئۆز لايىقىدا جاۋاب بەردى:

— ھەرقانداق ئىشقا تەييار سادىق قۇللىرى!

ئۆي ئىچىنى بىر پەس جىملىق باستى. بۇ يەر ئوردىدىكى ئاقسارايغا يانداش سېلىنغان كۆركەم، ئازادە مېھمانخانا بولۇپ، ئۆز ۋاقتىدا ئىسمائىل خان بۇ يەرنى خاس قوبۇلخانا قىلىپ ئىشلەتكەنىدى.

ئاپاق خوجا ھەمىشە ئۆزىنى ئەتراپتىكىلەرگە سۈرلۈك ۋە سىرلىق

قىلىپ كۆرسىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھازىرمۇ بىردەم بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خۇددى بىرى بىلەن غايىبانە سۆزلىشىۋاتقاندەك، لەۋلىرىنى تىنىمسىز مىدىرلىتاتتى، بىردەم بولسا، بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ، بەئەينى قاڭتۇرۇلغان ئاتتەك تورۇسقا قاراپ، كۆزلىرىنى مىت قىلماي چەكچىيىپ تۇراتتى.

جىملىقنى ئاخىر يەنە ئۆزى بۇزدى:

— ئاڭلىسام، چاغرىبەگ بىلەن نىياز بەگلەر ئۇ دۇنياغا رەھلەت قىلغان ئوخشايدۇ. خەيرىيەت، بۇ كۈنلەرنى بىز بىلەن كۆرۈشكە ئۆمرى يار بەرمەپتۇ. رىزىق - نېسىۋىسى شۇنچىلىك ئىكەن، ئۇلارمۇ مۇرىتلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ كەتتى. ھەر ئادەم بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ، ھەر دەرەخ نەتىجىسىز بولمايدۇ، يا مېۋە بېرىدۇ، يا سايە بېرىدۇ ۋە ياكى ياشناپ تۇرغان گۈزەللىكىدىن بەھرە بېرىدۇ. دېمەك، ھەممىسى ئىشقا يارايدۇ. بىزگە ئەگەشكەن مۇرىت - مۇخلىسلار ئەنە شۇنداق. ئۇلار خۇداغا يېقىن، شۇڭا ئۇلارنىڭ يىلتىزى يەردە مەھكەم، شېخى ئاسماندا بەلەن! بىزگە ئەگەشمىگەنلەر، بىزنى ئىنكار قىلغۇچىلار بولسا مۇنكىر - مۇناپىقلاردۇر. بۇنداقلار ھەر ئىككىلا ئالەمدە بەتبەخت، بىئىمان بولىدۇ. چۈنكى، پىر دېمەك پەيغەمبەر دېمەك، مۇرىت دېمەك، پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرى دېمەكتۇر!

ئاپاق خوجا ئۆزىنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن بۇ ئىككى يىگىتكە مۇشۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي ۋەز - نەسىھەت ئېيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى — ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھورنىمۇ زايە قىلمايدىغان، پۈتۈن ئىختىيارىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، ھايات - ماماتىنى ئۇنىڭ يولىغا ئاتىۋەتكەن بۇ ئىككى ئىخلاسمەن مۇرىت ئۈچۈن، گويا يەتتە يىلدىن بېرى ئاڭلىغان سۆزلىرىنىڭ قايمىقى، جەۋھىرى بولۇپ تۇيۇلدى. شۇڭا، ئۇلار ھەدەپ باشلىرىنى لىڭشىتىپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ مېغىزىنى چاقماقچى بولغاندەك تىللىرىنى تامشىتىپ، مەستانە ھالەتتە ئولتۇراتتى.

ئاپاق خوجا ئەمدى ئۇلارغا بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدا تاپشۇرۇق بېرىشكە باشلىدى:

— بوتىلىرىم، ھاكىمىيەت بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتتى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن جاھاننى تىنچىدى دېيىشكە بولمايدۇ. بىزگە ئەگەشمەيدىغانلار، بىزنى ئىنكار قىلىدىغانلار يەنە بار. قوزۇق بىزنىڭ قېقىشىمىز بىلەن يەرگە كىرىدۇ. ۋاپاغا جاپا قىلغۇچى بۇنداق ئادەملەرنى قەتئىي كۆزدىن يوقىتىشىمىز كېرەك! مەن ئۆز ۋاقتىدا ئىسمائىلغا: «ھەي خان، سىز نىيەتىنى دۇرۇس قىلىڭ، يامان ئىشلارغا قول ئۇرماڭ، خۇداغا ۋە خۇدانىڭ بىزدەك دوست ـ ئاشىقلىرىغا دوست بولۇڭ، تىلىگىزنى بۇ تائىپىنى غەيۋەت قىلىشتىن ساقلاڭ! ...» دەپ نەسىھەت قىلسام، قۇلاق تۇتمىدى، زورلۇق كۈچىگە تايىنىپ بىزگە زۇلۇم قىلدى، مانا ئەمدى نېمە بولدى؟ بىزنىڭ غەزىپىمىزگە، تەخسىراتىمىزغا كەتتى. بىزنىڭ غەزىپىمىز ئاللانىڭ غەزىپىنىڭ نەمۇنىسى، بىزنىڭ تەخسىراتىمىزغا كەتكەن ئادەم تاڭلا مەھشەردە سۈرىتى مۇبەددەل[①] قوپىدۇر! — ئاپاق خوجا تەكەببۇرلۇق بىلەن مەيدىسىنى كېرىپ، ئۆزىگە سەجدە قىلغاندەك تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئىككى مۇرىتىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئەي دەرۋىش خوجا، ئىسەن سوپىم، سىلەرنى كۈتۈپ تۇرغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ، تىرىشىڭلار، جان ئايىماڭلار، پىر ـ ئەۋلىيالار سىلەرنى ھەمىشە يۆلەيدۇ. مەن بىشەۋكەتنى غالدان ئالىيلىرىغا دېدىم، سەئىدىيە زوراۋانلىرىغا بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپ ئاستانە بولغان بۇ شەھەرنى ئەمدى تاكى قايتا باش كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىگە يەتكۈچە باستۇرۇش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەر خوجا ـ ئىشانلارنىڭ راھەت ـ پاراغەتتە ياشايدىغان باغچىسى بولۇشى كېرەك!

① مۇبەددەل — بىر تۇستىن ئىككىنچى بىر تۇسكە ئايلىنىش (بۇ يەردە ھايۋانغا ئۆزگىرىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن).

# 3

شەھەرنىڭ ئاۋات، بۇك ـ باراقسانلىق، كۆجۈم مەھەللىلىرى ھېسابلىنىدىغان ھاجى خالدار كوچىسى جۇڭغارلارنىڭ ئات تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلىنىشكە باشلىدى. بۇ كوچا ئۆزى بىنا بولغان بىر ئەسىرلىك ئۇزاق تارىخىدا بۇنداق ۋەھىمىگە، ساراسىمىگە تولغان قانلىق مالىمانچىلىقلارنى كۆرۈپ باقمىغانىدى.

ئاتلىق تۆت جۇڭغار بەئەينى يەمتۈك ئىزدىگەن ئاچ بۆرىلەردەك ئەلپازدا كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئاتلىرىنى دۈكۈرلىتىپ چاپتۇرۇپ، ئاخىر كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دەرۋازىسى قوش قانات، گۈل رەڭدە سىرلانغان، سېرىق تۇچتىن قۇيما ھالقا بېكىتىلگەن، ئىشىك تاختايلىرى تۆمۈر پىسىنچىلار بىلەن مەھكەم كىرىشتۈرۈلگەن، تاملىرى ئېگىز بىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىدى.

ئۇلار كۆز قىرىغا ئالغان بۇ ئۆي زەيىندىن مۇپتاجى ئىسىملىك ئوتتۇراھال، تەقۋادار بىر تىجارەتچىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇنىڭ ھەققۇلى ئىسىملىك بىر ئوغلى بىلەن ئەمدىلا رەسىدە بولۇشقا باشلىغان گۈلدىيار ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. ئۆي ئازادە ئايۋان ساراي، مېھمانخانا، قەپەس ئايۋان ۋە ھەرەمخانىلاردىن تەركىب تاپاتتى. ئۆينىڭ ئارقىسىدا يېرىم چارەك كەلگۈدەك بۇككىدە باغ بولۇپ، باغدا بىر نەچچە تۈپ ئانار، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەينۇلا ۋە كىچىككىنە ئۈزۈم بېدىشى بار ئىدى. ھويلىسىدىكى تەشتەك، يامىلاردا ئۆسكەن ھەر خىل گۈللەر تېخىچە ياشناپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئايال خوجايىنى گۈلشەرىخان كېلىشكەن، ھايالىق، رايىش ئايال ئىدى.

ئىچىدىن تاقاق سېلىنغان دەرۋازا گۈمبۈرلەپ قېقىلدى، تۈنۈگۈندىن بېرى بوسۇغا ئاتلىماي، ئاللادىن ئۆزگە ئامانلىق تىلەپ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرغان تۆت بىگۇناھ جاننى بىردىنلا ۋەھىمە باستى، ئۇلار نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. بىرنەچچە

كۆندىن بۇيان، پاراكەندىچىلىك، مالىمانچىلىق ئىچىدە تەمتىرەپ قورقۇپ كەتكەن خەلق خۇددى بوغما يىلان چىرمىۋالغان توشقانغا ئوخشاش يا قاچالماي، يا تىنالماي، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئاستىدا قالغانىدى.

ئىشىك تېخىمۇ قاتتىق گۇمبۇرلىدى. شۇ چاغدىلا زەينىدىن مۇپتاجى بىر ئاز ئېسىگە كېلىپ، ئەل بېشىغا كەلگەن بۇ قارا كۈنلەرنىڭ مۇدھىش قولى ئاخىر ئۆز ئائىلىسىگىمۇ سوزۇلغانلىقىنى بىلدى ـ دە، ئايالى بىلەن قىزىغا ئىشارەت قىلدى:

— سىلەر ئۆزۈڭلارنى چەتكە ئېلىڭلار، نېمە ئىش بولسا بىز ئەرلەر كۆرەيلى، — دېدى زەئىپ ئاۋازدا.

ئانا بىلەن قىز بېشىغا ياغلىقلىرىنى مەھكەم ئوراپ، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى شوتا بىلەن ئۆگزىدىكى مەنزەر ئۆيگە چىقىپ كەتتى، ئۇلار چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئون توققۇز ياشقا تولۇپ، بۇرۇتلىرى خەت تارتقان يىگىت ھەققۇلى شوتىنى تامدىن تارتىۋەتتى. ئۇلار گويا شۇ ئۇسۇل بىلەن ئىككى ئاجىزەنى ھالاكەت چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ قالغاندەك تۇيغۇدا بولۇشتى. ئەمدى ئاتا بىلەن ئوغۇل دەرۋازىنى ئېچىش ياكى ئاچماسلىق توغرىسىدا ئويلىشىپ دېلىغۇل بولۇپ تۇرغاندا، ئىشىكنىڭ بىر قانتى بىردىنلا گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. تۆت جۇڭغار يولنىڭ بويىدىكى بىر كۆتەك بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ سۇندۇرغانىدى. ئۇلار ئاتلىرى بىلەن دۈكۈرلىشىپ ھويلىغا بېسىپ كىردى. چاپچىپ، پۇشقۇرۇپ تۇرغان ئاتلار ھويلىنى پىتىقلاپ، تەشتەك ـ ياملاردىكى گۈللەرنى دەسسەپ چەيلىۋەتتى.

تۆت لەشكەر ئۆيگە تەڭلا ئېتىلىپ كىرىپ ئايۋاندىكى سۇپىدا — ئاق جايناماز ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئاللاغا تېۋىنىۋاتقان زەيندىن مۇپتاجى بىلەن ھەققۇلىنى بەئەينى چۈجىنى باسقاندەك باسماقداپ تۇتۇپ، ئايۋاننىڭ تۈۋرۈكىگە باغلىۋەتتى.

بۇزۇپ ـ چېچىش، بۇلاپ ـ تالاش باشلاندى. مېھمانخانا ئۆيدىكى قەلەي بىلەن قاپلانغان ئورۇس ساندۇقلىرى چېقىلدى، تەكچە ـ

ئويۇقلاردىكى قىممەتلىك فارفور قاچىلار، كۆن ـ خۇرۇم تاشلىق قۇرئان، ھەپتىيەك ۋە ھەر خىل ئەتىۋارلىق كىتابلار بۇزۇپ ـ چېچىلدى، ھەرەمخانا بىلەن قەپەس ئايۋانىنىڭ مەرەپلىرىدىكى مامۇق ياستۇقلار، ئەتلەس، مەخمەل يوتقان ـ كۆرپىلەر قىلىچلاردا تىلما ـ تىلما قىلىنىپ، ئۆيلەرنى قۇش پېيى، توزغاق ۋە ماز ـ پاختىلارنىڭ توزۇندىلىرى قاپلاپ كەتتى.

قاچاندۇر، ھويلىدىكى ئوتۇنخانىغا يوشۇرۇپ قويغان شوتىنى تېپىپ، ئۆگزىدىكى مەنزەرگە يوشۇرۇنغان ئانا بىلەن قىزنى تۇتۇۋالغان بىر جۇڭغار ئۆگزىدىن گۇلدىيارنى تارتقۇشلىغىنىچە پەسكە چۈشتى.

يېشى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان، يەلكىلىرى كەڭ، دىقماق كەلگەن بۇ قالماقنىڭ ئىسمى ئورىنجاپ بولۇپ، قوڭۇر رەڭلىك يۈزىنىڭ سول يېقى پېشانىسىدىن ئېڭىكىگىچە تاتۇق ئىدى، شۇڭا بىر كۆزى قىسىقراق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى قىز گويا بۈركۈتنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان بىتەلەي توشقاندەك، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، كىمدىندۇر پاناھلىق كۈتكەندەك ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارايتتى.

ئورىنجاپ پەسكە چۈشۈپ شېرىكلىرىگە خۇشال ۋارقىرىدى:

ـــ قاراڭلار، ئولجىنىڭ نوچىسى دېگەن مانا! ھەم گۈزەل، ھەم ياش، سىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئىزدەۋېرىڭلار، مەن بۇ گۈل ـ غۇنچىنىڭ بىردەم پەيزىنى سۈرەي....

ئەمدى ئون بەش ياشقا تولۇپ، ھەممە جەھەتتىن يېتىلىشكە باشلىغان گۇلدىيارنىڭ قاملاشقان بوي ـ بەستى، چىرايلىق ھۆسن ـ جامالى خېلىدىن بېرى ئايال زاتىنى كۆرمەي خوتۇنسىراپ كەتكەن ئورىنجاپنىڭ نەپسىنى تاقىلداتقانىدى. ئۇنىڭ خۇددى ناچىنىنىڭ تۆشۈكىدەك كىچىك، قىسىق كۆزلىرى ئېچىرقاپ كەتكەن ھايۋاننىڭ كۆزلىرىدەك چەكچىيىپ كەتكەنىدى. كۆكۈچ كالپۇكلىرى بولسا، شەھۋانىي ھەۋەستىن پەيدا بولغان شۆلگەي بىلەن نەملىنىپ تۇراتتى.

ئۇ گۇلدىيارنى دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ يېنىدىن سۆرەشتۈرۈپ يانىدىكى قەپەس ئايۋانغا ئەكىرىپ كەتتى، ئۆيدىن قىزنىڭ دەسلەپ

كېيىكتەك بوزلىغان مۆڭلۈق يىغا ئاۋازى، كېيىن ئاچچىق ئەلەمگە تولغان نالە ـ پەريادى كۆتۈرۈلدى.

ئەلەم ۋە خورلۇقتا بوغۇلۇپ كەتكەن زەيندىن مۆيتاجى لەۋلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى، كۆزلىرىدىن ئۆزۈلمەي ئاققان ياش چارلاشقان بۇرۇت ـ ساقىلىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىيتتى. ئۇ كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئازابقا چىداپ تۇرالماي ئاللاغا نالە قىلىشقا باشلىدى:

ــ ئاھ خۇدا، بۇ خورلۇقلارنى كۆرۈۋاتامسەن؟! كۆرگەن بولساڭ، قەھر ـ غەزەپلىرىڭ قېنى؟! نېمە ئۈچۈن زۇلۇم ـ زالالەت، ئازاب ۋە خورلۇق باسقان بۇ زېمىننى تەۋرىتىپ، ئەرشنى دۇم كۆمتۈرۈپ، بۇ دۇنيانى پاكلىمايسەن!؟ خۇدا، مەن ساڭا ئەللىك نەچچە يىل بەندىچىلىك قىلىپ نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدىم!؟... بالىلىرىم تېخى سەبىي، گۆدەك ئىدىغۇ ... ئاھ خۇدا! ...

ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ، ھوشىدىن كەتكەندەك بېشىمۇ تۆۋەن چۈشۈپ كەتتى ...

دادىسىنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى، سىڭلىسىنىڭ ئۆز يېنىدا خورلۇققا ئۇچرىشى ھەققۇلىنىڭ يۈرىكىنى پۇچىلىۋەتتى. غەزەپ ۋە ئەلەمدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى ئېسىلىپ، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ، خۇددى پىچاق بىسىدەك قىرلاندى. ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىدا ئاچچىق بىر تۇيغۇ ــ خۇددى جان يېرىگە نەشتەر ئۇرغاندىنمۇ بەتتەر ئازابلىق بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىدە ئاجايىپ بىر كۈچ ۋە جاسارەت سەزدى. شۇ كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يۇلقىنىپ، كۈچلىنىپ، ئاخىر باغلاقتىن قولىنى بوشاتتى. بۇ چاغدا، ئورنىدىن چاپىدىن باشقا يەنە ئۈچ جۇڭغار ئىچكىرىكى ئۆيلەردە مال ـ دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. ھەققۇلى ئايۋان سارايدىن بىر نەرسىلەرنى ئىزدىدى، ئۇنىڭ قان تولغان كۆزىگە ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىر ئايپالتا كۆرۈندى. ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ پالتىنى ئالدى، پالتىنىڭ سىلىق دەستىسىنى شۇنداق چىڭ تۇتتىكى، گويا بارماقلىرى ياغاچقا كىرىشىپ كەتكەندەك غىرسىرلىغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۇ پالتىنى كۆتۈرگەن پېتى قەيەس ئايۋانغا

تۆيدۇرماي كىردى، كىرىپلا سىڭلىسىنىڭ ئۈستىگە خۇددى ئەۋرەزدىن چىققان چارپاقىدەك چىڭ چاپلىشۋالغان ئورىنجاپنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالمىدى ـ دە، قاپلاندەك چاققانلىق بىلەن ئېتىلىپ بارغىنىچە، ئۇنىڭ بېشىغا پالتا ئۇردى. غەزەپ بىلەن ئۇرۇلغان ئۆتكۈر پالتا ئۇنىڭ بېشىدىكى چەم دۇبۇلغىسىنى قەغەزدەك تىلىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ خاپاندەك بېشىنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى، مېڭە قېتىقى نەلەرگىدۇر چاچراپ، جىرقىراپ چىقىۋاتقان قانلار تام بىلەن زىلچا ـ گىلەملەرنى بويىۋەتتى.

يېرىم يالىڭاچ بەدىنى قانغا بويالغان گۈلدىيار قورقۇش ۋە ھالسىراشتىن ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەنىدى...

بىر دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ يۈرىكى توختىغان ھەققۇلى ئەمدى تېخىمۇ قەيسەرلىك بىلەن مېھمانخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا قەپەس ئايۋاندا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئۈچ جۇڭغار بۇ پالاكەتنىڭ ئەمدى ئۆز باشلىرىغىمۇ كېلىدىغانلىقىنى سېزىشىپ سەگەكلەشكەنىدى. ھەققۇلى قان ھىدى پۇراپ تۇرغان ئايپالتىنى كۆتۈرگىنىچە مېھمانخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىشىگە، ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈپ تەييار تۇرغان بىر جۇڭغار ئۇنىڭ پالتا تۇتقان قولىغا قىلىچ ئۇردى، ھەققۇلىنىڭ قولى يارىلىنىپ پالتا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ پالتىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېڭىشكەندە، مېھمانخانىنىڭ ئىككى بۇلۇڭىدىن ئېتىلىپ كەلگەن ئىككى جۇڭغار ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ باسماقدىۋالدى.

ھايات قالغان جۇڭغارلار ئەسەبىيلەشكەنىدى، ئۇلار ھەققۇلىنى يەتكۈچە ئۇردى، ئاندىن بىر ئۆيلۈك تۆت جاننى ئەكېلىپ باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا كېسىلگەن، تىتىلغان يوتقان ـ كۆرپىلەر بىلەن كىگىز ـ گىلەملەرنى سۆرەپ كېلىپ دۆۋىلىدى، بىرسى ئاشخانىدىن بىر كوزا زىغىر مېيىنى ئاچىقىپ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە تۆكتى، يەنە بىرسى ھويلىدىكى ئاتلارنىڭ غانجۇغىسىدىن بىر دانە ئوتقاشنى سۇغۇرۇپ ئەكىرىپ، ئوت تۇتاشتۇردى ـ دە، دۆۋىلەنگەن نەرسە-

لەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. ئوتقاش پاراسلاپ كۆيۈپ، بىردەمدە يوغان گۈلخانغا ئايلاندى، جۇڭغارلار ئايۋان سارايىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ، هويلىدىكى ئاتلىرىنى يېتىلەپ تالاغا چىقتى ۋە بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ئوتقا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى.

دەسلەپ ئايۋان ساراي، ئاندىن مېهمانخانا، قەيەس ئايۋانلار چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئىشىك، دېرىزىلەردىن تۈرۈلۈپ ــ تۈرۈلۈپ چىققان قاپقارا ئىس بىلەن لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوتنىڭ يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. پۈتۈن ــ سۈرۈك بىر ئۆي يانماقتا، لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلگەن يالقۇن كۆكتىكى بۇلۇتلارنىمۇ قىزارتىۋەتكەنىدى...

گۈرۈلدەپ يېنىۋاتقان ئاشۇ يالقۇن بىلەن ئاچچىق ئىس ــ تۈتەك ئارىسىدىن ئادەملەرنىڭ ئازابقا چىدىماي ۋارقىرىغان ئاۋازى، نالە ــ پەريادى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر هازادىن كېيىن ۋارقىرىغان ئاۋازلار تۈگەپ، يېگانە ئاجىز بىر جاننىڭ ــ بايا خورلۇققا ئۇچرىغان قىز گۈلدىيارنىڭ هاياتلىققا تارتىشىپ زارلانغان مۇڭلۇق ئاۋازى چىقتى ــ دە توختىدى. ئەمدىلىكتە زور گۈلخان ئىچىدە يېنىۋاتقان قۇرۇق تاختايلار بىلەن ۋاسا ــ جەگىلەرنىڭ چارسىلداپ كۆيۈشلا جىملىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئەل ــ يۇرتنىڭ بېشىغا ئاجايىپ قارا كۈنلەر كەلدى! باغۇبوستانلار بىلەن ئاۋات يەرلەر ۋەيرانە خارابىگە ئايلاندى!

ئۈچ كۈنلۈك قىرغىن ۋە بۇلاڭ ــ تالاڭدىن كېيىن، شەهەر جىمجىت بولۇپ قالدى، پەقەت يۈندى ئىچىپ، ژىن پۇراپ يۈرگەن لالما ئىتلارلا تونۇش بولمىغان كىشىلەرنىڭ غەلىتە پۇراقلىرىنى سېزىشىپ، ئۇ كوچىدىن بۇ كوچىغا يۈگۈرۈشەتتى ۋە ئەنسىز هاۋشىيتتى.

ئەۋلادتىن ئەۋلاد ياشاپ، ئەسىرلىك تەرەققىياتلاردا گۈللىنىپ، ئاۋاتلاشقان گۈزەل شەهەر پۈتۈنلەي خاراب قىلىنغانىدى. ياغاچ ئۆيلەر تامام كۆيگەن بولۇپ، جەسەتنىڭ قاڭسىق پۇرىقى كۆكۈلنى ئاينىتاتتى. چالا كۆيۈپ تۈتەپ ياتقان ياغاچلار ئارىسىدىن قاپقارا ئەگىز سۈيى ئېقىپ تۇراتتى.

شۇنـداق قىلىـپ، بىرنەچچە كۈننىـڭ ئالدىـدا ۋاڭ ـ چۇڭ بىلـەن تولغان، كىشىلەر بەخىرامان ئۆيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگـەن قەدىمىـي ئاستانە شەھىرىدە ئەمدى دۆۋە ـ دۆۋە كۈل ـ تۇپـراق بىلەن غـۇلاپ چۈشكەن تاملارلا قالغانىدى....

پەقەت چوڭ گۈزەر يولىدا قەلەندەر سىياقىدىكى قېرىسال بىر ئـادەم ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، مۇڭ باسقان بۇ جىمجىتلىقنى ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئوقۇغان شېئىرى بىلەن بۇزۇپ كېلىۋاتاتتى:

«مۇسۇلمانلارغا ئول كۈن بىر قىيامەت ئەيلىدى ئاشكار،
ئۆلۈكلەر كوچىدا سانسىز ياتار ياۋەيلىتا ئىزھار.
ئىگىسىز قىز ـ ئوغۇللار ھەم گۆدەكلەر خار ـ خەس يەڭلىغ،
بۇلارغا رەھىم ئېتىپ ئاش ـ نان بېرەرگە قايدادۇر غەمخار،
كوچىلار سەل بولۇپ ئاققان مۇسۇلمانلار قانى بىر دەريا،
كۆيۈپ ياخشى ئىمارەتلەر نادامەتلەر قىلۇر سەدبار.
خوجامدا رەھمۇ شەپقەت يوق مۇنىڭدەك خارۇ زىللەتكە،
بۇلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغۇسىدۇر قادىرۇ جەببار ...»

شۇنداق، ئـۇلۇغ زەرەپشان دەرياسىدىن شـىمال ۋە جەنـۇبقا ماڭـىدىغان، كۆپ ئـەسىرلەردىـن بېرى باي كـارۋانلار ئۈزلۈكـسىز ئۆتـۈپ تۇرغـان ئاۋات يوللاردا جـۇڭغارلار قىـرغىنىـدىن كېيـىن ھەرىـكەت بىردىنلا توختىغانىدى. يول ئۈستىگە سـېلىنـغان دۇكانلار ۋە كـارۋان سارايلار بوشاپ قالدى، ئىشىك ـ دەرۋازىلىرى بىـلەن رام ـ كېشـەكـلىرى بۇزۇپ تاشلانغان، چالا كۆيگەن ئۆي ـ ئىمارەتلەر چۆلـدەرەپ، كۆڭۈلسـىز بولۇپ قـالغانـىدى. ئېرىق ـ ئـۆستەڭلـەرنى تازىلاپ سـۇ چىقىرىدىغان بىرەر ساخاۋەتچى بولمىغـانلىقى ئۈچۈن، سۇغـىرىلمـاي تاشلىـنىپ قالـغان گۈزەل باغـلار قۇرۇشقا بـاشلىدى. بـۇ يوللارنـىڭ ھەممىلا يېرىدە قاغا ـ قۇزغۇنـلار بىلەن لالـما ئىتـلار سۆرىگەن ئـادەم سۆڭەكلىرى ياتاتتى ...

# بەشىنچى باب

## شىرقىراپ چۈشۈۋاتقان قان ئاۋازى

### 1

پۈتۈن شەھەرنىڭ كۆزى ھېسابلىنىدىغان خانلىق ئوردىسى بىلەن چاھار باغلىرى بۈگۈن باشقىچە جانلىنىپ كەتتى. يېڭىلا كۆتۈرۈلگەن كۈز قۇياشى ھەيۋەتلىك ئوردا تاملىرىنىڭ كۈنگۈرىلىرىدىن ئۆتۈپ، چىنار ۋە ئارچا دەرەخلىرىنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان ياپراقلىرىدا جىلۋە قىلاتتى. دەرەخلەر ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان راۋاقلارنىڭ كۆركەم قۇببىلىرى بىلەن ئوردا مەسچىتىنىڭ قامەتلىك مۇنارلىرى كۈن نۇرىدا تېخىمۇ تاۋلىنىپ، جۇلا چېچىپ تۇراتتى. ئوردىنىڭ كۈنگۈرىلىك ئاسارىلىرىنىڭ ئۈيەر — بۇيەرلىرىدە جۇگغار لەشكەرلىرى قىلىچ — قالقانلىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا مىدىرلىماي تۇرۇشاتتى.

شۇ تاپتا، قورغان سېپىلىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۆۋەنگە قارىغان كىشىگە گويا ئەتراپنىڭ ھەممىسى دەرد — ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ تىنىچ ياتقان كۆلمۈش دېڭىزدەك كۆرۈنەتتى.

لېكىن، بۇ دېڭىزنىڭ ئۈستى تىنىچ بولغان بىلەن ئاستى شىددەتلىك ئېقىنلاردەك تىنچ ئەمەس ئىدى. ھېلىلا بوران كۆتۈرۈلسە، دېڭىز يۈزىمۇ شىددەتلىك گۈركىرەپ، قەھرلىك دولقۇنلار بۇ تىنچ، خىرامان ھالەتنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇشتۇمتۇت، ھەيدەرباغنىڭ يېنىدىكى ئېگىز پەشتاقنىڭ ئۈستىدە

داقا ـ دۇمباقلار گۈلدۈرلەپ، كاناي ـ سۇنايلار ياڭراشقا باشلىدى. بۇنداق جۇشقۇن، شادىيانە ئاۋازدىن بۇگۈن بۇ يەردە بىرەر تەنتەنىلىك ئىش بولىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

شۇنداق، بۇگۈن بۇ يەردە ــ تارىختىن بۇيانقى سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ خان ئوردىسى ھېسابلىنىدىغان ئاقسارايىنىڭ ئاستانىسىدە ئاپاق خوجىغا تاج كىيگۈزۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ دەل ھىجرىيە 1088 ـ يىلى رامزاننىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى[①] ئىدى.

باش كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بولغاچقا، ھەيدەرباغدا ئەي قىلىنغان ئانار، ئەنجۈر، پىستە بادام، گىلاس، جىنەستە قاتارلىق يەتمىش ئىككى خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ بەزىلىرى يوپۇرماق تاشلاپ قاداڭشىغان، بەزىلىرى سېرىق، قىزغۇچ يوپۇرماقلىرى بىلەن كۈز شامىلىدا لەرزان شىلدىرلاپ تۇرغان بولسا، بەزىلىرى تولۇق شىرنە يىغىپ، مۇرادىغا يەتكەن ئاخىرقى مېۋىلىرى بىلەن ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا گۈزەل قىزلار بىلەن ھۆسن تالاشقاندەك، نازاكەت بىلەن تاۋلىنىپ تۇراتتى.

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆل بويىغا ياسالغان مەرمەر تاشلىق شاھ سۇپىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۆستۈرۈلگەن سەبدەگۈل، ئەنبەرگۈل، سابىگۈل، مارجانگۈل، مەخمەلگۈل قاتارلىق گۈل ـ گىياھلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى رەڭدار ھۆسنى ۋە خۇشبۇي ھىدى بىلەن باغنى ئۆزگىچە تۈسكە ۋە يېقىملىق پۇراققا تولدۇرغانىدى.

ئاپاق خوجا ئەنە شۇ شاھ سۇپىغا ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان تەخت ۋە كۇرسىلارنى قويغۇزغانىدى. يەرگە بولسا ئىران گىلەملىرى سېلىنىپ، داستىخان تەييارلانغانىدى. داستىخانغا كۈمۈش قاچىلار، ئىراقى شىشە ـ قەندەللەر تىزىلغان بولۇپ، ئۇلاردا ھۆل ۋە قۇرۇق مېۋىلەر بىلەن باشقا ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر توشۇپ تۇراتتى.

ئاقسارايىنىڭ ئالدى چوڭ مەيدان ئىدى. بۇگۈن بۇ مەيدانغا شەھەر-

① مىلادىيە 1678 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

نىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن ۋە يۇرت - يۇرتلاردىن بولۇپ نەچچە يۈز پۇقرا ئاپاق خوجىنىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىغا ھەيدەپ كېلىنگەنىدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە، باشلىرىغا ئون ئىككى يۆگەملىك يوغان سەللە ئوراپ، پۇتىغا ئىسكىلاچ مەسە كىيىۋالغان شەھەرنىڭ ئۆلىما - مۆتىۋەرلىرى، ئەڭنىگە بەقەسەم، مەخمەل تونلارنى كىيىپ، شايى - دۇردۇن رومالـلارنى بەلۋاغ قىلىپ ئوراپ، پۇتلىرىغا ئورۇسنىڭ غاس - غاس ئۆتۈكىنى كىيىۋالغان سودىگەر - تىجارەتچىلەر ۋە بوز - ماتالاردىن ساڭگۇل - سۇڭگۇل كىيىملەرنى كىيىۋالغان يېلىڭ - يوپۇق، ئاچ - زېرىن دېھقانلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلەر بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بايلىرىدىن تارتىپ گادايلىرىغىچە ھەممىسى دېگۈدەك بىر خىل ئالاقزادىلىك ۋە خۇدۇكسىرەش ئىچىدە چۆچۈپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، كېچە - كۈندۈز ئوغرى مۈشۈكتەك تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان خۇنخور جۇڭغار باسمىچىلىرى بىلەن پىچاقچى سوپىلاردىن يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەن بۇ بىچارە خەلق «تىرىق» قىلغان ئاۋازدىنمۇ ئەندىكىپ، ئارامخۇدا يۈرەلمەس بولۇپ قالغانىدى.

كۈن چاشگاھ بولغاندا، جۇڭغار قوشۇنىنىڭ سەركەردە - سەردارلىرى بىلەن خوجا - ئىشانلارنىڭ پوش - پوش سادالىرى ئىچىدە غالدان بىلەن ئاپاق خوجا خۇددى قاڭتۇرۇلغان ئاتتەك غادايغان پېتى چىقىپ كېلىشتى. ئاپاق خوجا ئۈستىگە قىزىل زەرباب تون، بېشىغا يېشىل مەخمەلدىن تىكىلگەن سەككىز تالالىق كۇلا كىيىپ، كۇلانىڭ ئۈستىدىن ئاق شايى سەللە ئورىۋالغانىدى. پۇتىدىكى پارقىراپ تۇرغان ئىراقى مەسە - كالاچ ھەر بىر قەدەم ئالغاندا، «غىرىس - غىرىس» قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. غالدان بولسا، ئۇچىسىغا ياندىن ئىزمىلىنىدىغان كۆك مەخمەل پەرىجە كىيگەن بولۇپ، بېشىدىكى يۇمىلاق، زۇمرەت تاشلىق پارقىراپ تۇرغان قالپىقىدىن قارا تۈلكىنىڭ يۇمران قۇيرۇقى ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مۈشۈكنىڭكىدەك سارغۇچ يېشىل كۆزلىرى ھەر تەرەپكە چېچەنلىك بىلەن نەزەر تاشلاپ تۇراتتى.

غالدان شاھ سۇپىغا چىقتى - دە، ئۇدۇل بېرىپ ئالتۇن تەختتە ئولتۇردى. ئۇنىڭ نەزىرى ئىتتىك ئىدى، ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خۇددى قولغا كۆنمىگەن تاغ بۈركۈتىدەك ئەتراپتىكى كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىغاندا، كۆزىدىن چاقنىغان سوغۇق، ئۆتكۈر نۇر كىشىلەرنى ئەيمەندۈرۈۋەتتى. ئاپاق خوجا سىپايە قەدەم بىلەن شىپىرلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى كۈمۈش كۇرسىدىن ئورۇن ئالدى. داقا - دۇمباق، كاناي - سۇنايلار قايتىدىن شادىيانىگە چېلىندى، ئەتراپتىكى مۇلازىملار غالدان بىلەن ئاپاق خوجىنى نېمىلەرنىدۇر ۋارقىرىشىپ ئۈچ مەرتىۋە ئالقىشلىدى. كېيىن ئۇلار جىم بولۇپ، بايىقى شاۋقۇننىڭ ئەكس ساداسى ئوردىنىڭ ئېگىز تاملىرىدىن ياڭراپ تۇرغاندا، غالداننىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭ چوڭ سەركەردىسى سىڭگى خۇنتەيجى بىر نەچچە قەدەم ئالدىغا چىقىپ، خالايىققا سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ سۆزىنى تىلماچ مىرزا زەينىدىن جۇراس ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلىپ تۇردى:

— خالايىق، بىزنىڭ خاقانىمىز غالدان بوشۇكتۇخان ئالىيلىرى ئىككىنچى قېتىملىق تولۇقلانغان «ئەپۇ ئومۇمى» پەرمانىنى جاكارلىدى. بۇ پەرماندا «خوتونلار[1] نىڭ دەۋا - دەستىگەر ئىشلىرىغا خوتونلارنىڭ مەھكىمە شەرئىيىسى مەسئۇل بولىدۇ. دەۋا ئىشلىرىدا خوتونلارنىڭ قازى - قۇززاتلىرى كېسىم قىلسا بولىدۇ ...» دېيىلگەن. بىز خوتونلارنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىشى ئۈچۈن، خوتونلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ساغان زالىڭنى[2] قەشقەرىيىگە خان قىلىپ تىكلىدۇق. بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ پەرمان يولىنى تۇتۇش سىلەر خوتونلار ئۈچۈن شەرتتۇر!...

شۇ سۆزلەردىن كېيىن، غالدان يېنىدىكى كۈمۈش پەتنۇستىن ئەسىرلەردىن بېرى ئەۋلاددىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلگەن

① خوتون — ئۇيغۇر نامىنىڭ موڭغۇلچە كەمسىتىلىپ ئاتىلىشى.
② ساغان زالىڭ — ئاپاق خوجىنىڭ موڭغۇلچە نام - ئاتىقى.

سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئالتۇن تاجىنى ئېلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى. بۇنداق تەنتەنىلىك، ھاياجانلىق كۆرۈنۈشتىن يۈرىكى ئېرىپ، تېپىچەكلەپ كەتكەن ئاپاق خوجا غالدانىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئۈچ قېتىم باش ئۇرۇپ تەزىم قىلدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي ئىختىيارسىز سۆزلەپ كەتتى:

— ھىدايەتنىڭ دالالىتى، ئىنايەتنىڭ ھىدايىتى بىلەن بۇ دەرگاھ خىزمىتىگە سەرەفراز[1] بولغانلىقىمدىن خۇشالمەن! پېقىرنىڭ بۇ تەۋەللىككە قايتا كېلىشى ئىنشائاللا مۇشۇ مۇبارەك خىزمەتنىڭ تارتىشى بىلەن بولغان .... ئەلھال، سەمەتكەر، بەدكارلارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى پىتنە - پاساتلىرىنىڭ يالغانلىقى ئاخىر مانا بۈگۈن بۇ تەنتەنىلىك كۆرۈنۈش بىلەن ئىسپاتلاندى! بىزنىڭ سەلتەنىتىمىز دەۋرىدە، ئالىي نەسەب خوجا - ئىشانلار، ماشايىخ قۇتىپ - ئەقتابلار خاتىرجەم ھالدا خۇدانىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولغاي ۋە دۆلەتنىڭ قىيامى ئۈچۈن دۇئا قىلىشقاي ...

ئاپاق خوجا سۆزىنى تۈگىتىپ، تۆۋەندىكى مۇراسىم ئەھلىگە ئۇزاق نەزەر سالدى. ئۇنىڭ تىنىمسىز لىكىلداپ تۇرغان ئۆسكىلەك قاشلىرى ئاستىدىكى قوڭۇر كۆزلىرىدىن غالىبلارغا خاس تەكەببۇرلۇق بىلەن چوڭقۇر قىساسخورلۇقنىڭ ئەسەبىي نۇرى ئەلەڭلەپ تۇراتتى. شاھانە تون ئىچىدىكى ئوتتۇراھال بەستى - بويىدىن بولسا ھېچ كىشىنى مەڭستمەيدىغان قوپال غادىيىش بىلەن مەنمەنلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ ئاددىي پۇقرا ئالدىدىكى تەكەببۇرلۇقى بىلەن، ئالتۇن تەخت ئۈستىدە غادىيىپ ئولتۇرغان غالدان سېرىنىنىڭ ئالدىدىكى خۇشامىتى، ئىلتىپاتى ۋە بىچارە قىياپىتى ئىسەن بۇقىدا ئانچە ياخشى تەسىرات قالدۇرمىدى. ئۆزىنى ئەزەلدىن «ھەرقانداق ئىنساندىن يۇقىرى، پەقەت خۇدادىنلا تۆۋەن» چاغلايدىغان مۇشۇنداق كەشپۇ كارامەتلىك بىر ئەۋلىيانىڭ ئاشۇنداق بىر بىدئەت ئالدىدا كۈچۈكلى-

---

① سەرەفراز — باش بولۇش، ئىگە بولۇش.

نىشى زادى نېمە ئۈچۈن!؟...

بۇ ئىشلار ئىسەن بۇقىنىڭ كۆزىگە سىغمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا پىر ـ ئۇستازىغا غەلەت پىكىردە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كايىپ، دەرھال ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى. بارلىق ئەيىب گۇناھنى بولسا، ئاۋۇ سۇر ھەيۋە بىلەن ئولتۇرغان بەتبەشىرە غالدانغا ئارتتى، بەلكىم بۇ ئەجۇج ـ مەجۇج ئاپاق خوجىنى سېھىرلەپ ئالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئادەمنىڭ نام ـ نەسەبى، شان ـ شۆھرىتى كۆتۈرۈلگەنسېرى، ئۇنىڭ شەيتىنىمۇ بىللە كۆتۈرۈلۈپ بارىدۇ. ھازىر ئاپاق خوجىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزلۇكسىز پەيدا بولۇۋاتقان كىبىر، تەمەننا ئەنە شۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئىدى.

ئەمدى ئاپاق خوجىنىڭ يېقىن يارەنلىرى، خاس مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى تۇشمۇتۇشتىن سۆزگە چىقىپ، ئۇزۇندىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن بۇ خاسىيەتلىك كۈننىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكىگە بارىكاللا ئېيتىشتى. ئەڭ ئاۋۋال، ئاپاق خوجىنىڭ خاس مۇرىتى شائىر مىرزا شاھ خوجا ئالدىغا چىقتى. ئاپاق خوجىدىن بىر نەچچە ياش كىچىك بولغان زېرەك، سۆزمەن بۇ سوپى بېشىغا تەگكە مونچاقلار قادالغان ئۇزۇن كۇلا كىيىپ، ئۇستىدىكى يوللۇق مەللە چاپىنىنىڭ يەڭ ـ ئېتەكلىرىگە ئەلتېرە تۇتۇۋالغانىدى. پۇتىدىكى يوغان ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقى ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى.

ئۇ دەسلەپ قىسقا ـ قىسقا تىنىپ سۆزلىدى:

— ئەي خالايىق، ئەي يارەنلەر، بۈگۈن بۇ ئالتۇن تاجنى كىيگەن كىشى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ھەم پەيغەمبەر ئەۋلادى ھىدايىتۇللا ئىشان — ئاپاق خوجا بولىدۇ. ھەزرىتى پىرىمدەك بۇنداق ئۇلۇغ زاتنىڭ بۇ تەۋەلىككە قايتا كەلگەنلىكى — بۇ دۇنيانىڭ ئىززىتى، ئاخىرەتنىڭ نىجاتلىقى. بۇ ئەزىزلەر بوسۇغىسىنى تاۋاپ قىلىش — دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شۆھرىتى ۋە قۇدرىتى ئالدىدا قۇياشمۇ خىرە بولىدۇ، ئۇ دانالىقتا

تەگدىشى يوق قۇتبۇل ئەقتاب① ! پېقىرنىڭ بۇ سۆزىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسى تەستىقلايدۇ : «خۇدانىڭ شۇنداق بەندىلىرى باركى، كۆڭۈللىرى كۈن نۇرىدىنمۇ روشەنرەك، قىلىقلىرى نەبىلەر قىلىقىدەك.»② شۇڭا، شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، ئۈممەتلەرنىڭ گۈلتاجى، ئەۋلىيالارنىڭ سەرخەلقىسى، ئارىفلار③ سۇلتانى ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ ئاپتابى جىمىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا باراۋەر چۈشكەندۇر، ئۇ زات يولتۇزلىرىنىڭ يورۇقى جىمىكى كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئوخشاش يورۇتقاندۇر! ...، — مىرزا شاھ خوجا سۆزىدىن توختاپ، ئۆزىنى سەل رۇسلىدى، ئاندىن ھاياجان بىلەن يېڭىدىن يازغان شېئىرىنى يادقا ئوقۇپ، سۆزىنى تۈگەتتى :

ئۇكى، ئەربابى ھىدايەت باشلىرىغا تاج سەن،
مەۋجلىك دېڭىزلاردۇر، بىر قەترە دەريايىڭ سېنىڭ،
قارا زۇلمەت كېچىلەردە سۇبھىنىڭ جۇلاسىدەك ئۆزۈڭ،
ئېھتىياجلىقتۇر ئالەم يۈزۈڭ يورۇقىغا سېنىڭ!
...
ئى پۈتۈگىنىڭ چېكىدۇر ئەۋجى ھاۋا ئۆزرە كۈن - ئاي،
ئىككى كەشىڭ توپاسىنى سۈرمە قىلىپتۇر تولۇن ئاي! ...

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن شېئىرى مۇراسىم ئەھلى ئارىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر ئىچىدە سوغۇق تەسىر قوزغىدى. بۇنداق ئەسەبىيلەرچە ئېيتىلىۋاتقان مەدھىيە ۋە ئۇلۇغلاش سۆزلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ئادەم زاتىغا ئەمەس، پەقەت بىرلا ئۇلۇغ ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ بەرھەق ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا خاس بولغان تەرىپ - تەرغى-

① قۇتبۇل ئەقتاب — ئاللانىڭ دۇنياغا يۈز يىلدا بىر كېلىدىغان شۇبھىسىز ۋاستىچىسى.
② پارسچە «ھىدايەتنامە» قوليازمىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 5 - بەت.
③ ئارىف — بىلىملىك، دانا.

باتلار ئىدى. بۇنداق سۈپەت ـ ئىبارىلەر ئاپاق خوجىدەك سوپى ئىشان-
نى ئۇلۇغلاشقا ئىشلىتىلسە، بۇ سىپى ئۆزىدىن كۇپۇرلۇق بولاتتى.

توپنىڭ ئىچىدە ئىككى قولى بىلەن ھاسىسىغا تايىنىپ دۈمچەرەپ تۇرغان بىر مويسىپىت زادىلا تاقەت قىلالمىدى، ئۇنىڭ كۈمۈشتەك ئاقارغان ئاپئاق ساقاللىرى تىترەپ، چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنى چاچراپ تۇراتتى. ئۇ مۇشۇ شەھەردىكى چوڭ جامەنىڭ ئىمامى — كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىشەنچىگە سازاۋەر بولغان بارات ئەلەم ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي يېنىدىكىلەرگە زەردە بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— بەتبەخت، شۇم ئىغىز! نېمىدەپ بىلجىرلايدۇ ئۇ؟! ئۇنىڭ كۇپۇرانە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىزمۇ گۇناھكار بولدۇق. بۇ يالغانچىلىق، ساختىلىق ـ مۇناپىقلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەسمۇ! قايسى مۇسۇلماننىڭ ئېيتىدىغىنى ئاۋۋال خۇدا بىلەن روسۇلۇللانىڭ سۆزى، ئاندىن كېيىن مۇجتەھىدلەر[①] بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ سۆزى بولسا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۆگەنسە بولىدۇ. لېكىن، ئاۋۇ رىياكار سوپىدەك گۇمراھلىق بىلەن ئاغزىغا كەلگەننى دېيىش — مۇقەددەس قۇرئان كەرىمگە، ئىسلام يولى، ئىسلام ئەقىدىسىگە خىلاپ يول تۇتقانلىق بولماي نېمە ؟! پاسىق ماختالسا، خۇدا غەزەپكە كېلىدۇ، ئەرش تىترەيدۇ! ئاللا ئىنسانلارغا مۇنداق بىر تەبىئىيلىكنى ئاتا قىلغان — پەقەت ئۇلۇغ ئاللاغىلا ئىبادەت قىلغان ئادەم ئارام تاپىدۇ، بارلىق ھەمدۇسانا ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغىلا خاس! شۇڭا ھەزرىتى روسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: «گەپنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۆت سۆزدۇر: سۇبھانالللا، ئەلھەمدۇلىللا، لائىلاھە ئىللەللاھۇ، ئاللاھۇ ئەكبەر»[②] ! — بارات ئەلەم شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ سەل پەسكويغا چۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىككىيلەن ئۇنى چارچاپ يىقىلىپ

① مۇجتەھىد — قۇرئان ۋە ھەدىسكە مۇكەممەل مەنە ئېيتالايدىغان ئۆلىما.

② ئاللانى ئۇلۇغلايمەن، جىمى مەدھىيە ئاللاغا مەنسۇپ، بىر ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق، ئاللا ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر.

چۈشمسۇن دېگەندەك، قولتۇقىدىن يۆلىدى. شۇ چاغدا، ئۇ ئاۋازىنى بۇرۇنقىدەك پەسەيتىپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى، — ئىلاھا، دىن – شەرىئەتكە ھىدايەت قىلغايسەن، ئىبقىلغا يېقىنلىق بەرگەيسەن، نادانلىق، جاھالەت، ئازغۇنلۇقتىن يىراق قىلغايسەن. مەرد. پەت ھىدايەتچىسى شەمئىنىڭ نۇرى بىلەن، رىسالەت چىرىغىنىڭ نۇرى بىلەن دۇنيا سائادىتىنى ۋە ئاخىرەت نىجاتلىقىنى بەرگەيسەن. خۇدبىن – خۇدرەيلىك غۇبارىنى، كىبىر – تەكەببۇر توزانىنى كۆڭۈل. لىرىمىزدىن پاك – پاكىز كۆتۈرگەيسەن. ئى خۇدا، ھەممىگە مۇھەببەت دەرياسىدىن نەسىبە، شەۋق خەزىنىسىدىن پەيز ئاتا قىل، كارامەت بۇيرۇ! ...

دۇئادىن كېيىن، بارات ئەلەم «ئۇھ» دەپ يېنىك تىنىدى، قاپاقلىرى ساڭگىلىغان ئويچان كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئەتراپتا بولۇۋاتقان ئىشلاردىن ئۆزىنى پىنھان قىلدى.

شۇ چاغدا، خۇددى «بۇرۇتقا خاپا بولسام، ساقال چىقتى» دېگەن. دەك، يەنە بىر رىياكار سوپى شاھ سۇپىغا چىقىپ، غالدان بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ ماڭدى. بۇنداق سىپايە، ئەدەپ ۋە ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ كېلىۋاتقان بۇ كىشى ئاپاق خوجىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇخلىسلىرىدىن مەۋلانە موللا نەقى ئىدى. ئۇ غالدان بىلەن ئاپاق خوجىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قوڭۇرەك، ساقاللىق يۈزىنى جامائەت تەرەپكە بۇراپ، تەمكىن، ياڭراق ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— خۇدا پىر – ھەزرىتىم ئاپاق خوجىغا شۇنداق نۇسرەت ئاتا قىل. غانكى، ئۇنىڭدىكى پەم – پاراسەت، ئىنساپ – دىيانەت، پەزىلەت – كا. مالەت، كۈچ ۋە قۇۋۋەت ھېچقانداق ئىنسان باللىسىدا تېپىلمايدۇ. ئۇ مۇشۇ سۈپەتلىرى بىلەن قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەرىقەت ئەقىدى. لىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئاللانىڭ مۇشەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. ئاللا ئىگەم ئۇنىڭغا بىپايان موغۇلستان دىيارىدىن لەكمىڭ – لەكمىڭ مۇسۇلماننى مۇرىت قىلىپ بەردى. مانا بۈگۈن پۈتكۈل قەشقەرىيە

دىيارىنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. ئۇ سەلتەنەت تەختىدە ھەقلىق ئولتۇرغۇچى ئۇلۇغ سۇلتان، زور قەھرىمان! ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ ئالىيلىقى كۈندىن روشەن، ھەسەبىنىڭ[1] كامالىي تۈندىنمۇ مەئلۇملۇق! ئۇنىڭ سايىسى خالىس مۇسۇلمانلار ئۈستىدە قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ. ئەمدى ھەممىمىز بۇ پىر ـ ئەۋلىيارىمىزنىڭ مۇقەددەس سەلتەنىتىگە مۇبارەكبادلىق قىلىپ، سىزغان سىزىقىدىن چىقماي، يولىدىن تايماي، ئاخىرەتلىك ئۈچۈن جان تەسەددۇق ئەيلىگەيمىز. ئۇلۇغ پىر ـ ھەزرىتى ھىدايىتۇللا ئىشانغا، قۇتبۇل ئەقتابى ئاپاق خوجىغا قول بەرمىگەن، بەيئەت قىلمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىككىلا ئالەملىكى قارادۇر! بەختىمىزگە ئۇلۇغ ئاللا بۇ زاتنىڭ ئۆزىنى سالامەت، دۈشمەنلىرىنى مالامەت قىلغاي!...

مەدھىيە ـ ماختاش، ئۇلۇغ گەپ، ئۇلۇغ سۆزلەر ئەنە شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. بۇ سۆزلەردىن ئاپاق خوجا ھۇزۇرلىنىپ، بەئەينى شېرىن مەي ئىچكەن ئادەمدەك كەيپى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. لېكىن، تۆۋەندە — مەجبۇرىي قاتارغا تىزىلىپ ئۆرە تۇرغۇزۇلغان مۇراسىم ئەھلى ئىچىدە بولسا، بەزىلەرنىڭ غىدىقى كەلدى، بەزىلەرنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، بەزىلەر پىسەنتكە ئالمىدى. بارات ئەلەمگە ئوخشاش ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدىغان ئوقۇمۇشلۇق، ئىمانى كامىل ئادەملەر بولسا، چىدىغۇسىز ئاچچىق يۇتۇۋالدى. ئەگەر شۇ تاپتا، ئۇلار ئاچچىقىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە بەلكىم مەدھىيە، ئۇلۇغ سۆزلەرگە تولغان بۇ تەنتەنىلىك مەيدان قارغىشقا كۆمۈلۈپ، ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئاچچىقىنى، ئەلىمىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىچىگە يۇتتى. چۈنكى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن، پۈتكۈل قەشقەرىيە تەۋەسىدە نامازدا ئوقۇلىدىغان خۇتبە ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان تامغىلار ئەنە شۇ ئاپاق خوجىنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى بىلەن بېزىلەتتى، ئۆز ۋاقتىدىكى سەئىدىيە خانىدانلىقىغا قاراشلىق پۈتكۈل ئەل

---

① ھەسەبى — مەرتىۋىسى، شان ـ شەۋكىتى.

ئاشۇ كاتتا ئىشانغا قاراشلىق بولاتتى.

## 2

بىر كۈننىڭمۇ خۇددى ئىللىق قۇياش چاقنىغان يورۇق چىغى ۋە ئاي ـ يۇلتۇزسىز سۈرلۈك قاراڭغۇ ۋاقتى بولغانىغا ئوخشاش، بايىقى تاج كىيگۈزۈش مۇراسىمىنىڭمۇ ماختاش سۆزلىرى بىلەن مەدھىيە شېئىرلىرىغا تولغان تەنتەنىلىك كۆرۈنۈشلىرى ئاخىرلىشىپ، دەھشەت باسقان قورقۇنچلۇق مەنزىرىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ئاپاق خوجا قولىدىكى ئالبي هوقۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان ئالتۇن سەۋلىجاننى شىلتىپ تۇرۇپ، يېنىدىكى مۇلازىملىرىغا ۋارقىرىدى:

— ھەپسە ـ زىنىدانلاردىكى بارلىق گۇناھكار ئازغۇنلار، تۇزكور مۇرتەدلەر ئېلىپ چىقىپ سازايى قىلىنسۇن!

مانا بۇ — ئاپاق خوجىنىڭ خانلىق تاجىنى كىيىپ ئالتۇن سەۋلىجانىنى شىلتىپ، شاھ سۇپىسىدا گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، تۇنجى قېتىم چۈشۈرگەن خانلىق يارلىقى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ كەيپى چاغ، ئاۋازى ياڭراق، كۆزلىرى ئويناق ئىدى. ھوقۇقنىڭ سۈرى، سەلتەنەتىنىڭ ھۇزۇرى ئۇنى ئاشۇنداق قالتىس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاق سارايىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن يالاپ چىقىلغان بىر مۇنچە مەھبۇسلار شاھ سۇپىسىنىڭ ئالدىغا قاتار تىزىلدى. ئۇلارنىڭ قوللىرى ئارقىغا باغلىنىپ، بوينى قىل ئارغامچا بىلەن بىر ـ بىرىگە زەنجىرسىمان چېتىۋېتىلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىلىڭ ۋە يىرتىق، پۇتلىرى يالاڭ ئاياغ ئىدى. تاياق زەربىدىن ھەممىسىنىڭ دىگۈدەك پۇت ـ قول، باش ـ كۆزلىرى ئىششىپ، كۆكىرىپ، ئادەم تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى، ئۇلار بىرنەچچە كۈندىن بېرى قورساق تويغۇدەك، بەدەن ئىللىغۇدەك بىر نەرسە يېمىگەچكە، كۆزنىڭ ئاچچىق سوغۇقىدا غالىلداپ، يېڭى خاقانىنىڭ هۆكۈمىنى تېزرەك

ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ تۇرۇشاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەكسەن ئىككى ئادەم بولۇپ، ئىسمائىل خان خانىدانلىقىنىڭ ھەربىي، مۇلكىي ئەمەلدارلىرى ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى، شۇنداقلا، ئاپاق خوجىنىڭ دىن ـ شەرىئەت يولىدىكى مەزھەپ رەقىبلىرى ئىدى. بۇلار بۇ يەردە تۇرغان ئاۋام خەلقنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق ئىدى. شۇڭا، بايا ئۇلار يالاپ چىقىلغاندا، خۇددى دەھشەتلىك بوران خەلق توپىنى ئارىلاپ ئۆتكەندەك، پۈتۈن ئالىمان گۇرۇلدەپ كەتتى. ھەممىنىڭ نەزىرى ئۆرۈلۈپمۇ ـ چۆرۈلۈپمۇ ئاشۇ بىچارە مەھبۇسلارغا تىكىلىپ قالغانىدى.

ــ ئەي خالايىق! ــ دەپ يەنە سۆز باشلىدى ئاپاق خوجا قولىدىكى سەۋلىجانىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، ــ ئالدىڭلاردا شۈمشەرەپ تۇرغان بۇ ئاسىي گۇناھكارلار يېڭى خانىدانلىقىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى، ئۇلار يوقالمىسا جاھان تىنچىمايدۇ، رەئىيەتكە ئامانلىق بولمايدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى لەنەتكەردى قارا يۈرەكلەر، ئىشەنمىسەڭلار بىز ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى كۆرۈپ باقايلى! ــ ئۇ يېنىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان بىرنەچچە سوپى جاللاتلارغا ئىشارە قىلدى، ــ قېنى، جازانى باشلاڭلار!

ئاپاق خوجىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ موللا ساقى، موللا شاھباز ۋە دەرۋىش خوجا قاتارلىق يەتتە ـ سەككىز سوپى ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى. ئۇلار تەختكە يېڭى ئولتۇرغان ئۇلۇغ خانى ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ سادىق قۇل، سەممىي چاكارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، خەنجەرلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، تۇتقۇنلارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇلارنى شۇ جايدىلا بوغۇزلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا ئۇلارغا قادالدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق تەلۋىلەرچە قاراشلىرىدىن قانداقتۇر ئۆكتەملىك، ھەتتا يوشۇرۇپ بولماس بىر خىل ئىچكى قارىلىق بىلەن خۇنخورلۇق چىقىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئىككىسى بىردىن مەھبۇسنى باسىقداپ، مەيداننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تۈگمەن بېشىغا ئېلىپ چىقتى. بۇ تۈگمەن

ئەزەلدىن خانلىق ئوردىسىنى ئۇن بىلەن تەمىنلەيدىغان بىردىنبىر ئەسلىھە ئىدى. بۈگۈن بولسا، بۇ يەر قانلىق جازا مۇنبىرىگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

دەرۋىش خوجا بىلەن موللا ساقى ئالدى بىلەن ئاستانە شەھەرنىڭ سابىق ھاكىمى ھەيدەر بەگنى يەلكىسىدىن بېسىپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى - دە، ھايت - ھۇيت دېگۈچە كۆكسىگە خەنجەر ئۇرۇپ كۆكرىكىنى ئاچتى، قوۋۇرغىسىنىڭ تېگىگە قولىنى تىقىپ يۈرىكىنى ئۈزۈۋالدى ۋە تېخىچە لىپىلداپ، قىپقىزىل مارجاندەك قان تامچىلىرى تەپچىپ تۇرغان ئىسسىق يۈرەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاۋۋال ئاپاق خوجىغا، ئاندىن خالايىققا كۆرسەتتى.

ئۇلارنىڭ قانلىق قولىدىكى ئالمىدەك يۈرەكتىن ئىسسىق ھور كۆتۈرۈلەتتى، بۇ كۆرۈنۈش كىشىلەرگە گويا قىپقىزىل يېنىپ تۇرغان چوغلۇق مەشئەلنىڭ نۇر زەررىلىرىدەك بىلىنىپ كەتتى.

جاللاتلار ئاغزى - بۇرنى ئېتىلگەن تۇتقۇنلارنى تۈگمەن بېشىدا ئارقا - ئارقىدىن ياتقۇزۇپ، بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ خەنجەر ئۇرۇشقا ۋە يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ نامايىش قىلىشقا باشلىدى. كۈن قايرىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، سەكسەنگە يېقىن مەھبۇسنىڭ كۆكسى تىلىنىپ، يۈرىكى سۇغۇرۇپ ئېلىندى. بۇ چاغدا، تۈگمەن تېشى سۇ بىلەن ئەمەس، ئادەمنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدى. شىرقىراپ چۈشۈۋاتقان قان ئاۋازى باغدىكى ئۈچار قۇشلارنىمۇ ئۈركۈتۈۋەتكەنىدى. بۇرۇن گۈل - گىياھ، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ پۇرىقىدا خۇش ھىد چېچىپ تۇرغان باغ ھاۋاسى ئەمدى ئادەم قېنىنىڭ بىخسىپ تۇرغان ھىدى بىلەن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتاتتى.

قان ئۆيۈتمىسى ئىچىدە تېخىچە ھاياتقا قىيماي لىپىلداپ تۇرغان ئاتەش يۈرەكلەر يوغان بىر پەتنۇسقا دۆۋىلەنگەنىدى. ئاپاق خوجا بۇنى غالدان بىلەن ئۇنىڭ سەركەردىلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان بۈگۈنكى شاراب زىياپىتىنىڭ قورۇمىسى قىلىپ بەرمەكچىدى.

تېپىرلاپ تۇرغان ھەربىر جانغا خەنجەر ئۇرۇلۇپ، يۈرىكى سۇغۇ-

رۇپ ئېلىنغاندا، بۇنداق مۇدھىش، قاباھەتلىك مەنزىرىگە قاراپ تۇرغان ھەربىر ئادەمنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىداپ تۇرالماي كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن دەسلەپ كۆرگەن ئاشۇ مۇدھىش مەنزىرە ھامان ئۇلارنىڭ كاللىسىدا تەكرارلىنىپ، جېنىغا ئارام بەرمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى كۆڭلى ئاينىپ قەي قىلىۋەتتى، نۇرغۇنلىرى بولسا نېرۋىلىرى چىداشلىق بېرەلمەي ھوشىدىن كەتتى. ھەتتا شاھ سۇپىسىنىڭ بىر بۇرجىكىدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان ئىسەن بۇقەنىڭمۇ يۈرىكى خۇددى بىرى سوغۇق قول بىلەن مۇجۇۋاتقاندەك يېقىمسىز ئاغرىدى. بىر ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە شەپقەت قولىنى سوزۇپ ساخاۋەت كۆرسەتكەن ھەيدەر بەگدەك مۇرۇۋۋەتلىك ئادەملەرنىڭ كاج تەقدىر تەرىپىدىن بۇنچىلىك شەپقەتسىزلەرچە جازالىنىشى ئىسەن بۇقىنى قارا باسقاندەك ئېزىپ، گاراخ قىلىپ قويدى. ئۇلار ھەرقانچە گۇناھ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا بۇنداق قىلىپىدىن چىققان دەھشەتلىك جازا بېرىپ سازايى قىلىشنى ئۇ ئانچە راۋا كۆرمەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ رەڭگى تاتىرىپ، يۈز مۇسكۇللىرى سېزىلەرلىك تىترەشكە باشلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆزىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا شاھانە سۇر - سالاپەتتە ئولتۇرغان ئاپاق خوجىغا چۈشۈشى بىلەن دەرھال ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، بايىقىدەك خىياللارغا بېرىلىشىنىڭ ئۆزى بىر خىل گۇناھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە، پىر - ئۇستازى ئاپاق خوجا ھەرگىز خاتا قىلمايتتى. ئۇنىڭ سۆزىگە، قىلغان ئىشىغا شەك كەلتۈرۈش — بىر خىل ساداقەتسىزلىك ھەم ئازغۇنلۇق ھېسابلىناتتى.

ئىسەن بۇقا شۇنداق ئىزتىراپلىق خىياللار ئىلكىدە تۇرغاندا، ئارقا تەرەپتىن كىمدۇر بىرسى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ تۇرۇپ، خىسراۋ دېھلەۋىنىڭ ئىككى مىسرا شېئىرىنى ئوقۇپ ئارام تاپقاندەك بولدى:

«ئۆزگىنى يېيىشتىن كىمكى بولسا شات،

بۆرە دېگىن ئۇنى، دېمە ئادەمزات!»

ئىسەن بۇقا ئارقىسىغا قايرىلىپ، كۆزلىرى بىلەن شېئىر ئوقۇغان ئادەمنى شۇنچە ئىزدەپمۇ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئەمما شېئىر ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇ پېتى ئورناپ قالدى.

تۇتقۇنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرى قالدى، بۇ ئىسمائىل خاننىڭ ئەمىرى ھاۋازبەگ ئىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بايىقى مالامەتلەرنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي، ئاپاق خوجا بىلەن جاللاتلارغا تىل سالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاغزىغا پاختا تىقىلىپ، بېشى ئىنچىكە شوينا بىلەن قاڭتۇرۇۋېتىلگەنىدى.

غالدان ئۇنى ئالدىغا ئەكېلىشكە بۇيرۇق قىلدى. بىر نەچچە جۇڭغار چېرىكى بىلەن ئىككى پىچاقچى سوپى ئۇنى دۆشكەللىگىنىچە غالداننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. غالدان ئۇنىڭغا بېشىدىن ـ پۇتىغىچە سەپسالدى. يېشى ئەللىككە يېقىنلاشقان، دوغىلاق، بۇقا بويۇن، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، ساقاللىق، قامەتلىك بۇ ئادەم بەئەينى تۆمۈر باغلاقتا چۈشكەن شىردەك ئۆرىدەپ، يۇلقۇنۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاپقىدىن قار يېغىپ، غەزىپىنى باسالمىغاندەك سوغۇق ئۆمسە كۆرۈنۈشى ھەم ئۆتكۈر كۆزلىرىدە قادىلىپ قاراشلىرى قانداقتۇر ئالاھىدە غەيرەت ـ شىجائەت بىلەن باتۇرلۇقنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئۆزىنىڭ خانلىقىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ تۇرغان ئاپاق خوجىنى نەزىرىگىمۇ ئالمىدى، غالداندەك جۇڭغار كاتتىسىنىڭ ئالدىدىمۇ ئۇنىڭ ھالىتى بىنەزەر ئىدى.

غالدان تىلماچ ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن تىل تېپىشقا ئۇرۇندى:

ــ مەن سىزنىڭ باتۇر، قەيسەرلىكىڭىزنى ئۆتكەنكى جەڭلەردە كۆرگەن. مەن سىزدەك تۇرگۇن، غۇرۇرى كۈچلۈك باتۇرلارغا ئامراق. ئەگەر خالىسىڭىز، مەن سىزنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭىزدىن كېچىمەن، بىزگە ئىشلەپ بەرسىڭىز، بۇنىڭ بەدىلىگە سىزنى چەكسىز بەختكە چۆمدۈرىمەن.

— نېمە ؟! سەن مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ!؟ — دېدى ھاۋاز بەگ قىلچە ئاياپ تۇرماي، — سەن دېگەن بەخت يۇرتۇمنىڭ خارابىلىكلىرى ئۈستىگە، قېرىنداشلىرىمنىڭ جەسەتلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بەخت ئەمەسمۇ ؟! سەن مېنى شۇلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇسسۇل ئوينا دې-مەكچىمۇسەن ؟! بۇنداق ئىشلارنى ماۋۇنىڭغا ئوخشاش، — ھاۋازبەگ بىگىز قولى بىلەن ئاپاق خوجىنى كۆرسەتتى، — تۇزكور، ئاسىي، مۇ-ناپىقلار قىلىدۇ. مۇناپىق دېگەننىڭ ئىمانى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىمانى بولمىغاچقا، ساڭا ئوخشاش باسقۇنچى قانخورلارنى تىنچ ياتقان ئەلنىڭ ئۈستىگە باشلاپ كەلدى!

— ئاغزىڭنى يۇم مۇرتەد! — ئاپاق خوجا چىچاڭشىپ كەتتى، — بىشەۋكەتى غالدان ئالىيلىرى ساڭا ھىممەت كۆرسىتىۋاتسا، سەن كۆڭلى قارا نېمانداق ئۆزۈڭنى بىلمەيسەن! سەن دېگەن ھازىر بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئاجىز بىر چۈمۈلە، بارمىقىمىز بىلەن مۇشۇنداقلا بېسىپ قويساق تۈگىشىسەن. ئەمما، غالدان ئالىيلىرى سېنى قۇتقۇزۇپ قالماق-چى، سېنى بەختكە ئېرىشتۈرمەكچى، سەن بۇنداق مېھىر - شەپقەت بىلەن ھىممەتنى ئىسمائىلدىن كۆرگەنمۇ ؟ ئىسمائىل ساڭا بۇنچىلىك جان كۆيدۈرگۈدەك نېمە قىلىپ بەرگەن، ئېيتقىنە، نېمە قىلىپ بەر-گەن ؟

ھاۋازبەگ ئاپاق خوجىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ئۇنىڭ تېخى-مۇ ئوغىسىنى قايىنىتىپ، تىتاڭ تومۇرىغا تېگىش ئۈچۈن ئەتەي مۇنداق دېدى :

— ئىسمائىل خان ئادىل پادىشاھ، ئۇلۇغلار : «ئادىل پادىشاھنى قار-غاش ئالىيجانابلىققا خىلاپ » دەپ تەلىم بەرگەن. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈرىكىمنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ قويۇپ خىزمەت قىلدىم، ئۇ ھا-ياتلا بولىدىكەن، جېنىمنى يەنە داۋاملىق تەسەددۇق قىلىمەن. مۇبادا، مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، قەبرىسىگە بىر قەۋەت چاۋامنى يوپۇق قىلىپ ياپىمەن! سەن بۇنىڭ سىرىنى چۈشەنمەيسەن، ھىدايىتۇللا، چۈنكى سەن ئادەم ئەمەس، سېسىق ئەۋرەزدىن چىققان زەھەرلىك

چاپانسەن! ...

— سەن ... سەن ...

ئاپاق خوجا ئەلەمدىن بوغۇلۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي دۇدۇقلاپ قالدى. شۇنچە كۆپ ئاددىي پۇقرا ئالدىدا ئاشكارا ئاڭلىغان بۇنداق ئېغىر تىل ـ ئاھانەت ئۇنىڭ سەزگۈر كاللىسى بىلەن چېچەن تىللىرىنىمۇ كارغا كەلمەس قىلىپ قويغانىدى. ئۇ قولىدىكى سەۋلىجانىنى شىلتىپ ئەتراپتىكىلەرگە دوق قىلدى:

— نېمىگە قاراپ تۇرىشىسەن، بۇ زۇۋاندارنىڭ تىلىنى ئۇجۇقتۇرۇش!

ئەسەبىيلەشكەن ئىككى سوپى كالا بوغۇزلايدىغان پىچاقلىرىنى هاۋاز بەگنىڭ كانىيىغا تىرەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ جان يېرى بىلەن قورسىقىغا ئىككى ـ ئۈچنى تىزلىۋەتتى. ئاغرىق دەستىدىن ئۇ يېرىم پۈكلىنىپ، لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنى رۇسلاپ، تېخىمۇ دەرغەزەپ بولۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— هەي مۇناپىق هىدايىتۇللا، سەن هازىر قان ـ يىرىڭ ئىچىدە قالغان خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق نالىسى، سوپى ـ ئىشانلارنىڭ هۆكمەت ساداسى، قالماق باسقۇنچىلىرىنىڭ رەھىمسىز نەيزىسى ئاستىدا يۇرت سوراۋاتىسەن! لېكىن شۇنى بىلىپ قويىكى، خەلققە كۈلپەت يەتكۈزىدىغان، ئۆز نەپسى ئۈچۈن باشقىلارغا زىيان ـ زەخمەت كەلتۈرىدىغان هەرقانداق نائىنساپ باشلامچى — بەتنىيەت قاراقچىدۇر! بۇنداق قاراقچىلار ئادەمنىڭ بەدىنىگە قونۇۋېلىپ، پاشىغا ئوخشاش زەھەردەك چاقىسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر شاپىلاق بىلەن تەييار بولىدۇ. بەك گىدىيىپ كەتمە، سېنىڭ تەقدىرىڭمۇ شۇنداق. چۈنكى، ئەزەلدىن كەلگەن هېكمەت شۇ: ئىنەك كۆرگەننى موزايمۇ كۆرىدۇ!

ئاپاق خوجا ئەلەمدىن تىترەپ كەتتى، هاۋازبەگنىڭ ئاچچىق سۆزلىرى بەئەينى زەھەرلىك ئوقتەك ئېتىلىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، موللا شاهباز بىلەن دەرۋىش خوجىغا بۇ بالا تەگكۈر شۇم ئېغىزنى كۆزدىن يوقىتىشقا بۇيرۇدى، ئۇ ئىككىسى هاۋازبەگنىڭ بوينىغا ئارغامچا سېلىپ سۆرىگىنىچە شاھ سۇپىسىنىڭ يېنىدىن ئېلىپ ماڭدى.

بۇنىڭلىق بىلەن ھاۋازبەگنىڭ ئاغزى يەنە بېسىلمىدى، ئارغامچا بوغقان گېلى قىسىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن چىڭقىلىپ، كۈچەپ چىققان ئاۋازى يەنە خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇردى:

— قېرىنداشلار، يۇرتداشلار، بىز ئارمان بىلەن كەتتۇق، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمىدى ... ئەجدادىمىز قان - تەر بەدىلىگە بەرپا قىلغان زېمىننى قاغا - قۇزغۇنلارغا تارتقۇزۇپ قويدۇق ... لېكىن سىلەر ئۇنداق ئەمەس، نۇرغۇن ئىشنى كۆردۈڭلار، بىلدىڭلار ... سىلەر نى - نى ئىشلارنى قىلىسىلەر! ... ئەۋلادلىرىمىز ئۆز تۇپرىقىدا ئاققان ئىسسىق قانلارنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايدۇ! ...

ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقان ھاۋازبەگنىڭ ئاۋازىدىن، ئاھاڭىدىن ھەسرەت - نادامەتنىڭ ئاچچىق دۇتى ئۆرلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان خەلق توپى قاتتىق بىر تەۋرەش ئىچىدە تولغاندى، بۇنداق تولغىنىش ئۆز ئارىسىدىن ۋاقىتسىز كېتىۋاتقان شۇنچە كۆپ ئېسىل ئوغلانلىرىغا كۆزى قىيمىغان بەختسىز خەلقنىڭ چېكى يوق زۇلۇم - پاجىئەگە چىداپ تۇرالماي ئۆزىنى ئېتىشى ۋە ئۈنسىز ھازا بىلەن يۈرەكلىرىدىكى ئاچچىق زەردابلارنى چىقىرىشى ئىدى...

غالدان ھاۋازبەگنىڭ سۆرىلىپ كېتىۋاتقان مەزمۇت تېنىگە، ئوت چاچراپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ تىلماچ ئارقىلىق ھاۋازبەگنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى ئۇققۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز باتۇرلا ئەمەس، بەلكى يۇرت - خەلقى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان ۋىجدانلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئادەملەرگە تەڭ كېلىشنىڭ تەسلىكىنى، بۇنداق ئادەملەرنى بويسۇندۇرۇش خۇددى تۆمۈر قۇلۇپنى ياغاچ ئاچقۇچ بىلەن ئاچقىلى بولمىغاندەك مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى...

كۈن پاتتى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىر كۈنمۇ ئاخىرلاشتى، بۇ كۈن خاندىن تارتىپ پۇقراغىچە، گادايدىن تارتىپ زەردارغىچە ئۇنتۇلماس كۈن بولدى. چۈنكى، بۇ كۈنى بۇ يەردە ئەقىل - ئىدراك بىلەن ئىنسانىي مېھىر - شەپقەت ئۈستىدىن جاھالەت ۋە زوراۋانلىق كالتىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى...

# ئالتىنچى باب

## كۆيگەن جاھان

### 1

يەنە شۇنداق بىر كۈن باشلاندى، ھەممە يەرنى ۋەھىمە، غۇربەتچىلىك قاپلىغانىدى. رەستە ـ بازارلار شاۋقۇن ـ سۈرەنسىز، كىشىلەر جىمغىنە سودا ـ سېتىق قىلىشاتتى.

ئىسەن بۇقا سوگىسىز كەشىنى شاقىلدىتىپ كارۋان سارىيى ئالدىدىكى سەينادىن ئۆتتى، ئاندىن ياندىكى بازارغا بۇرۇلۇپ، كاللا ـ پاچاق ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىدا توختىدى. دۇكاننىڭ ئالدىدىكى پېشايۋاندا قوي ۋە قوچقار كاللىلىرى، جىگەر، بۆرەك ۋە ئۆپكە ـ قېرىنلار دۆۋىلەگىلىك تۇراتتى. يوغان ياغاچ تۇگدا ئىت ـ مۇشۇكلەرگە دەپ تاشلاپ قويغان بەز ۋە ئۈچەي ـ قېرىن تاشلاندۇقلىرى تۇراتتى. تۇڭ ئۈستىدە يېشىل، كۆل رەڭ چىۋىنلار غۇژۇلداپ كەتكەنىدى.

ئىسەن بۇقا دۇكاننىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئېگىز پۈتلۈق ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرنەچچە دېھقان بىلەن شەھەر كاسىپلىرى زاسوي شورپىسى ئىچىپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈنچاق تاماق شىرەسى مەينەتلىكىدىن ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقانىدى، لېكىن تېگى ـ تېگىگە سىڭىپ كەتكەن ماي ۋە يىلىكتىن ھېلىلا سىرلانغاندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۈستەل ئۈستىدە تېرىق، ئارپا ۋە قوناق نېنىنىڭ پۇقۇندىلىرى بىلەن بۇلغانغان يايپاڭ ھېجىر ـ تاۋاقلار دەستە ـ دەستە تۇراتتى، پاكىز غاجىلىنىپ ئاپئاق بولۇپ كەتكەن

چوقا، شىراق سۆگەكلىرى ھەممە يەردە چېچىلىپ ياتاتتى.

ئىسەن بۇقا بىر قاچا زاسۇي شورپىسى ئېلىپ، بېلىگە تۈگۈپ كەلگەن يېرىم زاغرىنى ئۇششاق ئۇۋۇتىپ چىلىدى، ئاندىن ئۆرۈك ياغىچىدا ياسالغان قوشۇق بىلەن ئىلەشتۈردى ـ دە، راسا ئېرىپ پىشقان كاللا ـ پاچاقنىڭ بىر نەچچە توغرام گۆشى بىلەن قوشۇپ ئىچىشكە باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆيدىكى قۇرۇق چاينى ئىچكۈسى كەلمەي، بۇ يەرگە كېلىپ ئىچىۋاتقان ناشتىلىقى ئىدى.

ئۇ ناشتىدىن كېيىن، بابا خوجا شەيخىنىڭ خانىقاسىغا بارماقچىدى. بۈگۈن ئۇ يەردە ئاپاق خوجىنىڭ يېقىن يارەنلىرىدىن ئاخۇن موللا ئاتاجان تاشكەندى دېگەن كىشى جەھرە سۆھبەت قۇرماقچىدى. ئىسەن بۇقا غىزالىنىپ بولۇپ، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر مۇنچە ئادەمنىڭ «ھەپتەئىي مۇھەممەدان[①] » تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يېنىدىكى بىر نەچچە ئادەمنىڭمۇ ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، شۇ تەرەپكە يۈزلىنىپ ماڭغانلىقىنى كۆردى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭدىمۇ شۇ تەرەپكە بېرىپ بېقىش نىيىتى تۇغۇلدى. بۇ يەر بىلەن ھەپتەئىي مۇھەممەداننىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس ئىدى، بىر گۈزەر بىلەن بىر رەستىدىن ئۆتسىلا يېتىپ باراتتى.

ئىسەن بۇقا كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ھەپتەئىي مۇھەممەدانغا كېلىپ قالدى. لېكىن، ئۇ كېلىپلا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنى يەنىلا شۇ كاللىنى قوداڭشىتىدىغان پاجىئەلىك مۇدھىش كۆرۈنۈشلەر ئىدى.

ھەپتەئىي مۇھەممەداننىڭ يېنىغا ئېگىز دار باغلانغانىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام ھاۋازبەگ ئەنە شۇ دارنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كېلىنىپ، دەسلەپ دارغا تارتىپ چىقىرىلىپ، كېيىن پەسكە — شۇ دارنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قېقىلغان بىلەكتەك چوڭلۇقتىكى قۇرۇق ئۆرۈك ياغىچىغا شىددەت

① ھەپتەئىي مۇھەممەدان — يەتتە قەبرە قاتۇرۇلغان كىچىك قەبرىستانلىق، تۈنەك ۋاقتىدا كىشىلەر چىقىپ تۈنەيدۇ.

بىلەن ئۆرۈپ چۈشۈرۈلۈپ، قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇلغانىدى، ئۇنىڭ ئارقا يولىدىن كىرگەن قوزۇق دۈمبىسىدىن تېشىپ چىققانىدى. قانغا بويالغان قوزۇقنىڭ نەيزىدەك ئۇچلانغان ئۆتكۈر ئۇچىدا قارامتۇل قىزىل قان داغلىرى تۈگۈر - تۈگۈر ئۇيۇپ قالغانىدى. قوزۇقنىڭ ئەتراپىدىكى سېغىز تۇپىلىق ئانا تۇپراقمۇ گويا ئۆز ئوغلانىنىڭ پاك ۋە ئىسسىق قېنى بىلەن سۇغۇرۇلغان بىر پارچە مۇقەددەس ئابىدىدەك قىپقىزىل يالتىراپ تۇراتتى.

ھاۋازبەگ نەچچە قېتىم ھوشىدىن كېتىپ، يەنە يېرىم - يارتا ھوشلۇق ھالەتكە كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قىپقىزىل يۈزلىرىدە قان دىدارى يوق ئىدى، تاتىرىپ، قارىداپ كەتكەنىدى، قاتمۇقات گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى بولسا، كۆكىرىپ، ئىششىپ قالغانىدى، خۇنى قاچقان كۆزلىرىدىن ھايات شامى ئۆچۈپ، ئۆلۈمنىڭ سوغۇق ئەلەڭگىسى جىمىرلاپ تۇراتتى.

ئۇ ناھايىتى زەئىپ ئاۋازدا ئۆزىگە - ئۆزى پىچىرلىغاندەك ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلەيتتى:

— جېنىم قاقشاپ كەتتى... مېنى چېپىپ تاشلاڭلار! ... خۇش بولاي ... چېپىپ .... تاشلاڭلار....

لېكىن، بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا كېچىچە گۈلخان يېقىپ، بەڭ تارتىپ، ئۇنىڭغا جىسەكچىلىك قىلىپ چىققان ئىككى خاراموش سوپى ئاڭلىمايتتى.

بىر - بىرىدىن خەۋەر ئاڭلاپ، بۇ يەرگە يىغىلىشقا باشلىغان خەلق گويا تۇيۇقسىز ئۇ دۇنيادىكى دوزاخنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك چۆچۈپ شۈركۈنۈپ كېتىشتى، بەزىلەر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىسا، بەزىلەر «خۇدا!» دەپ ئۈنلۈك نىدا قىلاتتى. بەزىلەر بولسا، يۈرەك باغرى ئېزىلىپ ھەسرەت بىلەن ئۆكسۈيتتى.

ئىسەن بۇقا يا تۇرۇشنى، يا كېتىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھازىرقى ھاۋازبەگ ئەمەس، بەلكى تۈنۈگۈنكى — غالدانىنىمۇ، ئاپاق خوجىنىمۇ پىسەنتىگە ئالماي، بىر مۇنچە

ئىسيانكار سۆزلەرنى قىلغان ھاۋازبەگنىڭ قەيسەر، مەردانە قىياپىتى گەۋدىلەنگەندى. تۈنۈگۈن ئۇ شاھ سۇپىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپلەرنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئاڭلىدى، ئاڭلاپ بولۇپ، ھاۋاز بەگنىڭ نېمە ئۈچۈن بەخت - ھالاۋەتتىن كۆرە، ئازاب - ئوقۇبەتنى، ھاياتلىقتىن كۆرە، ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرگەنلىكىگە ھەيران بولغانىدى. «ئەجەبا، ئۇ ماقۇل دېسىلا ھايات قالاتتىغۇ، — دەپ ئويلىغانىدى ئۇ شۇ ھەيرانلىق ئىچىدە، — غالدان ئالىيلىرى ئۇنى بەختكە چۆمدۈرىمەن دېدىغۇ. تۇۋا، نېمانداق كاج، ئەخمەق ئادەم بۇ ...» لېكىن، ئۇ يەنە تۇرۇپلا ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويغانىدى: «بۇ ئادەم ئۆز جېنىدىنمۇ ئەۋزەل كۆرگەن ئەل - يۇرت، قان - قېرىنداش دېگەنلەر يالغۇز مۇشۇ ئادەمگىلا تەئەللۇقمۇ؟ مەنمۇ مۇشۇ ئەل - يۇرتنىڭ پۇقراسىغۇ ... ۋاي خۇدايىمەي ... نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم - ھە، پىر - ئۇستازىم ھەمىشە ‹سوپى - دەرۋىش ئۈچۈن ئاللانىڭ ئىشقىدىن باشقا خىياللارنى قىلىش ھارام!› دېمىگەنمىدى ...»

مانا ھازىر ئىسەن بۇقىنىڭ نەزىرىدىكى «قەيسەر، مەردانە» ئادەمنىڭ ئۆلەر ھالەتتىكى بىچارە، ئېچىنىشلىق قىياپىتى ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر قېتىم تەۋرەش پەيدا قىلدى. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى روھ بىلەن ئىرادىگە ھەيران قالدى.

شۇنچە ئېغىر، قەبىھ جازامۇ بىر كېچىدىن بېرى ئۇنىڭ جېنىنى ئالالمىغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنى يەنە بىرمۇنچە چىگىش سوئاللار قاپلىۋالدى، يۈرىكىدە بولسا، بىر خىل ھەيرانلىق ۋە تەئەججۈپ ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق ئۆز ھەلەكچىلىكىدە تۇرغاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىلەر توپى ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ: «ئەي خۇدا، خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى يەر يۈزىنى ئىگىلەپ بولدى، ئەمدى ئاسمىنىڭغا ھېزى بول!» دېگەن تەئەددىيلىك نالىسى ئاڭلاندى.

ئىسەن بۇقا بۇ يەردە كۆپ تۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ھاۋازبەگ تەرەپكە قاراپ - قاراپ قويۇپ ئارقىغا ياندى. بۇ چاغدا،

ھاۋازىبەگنىڭ يوغان بېشى خۇددى تۈۋىگە پالتا تەگكەن چىنار شېخىدەك لەسسىدە تۆۋەن چۈشۈپ كەتكەنىدى.

## 2

بۇ يەر — «رەشىدىيە مەدرىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قەۋەتلىك، ئۈچ يۈز ئاتمىش ھۇجرىلىق ئازادە، كۆركەم بۇ ئىمارەت ئالىم ۋە ئۆلىمالار ماكانى ئىدى. تارىختىن بۇيان يۈزلىگەن، مىڭلىغان تالىپلارنى ئىنسانىي خىسلەتلەر بىلەن تەربىيىلىگەن مەرىپەت ئوچىقى، كامالەت پايىسى ئىدى. بۇ يەرگە يالغۇز قەشقەرىيە تەۋەسىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە كەشمىر، كابۇل، سەمەرقەند، قوقەند، پاكىستان قاتارلىق قوشنا ئەللەردىنمۇ تالىپلار كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلاتتى. بۇ يەردە ئوقۇپ چىققانلار جاي - جايلارغا قازى ئەلەم، قازى رەئىس، داموللا، مۇپتى، مۇدەررىس، خەتىپ، ئوردا خادىملىرى، دىۋان كاتىپلىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىپ، ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلاتتى. ئۇلار دۆلەتنىڭ روھىي تۈۋرۈكلىرى ھېسابلىناتتى. «رەشىدىيە مەدرىسى» ئۆز تارىخىدا سەئىدىيە خانىدانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق روھىي تۈۋرۈكلەردىن تۈمەنلەپ يېتىشتۈرگەنىدى.

مەدرىسە ھۇجرىلىرىنىڭ قېلىن تاملىرى خۇددى ھېلىلا سىلىق سۇۋاق قىلىنغاندەك سىلىق ھەم پارقىراق ئىدى. بۇ تاملارنى يىللاردىن بۇيان تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئوقۇپ كەلگەن ئەنە شۇ تالىپلار قىش - ياز سۈركىلىپ ئولتۇرۇپ، ئەنە شۇنداق ئەينەكتەك غىلتاڭ قىلىۋەتكەنىدى.

بۈگۈن مانا شۇ كاتتا بىلىم يۇرتى — كىشىلەر ھۆرمەت بىلەن «ئالتۇن مەدرىسە» دەپ ئاتايدىغان مەرىپەت ئوچىقى غالدان چېرىكلىرى بىلەن ئاپاق خوجا سوپىلىرىنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىگە ئېلىنغانىدى. مەدرىسە ئىچىدە تالىپلاردىن باشقا، ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدىن قېچىپ بۇ يەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان شەھەر ئاھالىسى بىلەن يەنە

بىر قىسىم ئىسمائىل خاننىڭ ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلىرىمۇ بار
ئىدى. ئۇلار بۇ يەرنى ئەرسات قاپلىغان شەھەردىكى ئەڭ تىنچ، بىخە-
تەر جاي ھېسابلايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ يەرمۇ ئاللانىڭ
ئۆيى ھېسابلىنىدىغان مەسچىتكە ئوخشاش، ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان،
ئىسلام يولىنى ئۆگىنىدىغان مۇقەددەس جاي ئىدى.

قارىقويۇق قىرغىن، تۇتقۇن ۋە ماكانسىزلىقتىن مانا بۇ يەرگە توپ-
لىشىپ، بۇ يەرنى ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھى قىلغان مىڭدىن ئارتۇق ئا-
دەم تۈنۈگۈندىن بىرى ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتاتتى. ئاپاق
خوجىنىڭ پىچاقچى سوپىلىرى بۇ يەرگە كىرىدىغان سۇ مەنبەسىنى
ئۈزۈۋەتكەنىدى. ئىككى يۈزگە يېقىن تالىپنىڭ ئون نەچچە تاغار زاپاس
ئاشلىقىمۇ بۇ يەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بۇنچە كۆپ ئالىمانغا تېجەپ
ئىشلەتسە بىرنەچچە كۈنلا يېتەتتى. شۇ ھالەتتىمۇ ئۇلار سىرتقا چىقىش-
قا ئۇنىمىدى. ئاپاق خوجىنىڭ يالغان - ياۋىداق ۋەدىلىرىگە ئىشەنمە-
دى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەقىقەت — ئۆلۈم بى-
لەن ۋەيرانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ
كۆپچىلىكى يا ئاتا - ئانىسىدىن، يا بالا - چاقىسىدىن، يا ئۇرۇق -
تۇغقىنىدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالغان قىساسخورلار ئىدى. شۇڭا،
ئۇلار مەدرىسە ئىچىدە بېشىغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرۈشكە قەسەم قىلى-
شىپ، مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىچىدىن مۇستەھكەم ئېتىۋەتكە-
نىدى.

بۈگۈن ئاپاق خوجىنىڭ سەۋر قاچىسى تولدى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى
غالدانغا بۇ يەرگە ئوت قويۇۋېتىشنى ئېيتقاندا، غالدان ئويلىنىپ قالغا-
نىدى. ئۇ كۆڭلىدە: «بۇ يەر بىلىم يۇرتى ئىكەن، نۇرغۇن ئېسىل كى-
تابلارنىڭ بارلىقى چوقۇم. ئىچىدىكى ئادەملەر بىلەن بىللە ئۇ كىتابلار-
مۇ كۆيۈپ كەتسە، كېيىنكىلەرنىڭ قارغىش - لەنىتىگە قالىدىغان
گەپ، ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى تەسلىم قىلىش كېرەك ...» دېگەن پى-
كىرلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئاپاق خوجىنى يەنە بىر ئاز سەۋر قىلىشقا دەۋەت
قىلغانىدى. لېكىن، بۈگۈن ئاپاق خوجىنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ قالدى،

مەدرىسە ئىچىدىكىلەر تەسلىم بولۇش تۈگۈل، ئۇنىڭ يېغىرىغا، زىنتىغا
تېگىدىغان قاتتىق گەپلەرنى قىلدى. بولۇپمۇ ئىسمائىل خاننىڭ
ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىن ئەركابەگ بىلەن ھەربىي سەركەردىسى بەھرام
سۇلتاننىڭ ئوقيا ئارقىلىق ئېتىپ چىقارغان خېتى ئۇنىڭ قاتتىق ئوغ-
سىنى قايناتتى. خەتتە مۇنداق گەپلەر يېزىلغاندى: «ھەي، ھىداي-
تۇللا ئىشان! دۇنيادا خۇداغا سېغىنىشتىن ئارتۇق لەززەت يوق! بىز بۇ
يەردە ئاللاغا سېغىنىپ، ئۆز ئىبادىتىمىز بىلەن تۇرۇۋاتىمىز، ئەمدى بىز
بىلەن ئېيتىشما! بۇ يەردىكىلەر ئۆلىما، تالىپلار، ئاللانىڭ ئالىملىرىنى
تونۇغان كىشى ئەھلى سۈننەت دېگەن نەرسىنىڭ ھەقلىقىنى بىلىدۇ.
بۇ يەردە يەنە نۇرغۇنلىغان ئاددىي پۇقرا، مەزلۇمە ۋە نارەسىدە بالىلار
بار. ئۇلارغا ھاياتلىق يولى بەر! ئەگەر سەن بۇ يەرگە يەنە چېقىلىدىغان
بولساڭ، خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسەن، ئاۋام خەلق سېنى ھەرگىز
كەچۈرمەيدۇ! ئېسىڭدە بولسۇنكى، دۇنيادا مەزلۇملارنىڭ ئاھىدىن،
ئۇلارنىڭ دۇئايىبەتىدىن ئۆتكۈر ئوق يوق، بۇ ئوقلار ھەرقانداق مۇس-
تەھكەم قورغاننىمۇ، قورغاننىڭ ئىچىدىكى قاتمۇقات مۇھاپىزەتلەنگەن
شاھانە تەننىمۇ تېشىپ ئۆتىدۇ! ...»

خەت ئاپاق خوجىنىڭ خانلىق غۇرۇرىغا تەگدى، ئۇ بۇنى تەھدىت،
پوپوزا دەپ چۈشەندى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزى خەتتىكى «ئەركابەگ»
دېگەن تونۇش ئىسىمغا چۈشكەندە، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. «ئوھوي،
چوڭ بېلىق، يىرتقۇچ لەھەڭلەر بۇ يەردە ئىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ ئوي-
لىدى ئۇ چوڭ ئولجىغا ئېرىشكەندەك خۇشال بولۇپ، — ھەي ئەركا-
بەگ، ھەي ئەركابەگ! مەن سېنى ئۇستاتلىق بىلەن يەنە قېچىپ قۇ-
تۇلغان ئوخشايدۇ دەپ ئۆكۈنۈپ يۈرسەم، تېخى ئۆز چاڭگىلىمدا ئى-
كەنسەن ئەمەسمۇ. ياخشى بولدى، بەلەن بولدى، ئەمدى سەنمۇ ئۆلۈم-
نىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باق! ئۆز ۋاقتىدا سەن يولۋاس خاننىڭ يۈرى-
كىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمىگەن بولساڭ، مەنمۇ شۇنچە
يىل بىھۇدە رىيازەت چەكمەيتتىم ... سەن بۇنداق كۈنلەرنىڭ بولىدى-
غانلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيدىڭ، ئەل قىساسى مىنەلھەق دېگەن شۇ.

سېنى مەن ئەمەس، يولۋاس خاننىڭ ئەرۋاھى ئۇردى ...»

ئاپاق خوجا بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن، ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ يۆلەنچۈكى، سىياسىي ھامىيسى يولۋاس خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئىسمائىل خاننىڭ تەختكە چىقىشىغا يول ئېچىپ بەرگەن بۇ ئادەمنى — بىر نەچچە خانلىقتا ئەمەل تۇتقان كاتتا دۆلەت ئەربابىنى بۇنداق ئاسان قولغا چۈشۈرگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا تۇرۇپتۇ، نېمە قىلىمەن دېسە شۇنى قىلىدۇ. تېخى ئۇلارنىڭ نامە يېزىپ، پۇقرالارنى پەش قىلىپ، ھەددىدىن ئاشقىنىنى! ھازىر ئۇلاردا خەت يېزىپ ئۆزىنى كۆرسىتىش ئەمەس، بەلكى يېڭى خاقانىنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ چىقىپ، ئۇنىڭ جازاسىنى كۈتمەكتىن باشقا يەنە قانداق ھاياتلىق يولى بولسۇن!؟

ئاپاق خوجا غالدان بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلەشتى. ئۇ مەدرىسىنى كۆيدۈرۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتكەن بۇ تىنچسىز جاھان ئۆز بېسىقىغا چۈشەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھەممىشە كىشىلەرنىڭ روھىنى چالغىتىپ جاھاننى مالىمانلاشتۇرىدىغان غوۋغا ھەم ئىسيان ئوچىقى مانا مۇشۇ مەدرىسە ئىدى. بولۇپمۇ، مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى بولغان ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئاپاق خوجا سەلتەنىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەشەددىي كۈشەندىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن سەككىز - توققۇز يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىز ئىشلار ئۇنىڭغا ئاشۇنداق بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئەركابەگ بىلەن بەھرام سۇلتان نامىدىكى بۇ تەھدىتلىك خەتنىمۇ ئۇلار ئەمەس، بەلكى ئاشۇ شۇم ئېغىز قاغدالما مۇدەررىس يازغان دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ، غالدان قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىشنى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. بۇ قېتىم غالدانمۇ ئۇنىڭ رايىغا باقتى. چۈشكە يېقىن ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ بىر نەچچە خاس مۇخلىسلىرىنى يىغىپ، «رەشىدىيە مەدرىسى» گە ئوت قويۇش بۇيرۇقى چۈشۈردى، خان بۇيرۇقى دەرھال قاتلاممۇقاتلام يەتكۈزۈلدى.

جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن ئەسەبىيلەشكەن سوپىلار ئەتراپتىكى ئۆي ۋە دۇكانلارنى بۇزۇپ، نۇرغۇن ياغاچ ـ تاختايلارنى مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسى ئەتراپىغا دۆۋىلەپ ئوت قويدى. قۇرۇق ياغاچلار پاراسلاپ كۆيۈپ، ئوت يالقۇنى بىردەمدە پەلەككە كۆتۈرۈلدى. مەدرىسە ئىشىكىدىن كىرگەن كۈچلۈك يالقۇن ئۆينىڭ خىشتىن ياسالغان پاكىز تاملىرىنى يالاپ، دېرىزىلەردىن قاپقارا تۈتۈن بىلەن بىرگە تۈرۈلۈپ چىقتى. مەدرىسە ئىچىدىن ئەنسىزلىككە، ئالاقزادىلىككە تولغان ئاۋازلار چىقىشقا باشلىدى. بىرنەچچە مۇدەررىس بىلەن تالىپلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئاۋازدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ مۇڭلۇق، خۇش نەپەس ئاۋازلارنى بەزىدە ساراسىمىگە چۈشۈپ ئۇركۈپ كەتكەن ئاياللارنىڭ، باللارنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان نالە ـ پەريادى بۇزۇپ تۇراتتى.

ئوتتىن قېچىپ، جېنىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان بەزى ئادەملەر مەدرىسىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىۋالغانىدى. ئۇلار سىرتىكىلەردىن پاناھلىق تىلەپ يالۋۇراتتى، يىغلايتتى. لېكىن، ھېچكىم ئۇلارغا خەيرخاھلىق قىلمايتتى، بەلكى قېچىپ قۇتۇلماقچى بولۇپ، ئىككى قەۋەت بىنادىن سەكرىگەنلىرى قىلىچلىنىپ، ئۆگزىدە نە قىلارىنى بىلمەي پىتىراپ يۈرگەنلىرى ساداقىنىڭ ئوقىنى يەپ ئۆلۈۋاتاتتى.

دائىرىسى كەڭ مەدرىسىنىڭ يەنە ئۈچ يېرىگە ماي قۇيۇپ ياسالغان ئوتقاشلار بىلەن ئوت قويۇلدى. دەسلەپ قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن قۇرۇق ياغاچ ـ تاختايلار چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئوتنىڭ دائىرىسى ئەتراپقا كېڭىيىپ، مەدرىسىنىڭ ئېگىز ۋە كۆركەم گۈمبەزلىرى بىلەن مۇنارلىرى ئاستىدىن قىزىل پەردە ھاسىل قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئاسمانغا قاراپ يالقۇنلىغىلى تۇردى. ئوتنىڭ تەپتىدىن لەشكەرلەر بىلەن سوپىلار كەينىگە داجىشتى.

مەدرىسە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتۈن مەيدان ئىس ۋە يالقۇننىڭ تەھدىتى ئىچىدە قالدى. قىپقىزىل چوغلار بىلەن ياغاچ پارچىلىرى چارسىلداپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

ئەتراپتىكى قىيا ـ چىيالار ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن بىر خىل ھەسەرەتلىك نىدا كۆكتە ياڭرىغاندەك بولدى.

ئاھ خۇدا، كۆرۈۋاتامسەن، بۇ نېمە مالامەت!؟ ... بۇ يەردە كۆيۈۋاتقىنى تاش ـ تۇپراق ئەمەس، سېنىڭ ھىدايىتىڭ، سېنىڭ كالامىڭ ئەمەسمۇ ؟! بۇ يەردە ئادەم ئەمەس، ئىلىم ـ ئىرپان كۆيۈۋاتىدۇ! بۇ يەردە ئەجدادلار ياراتقان مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى، ئەقىل ـ پاراسەت دۇردانىلىرى كۆيۈۋاتىدۇ! بۇ يەردە خەلقىمىزنىڭ شانلىق تارىخى كۆيۈۋاتىدۇ! ...

ئى خۇدا، كىشىلەر دوزاخ ئوتىنى يامان دەيدۇ، ئەمما ئۇنى كىم كۆرۈپتۇ، كىم ئۇنىڭدا كۆيۈپ بېقىپتۇ!؟ لېكىن مانا بۇ يەردە ــ خەلقىئالەم ئالدىدا كۈپكۈندۈزدە مىڭلىغان بىگۇناھ ئادەم قان ـ ياش ئىچىدە، ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە كۆيۈۋاتىدۇ! خۇدانىڭ ئاجىز مەزلۇملىرى كۆيۈۋاتىدۇ! خۇدانىڭ بىغۇبار، سەبىي باللىرى كۆيۈۋاتىدۇ! خۇدانىڭ ئىشەنچلىك ئارىفلىرى، ئالىم ـ ھۆكۈمالىرى، ساھىبىي قەلەملىرى كۆيۈۋاتىدۇ! ئەي خۇدا، ئېيتقىنە، بۇ ئازابنى، بۇ زۇلمەتنى ئۇلارغا كىم راۋا كۆردى؟ كىم ئۇ شۇنچە باغرى تاش، كۆڭلى قارا، تىلى زەھەر ؟! ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگىن، ئاللا! بۇ مالامەتلەردىن، بۇ مۇدھىش تەقدىر ـ قىسمەتلەردىن ئۆزۈڭ ساقلىغىن، ئاللا! ئىلىم ئەھلى بىلەن ئالىملار قاراڭغۇدا ئادىشىپ يۈرگەن ئادەم ئۇچۇن يورۇق مەشئەل ئەمەسمۇ ؟ مەشئەلنى ئۆچۈرمەكنى تىلىگەن ھۆكۈمدار ئۆزى زۇلمەت ئىچىدە يول تاپالماي قالامدۇ ؟!

مەدرىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى باراقسان رىدە تۇۋىگە سېلىنىغان زىلچا گىلەم ئۈستىدە ئاپاق خوجا بىلەن غالدان ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىسى دوزاخ ئوتىدەك كۆيۈۋاتقان مەدرىسگە خۇددى قىزىقى يوق بىر ئويۇننى كۆرۈۋاتقاندەك بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ تۇرۇشاتتى. ئاپاق خوجىغا يانغىنىنىڭ تاراسلىغان ئاۋازى ئىچىدىن ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ جان تالىشىپ ۋارقىراۋاتقان ناله ـ پەريادى ئاڭلانىغاندەك بولىدى. ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئەڭ دەسلەپكى بەسلىشىشىنى

ئەسلەپ قالدى :

ئۇ كۈنى جۈمە ئىدى. نامازدىن كېيىن، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى خۇتبىغا چىقىپ ئەمرىمەرۇپ قىلغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاپاق خوجىغا ياقمىدى. ئۇ مەۋلىۋىنى جامائەنىڭ يان ئىشكىدە ساقلاپ تۇ-رۇپ كۆرۈشتى.

— تەقسىر، — دېدى ئاپاق خوجا بىر نەرسىدىن يىرگەنگەندەك تەرىنى تۈرۈپ، — بايىقى سۆھبەتلەردىن كۆڭلۈم قانائەت تاپمىدى. مەن سەئىد ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇنداق ئېيتىمەنكى، ئىسلامى ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ ئىسلامى ھەقىقەت دېگەن — پۇل تاپ-مەن، ئىش - ئوقەت قىلىمەن دېمەي، خۇدا بەرسە يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرۈپ، خۇدانىڭ ئىشقىدا ئۆزىنى ئازابلاش! مانا بۇ بىزنىڭ تەرىقەت يولىمىز، بىز مانا شۇ يول بىلەن ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلىمىز. شەرى-ئەت — پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولى، تەرىقەت بولسا ئاللانىڭ يولى!

— يائەلھەزەر، يارەببى! — دېدى تەئەججۇپ بىلەن ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى، — ئىشانەم، ئۇلۇغلۇقنىڭ سەرمايىسى نەسەب ئەمەس، بەلكى ئىلىم ۋە ئەدەپتۇر! جانابلىرىنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئىسلام ئەقىدىلىرى-دىن خويلا چەتلەپ كەتتى. ئويلاپ باقسىلا، بىر قۇرئانغا ئىتائەت قى-لىپ كېلىۋاتقان ئەھلى مۆمىنلەرنى «شەرىئەت» ۋە «تەرىقەت» دەپ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈشنىڭ، ھۈنەر - كەسىپ بىلەن جاھانكەشتىلىك قىلىۋاتقان ئاۋام خەلقنى تەركىدۇنيا يولىغا باشلاپ خۇدايى دەرۋىش قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟! ئاللاتائالا قۇرئاندا: «ۋەئتە سىمۇۋ بىھەبلىللا-ھى جەمىئەۋ ۋەلە تەفەررەقۇۋ»[1] دېگەن ئەمەسمۇ؟! ئىشانەم، ئايەت بى-لەن قىلىنغان ھەرقانداق سۆزگە ئېتىراز قىلىنمايدۇ، چۈنكى قۇرئان كەرىم قەتئىي ھۆججەتتۇر!

— نېسىۋە ھەممە ئادەمگە باراۋەر بېرىلىدۇ، تەقسىر! — دېدى ئاپاق

① تەرجىمىسى: «ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىل-ماڭلار!» (قۇرئان كەرىم، سۈرە ئال ئىمراننىڭ 102 - ئايىتى.)

خوجا يەنە پېتىدىن چۈشمەي، — ۋەھالەنكى، ھەر كىم قۇربى يەتكۈ-
چە ئالىدۇ، مېنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىم تەرىقەت يولىدا كامالەتكە
يەتكەنلەر. شۇڭا، ئۇلار بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن كېچىپ، خۇدانىڭ
ئىشقىدا تەركىدۇنيا بولۇپ، رىيازەت بىلەن خۇدانىڭ ۋىسالىغا يېتىدى-
غانلار ...
— ئىشانىم، — دېدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئارتۇقچە سۆزلەشكە
رايى يوقتەك تەلەپپۇزدا، — سىلىدىن مەخپىي قالمىغايكى، تەسەۋۋۇپ
ئىلمىنىڭ پېشۋاسى ھەزرىتى ئەخمەت يەسسەۋى: «دىلىڭ ئاللانىڭ نا-
مى بىلەن بەند بولسۇن، قولۇڭ ئۆز كەسپىڭ بىلەن بەند بولسۇن»
دېگەنىدى. سىلى بۇنىڭغا قانداق قارايلىكىن؟
بۇ كۈتۈلمىگەن سوئالدىن ئاپاق خوجا سەل مەڭدەپ قالدى. ئۇنىڭ
شۇنچە كۆپ مۇرىت - مۇخلىسلارنى ئاغزىغا قارىتىدىغان، ھەتتا
بەزىدە يىغا - زار قىلدۇرۇۋېتىدىغان زۇۋاندار تىلىمۇ كالۋالاشقانىدى.
لېكىن، ئەزەلدىن ئېزىپ - تېزىپ كەتمەيدىغان، ئۆزىنى خۇدانىڭ
يەردىكى نائىبى دەپ بىلىدىغان ئاپاق خوجا ئۇچۇن بۇنداق تاسادىپىي
مۇشكۈللەردىن قۇتۇلۇشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىمۇ كۆپ ئىدى.
— تەقسىر، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ، — سىلىدىنمۇ
مەخپىي قالمىغايكى، پەقەت دىماغ بۇرنىدىن چىققان ھەربىر نەپەس
«ئاللا، ئاللاھۇ!» دېگۈچى كىشىلا ئاللاغا يېقىنلىشىپ كامال تاپالايدۇ.
ئۇ سوئال - جاۋابتىن چەتنىگەن مانا شۇ تەنە - تەئەددىيلىك گەپ-
نى دەپ بولۇپلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى...
شۇ ئىشلارغا مانا ھازىر توققۇز يىلدىن ئاشقانىدى. ئاپاق خوجا ھا-
جى قۇتلۇق مەۋلىۋى بىلەن ئەنە شۇ تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا،
ئۇنىڭ ئاددىي ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىدىكى
كۈچلۈك مەنىۋى رەقىبى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى. كېيىنكى ئەمە-
لىيەت ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ قىياسىنىڭ بەرھەقلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىر
نەچچە قېتىملىق سۈركىلىش ۋە يوشۇرۇن ئېلىشىشلار ھاجى قۇتلۇق
مەۋلىۋىنىڭ ئاپاق خوجا تەرىقىتىنىڭ كۈچلۈك «دۈشمىنى» ئىكەنلى-

كىنى نامايان قىلغانىدى...

مانا بۇ گۈن ئەنە شۇ كۈچلۈك «رەقىب» ئاپاق خوجا ئۆز قولى بىلەن قويغان ئوتتا كۆيۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئەقىللىق، زېرەك كاللىسى، مىڭلىغان ئادەملەرنى ئۆزىگە قارىتالايدىغان بىلەرمەن، زۇۋاندار تىلى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئالىيجاناب، مۇرۇۋۋەتلىك يۈرىكى ... قىسقىسى، ئىلىم ـ ھېكمەتكە تولغان ۋۇجىككىنە جىسمى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتتا كۆيۈپ، قاغا ـ قۇزغۇنلارمۇ چوقۇيالمايدىغان كاۋاپقا ئايلىنىپ، بۇ دۇنيادىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ خۇشاللىقتىن يۈرىكى يايراپ كەتتى، ئۇ ئەمدى ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ بۇ دۇنيادا يېگانە ئىدى. بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭغا ھېچكىم توسقۇن بولالمايتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قۇسۇر چىقىرالمايتتى، ئاسماندىن يەرگىچە ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب، قىلغىنى توغرا ئىدى ...

مەدرىسە چاراسلاپ، لوقۇراپ كۆيمەكتە، يىراقتا كۆيۈۋاتقان يانغىننىڭ تەپتىدىن گويا ئاپاق خوجىنىڭ بەدىنىمۇ قىزىپ كۆيۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى خۇشاللىق بىلەن ھاياجانىنىڭ تەپتى ئىدى.

## 3

نېمە ئۈچۈندۇر ئىسمەن بۇقىنىڭ يۈرىكى ئۆيۈپ، ئەندىكىپ تۇراتتى، بۇ ھالەت چۈشكە يېقىن تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. خانىقادىكى تەلقىن ـ ھۆكمەتلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، جەھرە ـ سامالارمۇ خۇشياقمىدى.

ئۇ ساما سېلىپ ھوش ـ كاللىسىنى يوقاتقان، «مەسنەۋى خاراباتى» دىن تەلقىن ئېيتىپ خانىقانى بېشىغا كىيگەن سوپى ـ دەرۋىشلەر ھالقىسىدىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ سىرتقا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا لاي سۇ

ئېقىۋاتقان ئېرىق بار ئىدى، ئېرىقنىڭ يۈزىنى بىر قەۋەت غازاڭ قاپلاپ كەتكەنىدى. ئىسەن بۇقا ئېرىقنىڭ بويىغا كېلىپ زوڭزايدى، تەر ۋە يەنە قانداقتۇر قاڭسىق پۇراقلار ئارىلىشىپ، ئادەم تىنىقىدىن ئىسسىپ كەتكەن خانىقانىڭ بۇرۇقتۇرما ھاۋاسىدىن بېشى ئايلىنىپ كەتكەن ئىسەن بۇقا ئېرىق بويىدىكى سالقىن ھاۋانى سۈمۈرۈپ، خېلى راھەتلىنىپ قالدى.

شۇ چاغدا، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەھەللىلىك پەرمانقۇل ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى:

— ئۇكام، ئىسەن سوپىم، قىزىق ئىشلارنى كۆرمەي بۇ يەردە ئولتۇرۇپسەنغۇ، — دېدى پەرمانقۇل قايغۇلۇق بىر قىياپەتتە.

ئۇمۇ پات - پات مۇشۇ خانىقاغا كېلىپ تۇرىدىغان يېرىم - يارتا مۇرىتلاردىن ئىدى.

— قانداق قىزىق ئىشكەن ئۇ، پەرمانقۇل ئاكا، — سورىدى ئىسەن بۇقا قىزىقىپ.

— ئالتۇن مەدرىسە كۆيۈۋاتىدۇ، ئۇكام، ئوت يالقۇنى پەلەككە يەتتى ....

— نېمە؟! — ئىسەن بۇقا ئەندىككەندەك ھولۇقۇپ سورىدى، — قانداق بولۇپ ئوت كېتىپتۇ!

پەرمانقۇل ئۆزى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئوت كەتكەن گەپ ئەمەس، ئوت قويغان گەپ، ئۇكام. بۇ ئوتنى خان خوجام ئۆز قولى بىلەن قويۇپتۇ. مەدرىسە ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بار ئىكەن، كۆپلىرى پۇقرالار ئوخشايدۇ... ھە، راست ... سىنىڭ مەھەللەڭدىكى نادىر ئىمامنىڭ چىرايلىق قىزى ئايتۇلۇنمۇ شۇ يەردە ئىكەن...

— نېمە؟! — ئىسەن بۇقا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— راست، مەن ھازىرلا كۆيۈۋاتقان ئالتۇن مەدرىسىنىڭ يېنىدىن كەلدىم، پۈتۈن ئەتراپ قىيا - چىيا ...

بۇ خەۋەر ئىسەن بۇقىغا قاتتىق تەسىر قىلدى، خۇددى تـۇيۇقسىـز چاقماق تەگكەن دەرەختەك ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترىتىۋەتتى، بۇ ئەسەبىي تىترەك ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىـرىدىكـى پىنهـان سىرلىرىنىمۇ تىترىتىۋەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرىـقتىن قانداق ئاتـىلىغانـلىقىنـى، ئـېگىز ـ پـەس، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يوللاردا قانداق يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ سەز- مىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، قەلبىنى ئازابلاۋاتقـان قايغۇ ـ هـەس- رەتلەر ئارىسىدا خۇددى يېقىملىق نەي ئاۋازىدەك شادىيانە بـىر تۇيغـۇ- نىڭ ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ ئۇنىڭ قـەلبىدە ئـۇزۇندىن بېـرى بېسىلىپ، پىنهان ياتقان ۋە هازىر ئۆز ئىرادىسىگە بـويسۇنمـىغان هالـدا بىردىنلا ئويغىنىپ كەتكەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى ئىدى. قىز- نىڭ ئۇياتچان، مەسۇم كۆزلىرى، قىزىل ئالمىدەك رەڭدار يۈزلىرى ئۇ- نىڭغا بىردىنلا بۇرۇنقىدىنمۇ گۈزەل، جەلپـكار ۋە قەدىرلـىك تۇيۇلـۇپ كەتتى...

ئىسەن بۇقا ئاپتۇلۇن بىلەن بىر مەھەللىلىك ئىدى، قىز ئۇلار بىر گە چوڭ بولغان شەھدانكۆل مەھەللىسىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇراتتى.

ئەمدىلا ئون يەتتە ياشقا كىرگەن ئوماق، ئۇياتچان، ئاق كۆڭۈل بۇ قىز شۇ كۈنلەردە ھەممە جەھەتتىن تەڭ تولۇپ، يېتىشىپ، مەھەللىنىڭ سەرخىل، دۇردانە قىزلىرىغا ئايلانغانىدى.

ئىسەن بۇقا ئۇنى كىچىك ۋاقتىدا كۆپ كۆرگەن بـولسىمـۇ، لېكىـن رەسىدە بولغاندىن كېيىن ناھايىتى ئاز ئۇچراتقانىدى. پەقەت كېيىنكـى كۈنلەردىكى ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشـىش ئۇلارنـىڭ ھەر ئىككىسـىدە ئالاھىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. بىر قېتىم ئۇلارنـىڭ ھەر ئىكـ- كىسى كۆلگە سۇغا چىقىپ، كۆل بويىـدا ئۇچراشتـى. كۆل سۈيى تـۆ- ۋەنلەپ كەتكەچكە، ئىسەن بۇقا قىزنىڭ قولىدىكى چېلەكنـى ئېلىـپ، ئارغامچا بىلەن ساڭگىلىتىپ سۇ تارتىپ بەردى. بۇ جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىر نەچچە قېتىم ئۇنىسـىز ئۇچراشتـى، قىز يۈزىدىكى چۈمپەردە بىلەن ئاغزى ـ بـۇرنىنى ئـوراپ كۆزىنى ئـو-

چۇق قويغانىدى. شۇ چاغدىكى قىزنىڭ كۆزىدە گويا بۇ زېمىننىڭ ئانا-تەش تەپتى ئۇنىڭ قاپىقىغا يىغىلغاندەك، چىرايى شۇنداق ئوماق ھەم ئىسسىق بولۇپ كەتكەنىدى...

ئىككىنچى قېتىم، مانا شۇ يىلقى قۇربان ھېيتنىڭ ناماز كۈنى ئىسەن بۇقا نادىر ئىمامنىڭ تەلىپى بىلەن قۇربانلىق قوينى بوغۇزلاپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلدى. نادىر ئىمامنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، بەزىبىر قاتتىق - يىرىك ئىشلارغا ئىسەن بۇقىنى چاقىراتتى، ئۇمۇ خۇشاللىق ھەم رازىلىق بىلەن قىلىشىپ بېرەتتى.

شۇ كۈنى قوي سويۇۋېتىپ، ئىسەن بۇقىنىڭ يۈزىگە قان چاچراپ كەتتى، بۇنى كۆرگەن ئايتۇلۇن ئۇنىڭغا ھايا بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، «يۈزىڭىزدە قاندىن چېچەك ئېچىلىپتۇ، ئىسەن ئاكا!» دەپ چاقچاق قىلغاچ، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قانلارنى سۈرتۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا قىزنىڭ نازۇك بارماقلىرى ئىسەن بۇقىنىڭ يۈزىگە تېگىشى بىلەن ئۇ-نىڭ ۋۇجۇدىغا گويا ئۆمرىدە زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ شېرىن بىر سېزىم تارىغاندەك بولغانىدى. ئۇ تەمتىرەپ، كۆزىنى چىم-چىقلىتىپ، ئايتۇلۇننىڭ نالەگۈلدەك ئېچىلىپ تۇرغان چىرايىغا ھودۇ-قۇش، ئەيمىنىش ئىچىدە قاراپ قالغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا، ئۆز يېنىدا تۇيدۇرماي ئۆسۈپ چوڭ بولغان ئايتۇلۇننىڭ شۇنچىلىك ھايالىق، لاتاپەتلىك بولۇپ يېتىلگىنىنى، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۇياتچان، ھايالىق كۆزلى-رىدە، تولۇپ كېلىۋاتقان خۇش پىچىم قەددى - قامىتىدە ئاجايىپ بىر سېھرىي گۈزەللىكنىڭ بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ئېنىق كۆرۈپ يەتـ-كەنىدى.

مانا شۇ كۈندىن كېيىن، ئىسەن بۇقا ئۆزىنى باشقا بىر دۇنيا ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك، قانداقتۇر بىر خىل پاك ۋە ئوتلۇق تۇيغۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا نۇر بولۇپ تارالغاندەك سېزىدىغان، ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن دەرۋىشلىك، ئاشىقلىق يو-لىغا كىرىپ كەتكەن بۇ ناتىۋان يىگىت ئايتۇلۇنغا بولغان بۇ تەبىئىي مۇھەببەتنى ئەقلەن ئۇقمىسىمۇ، ئەمما بەزى چاغلاردا — قىز بىلەن تا-

سادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندا، قىزنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرىدىن ئۆزىنىڭ بىر قىسما بولۇپ، يۈرىكى تېپىچەكلەپ، تومۇرلىرىدا قان ئەمەس، بەلكى ئىسسىق بىر لاۋا ئاققاندەك بولغان چاغلىرىدا، قەلبىدە ھېس قىلاتتى، ئۇنىڭ شېرىن غىدىقلىنىشىدىن بەزىدە قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلگۈسى كېلەتتى. ئۇ مانا شۇنداق چاغدىلا، دۇنياغا كېلىپ بىرىنچى مەرتىۋە پاك ۋە پىنھان مۇھەببەتنىڭ ئادەملەرگە ئاللا تەرىپىدىن بەخش ئېتىلگەن نەقەدەر ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى ...

لېكىن، بۈگۈن ئەتراپنى ۋەھىمە، دەھشەت باسقان شۇ دەقىقىدە، يىگىت قەلبىگە تۇيدۇرماي بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن مانا شۇ چىرايلىق، پاك، مەسۇمە قىز مۇدھىش ئوت ئىچىدە قالغانىدى. قىز دۇچار بولۇۋاتقان بۇ پاجىئەلىك ئۆلۈمنىڭ سوغۇق تىنىقى شۇ تاپتا ئىسەن بۇقىنىڭ يۈزىگە تېگىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بەدىنى ئۈيۈشتى ...

ئىسەن بۇقا ئويلىغانسېرى يۈرىكى ئازابلاندى. چۈنكى، گۈزەل خاتىرىلەر ئايتۇلۇننى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تېخىمۇ جەلپكار، خۇددى پۈتۈن بەدىنىدىن شولا چېچىپ تۇرغان پەرىشتىلەردەك ئۇلۇغۋار قىياپەتتە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر ئاشۇ پەرىشتە سۈپەت ئۇلۇغۋار قىياپەت ئىسەن بۇقىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئىز - دېرەكسىز يوقىلىش ئالدىدا تۇراتتى.

ئىسەن بۇقا بارغانسېرى تاقەتسىزلەندى. خىياللار، ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كۈچ - قۇۋۋەت، غەيرەت - جاسارەت پەيدا قىلغانىدى. ئۇ ئايتۇلۇننى قانداق قىلىپ بولسىمۇ قۇتقۇزۇش نىيىتىگە كەلدى، بۇ ئارزۇسى يولىدا ئوت كەلسە يالماپ، سۇ كەلسە سۈمۈرۈپ ئۆتمەكچى بولدى. شۇڭا ئۇ، ھەدىمىنى تېزلىتىپ «رەشىدىيە مەدرىسى» تەرەپكە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

مەدرىسە قىپقىزىل لاۋا ئىچىدە كۆيۈۋاتاتتى، ئىس - تۈتەك ئارىلاشقان ئوت تىلى ۋاشىلداپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەنىدى.

ئىسەن بۇقا يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، ئاپاق خوجىنىڭ يېنىدىمۇ توخ-

تىماي ئۈدۈل ئوت ئىچىگە قاراپ تاشلاندى. لېكىن ئۇ، ئۈچ ـ تۆت قەدەم باسا ـ باسمايلا، شاھانە سالاپەتتە ئولتۇرغان پىر ـ ئۇستازىنىڭ خىلى قاتتىق تەلەپپۇزدا توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

ــ ئىسەن سوپىم، بىر كۆكۈللۈك بولۇڭ، بىر ئادەمگە بىر ئىشق بولسا يېتىدۇ! ...

ئىسەن بۇقا ئۇستازىنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى. دېمىسىمۇ ئاپاق خوجىنىڭ ھەممە يەردە لالما ئىتتەك تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان كۆز ـ قۇلاقلىرى ئۇنى كېشلەرنىڭ ئەڭ مەخپىي سىرلىرىغىچە خەۋەردار قىلىپ تۇراتتى.

ــ ئىسەن سوپىم، ئۆزىڭىزنى تۇتۇڭ، ئىستىغپار ئېيتىڭ! ــ دېدى ئاپاق خوجا يەنە شۇنداق قەھرلىك ئاۋازدا، ــ ۋادەرىخ، بۇ پەلەك غەددار[1]، بۇ دۇنيا ئويۇنچىلارنىڭ ئويۇنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىزنى مال ـ دۇنياغا ئاشىق قىلدى، خوتۇنغا ئاشىق قىلدى، بەندىلەر شۇنىڭ بىلەن ھەلەك بولۇپ، خۇدانىڭ مۇھەببىتىدىن ـ ئىشقىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ؟! بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق، نېمىدېگەن قاباھەت ـ ھە؟! ...

ئاپاق خوجا بۇ گەپلەرنى ئىسەن بۇقا ئاڭلىسۇن، دەپ ئەتەي يۇقىرى ئاۋازدا جىددىي قىياپەتتە ئېيتتى.

پىرنىڭ سۆزىدىن كېيىن، ئىسەن بۇقىنىڭ ھەرىكىتىدە ھودۇقۇش، چىرايىدا مەڭدەش ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. ئۇ تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى. غەزەپتىن چاقنىغان كۆزلىرىنى بىر خىل تېڭىرقاش ۋە مۇڭ ئاسارىتى ئىگىلىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ سۈرلۈك ئاۋازىدا شۇنداق بىر قەتئىيلىك، تەلپازىدا شۇنداق بىر شىددەت، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە شۇنداق سىر بار ئىدىكى، ئىسەن بۇقا ھەقىقەتەن مەڭدەپ، تەمتىرەپ قالغانىدى. بايىقى تاشقىن غەيرەت ـ جاسارىتى خۇددى چېقىر تاشقا تەگكەن پىچاق

---

① غەددار ــ ھىيلىگەر، مەككار، يالغانچى.

بىسىدەك ئارقىغا ياندى. ئۇنىڭ تېنى قىزىپ، ۋۇجۇدى ئوت ئالغاندەك بولدى، لېكىن ئىچىدە بولسا، جۇدۇندەك ئازابلىق بىر يىغا ئۆكسۈيتتى...

ئىسەن بۇقا ئايتۇلۇن بىلەن ئىشق - مۇھەببەت توغرىسىدا ھېچقانداق ئەھدۇپەيمان تۈزۈشمىگەنىدى، ھەتتا بىر - بىرىنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى ئارىلىشىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە يېقىن ئولتۇرۇپ، كۆڭلى - كۆكسى قانغۇدەك پاراڭلىشىپمۇ باقمىغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مۇشۇنداق دەھشەتلىك ھايات - مامات پەيتلىرىدە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇ قىزنىڭ تولغان، ئۇياتچان يۈزى، ئادەمگە ھايا بىلەن يەر ئاستىدىن مۆلدۈرلەپ قارايدىغان قاپقارا قوي كۆزلىرى شۇنچىلىك ئېنىق كۆرۈندى؟! مەپتۇن قىلغۇچى بۇ كۆزلەر ئۇنىڭ قەلبىگە قاچان ئورنىشىپ قالغان بولغىيتتى؟! ...

ئۆز ۋاقتىدا ئىسەن بۇقىنىڭ قەلبىدە غىل - پال پەيدا بولغان بۇ يوشۇرۇن، ئاچچىق مۇھەببەت ھازىر ئۇنىڭغا شۇنداق يېقىملىق تۇيۇلدىكى، گويا ئۇ بىر مەسۇم بالىغا، چۈشىدە كۆرگەن پەرىشتىگە، گويا يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق مۇزىكىغا ئوخشاش، يالقۇنلۇق، جەلپكار ۋە كۈچلۈك سېھرىي كۈچكە ئىگە مۇقەددەس بىر تۇيغۇ ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتاتتى ...

ئۇنىڭ يۈرىكى بايىقى تەۋرەشتىن يەنە توختىمىدى، ئەمما ئۇ ئاللىقاچان قەپەسكە چۈشكەن شىردەك ياۋاشلىشىپ قالغانىدى.

مەدرىسە قاراڭغۇ چۈشكۈچە توختىماي كۆيدى، ياغاچ ئۆيلەر تۇتاش يېنىپ، ئاسماننى قارا تۈتۈن قاپلىدى. مەدرىسە ئاسمىنىدا ئۇۋىسىز قالغان قۇشلار نەگە قونۇشىنى بىلمەي، ئەنسىز ۋىچىرلىشىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

گاراڭلىق، خامۇشلۇق ئىچىدە مەدرىسىگە — پايانى يوق ئوت دېڭىزى ئىچىدە ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولۇۋاتقان نۇرلۇق ئەقىل كېمىسىگە قاراپ ئولتۇرغان ئىسەن بۇقىنىڭ خىيالى ئاشۇ ئىس - تۈتەكلەردەك تۇمانلىشىپ، خىرەلىشىپ كەتتى. قىزنىڭ پاجىئەلىك يو-

سۇندا غايىب بولۇشى ئۇنى قۇياشتەك، ئايدەك ئەبەدىي دەپ بىلىدىغان ئىسەن بۇقا ئۇچۇن يالغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ گىرىمسەن خىدە-يالىدا قىز گويا بىر كۆنى بولمىسا بىر كۆنى خۇددى شىۋىقەدرىدەك ۋىللىدە پارلاپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدىغاندەك قىلاتتى.

كەچ كىردى. ئەتراپ قاراڭغۇلاشقانسېرى، ئوت شۇنچە يالقۇنلۇق ۋە شۇنچە مۇدھىش كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

جاھالەت پىلتىسىدە يېقىلغان مانا شۇ لاۋا ئوت بىلەن بۇ دۇنياغا ئا-پىرىدە بولغىنىغا يۈز يىللاردىن ئاشقان بۇ مەشھۇر بىلىم يۇرتى يەر يۈ-زىدىن ئىزسىز يوقالماقتا ئىدى. بۇ يوقىلىش ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇزۇن تارىختىن بېرى داۋاملاشقان بۇ ئالاقىدىن قانچىلىغان ئەۋلادلار بەھرە ئالغان ۋە قانچىلىغان ئىس-تېداتلار كامالەتكە يەتكەنىدى — ھە!؟

## 4

ئاپاق خوجا خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت سورىغاندا، قى-زىل تون كىيىپ، ئالتۇن سەۋلىجانىنى شىلتىپ، سۈر — ھەيۋە بىلەن پادىشاھلىق قىلاتتى. خانىقالارغا بېرىپ، سۇلۇك تەرىقەتتىن مەسىلە — مەرۇپ قىلغاندا بولسا بېشىغا كۇلاھ، ئۇچىسىغا ئىشانلىق تونىنى كىيەتتى.

بۈگۈن كەچتە، كۆنچى مەھەللىسىدىكى «كۆنچىلىك خانىقا» بەك جانلىنىپ كەتتى. بولۇپمۇ، كاتتا ئىشان ئاپاق خوجىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىنى ئاڭلىغان مۇرىت — مۇخلىسلار تەرەپ — تەرەپتىن خانىقاغا قاراپ چۇمۇلىدەك لۆمشۈپ كېلىۋاتاتتى. كەچ كۈز بولۇشىغا قارىماي، بەزىلەر يالاڭ ئاياغ، بەزىلەر پۇتلىرىغا ئەسكى كىگىز پارچىلىرىنى يۆ-گىۋالغانىدى. يەنە بەزىبىرلىرى تۇمشۇقىنى چەكمەن چاپىنىنىڭ كۆن-چىكىگە تىقىۋالغىنىچە بىر دولىسىنى ئېگىز، بىر دولىسىنى پەس قىلىپ

دۈگجۈپ كېلەتتى. ئەلۋەتتە، باشقىچىرەك تۈس ـ قىياپەتتىكى ئادەم-
لەرمۇ ئۇچرايتتى. ئېسىل ئۈستۋاش، يېڭى سەرپاي كىيىۋالغان بۇ كى-
شىلەر مايلىشاڭغۇ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى سىيپاپ قويۇپ، گۈس ـ
گۈس دەسسىگىنىچە كېلەتتى.

سىرتتىن گەجگىسى قورۇلۇپ، دۈگجۈپ كىرگەن ئادەمگە خانىقا-
نىڭ ئىچىدىكى ئىسسىق لاپپىدە ئۇرۇلاتتى. لېكىن، بۇ ھارارەتكە سې-
سىق تەر، ئىسسىق ۋە نەشە دۈتلىرى قوشۇلۇپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى
ئاينىتىدىغان ھىد ـ پۇراقلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

خانىقانىڭ ئىچى غۇۋا يورۇق ئىدى. ئادەملەر تولا سۈركىلىپ غىل-
ئاڭ بولۇپ كەتكەن تامنىڭ ئويۇقلىرىدىكى جىنچىراغلار سۇس جى-
مىرلاپ تۇراتتى. بىراق، ئاپاق خوجا ئولتۇرغان تۆر تەرەپتىكى تامنىڭ
ئويۇقىغا قويۇلغان يوغان مىس چىراغدان لوقۇراپ كۆيۈۋاتاتتى. خانى-
قانىڭ ھويلىسى، چوڭ ھۇجرىسى ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ، بەزىلەر
ھەلقە بولۇشۇپ ساما سالاتتى. ئۇلار ئىككى يانغا تاشلىنىپ، باشلىرىنى
يۇقىرى ـ تۆۋەن قىلىپ، زەرب بىلەن ساپايى، داپ چالغانلىرىدا، سا-
پايى دەستىلىرىگە ئۆتكۈزۈلگەن، داپ گەردىشلىرىگە ئېسىلغان سانسىز
ئۇششاق ھالقىلار جاراڭلاپ ھەيۋەتلىك سادا ھاسىل قىلاتتى. ھاپىزلار
ئالىيېشىل تۇغ ـ شەددىلىرىنى لەپىلدىتىپ، تەلقىن، ھۆكمەت ئېيتات-
تى. يەنە بەزىلىرى بولسا، چىلىم تارتىپ، كەيپ ئىچىدە نەزمىلەر ئوقۇ-
شاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بۈركۈتنىڭ كۆزىدەك ئۆتكۈر كۆزلۈك،
يۈزلىرى مايمۇننىڭ يۈزىدەك تۈكلۈك قېرىسال بىرسى نەيچىسىگە بىر
غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا تۇچ نەيچە ئۇلانغان قاپاق چىلىمنىڭ قوش مۇشتتەك
مىس سەيخانىسىغا كۆك تاماكىغا ئارىلاشتۇرۇلغان نەشىنى ئوچۇملاپ
سېلىپ ھارمايتتى. چىلىم نەيچىسى كىمنىڭ ئۇدۇلىغا كەلسە، شۇ بىر
كۇپلېت نەزم ئوقۇيتتى. ھەر قېتىم ئىچىگە تارتقاندا، چىلىم سۈيى
«خور ـ خور» قىلىپ ئۇنىڭ نەزمىگە تەڭكەش بولاتتى:

مەن قەلەندەر شاھىمەن،

ئالەم ماڭا ھەيراندۇر،
ئاللايەي ...
مۇرادىمنى بەر خۇدا،
يېتىشىم ئۇلۇغ مازار.
ئاللايەي ....

ساپايى سوقۇپ ئېيتىلىۋاتقان ئاللاھۇلار، بەك تارتىپ ئوقۇلۇۋاتقان نەزم ـ مۇناجاتلار گويا مانا شۇ ئەرۋاھقا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنـىدىغان تەركىدۇنياچىلارنىڭ ھاياتلىق پەريادى، كەيپىتى بىھوش بولغان جاھىل ئىنسان بالىسىنىڭ نالە ـ پىغانى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاشقانە ئاۋازلىرى خانىقا گۈمبىزىگە ئۇرۇلاتتى، پۇتلىرى بولسا زېمىن ئۈستىدە توختاۋسىز ھەرىكەتلىنەتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئاغزىدىكى كۆپۈكلىرى بوخچۇپ، ئېڭەكلىرى خالتىلىشىپ، ئەس ـ ھوشىدىن كەتكۈچە تەلـۋىلىك بىلەن ئېيتاتتى، ۋارقىرايتتى، ئوقۇيتتى، چېكەتتى ...

ۋىجىككىنە كەلگەن بىر ئىشان سەللىسىنى بويىنىغا سېلىپ، ئىككى قولىنى تۇتۇپ، بېشىنى ئىككى ياققا تەكشى رىتىم بىلەن تاشلاپ تەلقىن ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ دەم يىغلاپ، دەم ئوقۇيتتى، باشقا سوپىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى، پۈتۈن خانىقا گۈلدۈرلىگەن ياڭراق ئاۋازدىن تەۋرەپ كەتتى.

بۇ قېتىم ئاپاق خوجىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئوقۇپ، بىللە دەسسەپ جەھرە ـ ساماغا چۈشۈپ كەتتى. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ، كىيىمـلىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن خۇدايى دەرۋىشلەر پىر ـ ئۇستازىغا ئەگىشىپ ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئوقۇشقا، سەكرەشكە باشلىدى:

تەركىدۇنيالىق ئىبادەت مەغزىدۇر،
تەركىدۇنياكى خۇدانىڭ پەيزىدۇر.
ھەر نېمە فانىي دۇرۇر بولغىل يىراق،

ئول نېمەكىم نەپسى قىلسا ئىختىيار،
بولغاي ئۇل دەرگاھى ھەقتە شەرمسار①.

خانىقانىڭ ئىچى ئىسسىق بولغاچقا، دەم سىقىلىپ، تىنىق ـ تىنىققا ئۇلگۇرمەيتتى، سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ بىر تال تۈكىدىن مىڭ تال تەر ئاقاتتى، كىيىملىرىمۇ چۆپ ـ چۆپ بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇلار بۇنى سەزمەيتتى، پىسەنت قىلمايتتى.

ئاپاق خوجا بىر مەيدان سامادىن كېيىن، ئۆزى ئۇچۇن ئالاھىدە راسلانغان مۇنبەرگە چىقتى، ئۇ خېلى كۆپ تەر تۆككەچكە، ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇراتتى. بىرئاز دېمىنى باسقاندىن كېيىن، كۆز ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سانجاق ـ سانجاق مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا قاراپ:

— جەھرە ـ سامانىڭ ناھايىتى خاسىيەتلىك ئىش، سامانى بەندىنىڭ ھەققە قىلغان نىداسى، — دېدى ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن، سىرلىق تۇتۇپ، — سامانى قىلىۋاتقان چاغدا خۇدا بەندىلىرىنى چاقىرىدۇ، يەنى ئەي بەندىلىرىم، سىلەرنىڭ قىلغان ھەرىكىتىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا قوبۇلىيەتكە ئۆتتى، سىلەر ھايات تۇرۇپ ئۆلدۈڭلار، يەنى ئۆلۈمنى ياد ئەتتىڭلار، دەيدۇ. ئادەم مانا شۇنداق سۈلۈككە كىرسە، خانىقا، مازارلاردا يۈرۈپ رىيازەت چەكسە، ئۇنىڭ ئورنى يارغانىسېرى ئاشىدۇ، ئاللانىڭ زاتىغا ئۇلىشىدۇ ۋە ئەبەدىيلىشىدۇ، مۇشۇ يول بىلەنلا خۇداغا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ...

— ھەق ـ ھەق! — ئاپاق خوجىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئىككى ـ ئۈچى تەڭلا چۇرقىراشتى، — ئۇلۇغ ھەزرىتى پىرىمىزنىڭ سۆزلىرى ئىمامى ئەزەمدۇر، قاراشلىرى ھەقىقەتتۇر! ....

ئاپاق خوجا ئەمدى ئۆزىنىڭ «ئىلاھىي خاقان» لىق دېگەنىنى يولىنى — قانداقتۇر ئاشىقلىق يولى، خۇداغا يېقىنلىشىش يولى، پاكلىق

① «مەسنەۋى خەراباتى» دىن.

يولى، ئىلاھىي ھەقىقەت يول دەپ شەرھلەشكە، پەقەت مۇشۇ يول بىلەنلا ئاللانىڭ ۋىسالىغا يەتكىلى بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىشكە باشلىدى:

— ھەرقانداق ئادەم نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن بولسا، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ دىلىدا خۇدانىڭ ئىشقى توختايدۇ. بۇ خۇددى كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ چاچقاندەكلا ئىش. ھەرقانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئاخىرەتنىڭ راھىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۆمرۈڭنى مۇشەققەتنىڭ كېمىسى بىلەن ئاچ ـ زېرىنلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋەتمىسەڭ، خۇدانىڭ ۋىسالىغا يېتەمەن دېگىنىڭ بىكار! ھەرقانداق كىشى ئۆيىدىن، بالا ـ چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ، يۇرىكىنى كاۋاپ قىلىپ ئۆتسە، ئاخىرەتتە راھەت ـ پاراغەتتە بولىدۇ، خۇدانىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم جەڭ قىلسا، ئاۋۋىلا ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلسۇن، بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ بىر ئادەم بىر يىلغىچە سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يېسە، پىشقان ئاش، مەززىلىك تاماق تەلەپ قىلمىسا — ئۇ ئادەم ھەقنى ئىزدەيمەن دەيدىكەن، مۇشۇنداق رىيازەتكە سەۋر قىلالمىسا، ھەقنى تاپالمايدۇ. شەيخ جونەيد باغدادى دېگەن كىشى قىرىق يىللىق ئۆمرىدە سوغۇق سۇ بىلەن ئارپا ـ تېرىقنىڭ نېنىنى يەپ، قورسىقى تويغۇدەك باشقا نەرسە يېمەي ئۆتكەنىكەن. جونەيدو باغدادى شۇنداق دەپتۇ: «ھەرقانداق بەندە جېنىنى قىينىسا، ئۇنىڭ روھى بېرىپ ئاللاغا نالە قىلىدۇ، ئاللا ئۇ بەندىنىڭ تەلەپ قىلغىنىنى بېرىدۇ. سوپىلىقنىڭ يولى شۇ، شۇ ئىشنى قىلمىسا، ئۇ كىشى سوپى بولالمايدۇ.» بەرھەق، دۇنيانىڭ نازۇ نېمەتلىرىنى ئىزدىگەن ئادەم سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى جەبىر ـ جاپا ۋە غۇربەتتە تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆتكۈزەلەيدىغان كىشى ھەقىقىي سوپىدۇر...

ئاپاق خوجا سۆزدىن توختىدى. تېخى بايىلا شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن گۈلدۈر ـ غالاپقا تولغان خانىقا ھازىر جىمىدە سۈكۈتكە چۆمۈپ، ھەممىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى بىرلا ئاپاق خوجىغا مەركەزلەشـ

كەنىدى. بۇنداق چاغلاردا ئاپاق خوجىمۇ مىنۇت ـ سېكۇنتىنى بىھۇدە
ئۆتكۈزمەي، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۈگۈن
ئۇنىڭ بۇ چوڭ خانىقاغا كېلىشى — خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن
كېيىنكى تۇنجى شاھانە تەشرىپى ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىگە ئىقتىدا قىـ
لىپ ئولتۇرغان ئىتائەتمەن سوپى ـ دەرۋىشلەرگە بىردەم مەۋلىۋى رۇ-
مىنىڭ مەسنەۋىلىرىنى ئوقۇپ يەشسە، بىردەم «ماھارىقۇل ئەششاقى»،
«كەشپۇل مەھجۇپ» قاتارلىق كىتابلاردىن ئوقۇپ بېرىپ، بېشى قايـ
غانلارنىڭ بەزىلىرىنى ئىما ـ ئىشارەت بىلەن، بەزىلىرىنى شېرىن ـ
سۇخەن سۆزلەر بىلەن، بەزىلىرىنى مۇھەببەت ئارىلاش لۇتۇف بىلەن،
بەزىلىرىنى زوق قوزغايدىغان ئىبارىلەر بىلەن ئۆز يولىغا باشلايتتى.

ئاپاق خوجا نەزىرى تېز، كاللىسى ئۆتكۈر، تولغان ۋائىز ئىدى. ئۇ
يەتتە يېشىدىن باشلاپ دادىسى مازار پادىشاھىمدىن سوپى ـ ئىشانلىقنى
ئۆگىنىپ، ئون تۆت ياشقا كىرگەندە، دادىسىنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسـ
لىرى ئىچىدە يېتىلگەن سوپى ھەم تونۇلغان ۋائىزلاردىن بولۇپ قالغاـ
نىدى. ئۇ يالغۇز دادىسىدىنلا ئەمەس، ئانىسى زۆلەيخا بېگىمدىنمۇ ئەـ
رەبچە، پارسچە تىللارنى ئۆگىنىپ، شۇ تىللاردا ئوقۇيالايدىغان ھەم
يازالايدىغان بولغانىدى. ئۇنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرلىك سالاھىيىتى
مىلادىيە 1655 ـ يىلى قەشقەردە — ئۇ ئەمدىلا يىگىرمە توققۇز ياشقا
كىرگەن ۋاقتىدا، «ئاق تاغلىق» سوپىلار تەرىپىدىن «ئىشان نامى»
بىلەن جاكارلانغانىدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغىچە بولغان يىـ
گىرمە ئىككى يىلدىن بېرى، ئاپاق خوجا جاي ـ جايلاردىكى مەسـ
چىت ـ خانىقالاردا، چوڭ ـ كىچىك سورۇنلاردا ۋائىزلىق قىلىش —
ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتىش، ئەمرىمەرۇپ قىلىش، ھۆكمەت ـ تەلقىن ئو-
قۇش بىلەن ئۆتتى. نۇرغۇن ئەللامە شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن
دانا ھۆكۈمالارنىڭ ھېكمەتلىرى ئۇنىڭ دىلىغا يادا، تىلىغا رام ئىدى.
مانا شۇ خۇرۇچلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆز سۆزىنىڭ بالاغىتىنى
ئاشۇراتتى.

ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئىسەن بۇقىغا خېلىدىن

بىرى نەزەر سېلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇگۈن ئىسەن بۇقا بۇرۇنقىدەك شوخلۇق بىلەن سەكرەپ سامامۇ سالمىدى، خۇش نەپەس ئاۋاز بىلەن تەلقىنمۇ ئېيتمىدى. نېمە ئۈچۈندۇر چىرايى پەرىشان، كۆزلىرى ئويچان ئىدى. ئۆزى خانىقادا بولغان بىلەن كۆڭلى ئاللىقەيەرلەردە كېزىپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. ئاپاق خوجىنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى دەرھال ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى جاراھەتنى كۆرۈۋالدى. بۇ جاراھەت ئاشۇ كۈندىكى ئوتتا «رەشىدىيە مەدرىسى» بىلەن بىللە كۆيۈپ كەتكەن ئايتۇلۇندىن قالغان مەستانە جاراھەت ئىدى.

ئاپاق خوجا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن سۆزىنىڭ تېمىسىنى ئىسەن بۇقا تەرەپكە بۇراپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل جاراھىتىگە مەلھەم قىلماقچى بولدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆزى تەربىيىلىگەن بۇ ئاق كۆڭۈل، پىداكار مۇرىتىنىڭ روھىي جەھەتتە ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىشىنى خالىمايتتى.

— سوپى شەيخلەر: شەرىئەتتە رەھنەما① ئەقىل بولسا، تەرىقەتتە رەھنامە مۇھەببەتتۇر، دەپ قارايدۇ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى پات - پات ئىسەن بۇقا تەرەپكە تىكىپ، — سوپىلارنىڭ ھەقىقەتنى مەھبۇب، مەشۇقە، ئۆزلىرىنى ئاشىق دەپ ئاتاشلىرى ئەنە شۇنىڭدىن. ھەر بىرىڭلاردىن مەخپىي قالمىغايكى، ئاشىق ئاللانىڭ مەشۇقىدۇر، ئول كىشى تەركىدۇنيا بولمىغۇچە ئاشىق ۋىسالىغا يېتەلمەيدۇ. دانىشمەنلەر نەقىل قىلىدۇلەركى، خۇدايىتائالا مۇھەببەتنى ياراتتى، ئۇ ئۇزاق يىللار غۇربەت مەيدانىدا بىقارار بولۇپ نالە قىلاتتى. مىڭ يىلدىن كېيىن مۇھەببەت خۇداغا دېدى:

«ئى خۇدايا، بارلىق مەخلۇقات، مەۋجۇداتنى ياراتتىڭ ۋە ھەر بىرىگە بىر ئورۇن — بىر ۋەتەننى پەيدا قىلدىڭ. ئى پادىشاھىم، مېنىڭ ۋەتىنىم نەدە؟» خىتاب كەلدىكى، «ئى مۇھەببەت، ئاللانىڭ شەۋقى گەۋھىرىگە سەدەپ بولغان بىر دىل كۆرسەڭ، نەدىكى مېنىڭ مۇھەب-

① رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى، ئۆگەتكۈچى.

بىتىم ئوتى بىلەن كۆيگەن باغرى كاۋاپنى كۆرسەڭ، سېنىڭ ۋەتىنىڭ شۇدۇر!» مۇھەببەت دېدى :«ئى پەرۋەردىگارا، سېنىڭ بەندىلىرىڭ بىزنىڭ نەشتىرىمىزنىڭ زەخمىگە تاقەت كەلتۈرەلمەيدۇ!» خىتاب كەلدىكى : «ئى مۇھەببەت، بىزنىڭ شۇنداق دوستلىرىمىز باركى، يەتتە ئاسماندەك غەم ـ قايغۇ كەلسىمۇ، بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن يۈز قايتۇرمايدۇ. سەن ئۆز ۋەتىنىڭنى ئال، ھەركىمگە ئىشقى مىقداردا شاراب ئىچۈر!»

نەقىل قىلىدۇلەركى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئىشقتا ئىسلىغانلىقى ئۈچۈن بېھىشتىن قوغلاپ چىقارغان. بىلىش كېرەككى، ئىشق مالامەت جايى، ھەرگىزمۇ سالامەتلىك ئورنى ئەمەس! شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرلار :

ئى ئىشق يولىدىكى ئادەم مالامەت يۈكىنى تارتقىل،
ۋە ياكى كەتكىل سالامەت، ئىشقنىڭ يولىنى قويغىل!

دەپ بىكار ئېيتمىغان، شۇ ۋەجىدىن، سوپى ـ دەۋرىشلەرنىڭ خاتون ئالمىقى دۇرۇس ئەمەس. خاتون كىشى چەپپاندىن تۆرەلگەن، ئۇنىڭدىن بەتتەر ئادىمى شەيتان يوقتۇر. كىمكى بۇ شەيتانغا يولۇقسا، كۆڭلى ئالا بولادۇر! ھەزرىتى ئىشان خوجا ئېيتقانلەركى، كىشى بۇ يولدا مېڭىش ئىستىكى بولسا، كۆڭلىگە ئۆيلىنىش خيالى كىرىپ تەشۋىشكە سالسا، ئىستىغپار ئېيتىش لازىم. ئۇنىڭ بىلەن توسالمىسا، ئاياللاردىن يىراق جايغا كېتىش كېرەك. ئۇنىڭ بىلەنمۇ بولمىسا، روزا تۇتۇپ، تاماقنى ئازايتىشنى داۋام قىلىش، شەھۋەتنى بېسىش داۋالىرىنى قىلىش لازىم. بۇنىڭ بىلەنمۇ يوقالمىسا، گۆرۋىستان ئەتراپلىرىنى ئايلىنىش، ئۆلۈكلەردىن ئىبرەت ئېلىش، ئۇلۇغلار ئەرۋاھىدىن ھىممەت تەلەپ قىلىش لازىم. يەنە ئۇلۇغلار ئېيتقانكى، ئۆيلىنىش — پەقەت پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيالارغا مەنسۇپتۇركى، ئۇلار بۇ سەۋەب بىلەن خۇدادىن غاپىل بولۇپ، ئاۋام ناسقا لايىقلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ھايۋانلىق مەرتىۋىسىنى تولۇقلايدۇ. ئەمما، تەرىقەت تالىپى بولغان ئورتىدىكى تائىپىگە ھەق

سۇبھانە يادى بىلەن ئىچىدىن چىققان بىر نەپەس مىڭ پەرزەنتتىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى، بۇنىڭدا مىڭ پايدا، ئۇنىڭدا مىڭ رىيازەت مەۋ-جۇت! ...

ئاپاق خوجا ئەڭ ئاخىرىدا: «غارايىبات دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ، ئىلھام دۇردانىلىرى سۈزگەيسىلەر!» دەپ سۆزىدىن توختىدى.

ۋەز ـ نەسىھەتنى تولا سۆزلەپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك چاچراپ، كۆزلىرىمۇ ياشاڭغىراپ كەتكەنىدى.

ئۇ سۆزدىن توختىشى بىلەن توپ ئىچىدە مىشىلداپ، ئۆكسۈپ يىغ-لىغان ئاۋازلار، «پىرىم رازى خۇدا رازى»، «بەختىمىزگە ياشىغايلا قۇتبىل ئەقتابى پىرىم» دېگەن مەدھىيىلىك نىدالار كۆتۈرۈلۈپ، خا-نىقانى يەنە بىر قېتىم قايناق، غۇژغۇن سورۇنغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئاپاق خوجا قويىنىدىن ھال رەڭ يىپەك ياغلىقنى ئېلىپ، دەسلەپ ئاغزىنى، كۆزىنى، ئاندىن يۈز ۋە بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى. شۇ ئارىلىقتا ئىسمەن بۇقىغا يەنە بىر قېتىم سەپسالدى، ئەمرىمەرۇپلار ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلغانىدەك كۆرۈنەتتى، ئۇ بايىقىدەك خىيالغا پېتىپ، مۈكچىيىپ ئەمەس، ئەمدى خېلى روھلىنىپ، پىر ـ ئۇستازىغا ئىلتىجالىق نەزەر بىلەن مۆلدۈرلەپ قاراپ ئولتۇراتتى.

ئۇ ئاپاق خوجىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن، خەندەك كۆلبېشىدىكى خانىقادا بۇ زاتنى تۇنجى قې-تىم كۆرگەن چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ كەتتى ...

ئۇ چاغدا ئىسمەن بۇقا تېخى ئىش ئۇقمايدىغان ئون ئىككى ياشلىق سەبىي بالا ئىدى. مىلادىيە 1668 ـ يىلى قەشقەر نائىبى يولۋاسخان ئاتىسى ئابدۇللا خاندىن سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتىنى تار-تىۋېلىپ تەختكە ئولتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك مۇرىتى خان —— پادىشاھ بولغانلىقنى كۆرگەن ھىدايىتۇللا ئىشان دەرھال قەشقەردىن يەكەنگە كېلىپ، قاتلامۇقاتلام مۇرىت توپلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پائا-لىيىتى تېز، راۋان ھەم ئوڭۇشلۇق بولدى. يېڭىدىن نۇرغۇن خانىقالار سېلىنىپ، مۇرىت ـ مۇخلىسلارنىڭ تۇرمۇشى جانلىنىپ كەتتى.

شۇ چاغدا، ئىسەن بۇقىنىڭ دادىسى يۇنۇس تامچى كاتتا داستىخان بىلەن ئوغلىنى يېتىلەپ ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندە، ھىدايىتۇللا ئىشان جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ شۇنداق دېگەنىدى:

— سەن تەرىقەت يولىغا كىرمەكچىسەن،ئوغلۇم. قەلبىڭ قۇلىقى ھوشيار بولسۇنكى، تەرىقەت يولى ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىكتۇر. بىزنىڭ يولىمىز — ئىشق، رىئايە ۋە ئىمان يولى. مۇقەددەس ئەقىدىلەرگە رىئايە قىلىشقا قۇربىتىڭ يېتەرمىكىن؟!

سۇر بېسىپ، تەمتىرەپ قالغان ئىسەن بۇقا توگرا باسقان كىچىككىنە مۇشتۇمى بىلەن بۇرنىنى ئېرتتى ۋە بوغۇق ئاۋاز بىلەن ئارانلا:

— يېتىدۇ، — دېدى.

بالىنىڭ جاۋابى ھىدايىتۇللا ئىشاننى خۇشال قىلدى، ئۇنىڭ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، يۈرىكى، غەيرىتى چوگدەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا خانىقادا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. يېگىدىن مۇرىت بولغان ئىككى يىگىت سۇسلۇق، ھاگۋاقتىلىق قىلغانمۇ قانداق، ھىدايىتۇللا ئىشان يېنىدىكى چاپارلىرىغا زەردە بىلەن ۋارقىرىدى:

— بۇ ئىككى غاپىل بەندىنىڭ دىلىدىكى گۇمراھلىق قۇلۇپىنى چېقىپ تاشلاڭلار!

سوپىلار يەگلىرىنى شىمايلاشتى، ئىككى يىگىتنى چۆرىدەپ ھەلقىغا ئېلىشتى ۋە ئاۋازلىرىنى رىتىمغا، پۇتلىرىنى ساماغا كەلتۈرۈپ، ئوقۇشقا، سەكرەشكە باشلىدى:

ئاخىرەتتىن قىل تىلەك،
ھۇم ئاللاھۇم،
فانى دۇنيا نە كېرەك،
ھۇم ئاللاھۇم،
ھەممىدىن بەك ئەۋزەلى،
ھۇم ئاللاھۇم،
خانىقا ئۆزرە تۈنەك،
ھۇم ئاللاھۇم ....

ئىسەن بۇقا بۇ ئىشلارغا قىزىقىپ، ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

ھىدايىتۇللا ئىشان ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئاستا بېسىپ تۇرۇپ:
— ئولتۇر، بالام، ئولتۇر، — دېدى ئۇنىڭ چېچەن كۆزلىرىگە، ساغلام بەستىگە زوقلىنىپ قاراپ، — خۇدا ئىنساپىڭنى بېرىپتۇ. تەرىقەت يولىدا ئاشىق بولغانغا ھەقتە ئاللا جىمى جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ ئالەمدە بىز بىلەن بىللە بولساڭ، كېچەيۇ كۈندۈز ھەمدۇسانا ئېيتساڭ، پىر ـ ئۇستازىڭنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتساڭ، ئۇ ئالەمدىن ھۆر ـ پەرىلەردىن خوتۇنلۇق بولسەن، راست ئېيتىۋاتىمەن، ئۇ دۇنيا زاھىتلارنىڭ، كىمنىڭ ئەقىدە ـ ئىخلاسى كۆپ بولسا، شۇنىڭ دۆلىتى زىيادە بولىدۇ، — ئاندىن بۇ ئىسمەن بۇقىنىڭ دادىسى يۇنۇس تامچىغا قاراپ داۋام قىلدى، — بۇ ئالەمدە قانچە شۇكۇرانە، قانچە غۇربەت ئۆتكەن ئادەمنىڭ ئىمانى كامىل، ئۇ ئالەملىكى شۇنچە ھالاۋەتلىك بولىدۇ. ئاللا ئەھلى تەرىقەتچىلەرگە بۇ يولنى ئاتا قىلىپ، شاپائەت قولىنى سۇنغان....
مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، ئىسمەن بۇقا خانىقادا — ھىدايىتۇللا ئىشان ۋە ئۇنىڭ خاس مۇخلىسلىرىدىن تەلىم ئېلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا، پانىي دۇنيانىڭ لەززىتىدىن ۋاز كېچىپ، پەقەت ئۇ دۇنيانىلا ئويلايدىغان، كىيىملىرى جۇل ـ جۇل بۇ سوپى ـ دەرۋىشلەرگە ھەۋەس قىلىپ قالدى.
بىر بۇردا قاتتىق نان، بىر ھېجىر داغ سۇغا قانائەتلىنىپ، كوچىمۇ كوچا «ئاللاھۇم» نى ئوقۇپ يۈرىدىغان بۇ خۇدايى ئاشىقلار ئۇنىڭ كۆزىگە پەرىشتىدەك كۆرۈندى. ئەمما، كېيىنچە بىلىدىكى، كۈندۈزى باشلىرىغا كۇلاھ، ئۇچىسىغا جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن جەندە كىيىپ، بازار ـ رەستىلەردە ئىشىكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ يۈرىدىغان بۇ گادايلار نامازشام بىلەن خانىقاغا قايتىپ كېلىپلا تامامەن باشقىچە ئىش كۆرىدىكەن. قاراڭغۇ، تار خانىقادا نەشە پۇراقلىرى بۇخسۇپ، قارا چۆگۈن، قۇمغانلار پاراقلاپ قايناپ كېتىدىكەن. بەزىلەر كۆكنار يالىجىسا، بەزىلەر مەينەت بولۇپ كەتكەن بەلۋاغلىرىنى يېشىپ، كەيىپ دورىلىرىنى چىقىرىشىدىكەن. كېيىن غەيۋەت ـ شىكايەت، كەيىپ ـ

ساپا، گاھىدا ئۇرۇش ـ ماجىرا باشلىنىپ كېتىدىكەن....

بۇ قىلمىشلارغا ھەيران بولغان ئىسمەن بۇقا دەسلەپ بۇ يەردىن قېچىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. بىراق، كېيىنچە «بەلكىم بۇمۇ ئالانىڭ بىر سىنىقىدۇر» دېگەن ئويغا كېلىپ ئۆزىگە تەسەللى بەردى ۋە خانىقانىڭ ئەڭ خىلۋەت يېرىگە كىرىۋېلىپ تەرىقەت بىلەن مەشغۇل بولدى...

ئاي ـ يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشان ئىسمەن بۇقىنىڭ پاك، سەبىي قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. ئىسمەن بۇقا ئۇنىڭغا چوقۇندى، ئىقتىدا قىلدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھىدايىتۇللا ئىشان بۈيۈك زات، ئۆزى بولسا، ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى بىر چۈمۈلە ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئەزەلدىن ئۇنىڭغا تىك قاراپ باققان ئەمەس، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەرمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس ئىدى.

يېشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇمۇ باشقا مۇرىت ـ مۇخلىسلارغا ئوخشاش، تەقۋادارلىقنى ۋايىغا يەتكۈزدى. پۈتۈن تەرىقەت يولىنى تولۇق ئادا قىلمىغۇچە ھەپتە ـ ئايلارنى تائەت ـ ئىبادەت، روزا نىياز بىلەن يالغۇز ـــ تەنھالىقتا ئۆتكۈزدى. لېكىن ئۇ، بەزى ئاشىق مۇخلىسلاردەك ئۇنداق جىددىي، ئەسەبىي ئەمەس، بەلكى تەبىئىي ھەم خاتىرجەم ئىدى.

ئون يىل ـــ خۇددى باھار تۇرنىلىرىدەك تىزىلىپ ئۆتكەن ئون يىل ئىسمەن بۇقىنىڭ ھاياتىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پىر ـ ئۇستازىغا بولغان ئەقىدە ـ ئېتىقادىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. پەقەت يېقىندىكى ئىككى ئىش ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا تۇيۇقسىز بىر سىلكىنىش پەيدا قىلىپ ئۆتتى. بۇنىڭ بىرى، شەھەر ھاكىمى ھەيدەربەگنىڭ تۆگمەن بېشىدىكى پاجىئەلىك ئۆلۈمى ئىدى. ئۇ شۇ چاغدا، يۈرىكىنىڭ چىداشلىق بېرەلمەي ئازابلانغانلىقىنى ھېس قىلدى.چۈنكى، ھەيدەر بەگ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ شەپقەتچىسى ئىدى. دادىسىنى شۇ ئادەم يىراق ئىشقۇل يېزىسىدىن شەھەرگە يۆتكەپ كېلىپ، ئۆي ـ ماكان بەرگەن ۋە ئۇنىڭ تامچىلىق، نەققاشلىق ھۈنىرىنىڭ يىراق ـ يېقىنغا تارىلىپ نام چىقىرىشى ئۈچۈن، ئەۋزەل شارائىت

يارىتىپ بەرگەنىدى. مانا شۇ ئادەم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۈرىكى سۇغۇرۇلۇپ، پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ بۇنداق قەبىھ، مۇدھىش ئۆلۈمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇ چاغدا ئۇ، ئاغزىدىن دۇر ـ گۆھەر ياغدۇرۇپ سۆزلەيدىغان پىر ـ ئۇستازىنىڭ ئاشۇنداق باغرى تاشلىقىغا ھەيران بولۇپ، كۆڭلىدە بىر خىل گۇمان ۋە تەۋرىنىش پەيدا بولغانىدى...

ئىككىنچىسى، شۇنچە پاك، شۇنچە مۆلايىم بىگۇناھ قىز ئايتۇلۇننىڭ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈشى ئىدى. بۇنىڭغا ئۇ راستتىنلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. قىز ئوتتا ئەمەس، گويا ئۇنىڭ يۈرىكىدە كۆيۈۋاتقاندەك ئازابلاندى. قۇتقۇزۇۋېلىشقا قۇربى يېتىدىغان تۇرۇپ قۇتقۇزالمىدى، قىزنىڭ ئوت ئىچىدىكى ئازابلىق نالە ـ پىغانلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭ دەردىگە ھەمدەم بولالمىدى! ئەكسىچە، پىر ـ ئۇستازى ئوتتا كۆيۈۋاتقانلارنىڭ نالە ـ زارىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتا كېرىلىپ ئولتۇراتتى....

مانا شۇ چاغدا، ئۇ ئۆزى چوقۇنغان بۇ زاتنىڭ شۇنچە بىرەھىم، قىساسخور ئادەملىكىگە ھەيران بولۇپ، كۆڭلىدىكى گۇمان ۋە تەۋرىنىشلەر تېخىمۇ كۈچەيگەنىدى ...

لېكىن، ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىسەن بۇقا كۆڭلىدە پەيدا بولغان بۇنداق گۇمانىي خىياللاردىن قورقۇپ كەتتى. ھىدايىتۇللادەك مۇقەددەس زاتقا — ئۆزى چوقۇنغان، ئېتىقاد قىلغان پىر ـ ئەۋلىياغا شەك كەلتۈرۈپ گۇمانلانغانلىقىدىن قورقۇپ، دەرھال يۈزىنى قىبلىگە — مەككە مۇكەررەم تەرەپكە بۇراپ، تىزلىنىپ، ئالىقىنىنى يۈزىگە يېيىپ، تووۋا ـ تەۋازۇ ئېيتىپ، ئۈچ رەكەت ناماز ئوقۇدى. دەل مۇشۇ ئۇستازى بىر چاغلاردا: مۇبادا، كۆڭلىدە ئاللانىڭ لۇتفى ـ شاپائىتىگە گۇمان پەيدا بولۇپ قالسا، شۇنداق قىلىش كېرەك، دەپ ئۆگەتكەنىدى، بىراق ئۇ، بۇنىڭلىق بىلەن يەنە تەلتۆكۈس ئارام تاپالمىدى، قەلبىنى بېسىپ تۇرغان مۇرەككەپ، سىرلىق خىياللار يەنە بەزىدە ئۇنى بىئارام قىلىپ قوياتتى...

ئىسەن بۇقا ئاپاق خوجىنىڭ «پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش،

مۇرىت پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە ئوخشاش ... » دېگەن ياڭراق سۆزى قۇلىقىغا كىرىش بىلەن خىيال ۋە ئەسلىمىلەردىن توختىدى. ئاپاق خوجا سۆزلەۋاتاتتى، سۆز ئارىسىدا بەزىلەر ئۇنىڭدىن سوئاللارنى سوراپ، مەسىلە ـ مەرۇپىنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنىدى.

خانىقادىكى سۆھبەت، تەۋرەش خېلى ۋاقىتقىچە توختىمىدى. قىمـمەتلىك دەقىقىلەر ئەنە شۇنداق جەھرە ـ ساما، ئەمرىمەرۇپ، مەست ـ ئەلەسلىك ئىچىدە ئۆتتى. كەچنىڭ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى بارا ـ بارا شەھەرنى كېپەنلەۋاتقاندەك ئوراپ كەلمەكتە ئىدى.

## 5

ئاپاق خوجا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغاننىڭ ئونىنچى كۈنى پۈتكۈل قەشقەرىيە تەۋەسىدە مۇنداق بىر يارلىقنى ئېلان قىلدى :

«بارلىق خەتىپ ـ مۇدەررىس، ئىمام ـ مۇتىۋەللى ۋە جارۇپكەشلەر ئاگاھ ھەم ھازىر بولۇڭلاركى، قولۇڭلاردىكى مەدرىسە، مەسچىت، تاۋاپ ـ زىيارەتخانىلارنى مۇشۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ، جىمى تۆلىيە ـ ھۆججەتلىرى بىلەن بىزنىڭ سوپى ـ سالىكلىرىمىزگە تاپـشۇرۇپ بېرىڭلار! ئۇلار بۇ جايلارنى خانىقا، ئەمدان، ئىشق كۆلبىلىرى قىلىدۇ. سىلەرمۇ نامىزىڭلارنى ئوقۇساڭلار بولىۋېرىدۇ. كىمكى بۇيـرۇققا خىلاپلىق قىلسا، سازايى قىلىنىدۇ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىـلىشقا بۇيرۇلىدۇ! »

خان يارلىقنى بىر نەچچە چوڭ شەيخ ـ سوپىلار ئازنا كۈنىدىكى جۈمە نامازلىرىدا، بازار كۈنىدىكى رەستە ـ گۈزەرلەردە سۈر ـ ھەيۋەت بىلەن يەتكۈزۈشتى ۋە ئاخىرىدا :

ـــ خۇدا ئۆز كاللامىدا كەلتۈرۈپتىلەركى : پادىشاھلار خۇدانىڭ سا- يىسى، دەپ. شۇڭا، پادىشاھنىڭ ھەربىر بۇيرۇقى پەرز ئەيىندۇر! ـــ دەپ قوشۇپ قويۇشتى.

لېكىن، يارلىق قانچە قاتتىق، يەتكۈزۈش قانچە سۇر ـ ھەيۋەتلىك بولسۇن، يەنىلا ئاۋام خەلقنىڭ قەلبىگە ياقمىدى. بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا نارازىلىق، غۇلغۇلا سادالىرى كۆتۈرۈلدى. لېكىن، ھەممە يەرنى ۋابا ـ دەك قاپلاپ كەتكەن قان خۇمار سوپى ـ دەۋرىشلەرنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تۇيۇقسىز ئۇر ـ يىقىتلىرىدىن قاتتىق يۈرەكسىزدى بولۇپ كەتكەن بىچارە خەلق يەنىلا كۆڭلىدىكىنى سىرتقا چىقىرالماي، دەردىنى ئىچىگە يۇتاتتى. دېمىسىمۇ، ئاپاق خوجا بىلەن جۇڭغارلار تىكلىگەن بۇ ھاكىمىيەت ئاۋام خەلقنىڭ جىسمى ئۈستىدە قارار تاپقان زوراۋان ھاكىمىيەت بولغاچقا، ئۇ ئاۋام خەلقنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە قارىتالمىغانىدى. شۇڭا، شەھەردىن يېزىغىچە، زەرداردىن گادايغىچە ئاغزىدا ماختىغان بىلەن دىلىدا قارغايتتى، كۆزى كۆلۈپ تۇرغان بىلەن يۈرىكى يىغلايتتى. ئۇلار بۇ توغرىدا ئىما ـ ئىشارەت بىلەنلا سۆزلىشەتتى، قورقۇش، ۋەھىمە پايتەختتىنى خۇددى زەھەرلىك تۇماندەك ئورىۋالغانىدى. خان يارلىقى ناھايىتى تېزلا ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. سوپى ـ دەرۋىشلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن تەۋرەپ كېلىپ، مەسچىت، مەدرىسىلەرنى خانىقا، ئەمدان ۋە ئىشق كۆلبىلىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئۇ يەردە جەھرە ـ ساما سېلىپ، كىگىز ـ بورىلارنى يىرتتى، نەشە چېكىپ، ئابھاۋانى بۇلغىدى. تۈنەك قىلىپ، ھەممە يەرنى بېزەپ قىلىۋەتتى. ئىمام ـ مەزىنلەر ناماز ئوقۇيدىغان چاغلاردا، ئۇلار دەسسەپ ـ چەيلەپ، نىجاسەتكە تولدۇرۇۋەتكەن مەسچىتلەرنى ئۆز قوللىرى بىلەن تازىلاپ چىقاتتى.

بۇنداق خورلۇق بىلەن زوراۋانلىققا چىدىمىغان جامائەت ئاخىر يەكەندىكى چوڭ جامەنىڭ ئىمامى بارات ئەلەمگە ئەرز ـ شىكايەت قىلدى:

— بۇ يۇرت نېمە بولۇپ كەتتى، بارات ئەلەم؟ — دېدى بىر ئۆلىما زارلىنىپ، — نەگە بارساق يورۇقلۇق چۈشكەن بىر غېرىچ يەر يوق، ھەممە يەر قاراڭغۇلۇق، زورلۇق، خورلۇق بىلەن تولغان! ئى خۇدا، بىز سېنىڭ ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدۇق؟! ئۆزۈڭگە ئىبادەت

قىلىدىغان بىرەر پاكىز، خاتىرجەم يەرنىمۇ بىز گە راۋا كۆرمە-
دىكەمۇ...، — ئاندىن ئۇ بارات ئەلەمگە ئىلتىجا قىلدى، — ئۆزلىرى
يۇرتىنىڭ چوڭى، شەرىئەت پېشۋاسى، ئاپاق خوجىنىڭ ئالدىغا كىرىپ،
تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا، ئۇمۇ مۇسۇلمان بەندىسى بولغاندىكىن
گەپلىرىنى ئاڭلا، گەپ قىلمىساق، خۇدا ئالدىدا گۇناھكار بولۇپ قالى-
دىغاندەك تۇرىمىز.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دەپ لوقما سالدى يەنە بىر مەھەللە مەسچىتى-
نىڭ ئىمامى، — بۇ ئەجۇج - مەجۇجىلەر مۇقەددەس ئىبادەتخانىلىرى-
مىزنى خاراب قىلىشۋاتىدۇ، مۇقەددەس كىتابلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى
قىلىشۋاتىدۇ، بۇنىڭغا قانداقمۇ تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولىدۇ!؟ ئاللاغا
قىلىدىغان ئىبادەتنىمۇ ئارامخۇدا قىلالمىساق، نېمە تارتىقۇلۇق بۇ! ئەخ-
مەق پادىشاھ بولسا، ئىنەكنى قوشقا قېتىپ، بۇقىنى ئۇسسۇلغا سالىدۇ،
دېگەن راست ئوخشايدۇ ....

— ھىم ... خەپشۇك، — دەپ تۆت تەرىپىگە خۇدۇكسىرەپ قارىدى
كاسىپ سىياق نامازخان، — تەقسىر، پەخەس بولغايلا، ھازىر ھەممە
يەردە كۆز - قۇلاق بار، غىڭ قىلغان ئاۋازمۇ ئوردىغا يەتمەي قالمايدۇ.

— يەتسە يەتمەمدۇ، — دېدى ھېلىقى ئىمام ھېچنېمىدىن يانمايدىغان
تۇرگۇن بىر قىياپەتتە، — ئەمدى شۇ ئىسسىق جېنىمىزدىن باشقا
ھېچنېمە قالمىدى، ئالسا شۇنى ئالار.

بارات ئەلەم خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن:

— ئاپاق خوجا بىلەن كۆرۈشكەنىنىڭ پايدىسى بولارمۇ؟ — دېدى
ئارىسالدىلىق بىلەن، — گېپىمىزنى ئىلىك ئالسىغۇ ياخشى، بولمىسا ئۆ-
زىمىزنى ئوسال قىلىۋالارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئۇنداقمۇ بولماس، — دېيىشتى بىر نەچچەيلەن تەڭلا، — ئۆزلى-
رى يۇرتىنىڭ مۆتىۋەرى، سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئىلىك ئالمىسا
بولماس...

— شۇنداق، زادى بىر دېيىشمەي بولمايدۇ، — دېدى يەنە بىر -
ئىككىسى بارات ئەلەمگە مەدەت بېرىپ، — بۇ ئىشتا ئۆزلىرى باش بول-

سىلا، ئەل بىلەن بولماق ئاللا رازىلىقىدۇر.

شۇنداق قىلىپ، بارات ئەلەم بىلەن يەنە بىر نەچچەيلەن ۋەكىل بولۇپ، ئاپاق خوجا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى. لېكىن، ئوردىغا كىرىپ ئۇ زات بىلەن كۆرۈشۈش ئانچە ئوڭايغا چۈشمىدى. ئارىغا قويماقچى بولغان ئوردا مۇلازىمەتچىلىرىدىن بىرسى:

— مەن پىرىمدىن قورقىمەن، ئەگەر ئۇنىڭ غەزىپى تۇتىدىغان بولسا، هاۋا گۈلدۈرلەپ، پۈتۈن ئەتراپنى چېقىن چاقىدۇ، — دەپ ۋاسىتىچى بولۇشتىن باش تارتتى.

ئۇلار كۈتە ـ كۈتە ئاخىر بۈگۈن ئاپاق خوجىنىڭ ئوردىدىن سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى ئىلىڭ ـ تىڭلاپ ئۇقۇپ، ئوردا ئىشىكى ئالدىدا ئۇنى ساقلىدى. دېگەندەك كەچ پېشىن ۋاقتى بىلەن ئاپاق خوجا يوغان ئەرەب ئېتىنى مىنىپ ئوردىدىن چىقتى. ئويناقلاپ تۇرغان چىلان تورۇق ئايغىرنىڭ بويىندىكى كۈمۈش ئۈمۈلدۈرۈكى قۇياش نۇرىدا يال ـ يۇل قىلىپ چاقنايتتى، ئېگەر توقۇملىرىغا بولسا، هەر خىل ئۈنچە ـ مەرۋايىتلاردىن كۆز قويۇلغانىدى. ئات ئۈستىدە شاهانە سۈر ـ هەيۋە بىلەن غادىيىپ ئولتۇرغان ئاپاق خوجا چۆرىسىگە كالۋۇتۇندىن قىياق چىقارغان كىمخاب تون كىيىپ، بېلىگە تۇمارچە ئەنبەردان ئېسىلغان ئالتۇن كەمەر باغلىغانىدى. ئاتنى كەشمىر رەختىدىن چىپار تون كىيگەن، چوقچا ساقال قىرىسال بىر سوپى يېتىلىۋالغانىدى. ئاپاق خوجىنىڭ كەينىدە ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ يىگىرمىدىن ئارتۇق سوپى ـ دەرۋىش سوكۇلداپ كېلىۋاتاتتى.

ئاپاق خوجا ئوردا دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا بارات ئەلەم ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلدى ۋە:

— ئىشانەم، ئۆزلىرىگە ئىككى ئېغىز گېپىمىز بار ئىدى، ئوردىغا كىرىشكە نېسىپ بولماي مۇشۇ يەردە ئالدىلىرىنى توسۇپ بىئەدەپلىك قىلدۇق، — دەپ بېشىنى تۆۋەن ئەگدى.

ئاپاق خوجا نائىلاج توختىدى، لېكىن كۆزلىرىدىن غەزەپ، چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇراتتى.

— هە، نېمە گەپ!؟ — دېدى ئۇ بىر خىل بىزارلىق تۇيغۇسى بىلەن.

بارات ئەلەم يەنە شۇنداق سىپايىلىك ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھەزرىتىم، بەندىنى ساۋادەتكە يەتكۈزىدىغان تائەت ـ ئىبادەتلەرنىڭ خىللىرى كۆپ، ئەمما بۇلارنىڭ بارلىقى ئىككىلا نەرسىگە جەملىنىدۇ: بىرى، ئاللانىڭ ئەمرىگە تەزىم قىلىش؛ يەنە بىرى، خۇدانىڭ بەندىلىرىگە شەپقەت قىلىشتىن ئىبارەت. شۇ ۋەجىدىن بىز ھۇزۇرلىرىغا مۇقەددەس ئىبادەتخانىلىرىمىزنى خانىقاغا ئۆزگەرتمەي، بۇرۇنقى پېتى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىپ كەلدۇق، مەسچىت، مەدرىسىلەرنى خانىقا قىلىش دۇرۇس بولماس ...

— نېمە؟! — ئاپاق خوجىنىڭ تەرى تۈرۈلۈپ، ئاۋازى قوپاللاشتى، — ھەي ئازغۇن موللىلار، سەنلەر نېمىنى بىلىشسەن؟! شەرىئەت دېگەن بابامىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈزگەن يولى، تەرىقەت بولسا، ئاللاتائالانىڭ ئەمرى تۇرسا، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىپ، مۇنكىر بولۇشماقچىمۇ سەن؟ سەنلەر كۆندە بەش مەرتىۋە ناماز ئوقۇشسەن، ئۇنىڭ بۇياقى مەسچىت بىكار تۇرۇپ قېلىپ ئاللاغا ئەرز قىلىدۇ. بىزنىڭ يارەنلىرىمىز بولسا زىكىر، جەھرە ـ ساما قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جايغا ئاللاتائالانىڭ مالائىكىلىرى چۈشىدۇ، قۇتىبۇل ئەقتاب، رىجالۇلغەيىبلەر[①] ھازىر بولىدۇ. مەسچىتنىڭ ئورنى تاكى تەكتى ئەسراغىچە ئاللادىن رازى بولىدۇ. سەنلەر سەللىنى يوغان يۆگەپ، گەپنى چوڭ قىلغان بىلەن، مۇشۇنچىلىك خۇدايى ئىشلارنىمۇ بىلمەيسەن!

بارات ئەلەمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، ئۇ ئۆزىنى شۇنچە تەمكىن تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشسىمۇ، لېكىن ئاپاق خوجىنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئۇنىڭ ئوغسىنى قاينىتىپ، ۋىجدانىنى ئازابلىدى. مۇبادا، ئاپاق خوجا بارات

---

① رىجالۇلغەيىبلەر — غايىب كىشىلەر، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان كىشىلەر.

ئەلەمنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان ھەرقانداق گەپنى قىلغان بولسا، بەلكىم ئۇ بۇنچىلىك غەزەپلىنىپ كەتمەي، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولاتتى، لېكىن ھازىرقى گەپلىرى ئاللانىڭ، قۇرئاننىڭ ھۆكمىدىن يىراقلاپ كەتكەن كۇپۇرانە گەپلەر بولغاچقا، ئۇ زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

— ئىشانەم، — دېدى ئۇمۇ ئوتتۇرىدىكى پەردىشەپنى قايرىپ، — خۇدا ئەڭ ئېگىز ئەرشنىڭ ئۈستىدە، بىز ئۇنىڭ قەرىدىكى بۇلۇتلارنىمۇ كۆرەلمەيمىز. بىز پەقەت ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى ئارقىلىقلا ئۇنى بىلىمىز، ئۇنى تونۇيمىز. ئۇنىڭ ئەقىدىلىرى بىزگە ئۇلۇغ قۇرئان كەرىم ئارقىلىق يەتكەن. قۇرئان كەرىمدە، مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ يالغان - ياۋىداق سۆزلىشى قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. روھىمىزنى يالغان ئىللەتتىن قوغداش — ئەڭ چوڭ ئەخلاقىي ۋەزىپىلىرىمىزدۇر. پەيغەمبىرىمىز «بىر قېتىم يالغان سۆزلىگەن ئۈچ قېتىم لەنەتكە مۇناسىپ بولىدۇ» دېگەن! ...

ئاپاق خوجىنىڭ ئاق سېرىق، كۆپچۇگەن يۈزى تېخىمۇ ئېسىلىپ ئالپاساق بولۇپ كەتتى. كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ، تۈرۈلگەن قاپاقلىرى ئوتتۇرا قولدەك پولتىيىپ چىقتى. ئاچچىقتىن ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي، «ئازغۇنلار ... غاپىللار ... پاسىقلار ...» دېگىنىچە چىچاڭشىپ، ئاتىنىڭ تىزگىنىنى ئېگىز - پەس تارتتى، ئات ئۇيىاق - بۇياققا چايپىپ، بارات ئەلەمگە يېقىنلاشتى ۋە تۇمشۇقى تېگىپ كېتىپ بارات ئەلەمنىڭ بېشىدىكى سەللىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. شۇ ھالەتتىمۇ ئاپاق خوجا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتمىدى. ئاتنىڭ ئاغزىدىن بۇژغۇپ چىققان ماغزاپ - شالىلار بارات ئەلەمنىڭ سىدام بېشىنى بۇلغىۋەتتى. بارات ئەلەم قاتتىق خورلۇق ئىچىدە ئۆزىگە قاراپ چاپچىپ، دېۋەيلەپ تۇرغان ئاتتىن سەل نېرى يىراقلاشتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىمۇ ئىزا - ئەلەمدىن يىغلىغۇدەك بولۇشتى. ئۇلار بارات

ئەلەمنىڭ توپىغا مىلىنىپ ياتقان چۈۋۈق سەللىسىنى يەردىن ئېلىپ، پۈت - قولى تىترەپ ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى قالمىغان بارات ئەلەمنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى. ئاپاق خوجا «شىكايەتچىلەر» نىڭ مۇنداق كۆلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغان بىچارە ھالەتلىرىدىن كۆڭلى تەسكىن تېپىپ مىيىقىدا كۈلدى - دە، ئېتىنى دېۋىتىپ يۈرۈپ كەتتى. بارات ئەلەم بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئات بىلەن سوپى - دەرۋىشلەر توزۇتقان قويۇق چاڭ - توزان ئارىسىدا قالدى.

× × ×

ئاپاق خوجا ھۇزۇرىدا تۆت يۈزدىن ئارتۇق سوپى ھەمىشە ئويغاق، پەرمانبەردار ھالەتتە تۇراتتى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز پىر - ئۇستازىدىن ئايرىلمايتتى. بۇ زاھىرىي ۋە باتىنىي ئىلىملەرگە كامىل «كارامەتلىك سوپىلار» ھەزرىتى ئىشانىنىڭ مەنزۇر ۋە مەقبۇللىرى دېيىلەتتى.

ئاپاق خوجا غەزەپلىك، مىجەزى چۈس، ئاچچىقى زىيادە ئادەم ئىدى. ئەگەر ئۇ بىرەر كىشىگە غەزەپ قىلىپ ئاچچىقلاپ قاراپ قويسا، بۇ كارامەتلىك سوپىلار بىر ئاخشامدا بېرىپ، ئۇ كىشىنى بۇ دۇنيادىن جىمىدە ئۈزىتىپ قوياتتى.

بۇگۈنمۇ خۇددى شۇنداق بىر كېچە بولدى. ھەممە يەرنى مەيۈسلۈك، ئەلەمگۈلۈك قاپلىۋالغانىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ ھېلىلا ساقىپ چۈشىدىغاندەك سۈس جىمىرلايتتى.

خۇپتەندىن يېنىپ خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەن بولسىمۇ، راۋاقكۆل مەھەللىسىدىكى دەرۋازىسى قوش قانات، ياسىداق بىر ئىمارەتنىڭ چىراغلىرى تېخى ئۆچمىگەنىدى. ئۇستى ۋاسا جۈپ، ئاستى تاختايلىق مېھمانخانىنىڭ پەنجىرىسىدىن ھويلىغا خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. مېھمانخانىنىڭ تۆرىگە راسلانغان تۆشەكتە بارات ئەلەم سوزۇلۇپ

ياتاتتى. ئۇ ئاپاق خوجا بىلەن بولغان ئاشۇ كۈنكى ئۇچرىشىشتا دەرد چېكىپ كەتكەچكە، تۈنۈگۈندىن بېرى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئاشۇ كۈنكى ھەمراھلىرىدىن بىر ئىمام بىلەن بىر مەزىن قىرائەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار بايا خۇپتەندىن يېنىپ، ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى. بارات ئەلەمنىڭ باش تەرىپىگە قويۇلغان شامداندا بىر جۈپ شام پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى. ئىمام بىلەن مەزىن قۇرئانغا قارىماستىن كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئىككى تەرەپكە تاشلانغان ھالدا سۈرىلەرنى يادقا ئوقۇۋاتاتتى. بارات ئەلەمنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئون سەككىز ـ يىگىرمە ياشلاردىكى ئىككى شاگىرت بالا ئۇنىڭ قېرىلىقتىن گۆشلىرى شىلىقشىپ قالغان ئاۋاق پۇتلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. شۇ چاغدا ــ ئىمام، مەزىنلەر ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا قىرائەت قىلىۋاتقان، بارات ئەلەم مۇزىكىدەك خۇش نەپەس ئاۋازىنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن ئەلەڭ ـ سەلەڭ ئۇيقۇغا كەتكەن، ئىككى شاگىرت بالىنىمۇ تاتلىق ئۆگدەك باسقان ئاشۇ غەپلەتلىك مىنۇتتا، تۇيۇقسىزلا مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، ئۆيگە يۈز ـ كۆزىنى نىقابلىۋالغان ئالتە ئادەم بېسىپ كىردى. بارات ئەلەم ئىشىكنىڭ قاتتىق ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى، ئىككى مېھمان قىرائەت قىلىۋاتقان ئاغزىلىرىنى ئاچقانچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى، ھېلىقى ئىككى شاگىرت بالا بولسا، قورققىنىدىن بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. بېسىپ كىرگەن نىقابلىق كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا پالتا، خەنجەر ۋە پىچاق بار ئىدى. ئۇلار بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، بىر ـ بىرى بىلەنمۇ سۆزلەشمىدى. كىرگەن پېتى خۇددى توشقاننى باسقان قارچىغىدەك، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ، بەزىلىرىنى پالتا بىلەن، بەزىلىرىنى خەنجەر بىلەن ۋە بەزىلىرىنى پىچاق بىلەن بىردەمدە شېھىت قىلىپ بولدى. مېھمانخانا قان ئىچىدە قالدى، ئۆلتۈرۈلگەن بەش ئادەمنىڭ كېسىلگەن، ئۈزۈلگەن، مىجىلغان تەنلىرى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ، بەئەينى خامتالاش

قىلىنغان گۆشكە ئوخشاپ قالغانىدى. قاتىللار ئۆلارنىڭ ئۈستىگە مېھمانخانىدىكى يوتقان - كۆرپە ۋە زىلچا - گىلەملەرنى تاشلىدى. قول - ۋە قورااللىرىدىكى قان داغلىرىنى بولسا ئاپئاق يېپەك دېرىزە پەردىلىرىگە سۈرتۈپ، قايتىش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. شۇ چاغدا، بىر جاللاتنىڭ قان تولغان كۆزلىرى توساتتىن تەكچىدىكى كىتابلارغا چۈشۈپ قالدى. مېھمانخانىدىن ئايۋانغا چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئۈستىدىكى مېھرابسىمان تەكچىگە تىزىلغان بۇ كىتابلارغا زەررىچە توپا قونمىغانىدى. بۇ كىتابلارنىڭ كۆك، سېرىق، قىزىل خۇرۇم ۋە چەم مۇقاۋىلىرى چىراغ شولىسىدا رەڭگارەڭ جۇلالىنىپ، خۇددى ھەسەن - ھۈسەندەك يايسىمان كۆرۈنەتتى. بۇ كىتابلار نىزامى گەنجىۋى، ئابدۇراخمان جامى، نەۋائىي، خۇسراۋ دېھلىۋى، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلارنىڭ ئەرەب، پارس ۋە چاغاتاي يېزىقىدىكى شاھانە ئەسەرلىرى ئىدى.

قاتىللار كىتابلارنى تەكچىدىن تارتىپ سېرىپ چۈشۈردى ۋە مۇقاۋىلارنى پالتىدا چاناپ، ۋاراقلىرىنى پىچاقتا كېسىپ، مېھمانخانىنى كىتاب قىيىندىلىرىغا توشقۇزۇۋەتتى، ئەقىل دۇردانىلىرىگە تولغان سەھىپىلەر بايىقى ئۆلىمالارنىڭ پاك قانلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، چىراغ نۇرىدا گويا جاھالەت ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاندەك يالتىراپ، پارقىراپ تۇراتتى.

ئەتىسى بۇ شۇم خەۋەر پۈتۈن شەھەرگە گۈررىدە تارالدى. خەلق غەزەپلەندى، ھەممە يەرنى ھازىدارلىق، نارازىلىق ۋە ھەسرەت - نادامەت قاپلاپ كەتتى. لېكىن، ئاپاق خوجىنىڭ ھەرقايسى چوڭ مەسچىتلەرگە، ئادەم كۆپ بازار - رەستىلەرگە قويغان چاپارمەنلىرى قىلچە تەپ تارتماستىن:

— كۆردۈڭلارمۇ، بىزنىڭ پىر - ماشايىقلىرىمىزنىڭ كارامىتى ناھايىتى تېز، بۈگۈن كېچە خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى ئاسماندىن چۈشۈپ،

جاھىل ئالىملارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ! ... مانا بۇ — پىر ئەۋلىيىمىزنىڭ تەخسىراتىغا كەتكەن تۇزكور، ئازغۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى! خوجام ئاپپاق دۇئايى بەند قىلىۋەتكەن ئادەم تاڭلا مەھشەردە مانا شۇنداق سۈرىتى مۇبەددەل قوپىدۇ، گۇناھى يەڭگىللىرى تەلۋە، كاسكا بولۇپ كېتىدۇ! ...

ماشايىخى مايان كەشفۇپى ـ كەرامەتھا بىسيار تىزە ست،
ئىن شەب ئاخىر بىسيار ئالىمانرازە بەتەبەر كۇشتە ست.[1]

دېيىشىپ ھەيۋە ـ تەھدىت بىلەن خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىشقا، ئاغزىنى ئېتىشكە ئۇرۇندى.

[1] بىزنىڭ ئەۋلىيالىرىمىزنىڭ كارامىتى ناھايىتى ئىتتىك، بىر غەزەپ قىلماق بىلەن بۇگۈن كېچە نۇرغۇن موللىلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ.

# يەتتىنچى باب

# ئالتۇن تەخت ئۈستىدىكى بىر دەملىك ئاچچىق خىيال

## 1

ئاپاق خوجىنىڭ ئىسمائىل خاننى دارغا ئاسمىسا ياكى جادۇغا باسمىسا زادىلا دەردى چىقمايتتى. لېكىن، ئۇ ھازىرغىچە مانا شۇ مەقسىتىگە يېتەلمەي تىت - تىت بولۇپ يۈرەتتى. ئىسمائىل خاننىڭ ئاقسارايىنىڭ ئاستىدىكى زىنداندا قىينىلىۋاتقان مەھكۇم جېنىنى غالدان ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئىسمائىل خاننىڭ تەقدىرى توغرىسىدا، ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا سوقۇۋاتقان ھېساب - چوتى بار ئىدى.

ئاپاق خوجا ئۇنىڭ ئۆزىدىن تارتىپ پۈتۈن ئۇرۇق - ئەۋلادىغىچە قۇرۇتىۋېتىشنى ئويلايتتى. شۇنداق قىلمىسا، ئۆز يېنىدا يوشۇرۇن ئاپەت ساقلىنىپ، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ تەختى - بەختى تەھدىتكە ئۇچرايتتى. غالدان بولسا، ئۇنى ئۆز دەرگاھىدا تۇتقۇنلۇقتا ساقلاپ، ئاپاق خوجا قاتارلىقلارنىڭ ئۆزىگە مەڭگۈ باغلىنىپ، باشتىن - ئاخىر سادىق غالچا بولۇپ ئىشلىشى ئۈچۈن، تىرىك قارانچۇق قىلماقچىدى. «بۇ خەقنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىزنىڭ تائىپىدىن ئەمەس، ئەمما بىر - بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن! — دەپ ئويلايتتى غالدان كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، — ساغان نويانىنى ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئەگەر شۇنداق ساداقەتسىزلىك بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا

ئىسمائىل خان بىزگە تازا ئەسقاتىدۇ. ئىككى قارچىغا سوقۇشسا، ئوۋچىغا پايدا ئەمەسمۇ؟! ...» غالدان ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئىسمائىل خاننى ئۆزى بىللە ئېلىۋالىققا ئەكېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئەمما، ئاپاق خوجىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، نەسلىنى قۇرۇتۇش نىيىتىدىن يانمىغانىدى. شۇڭا، بۈگۈن غالدان بىلەن ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈپ، ئۆز مەقسىتىنى ئېنىق ئېيتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىردى.

غالدان شۇنچە ئېسىل ھۇجرا ــ سارايلارنى تاشلاپ، ئوردا بېغىغا چېدىر تىكتۈرۈپ شۇ يەردە تۇرۇۋاتقانىدى. گۈللۈك كىگىز ــ تىكمىتەلەر بىلەن ئورىلىپ، ئۈستىگە توققۇز بۇرجەكلىك ئاق تۇغ قادالغان چېدىر ئازادە ھەم ھەيۋەتلىك ئىدى. چېدىرنىڭ يېنىدىكى تۈۋرۈكتە غالداننىڭ ئاق قاشقا ئارغىماق ئېتى باغلاقلىق تۇراتتى، چېدىرنىڭ ئىشىكىدە ئىككى، ئەتراپتا يەنە بىرنەچچە پالۋان قامەت چېرىكلەر قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرۇشاتتى.

ئاپاق خوجا چېدىرنىڭ كىگىز مەلەڭزىسىنى قايرىپ ئىچكىرىگە كىردى. چېدىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئاتەشداندا ئۆرۈك كەسلەندىلىرى چاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى.

غالدان ئوتنىڭ يېنىدا چوقچىيىپ، ئوڭ تىزىنى قۇچاقلاپ، سول ئۆكچىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. يالقۇنلاپ يېنىۋاتقان ئوت شولىسىدا ئۇنىڭ بېجىرىم، كۈچلۈك گەۋدىسى، قارامتۇل گۆشلۈك يۈزى پارقىرىغاندەك ئېنىق ۋە ئىللىق كۆرۈندى. چېدىرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك زىلچا ــ گىلەم ۋە ئېسىل بىساتلار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۈستىگە ھەر خىل قىممەت باھالىق تېرىلەر دەستىلەنگەن ساندۇقى پۇختا ئىشكەل قۇلۇپ بىلەن ئېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلمىگەن ئادەممۇ، بىر قاراپلا قەشقەر ۋە يەكەندىكى بۇلاڭ ــ تالاڭدا قولغا چۈشۈرگەن ئالتۇن ــ كۈمۈش بىلەن ھەر خىل بىباھا جاۋاھىراتلار ئىكەنلىكىنى پەملىيەلەيتتى.

ئاپاق خوجا مۇلايىم ۋە قىزغىن سالامدىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ بىشەۋكەتى ئالىيلىرىغا ئىلتىماسىم شۇكى، تۈزكور، مۇناپىقلار-

نىڭ جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۆزلىرىدەك ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس! ئىسمائىل خان ۋە ئۇنىڭ جەددى ـ جەمەتى ھاياتلا بولىدىكەن، بىزنىڭ سەلتەنىتىمىز خەۋپتىن خالاس بولالمايدۇ. شۇڭا، سەئىدىيىلەرنىڭ بۇنداق ناپاك، گۇمراھ نەسلى ـ نەسەبىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتكەن خوپتۇر ...

ـــ ھەزرىتىم، سىز يەنە شۇ گەپنى قىلغىلى كىردىڭىزمۇ؟! ـــ دېدى غالدان ئۇنى مەڭسىتمىگەندەك تەلەپپۇزدا، ـــ بولدى، بۇ ئىشتا سىز بىزگە ئەقىل ئۆگەتمەڭ! خاتىرجەم بولۇڭكى، مەن ئۇنى ھەرگىز سىز- نىڭ ھۇزۇرىڭىزدا قالدۇرمايمەن، ئۆزۈم بىلەن بىللە جۇڭغارىيىگە ئېلىپ كېتىپ، ئۆلگەندىنمۇ بەتتەر كۈن كۆرسىتىمەن، ـــ ئاندىن ئۇ كۆزىنى ھەييارلىق بىلەن ئويىنىتىپ، ئاپاق خوجىغا يەر تېگىدىن قاراپ داۋام قىلدى، ـــ ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن تىرىك تۇرغىنى ئەۋزەل، ھەزرىتىم، كىم بىلىدۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇمۇ ئەسقېتىپ قالامدۇ تېخى.

ئاپاق خوجىنىڭ تۈيغۇن يۈرىكى بۇ گەپنىڭ ئاستىدىكى يوشۇرۇن مەنىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ ئەمدى بۇ ھەقتە غالدان بىلەن سۆزلىشىـ ۋېرىشنىڭ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. يەنە داۋاملىق ئېپتىشىۋەرسە، خوجايىنىنىڭ ئىشەنچىدىن مەھرۇم بولۇپ، كۈتۈلمىگەن پېشكەللىكلەرگە يولۇقۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ: «سىلى نېمە دېسىلە شۇ بولسۇن، بىشەۋكەتى ئالىيلىـ رى!» دەپ پۈكۈلۈپ سالام بېرىپ چېدىردىن چىقتى.

ئاپاق خوجا كەچ كۈز ھاۋاسىدا سارغىيىپ سولىشىشقا باشلىغان، جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ خالىغانچە بۇزۇپ ـ چېچىشى ۋە ئاتلىرىنىڭ تېزەكلەپ پېتىقدىشى بىلەن پايمال بولۇپ كەتكەن ئوردا بېغىدا ئۇزۇن تۇرمايلا ئاقسارايغا قايتتى ۋە شاھنىشىنغا كىرىپ، ئۆزىنى ئالتۇن تەختـ ئۈستىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ بايا غالداننىڭ ئالدىدا ئىچىگە يۇتقان ئاچـ چىقى بېسىلماي، تېخى ھەدەپ يۇقىرى ئۆرلەۋاتاتتى. ئۇ ھەقانچە قىـ لىپمۇ ئىسمائىل خاننى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرەلمىگەنلىكىگە تەن بەرـ گۈسى كەلمەيتتى، بۇ ھەقتە غالدان بىلەن قاتتىقراق دېيىششكە تېخىـ

مۇ پېتىنالمايتتى. ئىككى تەرەپتىن قىسىپ كەلگەن بۇ قىسماق ئۇنى ئىسمائىل خان توغرىسىدا ئاچچىق ۋە نادامەتلىك خىياللارغا غەرق قىلىۋەتتى. خىيالدىن خىيال تۇغۇلۇپ، ئۇنى بۇنىڭدىن سەككىز ـ توققۇز يىل بۇرۇنقى ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر قوينىغا ئېلىپ كەتتى...

## 2

ئىسمائىل خان ھىجرىيە 1080 ـ يىلى زۇلقەئدە[①] ئېيىنىڭ 11 ـ كۈنى خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ سەئىدىيە سۇلتانلىرىنىڭ ئون ئىككىنچىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى.

ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ ئۈچىنچى كۈنى، ئاپاق خوجا — ھىدايىتۇللا ئىشان ئۇنىڭ ھوزۇرىدا پەيدا بولدى.

— ئەي شەھرىيارى ئالەم، — دەپ تەۋازۇ بىلەن سالام قىلدى ئۇ ئىسمائىل خانغا، — سىز تەخت ـ سەلتەنەتتە ئولتۇردىڭىز، سىزنىڭ بۇ تەخت ـ سەلتەنىتىڭىزگە چىن دىلىمىزدىن مۇبارەكبادلىق قىلۇرمىز. بىز تىرىكلا بولىدىكەنمىز، جىمى كەشىپۇ كارامىتىمىزنى، ئېتىقاد ـ ئىخلاسىمىزنى ۋە جىمى جان ـ تەنىمىزنى سىزنىڭ سەلتەنىتىڭىزگە پىدا قىلىمىز، خىزمەتكارلىقنى، ھالال تاماقلىقنى ئورۇندايمىز ...

ھىدايىتۇللا ئىشان ھەمىشە ھەرقانداق سورۇندا ئۆزىنى سىرلىق تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىك چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ يېڭى پادىشاھ ئىسمائىل خاننىڭ ئالدىدا باشقىچە ئادەمگە — بوينىنىڭ سۆڭىكى قاتمىغان خۇشامەتگۈي، ناتىۋان بىر بىچارىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنداق مەدھىيە، تەۋازۇ ھەم تەكەللۇپلارنى كۆپ ئاڭلاپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىسمائىل خان ئۇنىڭ بۇ سۆز ۋە قىلىقلار ئانچە غەلىتە تۇيۇلمىدى، بەلكى ھىدا-

① مىلادىيە 1669 ـ يىل 11 ـ ئاي

يىتۇللا ئىشانده‌ك يۇقىرى - تۆۋه‌نده نامى بار كاتتا بىر زاتنىڭ يىغى سه‌لته‌نه‌تنى مۇباره‌كله‌پ، يۈره‌ك سۆزلىرىنى ئېيتقانلىقىغا كۆڭلىده خۇشال بولدى. شۇڭا، ھىدايىتۇللا ئىشان يه‌نه ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا سالامغا كىرىپ :

— ھه‌زرىتى سۇلتانغا كه‌مىنه‌نىڭ ئىلتىماسى شۇكى، ئۆزلىرى ئاتا - بابالىرىدىن تارتىپ بىزنىڭ ئاتا - بابالىرىمىزغا مۇرىت - مۇخلىس بولۇپ كه‌لگه‌ن. مۇمكىن بولسا، بىزنىڭ سوپى - سالۇكلىرىمىزدىن ئۆشره - سېلىق ئېلىنمىسا، ھاشار - ئالۋانلارغا تۇتۇلمىسا، چۈنكى ئۇلار نامرات، خۇداگۇي، ته‌قۋادار كىشىله‌ر. بىز ھه‌مىشه ئۇلۇغ خاننىڭ سه‌لته‌نىتىنىڭ ئۇستۈن، دۆلىتىنىڭ زىياده بولۇشىغا دۇئا ۋه ته‌له‌پته بولساق ...، — ده‌پ قولىنى دۇئاغا كۆتۈرگه‌نده، ئۇنىڭدىن ته‌سىرله‌نگه‌ن ئىسمائىل خان يه‌ڭگىللىك بىله‌نلا : «بولىدۇ، ئىشانه‌منىڭ دېگىنىچه بولسۇن!» ده‌پ ھۆكۈم قىلىۋه‌تتى. ئۇ كۆڭلىده : «شۇنچه چوڭ بىر خانلىق ئۈچۈن بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ئۇنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىدىن باج - سېلىق ئالماي ئۆزۈمگه مايىل قىلسام، ئىشه‌نىدۇرسه‌م، كۈنله‌رنىڭ بىرىده ئۇلارمۇ ماڭا ئه‌سقاتىدۇ. ئالمادىس، سه‌لته‌نىتىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسه، له‌شكىرىي كۈچله‌رنى ھىدايىتۇللانىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىدىن تولۇقلايمه‌ن. بۇنداقلار تولىمۇ پىداكار، خۇنخور كېلىدۇ.» دېگه‌نله‌رنى ئويلاپ، ئۆز ھۆكۈمىنىڭ توغرىلىقىغا جه‌زم قىلغانىدى.

لېكىن، ئىشلارنىڭ كېيىنكى ته‌ره‌ققىياتى ئىسمائىل خاننىڭ ئويلىغىنىده‌ك ئۇنداق ئاددىي بولمىدى. باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقنىڭ ده‌ردىدىن مادارى قالمىغان خه‌لق يېزىدىن تارتىپ شه‌هه‌رگىچه، يۇقرادىن تارتىپ ئه‌مه‌لدارغىچه ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولۇپ كه‌تتى. ھه‌ممه يه‌رده خانىقا، ئه‌مدان، تۈنه‌كخانا دېگه‌نله‌ر ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، پۈتۈن شه‌هه‌رنى جه‌هره - ساما ئاۋازلىرى بىله‌ن «ئاللاھۇ» سادالىرى قاپلاپ كه‌تتى.

شۇنداق كۈنله‌رنىڭ بىرىده، ئىسمائىل خاننىڭ قېيىناتىسى ھه‌زرىتى

ھۆسەيىن بىننى شاھا بىددىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئاپاق خوجا ئۇ زاتنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ، مېيىتنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن مىڭ قۇچاق ئاقلىق① تەييار قىلىشنى بۇيرۇدى. ئىسمائىل خان يۇرت - يۇرتقا ئادەم چاپتۇرۇپ تېزلا تەييار قىلدى. ئاپاق خوجا مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئاقلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز مۇرىتلىرىغا «مۇرىت كېپەن» قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. شۇ مۇسىبەتتىن كېيىن، ئاپاق خوجا مۇرىتلىرىنىڭ ئىككى ئالەملىك تەۋەررۇك بەلگە نىشانى خەيرلىك «ئاقلىق» بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۇچىسىغا ئاق لىباس، بېشىغا ئاق تەقىيە كىيدى، بېلىغا ئاق بەلۋاغ باغلاشتى، قوللىرىدا ئاق ساپلىق ساپايى، ئاق رەڭلىك تۇغ - شەددىلەرنى كۆتۈرۈشۈپ بەئەينى ئەرۋاھلاردەك يۈرۈشتى. ئۇلار پىر - ئۇستازى ئاپاق خوجىنىڭ بۇ ھەقتە يازغان بۇ شېئىرىنى خانىقامۇ خانىقا، يۇرتمۇ يۇرت ئوقۇپ يۈرۈپ، يىغا - زار قىلىشتى، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك تىلتۇمارىغا ئايلاندۇرۇۋالدى:

ئى يارەنلەر كۆپ شاراپەتلىك ئىرۇر بۇ ئاق تەقى،
ئەھلى ئىمانغا قىيامەتتە كېرەكتۇر ئاق تەقى.
گورغا ھەمراھ بارسىڭىز سورىماس مالائىكلەر پەقەت،
ھەم قىيامەت - ئاخىرەتنىڭ دۇرياراغى ئاق تەقى.
جەننەت ئىشىكىدە مەن شۇندىن تونۇپ ئالسام سېنى،
بىللە ئېلىپ كىرمىكىمگە ئاندا ئاسان ئاق تەقى.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولغان ھەرقانداق ئادەم ئاق تەقىيە كىيىپ، خانلىقنىڭ باج - سېلىق، ئالۋان - ياساقلىرىدىن خالاس بولدى، ھەممە ئىشتا ئېتىبارغا ئېرىشتى. ھەتتا، ئاق تەقىيە كىيگەن لۈكچەك، قىمارۋاز، جازانىخورلارمۇ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ، قازىخانىلارغا چۈشۈپ قالسا، ئاپاق خوجىنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى

① ئاقلىق — ئاق چوتا، ئاق خەسە، ئاق چەكمەن، ئاق جايناماز.

ئابرۇيلۇق سوپى ـ ئىشانلىرى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ، شەرىئەت ئەھ-
كاملىرى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىدى...
ئاپاق خوجىنىڭ يېزا ـ سەھرالاردىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى تې-
گىشلىك يەر، سۇ ۋە ئاشلىق بىجى تاپشۇرمىغاندىن سىرت، دېھقانـلار-
نىڭ قولىدىكى نۇرغۇن يەر ـ زېمىن «خۇدايى ۋەخپە» شەكلىدە ئاپاق
خوجا ۋە ئۇنىڭ مەھەللىۋى ئىشانلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، خـاد-
لىققا تەۋە يەر ـ زېمىن بىلەن يەر بېجى بىراقلا كەملەپ كەتتى.
بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار يۇرت ـ يۇرت، شەھەر ـ بازارلاردىن توپلى-
نىپ ئوردىغا كـەلگەندە، ۋەزىـر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ ئـۆمىرالار چۆچـۈپ
كېتىشتى.
ئەركابەگ مەلۇماتلارنى ئىسمائىل خانغا كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:
ـــ شاھا، ئۆزلىـرىگە مەلـۇم بولغايـكى، يېزا ـ سـەھرالاردىكى دېـھ-
قانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سوپى ـ دەرۋىش بولۇۋېلىـپ، تۆلەشكـە
تېگىشلىك ئۆشرە ـ سېلىقنى بېرىشتىن باش تارتىۋاتىدۇ. بىز ئامالسىز
قالدۇق. ھازىر ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ جاي ـ جـايلاردىكى ئـاق تەقىيـە
كىيگەن مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى يەتـمىش مىـڭدىن ئېشىپ كېـتىپتـۇ.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆشرە ـ سېلىق تۆلىمەيدىغانلار. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
مەھەللىۋى سوپى ـ ئىشان ۋە شەيخلەر دېھقانلارنىڭ قولىدىكى نۇرغۇن
يەر ـ زېمىننى ۋەخپە قىلىۋاپتۇ. ئەگەر ئىش بۇنداق كېتىۋەرسە، خـاد-
لىققا تەۋە يەر ـ زېمىن ئازىيىپ، باج ـ سېلىق تۆۋەنلەپ، ئوردا خەزى-
نىسىدە ئاقچا قـالمايدۇ، ئـاشلىـق ئامبارلىرى قۇرۇقدىلىپ قالىدۇ ...
ـــ ئالىيلىرى، بۇنداق باشباشتاقلىققا تېزرەك تەدبىر قوللانمـاق زۆ-
رۇردۇر! ـــ دەپ ئەركابەگنى قۇۋۋەتلىدى ئەمىر ھاۋازبەگ، ـــ ئەگـەر
بۇنداق كېتىۋەرسە، لەشكەرلەرنىڭ تەمىناتى تۈگەيدۇ، ئالـمادىس بـى-
رەر ئىش بولۇپ قالسا، دۆلەتكە خەۋپ يېتىشى مۇمكىن ...
ئىسمائىل خان قاتتىق چۆچۈدى. دېمىسـىمۇ، ۋەزىيـەت خەتەرلىـك
ھالەتكە بېرىپ قالغانىدى. ئۇ يەڭگىللىك بىلەن قىلغان بىر ئىشىنىڭ سۆ-
زىنىڭ بۇنداق ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاپاق خوجا ئۈستىلىق بىلەن قۇرغان يوشۇرۇن قاپقانغا بىلىپ ـ بىلمەي دەسسەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. خۇداغا شۈكرى، قاپقان تېخى قاتتىق قىسماپتۇ، پۇتىنى دەرھال تارتىۋېلىش كېرەك، بولمىسا، قاپقان بارغانسېرى چىڭىپ ئادەمنى ناكار قىلىپ قويىدۇ ...

ئىسمائىل خان تېزلا بىر قارارغا كەلدى ۋە ئالدىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان ئەمىرلەرگە يارلىق بەردى:

— بۈگۈندىن ئېتىبارەن خانىدانلىق تەۋەسىدىكى ھەرقانداق ئادەم پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. ئۆشرە ـ سېلىق تاپشۇرمىغانلارغا جازا بېرىلسۇن، قارشىلىق قىلغانلار زىندانغا تاشلانسۇن!

خان يارلىقى ناھايىتى تېزلا ھەممە يەرگە سۈر ـ ھەيۋە بىلەن جاكارلاندى.

ئاپاق خوجا ھېچقانداق توسالغۇسىز، ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقان «دەۋتى ئىشقىيە» پائالىيىتى ئۈچۈن تۇيۇقسىز ئەجەللىك زەربە بولغان بۇ يارلىقنى توسۇش، ھېچبولمىغاندا، يۇمشىتىش مەقسىتىدە، خان بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن بىر نەچچە قېتىم ئوردىغا بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئوردا بەگلىرى ئۇنى خان بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى، ھەتتا: «سۇلتاننىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قالىسىز!» دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇردى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ئاپاق خوجا توختاپ قالمىدى، ئۇنىڭ بېشارىتى، قۇترىتىشى بىلەن بىر نەچچە جايدا، خانلىقنىڭ دەمچىلىرى[1] بىلەن ئۆكتەم سوپىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشلار بولدى.

بۇ خەۋەر ئىشىك ئاغىسى قاسىمبەگ ئارقىلىق خانغا يەتكۈزۈلگەندە، ئىسمائىل خان يەنىلا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— قېنى كۆرەرمىز، ئەگەر ھىدايىتۇللا ئىشان يەنىلا شەيتاننىڭ نوختىسىدىن ئاجرىماي، شەقىلىق بىلەن ئۆتسە، ئۇ چاغدا بىزدىمۇ ئامال يوق، ئۆز شورى ئۆزىگە!

① دەمچى — باج ـ سېلىق يىغىدىغان دورغا.

ئىسمائىل خان شۇ گەپلەرنى قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئاپاق خوجا توغرىسىدا تېخىمۇ يامان خەۋەرلەرنى ئاڭلىدى. مانا شۇ ئارىلىقتا، ئاپاق خوجا «دەۋىتى ئىشقىيە» ئاشىقلىرى ئىچىدىن «خۇدايى غازات» گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، مىلادىيە 1667 ـ يىلى يەكەندە مەزھەپ رەقىبلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن بۇزرۇكۋار دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ ــ مازار پادىشاھىمىنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىپ قانلىق ھەرىكەت ئېلىپ باردى. جاي ـ جايلاردا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، پېيىنى قىرقىش، پۇت ـ قولىنى كېسىپ كاردىن چىقىرىش، ئۆي ـ جاي، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاش ۋە كۆيدۈرۈش قاتارلىق ئەسەبىي ھەرىكەتلەر جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، خەلقنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويدى.

مانا شۇ چاغدا، ئىسمائىل خان ئاپاق خوجىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئوچۇق چىرايمۇ ئاچماستىن مۇنداق دېدى:

— ئىشانەم، سىز ھەرگىزمۇ تەخت ئۈستىدە ناماز ئوقۇيمەن دەپ خىيال قىلماڭ، ئۇ ھالدا، يۇرتنى ئىستىبدات پاتقىقىغا تىقىپ قويىسىز. سىز ئەمدى قەشقەرگە كېتىپ، ئاتىڭىزنىڭ ئاستانىسىدە تىنچ ئىستىقامەت قىلىڭ. بۇ جايدىن ئادەم يۆتكىمەڭ، ئۆلىمالار بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈڭ، ماجىرا چىقارماي تىنچ يۈرۈڭ، بولمىسا ئۆزىڭىزگە خاپىلىق تېپىۋالىسىز. مەن بۇ گەپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئاتىڭىزغا مۇرىت بولغانلىقىمنىڭ يۈزى ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن ...

بۇ قېتىم ئاپاق خوجا غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالمىدى. چۈنكى، خاننىڭ ئەلپازى يامان، سۆز ئورامى قاتتىق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا، ئىشنىڭ يامانغا بۇرۇلۇپ كېتىشىدىن قورقتى. شۇڭا، «بولىدۇ» دەپلا، خاننىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، قەشقەرمۇ ئۇنىڭغا ئىسسىق ماكان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دادىسىنىڭ مازىرى يېنىدا يۇرسە، ئۇنىڭ روھى، ئەرۋاھى ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئاپاق خوجا ئىسمائىل خان بەلگىلەپ بەرگەن ئۈچ

كۈن مۆھلەت ئىچىدە سەپەر جابدۇقىنى قىلىپ، سوپى - سالۇكلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ ھەمىشە يېنىدا يۈرىدىغان بىر نەچچە خاس مۇخلىسلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ يەكەندىن چىقىپ، مەكىت ئارقىلىق زىيارەت ۋە ساياھەت قىلىپ ماڭدى. يولدا ئۇنىڭغا يۇرت - يۇرتتىن بولۇپ نۇرغۇن مۇرىت - مۇخلىسلار قوشۇلدى. ئون بەش كۈن بولغاندا، قەشقەرگە يېتىپ باردى ۋە ئاتىسىنىڭ سەرخاكىدا چوڭ بىر خانىقا سېلىپ، ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى ...

## 3

كۈنلەر، ھەپتىلەر خۇددى باھار تۇرنىلىرىدەك تېزلىنىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئاپاق خوجا بۇ كۈنلەرنى بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭ بويىنىغا رەڭگارەڭ ئۈنچە - مارجانلاردىن تىزىق ئاسماقچى بولدى. ئۇ ئىشنى ئەڭ دەسلەپ باباق سۇلتاندىن باشلىدى.

قەشقەرنىڭ نائىب خانى باباق سۇلتان ياش بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنى تۇتقان، ھوش - كاللىسى جايىدا، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان سەگەك ۋەلىئەھد ئىدى.

بىر كۈنى ئاپاق خوجا ئۇنى زىيارەت قىلىش باھانىسى بىلەن ئوردىغا كىردى. باباق سۇلتان ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئالدى، ئالدىغا ئېسىل چاي كەلتۈردى، قەشقەرنىڭ شېرىن - شېكەر مېۋىلىرىنى تىزدى، ئاپاق خوجا ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپ گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— كىتابلاردا كەلتۈرۈلۈشىچە، پەيغەمبەردىن قالسا، ئۈچ خىل ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئوخشاش بولىدىكەن. بىرىنچى قۇتبى — ئۇنى غەۋس دەپ ئاتايدۇ، ئىككىنچى، خۇدا يولىدا قۇربان بولغان شېھىتلار؛ ئۈچىنچى، ئادىل پادىشاھلار. ئاللاتائالا قىيامەت كۈنى بەندىلەردىن ئىماندىن ھېساب ئالىدۇ. پادىشاھلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئى-

ماندىن ھېساب ئېلىپ بولغاندىن كېيىنلا، ئادالەتتىن ھېساب ئالىدۇ. نوشىرۋان ئادىل ئىمانسىز بولسىمۇ، ئادالەتتە، راستچىللىقتا تەڭداشسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، جانابىي رەسۇلىللا پەخىرلىنىپ: «مەن ئادىل پادىشاھ زامانىسىدا تۇغۇلدۇم» دېگەن ...، — ئاپاق خوجا ئالدىغا قويۇلغان پاكار قاشتېشى ئۈستەلدىكى جانان پىيالىنى قولىغا ئالدى، پىيالىدىن لاچىندانە بىلەن زەپە سېلىپ دەملەنگەن چاينىڭ خۇشبۇي ھىدى پۇراپ تۇراتتى. ئۇ چايدىن بىر - ئىككى ئوتلاپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى. ئەمدى ئۇ ئەسلىي مەقسەتكە قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىۋاتاتتى:

— مەيلى پادىشاھ بولسۇن، مەيلى پۇقرا بولسۇن، بەندىلەر قاچانكى ئۆلۈغ پىر - ئەۋلىيالارنى ئۇنتۇپ، كېيىن بىلەن كۆندۈزنىڭ ئىككى رەڭلىكىدىن غاپىل، بىخەۋەر بولۇپ، ئەزىز ئۆمرىنى ئويۇن - تاماشا بىلەن خىرامان ئۆتكۈزسە، چوقۇم ئاللا ۋە ئەۋلىيالارنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. يەر - زېمىن تەۋرەش، بوران چىقىش، قاغجىراش، زىرائەت كۆكلىمەسلىك، يەر يۈزىدىن بەرىكەت، ئىنسانلاردىن شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. نەچچە قەرەلىك يەر - زېمىن تەۋرەش — ئەنە شۇنداق غەزەپلىك - بەتنىيەت، غاپىللارنىڭ پىر - ئەۋلىيالارنى تاشلىغانلىقلىرىدىن بولغاندۇر. چۈنكى، پىرسىز شەرىئەتكە، تەرىقەتكە ۋە ھەقىقەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. پىرسىز ئارىپ بولغىلى بولمايدۇ. پىرى يوقنىڭ پىرى — شەيتان! ...

— مۇنداق دېسىلە، ئىشانەم، — دېدى باباق سۇلتان مېيىقىدا كۈلۈپ، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاچچىق ۋە كىنايىلىك ئىدى، — بىر نەچچە ۋاقتتىن بېرى بىز شەيتاننى پىر تۇتۇپ يۈرۈپتۇق - دە؟

— يوقسۇ ... يوقسۇ ...، — دەپ ئالدىراپ ئىزاھات بەردى ئاپاق خوجا، — كەمىنىلىرى ھەرگىز ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ...

باباق سۇلتان ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل سۆزۈك يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان ئىنچىكە قارا بۇرۇتىنى سىيپاپ قويۇپ:

— بابا ئۆزلىرى پىرى يوقنىڭ پىرى — شەيتان، دېمىدىلىمۇ، ئىشا-

نەم؟ مانا مېنىڭ پىرىم يوق ئەمەسمۇ، — دېدى ئاپاق خوجىغا سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ.

— يوقلۇق بىلەن بارلىقنىڭ مۇددەت - چېكى يوق، ئالىيلىرى، — دېدى ئاپاق خوجا، — بۇرۇن بولمىغان بولسا، هازىر بولسا بولىدۇ، مانا مەن ئۆزلىرىگە پىر بولۇش ئۈچۈن ئالدىلىرىغا كەلدىم ئەمەسمۇ.

ئاپاق خوجا بېشىنى سىڭاريان ئېگىپ، تەۋازۇ بىلەن كۈلدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى هېچنېمىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان يالغان كۈلكە ئىدى.

باباق سۇلتان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قولىنى ئارقىغا قىلىپ، كەڭ، ئازادە سارايدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ بۇگۈن بۇ يەرگە تۇيۇقسىز كېلىپ، شۇنچە گەپلەرنى يىراقتىن ئەگىتىپ سۆزلەشتىكى مەقسەت - مۇددىئاسىنى تولۇق چۈشەنگەنىدى. ئەگەر، شۇ تاپتا ئاپاق خوجىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىگە ئېنىق ۋە كەسكىن جاۋاب قىلمىسا، كېيىنكى ئىشلاردا بىرمۇنچە ئۇقۇشماسلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ جىددىي ئويلاندى، كاللىسى سەگەك، يۈرىكى تۇيغۇن ئىدى.

— ئىشانەم، — دېدى ئۇ ئاخىر ئاپاق خوجىنىڭ يېنىغا كەلگەندە چىپپىدە توختاپ، — بىز ھەممىمىز ئاللانىڭ بەندىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى. شۇنداق ئىكەن، ئەزەلدىن بىر قەبىلە، بىر مەزھەپ، بىر جامائەت بولۇپ مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان پۇقرالارنى كۆپ قەبىلە، كۆپ مەزھەپ، كۆپ جامائەت قىلىپ ئايرىشنىڭ، ئۆملۈك، ھەمدەملىكتىن چەتنەپ، تەپرىقچىلىك قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مېنىڭچە، مۇنداق قىلىش ئاللانىڭ يولىغا، قۇرئاننىڭ ھۆكمىگە، ئەھلى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا زىت! شۇڭا مەن، پىر سىز يۇرۇشكە رازىمەنكى، ئادىمىي شەيتانلارغا مۇرىت بولۇپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن!

باباق سۇلتاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئاپاق خوجىنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىش ھارام

ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمائىل خاندىن زېدە بولغان يۈرىكى بۇگۈن بۇ يەردە ئۇنىڭ شور تۇمشۇق، زۇۋانىدار ئوغلى بىاباق سۇلتاندىن زەردىگۈش بولغانىدى.

ئۇ ئەسلىدە، قەشقەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى نائىبى يولۋاس خاننى تۆت ئېغىز ياغلىما گەپ بىلەن ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە مۇرىت قىلىۋال-غانغا ئوخشاش، بۇ قېتىم باباق سۇلتاننىمۇ ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ ئۆز ئە-زىمغا دەسسىتىمەن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، «ئۆيدە ئويلىغان ئوي يولغا يارىماي قالدى» باباق سۇلتان يولۋاس خانغا ئوخشاش قارام، تەلۋە ھەم تۆگە مىجەز چىقماي قالدى. ئۇ ياش بولۇشىغا قارىماي، تەمكىن ھەم ئەقىللىق ئىدى. ئاپاق خوجا ئۇنى ئايلاندۇرىمەن دەپ ئۆزى ئايلىنىپ قالدى، كۈتمىگەن يەردىن زەھەر ـ زوقۇمدەك ئاچچىق يۇتۇۋالدى.

مانا شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ئاپاق خوجىنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ قاتتىق ئۆچ ئېلىش قارارىغا كەلدى. شۇ مەقسەتتە، ئۆزىنىڭ ئە-شەنچلىك سوپىلىرى موللا ساقى بىلەن موللا شاھبازدىن سەمەرقەند ئەمرى مۇزەپپەرخانغا مەكتۇپ يوللىدى، مەكتۇپ تۆۋەندىكىچە يېزىل-غانىدى:

«ئەمرۇلمۇسلىمىن ئەمىر مۇزەپپەر خانغا: قەشقەردە تۇرغۇچى سە-ئىد خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاندىن بەئىداز دۇئا ۋە سالام يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ھازىر ئالتە شەھەردە موغۇل بەچچىلەر كېرەكسىز بولۇپ قالدى. رەئىيەت ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلماقچى. ئالتە شەھەر خەلقى مېنىڭ مۇرىتىم ۋە مېنىڭ ھۆكمىمدىدۇر. ھازىر لەشكەر ئەۋەتىپ شەھەرنى قوللىرىغا ئېلىش ۋەقتىدۇر، پۇرسەت غەنىيمەت! ...»

ئىككى سوپى كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۆتەڭ ـ ئۆتەڭلەردە ئات ئالماشتۇرۇپ، ناھايىتى تېزلىكتە مەنزىلگە يېتىپ باردى. ئەمىر مۇزەپپەرخان مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ كۆزى قىزاردى ۋە مۇراد بەخشبەگنىڭ باشچىلىقىدا ئالتە مىڭ لەشكەرنى قەشقەرگە يولغا سالدى.

باباق سۇلتان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئون مىڭ لەشكەر بىلەن تاجا-ۋۇزچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن، تۇرغات، ئۇلۇغچات تەرەپ-لەرگە يولغا چىقتى.

ئىككى تەرەپ قەشقەر زېمىنى تەۋەسىدىكى كەڭ بىر سايدا تۇتۇش-تى، جەڭ شىددەتلىك بولدى، ئېلىشىشنىڭ ئۈچىنچى كۈنى سەمەر-قەند قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى — مۇراد بەخشىبەگ قىلىچلىنىپ ئۆلدى، باشسىز قالغان سەمەرقەند لەشكەرلىرى پىتىراپ كەتتى. ئۆلارنىڭ ئۆلۈم ۋە ئەسىرلىكتىن قۇتۇلۇپ قاچقانلىرى يولدا قىر-غىزلارنىڭ قولىدا ھالاك بولدى.

ئۇرۇشتا نۇسرەت قازانغان باباق سۇلتان يەكەنگە — خان دادىسى-نىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، بارلىق ئەھۋالنى — ئاپاق خوجىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ئۇچۇر - بۇجۇرىغىچە مەلۇم قىلدى.

## 4

مانا شۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئىسمائىل خان ئاپاق خوجىدىن ھەزەر ئەيلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆز ھاكىمىيىتى ئۈچۈن يوشۇرۇن تەھدىت بولۇپ قالىدىغانلىقى خاننىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغا-نىدى. ئەگەر ئۇنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلماي كېتىۋەرسە، ۋاقتى كەلگەندە، پۇشايمان قىلىشقىمۇ ئۇلگۈرەلمەي قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنداقتا، قانداق قىلىش كېرەك؟

مانا شۇ سوئال ئىسمائىل خاننى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. قاراملىق، يەڭگىللىك قىلىشقا بولمايتتى، بىخۇدلۇق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايتتى. ئاپاق خوجا ھازىر يالغۇز ئەمەس، شۇنداقلا ئاددىي ئادەممۇ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى شەھەردىن يېزىلارغىچە قاپلاپ كەتكەنىدى. تېخى ئۇنىڭ قولىدىن ئىرشاتنامە① ئالغان نۇرغۇن ئىشان، شەيخلەر يەرلىك خەلق ئىچىدە مەلۇم دىنىي ھوقۇقنى ئىگىلەپ

① ئىرشاتنامە — دىنىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى.

تۇراتتى.

ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مانا شۇ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان مۇرىت ــ مۇخلىسلار پەقەت ئاپاق خوجا يولىنىڭ بەندىچىلىكى بىلەنلا بەند بولىدىغان، شۇ يولدا ئۆلۈپ، شۇ يولدا تىرىلىشكە كۆنگەن پىداكار ئاشىقلارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلاردا ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسانىي غۇرۇر ۋە ئۆزىگە تەۋە ھېچقانداق ئارزۇ ــ ئىستەك دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئاپاق خوجا ئۇلارنى ئوتقا ياكى سۇغا باشلىسىمۇ، ئۇلار خۇددى بىر سەركىنىڭ ئارقىسىدىن بېشىنى مۆكۈرۈپ كېتىۋاتقان قوي پادىسىدەك كېتىۋېرەتتى. شۇڭا، بۇ ئىشتا سەللا قاراملىق ياكى يەڭگىللىك بولۇپ قالسا، بەئەينى ھەرە كۆنىكى بىلەن ئېيتىشقان ئادەمنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەگەر بىخۇدلۇق قىلىنسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولاتتى. ئىسمائىل خان سەئىدىيە خانلىق تارىخىدىكى بۇنداق قانلىق ساۋاقنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغاندى.

ئۆز ۋاقتىدا، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئۈچىنچى خانى ــ يىراق يېقىندا «ئادىل پادىشاھ» دەپ نام ئالغان ئابدۇكېرىم خان دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇپ، يۇرتنى گۈللەندۈرگەن چاغلاردىمۇ، مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى ــ ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ تاغىسى خوجا ئىسھاق ۋەلى دىنىي ئىشلاردىن ھالقىپ، ھاكىمىيەتكە قول سوزغاندا، ئابدۇكېرىم خان ئۇنىڭ ئالا نىيىتىنى بىلىپ قېلىپ ئۇنىڭ پېيىگە چۈشكەن، ئەمما خوجا ئىسھاق چاققان چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئوردىدىكى ئوبۇل ۋە مۇھەممەد ئىسىملىك ئىككى مۇرىتىنىڭ قولى ئارقىلىق ئابدۇكېرىم خاننى بارچۇقتا[1] شىكار ئۈستىدە پىچاقلاپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇرىتى بولغان قۇرەيش سۇلتاننى (ئابدۇكېرىم خاننىڭ ئىنىسىنى) تەختكە چىقىرىپ، ھاكىمىيەتنى بىر مەزگىل كونترول قىلغانىدى.

---

① بارچۇق ــ ھازىرقى مارالبېشى.

ئەنە شۇ چاغدا، ئابدۇكېرىم خان ئوتتۇز يىل خانلىق قىلىپ، جەننەتتەك گۈللەنگەن يۇرت ـ زېمىن خوجا ئىسھاق سوپىلىرىنىڭ ئايىغىدا پايمال بولغانىدى ...

ئىسمائىل خان مانا شۇنداق ئەسلىمە ۋە خىياللار ئىچىدە بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. كاللىسىدىكى پىكىرلەرنى قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ پىشىلدۇردى، ئاخىر ئەركابەگ، ھاۋازبەگ، ھەيدەربەگ ۋە بەھرام سۇلتان قاتارلىق ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئاچتى ۋە ئۆز كۆڭلىدىكى پىكىرنى ئېيتتى. خاننىڭ پىكرى ھەممەيلەنگە خوپ كەلدى. كېڭەش قارار قىلدى. بۇ قارار ئاپاق خوجىنى ۋەتەن چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش قارارى ئىدى!

بۇ ئىشنى ناھايىتى تېز ۋە جىددىي تۇتۇش قىلىپ، بەزىلەر ئەس ـ ھوشىنى يىغىپ بولغۇچە ئورۇنداپ بولۇش لازىم ئىدى.

شۇڭا، پۈتۈن مەملىكەتكە خانلىق بۇيرۇقى جاكارلىنىش بىلەن تەڭ، ئاپاق خوجىغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەلگىلەپ بېرىلدى ۋە بەش يۈز لەشكەر ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى.

ئىسمائىل خاننىڭ ئاپاق خوجىنى ۋەتەن چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرىسىدىكى جىددىي پەرمانى پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئوردا ۋە ئوردا سىرتىدىكى ئەمىر ـ سەركەردىلەر، مەرىپەتپەرۋەر زاتلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار بۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇپ، خان پەرمانىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. «رەشىدىيە مەدرىسى» نىڭ باش مۇدەررىسى جاھى قۇتلۇق مەۋلىۋى پەرمان ئېلان قىلىنغان كۈنىنىڭ ئىككىنچى كۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسىدە ھاياجانلىق، جاراڭلىق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— خۇدانىڭ لۇتفىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ھەممىسى قەھرىدىن قېچىپ لۇتفىغا ئېسىلىدۇ، ئەمما خۇدا قەھرىنى لۇتفىتا، لۇتفىنى قەھرى ئىچىدە پىنھان قىلغان! بۈگۈن ئۆزىنى پىر ـ ئەۋلىيا، سەيىد ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەرنىڭ پادىشاھنىڭ قەھرىگە ئۇچرىشى

ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ قەھرىگە ئۇچرىغانلىق. چۈنكى، ئۇلار خۇدانىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان لۇتفىنى بىلمىدى، خۇدانى ئۇنتۇدى، خۇدانىڭ ھۆكمى بولغان قۇرئان كەرىمگە خىلاپ ئىشلارنى قىلدى. بۇنداق ئادەملەر ئۆزىنى ئىلىم ئەھلى دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تىلى ئالىم، دىلى ئالىم ئەمەس! ھەقىقىي بىلىم بىلەن ھەقىقىي ئىماننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق!

ئى يارەنلەر، بۇ ئالەمدە ھەقىقىي مەرىپەت ھاسىل قىلىڭلاركى، مەرىپەت دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللا دىدارىنى كۆرۈشنىڭ ئۇزۇقىدۇر، كىمكى بۇگۈن مەرىپەتلىك بولسا، ئەتە خۇدانى كۆرىدۇ. خۇدانىڭ سۆزىنى ئاڭلاڭلار:

«كىمكى بۇ دۇنيادا كور بولسا، ئاخىرەتتىمۇ كوردۇر»[1] يەنى ھەر-كىمكى بۇ دۇنيادا خۇدانى تونۇشتا كور بولسا، ئاخىرەتتە خۇدانى كۆرۈشتە كوردۇر! شۇڭا، بۇ زاماننىڭ سوپى - شەيخلىرىدىن يىراق بولۇڭلار، ئۇلار ئەھلى شەرىئەت مىزانلىرىغا خىلاپ گەپلەرنى قىلىپ، نادانلارنى قايمۇقتۇرۇپ مۇرىت توپلايدۇ، ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى پىر ۋە سەيىد ئاتايدۇ. ئۇلار قىيامەتكە مۇنكىر[2] لاردۇر. ئۇلار تېخى «خەلق مالىنىڭ بەشتىن بىرى بىزنىڭ» دەيدۇ. بۇنداق ئادەملەردىن يىراق بولۇڭلار! ھەققانىي، كامىل مۇرشىد[3] لارنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار، تاكى ئىمان شامالىغا كەتمىگەي، خۇدا ئۇلاردىن پاناھ بەرسۇن! ...

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ سۆزى چوڭ جامائەنىڭ سەيناسىدا سانجاق - سانجاق ئولتۇرغان نامازخانلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن «ھەق راست، ھەق راست» دېگەن گۈلدۈراس سادالار كۆتۈرۈلدى.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى خەلق ئارىسىدىن چىققان، خەلقنىڭ ساغلام

---

① پارسچە «ھىدايەتنامە» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 25- بەت.
② مۇنكىر — ئىنكار قىلغۇچى، تانغۇچى.
③ مۇرشىد — ئۇستاز، يېتەكچى.

زېھنى ئۆتكۈر ھەقىقەت سەزگۈسىنى ئۆزىدە جەملىگەن شەرىئەت پېشۋاسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئاپاق خوجىغا ئوخشاش پىر ـ ئەۋلىيا ھېسابلىمايتتى، بەلكى ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئادىمى ئىدى ۋە شۇ دەۋر مىزانى بىلەن پىكىر قىلاتتى. شۇ دەۋر مىزانى ۋە ئەقىدىلىرى بويىچە بولغاندا، ئۆزىنى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا دەپ ئاتىۋالغان ئاپاق خوجىغا ئوخشاش بىدئەتچىلەرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى مانا مۇشۇنداق ھەققانىي جازاغا لايىق ئىدى...

ئىسمائىل خانىنىڭ جىددىي پەرمانى ئاپاق خوجىنى دەسلەپ گاڭگىرىتىپ، ھودۇقتۇرۇپ قويدى. كېيىن ئەس ـ ھوشىنى يىغىۋالغاندا بولسا، ئۆزىگە بېرىلگەن تەييارلىق مۇددىتى توشۇپ قالاي دېگەنىدى. بۇ كۈنلەردە، ئۇ ئۆزىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بىچارە، ھىمايىسىز، ناتىۋان ھېس قىلدى. ئۇ ئەتراپىدىكىلەرگە يۈرىكىنى غاجىلاۋاتقان ئېيتقۇسىز بۇ دەرد ـ ئەلەملەرنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزىنى شۇنداق تەمكىن، سالاپەتلىك تۇتۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن گەپ ـ سۆزلىرىدىن، قاراشلىرىدىن قانداقتۇر ھودۇقۇش ۋە چوڭقۇر ئىزتىراپ ئالامەتلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

بۈگۈن ئاپاق خوجىغا بېرىلگەن مۆھلەتنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا ئەڭ يېقىن مۇخلىسلىرىدىن ئون نەچچە ئادەم مۈكۈلىنىپ، ھەسرەت چېكىپ ئولتۇراتتى، بۇنداق ئېغىر جىمجىتلىق ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىگە تەسەللى تېپىش، يارەنلىرىنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ئېغىر ـ بېسىق ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

ـــ بىز ئۈچۈن ھايات مەيدانى تارلاشتى، ئۆگىنىپ قالغان قۇش ئۆزى ئۆلپەتلىنىپ قالغان ئۇۋىسىدىن ئۈچماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغىمۇ خەيرىيەت ... ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىق لىباسى مەڭگۈلۈك ئەمەس، ئارىيەتتۇر! روبئى مەسكۇن[1] سەيناسى ئالدىنىش جايلىرىدۇر. ئالەمنىڭ كەڭ بىساتى ئىنسان ئۈچۈن باقىيلىق ئارامگاھى ئەمەس،

① روبئى مەسكۇن ـــ دۇنيا، ئالەم.

بەلكى خانلىق تۇزاقخانىسى، ئۆتلۈش كۆۋرۈكىدۇر! ئاللاتائالا پەيغەمبىرىنى مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتلۈشكە بۇيرۇپتۇ، ئۆتمەي ئىلاجىم يوق. دۇنيادىكى ھېچقانداق نەرسە ئىنسانىي ھەقىقەتنى جاپا ـ مۇشەققەتتەك ساپلاشتۇرمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقان: «خۇدا مۆمىنلەرنى بالا بىلەن تەجرىبە قىلىدۇ، خۇددى سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئالتۇننى ئوت بىلەن تەجرىبە قىلغاندەك»①. بالالارنىڭ قاتتىقراقى پەيغەمبەرلەرگە، ئاندىن ئەۋلىيالارغا بېرىلىدۇ. شۇنداق بالالارنى تارتىش لازىمكى، بالالار ئۇنىڭ يۈكسەكلىككە ئۆرلەش غىزاسى بولغاي، مەشۇقنىڭ زەرىبىسىدىن لەززەتلەنمىگەن ئاشىق ھەقىقىي ئاشىق ئەمەس! ھەر بىرىڭلاردىن مەخپىي ئەمەسكى، بۇ جاھاننىڭ گۈلىگە تىكەن يولداشتۇر، شارابىغا خۇمار قېرىنداش، خۇشاللىقى رەنج بىلەندۇر، راھىتى زەخمەت بىلەن ھەمخانە، مۇھەببىتى جاپا بىلەن ئاشىيانە! ھايات گۈلشەنىدە ياشنىغان قايسىبىر نوتا ئۆلۈم كەكىسىنىڭ زەربىگە ئۇچرىماي قالغان؟! ...

— دەرىخا! زالىم پەلەك، پىتنىخور زامانە خىيالىغا كەلگەن ھەربالانى ھەزرىتىمنىڭ دىلى جانىغا كەلتۈردى، — دەپ زارلاندى مۇخلىسلاردىن بابا خوجا ئاخۇن ئىسمىلىك بىرى، — بۇ يۇرتنىڭ كەم ئەقىل نابىكارلىرى ئۇلۇغلار قەدرىنى بىلمىدى، ئۇلۇغزادىلەرنىڭ ئىززىتىنى قىلمىدى ...

دەرۋىش خوجا قاتارلىق بىرنەچچەيلەن تۇشمۇتۇشتىن ئۇنى قۇۋۋەتلەپ سۆز قاتتى:

— شۇنداق، شۇنداق، ئۇلار بۇ خىل گۇمراھ قىلمىشلىرى ئۈچۈن جازاسىنى يەيدۇ!

— خۇدا قەھھارلىق سۈپىتى بىلەن ئۇلارنى جازالايدۇ.

— پىتنە قوزغىغانلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى يەيدۇ ...

— ئاللاتائالا بۇزرۇكۋار پىرىمىزنى بۇ نادان يۇرتتا ھەيىق② كۆ-

---

① پارسچە «ھىدايەتنامە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 37 ـ بەت.
② ھەيىق — زايە، زايە كېتىش

روپ، باشقا يەرگە ئەۋەتمەكچى ...

— كەتمەكنىڭ كەلمىكى بار، — دېدى ئاپاق خوجا مۇخلىسلىرىنى ئۈمىدۋار قىلىش ئۈچۈن، — بۇ جۇدالىق ۋاقىتلىقتۇر. پېقىر بۇ قېتىم چوڭراق بىر ھىجرەت قىلىپ، جاھان كەزمەكچى، قايتا كۆرۈشكىچە سىلەرنى ئاللاغا تاپشۇردۇم. ئاقىل دوستلار، دانىشمەن مۇخلىسلاردىن ئۈمىدىم شۇكى، بىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىمىزدىن، دالالەت ۋە بېشارەتلىرىمىزدىن بەھرە ئېلىپ، ئىشقىيە يولىغا ماڭغان مۇرىتلىرىمىز توزۇپ كەتمىگەي، جەھرە - ساماللىرىمىز توختاپ قالمىغاي، سۇلۇكلىرىمىز تارقاپ كەتمىگەي!

— خاتىرجەم بولغايلا، ھەزرىتى پىرىم، — دېدى ئەتىگەندىن بېرى جىمجىت ئولتۇرغان ئەڭ يېقىن، خاس مۇخلىسلاردىن بېرى ئاخۇن موللا ئالىم يەركەندى، — تېنىمىزدا جېنىمىز لا بولىدىكەن، سىلىدىن باشقا ھېچكىمگە ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بەيئەت قىلمايمىز، ھەزرەتلىرى تىككەن ھىدايەت دەرىخىنىڭ گۈل - چېچەكلىرى ئىشقىيە بوستانلىقىدا — خوجىلار باغچىسىدا چوقۇم شېرىن مېۋىلەر بېرىدۇ، سايە تاشلايدۇ، دوستىنى سىلاپ، دۈشمەننى زارلىتىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇ جۇدالىق كۈنلەردە، مۇھاجىرەت زامانلىرىدا، بۇ بىئارام جان، كېسەل ۋۇجۇدقا يەتكەن غەم - قايغۇ — ئاللانىڭ «ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن بىر ئاسانلىق» دېگەن ۋەدىسى بويىچە ئاياغلىشار. ھەزرىتى ئەلى ئېيتقان: «ساڭا قاتتىق ئەلەم كەلسە، ئەلەم نەشرەھنى[1] ئويلانغىل».

— بەللى - بەللى، كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلدىڭىز، موللا ئالىم، — دېدى ئاپاق خوجا يۈزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئادەم ھەممە ۋاقىت ئۈمىدلىك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ھەر تۈننىڭ سۈبھى، ھەر زىمىستاننىڭ باھارى سابىتتۇر ... سىلەردىن ئۈمىدىم شۇكى، ئاۋامغا گۇناھتىن ساقلىنىش لازىم بولغاندەك، خاسلارغا غەپلەتتىن ھەزەر قىلىش ۋاجىپتۇر. خوجىلار تەرىقىتىدە «ھۇش ئەزدەم»[2] چوڭ خاسىيەتتۇر.

---

① ئەلەم نەشرەھ — قۇرئاندىكى شۇ ئايەتكە ئىشارە («مۇشكۈللۈك ئىككى ئاسانلىق ئارىسىدا»).

② ھۇش ئەزدەم — ھەممىشە ھوشيارلىق.

ئەگەر بىردەم غەپلەت بىلەن ئۆتسە، ئۇنى گۇناھ سانايدۇ، بىر كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەت، ھەر سائەتتە مىڭ تىنىق چىقىدۇ، بىر كېچە ـ كۈندۈزدە يىگىرمە تۆت مىڭ تىنىق چىقىدۇ. ھەرۋاقىتتا ھازىر بولۇپ تۇرۇش لازىم. مېنى چاققان زەھەرلىك يىلاننى سىلەرنى چاقمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ ...

شائىر مىرزا شاھ خوجا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاپاق خوجىغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل يۈزلىنىپ:

— كەمىنە دۇئاگۇي بەندىنىڭ قولى يېتىدىغىنى — نەزمىكەشلىك بىلەن سانا خانلىق تۆھپىسىدىن باشقا ئەمەستۇر، — دېدى ۋە مىسكىن تىترەك ئاۋاز بىلەن تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇدى:

پادىشاھىم ھەممە شەھەردە ئىنتىزار مۇخلىسلىرىڭ،
كۆزلىرى ئىشقىڭ يولىدا تايەتىدۇر ئىنتىزار.
قىل تۈزۈكلە پەرۋىرىش تاپقان مۇرىدلەرگە رەھىم،
قىلىدۇ چىن كۆڭلى بىرلە مەقدە مىڭگە جان نىسار.
خوجەلەر پىراقىدىن كەلدى لىبىمگە بۇ جېنىم،
ئى بۇرادەرلەر قولۇمدىن كەتتى بۇ سەبرۇ قارار.

ئەنە شۇنداق شېرىن ـ سۇخەن سۆزلەر، ھاياجانلىق شېئىرلار بىلەن سىردىشىش ۋە خوشلىشىش شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى.

ئەتىسى — مىلادىيە 1671 ـ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى ئۇلار پىر ـ ئۇستازى ئاپاق خوجىنى يىغا ـ زار ئىچىدە ئۇزىتىپ قالدى. شائىر مىرزا شاھ خوجىنىڭ شۇ كېچىسى يازغان تۆت مىسرا غەزىلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يەرلەرگىچە ئەكس سادا بولۇپ ئاڭلىنىپ تۇردى:

ئوت بىلەن تولغان دىلىمىز ئۇنىڭ ھىجرى داغىدا،
دائىما ھەسرەتتەدۇر دىل ئايرىلىشنىڭ چاغىدا.

...

چىمەندىن كەتتى شاخ ئەرغىنۋانىم،
باھارىم كەتتىيۇ قالدى خازانىم ...

سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ ئاسماننىڭ شەرق تەرىپى تاڭ شەپىقى بىلەن قىزىرىشقا باشلىغان چاغدا، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ بەش - ئالتە نەپەر مۇخلىسى — موللا ئەزھەر، مەۋلانە موللا نەقى، موللا باقى سەمەرقەندى، بابا خوجا ئاخۇن قاتارلىقلار ئىسمائىل خان تەيىنلىگەن ئوردا بەگلىرى بىلەن بەش يۈز لەشكەرنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە يەكەندىن ئايرىلىپ، ئون بىرىنچى كۈنى كانجۇت[1] چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى! ...

① كانجۇت — شۇ دەۋردە سەئىدىيە خانىدانلىقىغا تەۋە رايونلارنىڭ بىرى.

سەككىزىنچى باب

# ۋاباغا ئوخشايدىغان ئادەم

1

كەچ كۈزنىڭ ئاخىرقى ئىللىق نۇرلىرىمۇ ئاخىرلىشىپ، ئېرىق ــ ئۆستەڭلەردە كېچىسى پاختەك تۇخۇمىنىڭ شاكىلىدەك يۇپقا مۇز توڭتى.

هايات گويا بۇرۇنقىدەك : هەر كۈنى مەزىنلەر ئېگىز لاي پەشتاقلارغا چىقىپ بەش قېتىم ئەزان ئېيتاتتى؛ رەستىلەردە دۇكاندارلار ماللىرىنى يېيىپ قويۇشۇپ، ئاۋازى پۈتۈپ كەتكۈچە خېرىدار چاقىرىشاتتى؛ گۈزەرلەردە، تار كوچىلاردا پۇقرالار توختاۋسىز ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. لېكىن، پۈتۈن شەهەرنىڭ تۆت قىرغاق، سەككىز گىردابىدا سودا ــ سېتىق ۋە هۈنەر ــ كاسىپ ئىشلىرى كۈندىن ــ كۈنگە سۇسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. چوڭ رەستىلەرنى يېزىلاردىن ئېقىپ كەلگەن دېهقان ساهىللار قاپلاپ كەتكەنىدى. هايات گويا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقاندەك، پۈتۈن شەهەر ۋە يېزىلارنى نامراتلىق، ئەنسىزلىك ۋە خامۇشلۇق قاپلاپ كەتكەنىدى.

قول ئىلكىدە يوق هالسىز خەلق قەدەممۇقەدەم بېسىپ كېلىۋاتقان قىش ۋەهىمىسىنىڭ هەلەكچىلىكىدە قالغانىدى.

ئاپاق خوجا بولسا، ئۆز پۇقرالىرىنىڭ نېمە كويدا يۈرۈۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر، تېخىچە ئالتۇن تەخت، ئالتۇن تاج ۋە شاهانە تۇرمۇشنىڭ مەستخۇشلۇقى بىلەن مەستانە هالەتتە يۈرەتتى.

ئۇ بۇرۇنقىدەك خانىقالارغا كۆپ بارمايتتى. ھەرقايسى چوڭ خانىقا، مەدرىسە ۋە جامائەلەرگە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك سوپا ـ ئىشانلىرىنى قو-يۇپ شۇلارنىڭ قولى بىلەن مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى ۋە جەمئىيەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىۋاتاتتى. ئاپاق خوجا ئادەملەردىكى ئىچكى مەنپە-ئەت تۇيغۇسىنى چوڭقۇر كۆرىتىپ، شۇ تۇيغۇغا تايانغان ھالدا ئۇلارنى ماھىرانە باشقۇرۇش سەنئىتىگە ئىگە قاغىدالما شەخس ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ جاي ـ جايلارغا تاللاپ قويغان ئادەملىرى ئۇنىڭ ھەقىقىي كۆز ـ قۇلىقىغا ۋە سادىق چاكىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

ئاپاق خوجا خانىقالارغا كۆپ بارالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يېقىن يارەنلىرى كۈندە بولمىسىمۇ، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۇنى ئىز-دەپ كېلىپ سالام بېرەتتى ۋە ئۇنىڭ مەسلە ـ مەرۇپ قىلىپ بېرىشى-نى تەلەپ قىلاتتى، ئۇلار ئۇنىڭ زىكىر ـ سۆھبەتلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ۋە خۇمار ئىدى. كۈنلەپ تاماق يېمەي ئاچ قېلىشقا رازى ئى-دىكى، بىرەر قېتىم ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشقا كۆڭلى قىيمايتتى.

بۈگۈن كەچتە، ئەنە شۇنداق يېقىن مۇخلىسلاردىن ئون نەچچىسى ئاقسارايىنىڭ يېنىدىكى سالامخانىغا يىغىلىپ، ئاپاق خوجىنىڭ كىرىشى-نى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

سالامخانا گىرىمسەن بولۇپ، تۆر تەرەپكە ئالتۇن كۇرسى قويۇلغا-نىدى. تورۇستىكى كۈمۈش قەندىللەردە بىر نەچچە شام يېنىپ تۇراتت-تى. شاملارنىڭ لېپىلداپ، تەۋرىنىپ تۇرغان شولىسى رەڭدار كا-ھىشلار بىلەن قاپلانغان تاملاردا، قۇببىسىمان تەكچە ـ ئويۇقلاردىكى ئېسىل بېزەكلەردە سۇس تاۋلىنىپ، سالامخانىغا بىر خىل سىرلىق تۇس بېرىپ تۇراتتى.

ئاپاق خوجا يىراقتىنلا ھەشەم ـ دەرەم بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان سوپىلار گۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قول باغلىدى ۋە ياي شەكلىدە ئېگىلىپ تاكى ئۇ تۆردىكى ئالتۇن كۇرسقا بېرىپ ئولتۇرغىچە تەزىمدا تۇردى.

— قىنى، قىنى، ئولتۇرۇڭلا، — دېدى ئاپاق خوجا قولىنى يېنىك سىلكىپ، ئارقىدىن ئىككى قولىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇۋېدى، كۆك كىيىملىك، يۈزىگە نىقاب تارتقان بويلۇق بىر ئادەم يان ئىشىكتىن كىرىپ تىزلاندى، ئاپاق خوجا ئۇنىڭغا بۇيرۇدى، — ھېلىقى نەرسىنى ئېلىپ كىر.

كۆك كىيىملىك مۇلازىم ئورنىدىن تۇرۇپ، قىنىق گىلاس رەڭلىك باغدات گىلىمىنىڭ ئۈستىدىن شىپىرلاپ ماڭغىنىچە چىقىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەي كۈمۈش پەتنۇس ئۈستىگە قويۇلغان يوغان كۈمۈش جامنى ئەكىرىپ، ئاپاق خوجىغا ئىككى قوللاپ ئۇزاتتى. ئاپاق خوجا كۈمۈش جامنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭدىكى قىزىل ياقۇتتەك جۇلالىنىپ تۇرغان مەينى — «شەربەتىل ھايات»① نى بىر نەچچە يۇتۇم سۈمۈرگەندىن كېيىن، روھلىنىپ، خۇش كەيىپ بولۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— ئەۋلىيا ئۈچۈن شاراب بولۇش لازىم، شاراب ئىچكەندىن كېيىن مەست بولۇش كېرەك. مەست بولغاندىن كېيىن سەكرەش كېرەك. جەھرە - سۆھبەت قىلغاندىن كېيىن، تەلەپ قىلىش كېرەك. تەلەپ قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە تاپىدۇ، خۇدانى تاپقان ئادەم بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا نېمە پەرق بولىدۇ؟ سىلەر بۇ ھەدىس قۇدسىنى ئوقۇغانمۇ: «مېنىڭ ئالدىمدا بىر شاراب باركى، ئەۋلىيالار ئۇنى ئىچسە مەست بولىدىلەر، مەست بولسىلەر خۇشاللىنىدىلەر، خۇشاللانسىلەر تەلەپ قىلىدىلەر، تەلەپ قىلسىلەر تاپىدۇرلەر، تاپسىلەر يېتىدۇرلەر، يەتسىلەر ئۇلانىدۇرلەر، ئۇلانسىلەر مەن بىلەن ئۇلار ئارىسىدا پەرق يوق.»② ئەمما قەلبى ئاللادىن غاپىل بولغان ھالدا ئاللا دېگۈچىلەرگە ھەر ئىككى دۇنيادا ئاللا خەسىمدۇر③ چۈنكى، ئۇنداقلار ئاللانى تونۇمىغان بولىدۇ. كىمكى تونۇدى، ئۇ بىلىدۇركى، ئاللا ھازىر - نازىردۇر. مانا بۇ نەزمگە

① «شەربەتىل ھايات» — ھەر خىل دورىلارنى ئانار، بېھى شەربەتلىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان يېنىك كەيىپ قىلغۇچى ئىچىملىك.
② پارسچە «ھىدايەتنامە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 18 - بەت.
③ خەسىم — قارشى، دۈشمەن.

قۇلاق سېلىڭلار:

كىمكى غاپىل ھەقتىن بىر زاماندۇر،
كاپىردۇر شۇ زامان، ئەمما ناھاندۇر.[1]
ھەر ئۆلكى بىر تۇتاشلا بولسا غاپىل،
ئېتىكلىكتۇر ئۇڭا ئىسلام ئىشكى بىل.

ئاپاق خوجا سۆزلىگەنسېرى قىزىشتى، قىزىغانسېرى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنىڭ نەزىرىدىكى ھېكمەتلەرنى تۆكۈشكە باشلىدى. ئەلپازىدىن ئۇنىڭ ئۆزىمۇ گەپ سېغىنىپ قالغاندەك، ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىنى دەۋەتمىسە ئىچى بوشمايدىغاندەك قىلاتتى.

ــــ ئالانى تونۇغان، ئالانى دوست تۇتقان ئادەمنىڭ بۇ دۇنيالىقى جاپا ـ مۇشەققەتتە، ئۇ دۇنيالىقى راھەت ـ پاراغەتتە ئۆتىدۇ، ــــ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ بەئەينى ئەرۋاھتەك قېتىپ ئولتۇرغان مۇخلىسلىرىغا قاراپ، ــــ بىر دانىشمەن زاتنىڭ ئەھلىيەسى[2] گۇستاخلىق قىلىپ[3] ئېرىگە دەپتۇ: «سىز خۇدانى دوست تۇتىسىز، لېكىن خۇدا بۇ دۇنيادا ئۆيىڭىزنىڭ ئېھتىياجىدىنمۇ چىقمايدۇ.» «ئى بىچارە، ئەھلىيەم، ھەرگىز ئۇنداق دېمە، مەن ساڭا بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي: بىر مەستۇرە ئايالنى بىر زالىم پادىشاھ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئايال زار ـ زار يىغلاپ نالە قىپتۇ: ‹ئى خۇدا، كىم سېنى دوست تۇتسا، سەن ئۇنى دۈشمەننىڭ زىندىنىغا تاشلامسەن؟›، ئالادىن ئاۋاز كەپتۇكى: «ئى خالىس ئايال، ئادەم ئەلەيھىسسالام دوستلۇق داۋاسى قىلىۋىدى، دۇنيا جاپاسىغا گىرىپتار قىلدىم؛ ئىبراھىم دوستلۇق قىلىۋىدى، نەمرۇد ئوتىغا ئۇچراتتىم؛ زىكرىيا مېنى دوست تۇتقانىدى، ھەرە بىلەن ھەرىلىتىپ ئىككى پارە قىلدۇرۇۋەتتىم. كىمكى مەخلۇقنى دوست تۇتسا، مەخلۇق ئۇنى

① ناھان ــــ ئويغاق، بىدار.
② ئەھلىيە ـ خوتۇنى.
③ گۇستاخ ـ ئەدەپسىز، ئىتائەتسىز.

ئەركىلىتىدۇ. كىمكى بىزنى دوست تۇتسا، جاپا ـ مۇشەققەتتە ئېرىتىپ ئېتىمىز؛ كىمكى مەخلۇقنى دوست تۇتسا دەپنە ـ دۇنيا بېرىدۇ، بىزنى دوست تۇتسا، بالا ـ مېھنەت بېرىمىز؛ كىمكى مەخلۇقنى دوست تۇتسا، ئۆي ـ ماكان، كىيىم ـ كېچەك، خوتۇن ـ بالا بېرىدۇ، بىزنى دوست تۇتسا، ئۆي ـ ماكانسىز، كىيىم ـ كېچەكسىز، بالا ـ چاقىسىز قىلىمىز! ...» بۇنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئايال يىغلاپ، پاتىھە تەلەپ قىلىپتۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز گۇستاخلىق قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپتۇ...

يەنە ئېيتقانلەركى، ھەزرىتى خوجا ئەھرارنىڭ ئىتلىرىنىڭ يالىقى ئالتۇندىن بولغان. بۇ زاتلارنىڭ نەزىرىدە، مال ـ دۇنيا كۆكنار ئۇ- رۇقچىلىك ئەمەس ئىدى، ئۇلار مال ـ دۇنيانىڭ مۇھەببىتىنى تۇتمايتتى. دىل ۋە ھەممە ئەزاسىدا پەقەت خۇدانىڭلا ئىشقى بار ئىدى. سوپى ـ دەرۋىشنىڭ بىردىنبىر سەرمايىسى ئىشق ـ مۇھەببەتتۇر. بىر ئۇلۇغ ئېيتقان: سوپى ـ سالىكقا ئىشقتىن ئارتۇق شەيئ يوق. ئىقتىدا قىلغۇچىغا خۇدانى تونۇشنىڭ دەلىلى ئىشقتۇر. كىمدە كىم ئىشق سەر- مايىسى بولمىسا بۇ يولنى يۈرەلمەيدۇ. ئاشىق مەشۇققا ئىشق بىلەن يې- تەلەيدۇ. ئىشق قانچىلىك كامىل بولسا، مەشۇقنىمۇ شۇنچە كامىلىراق كۆرەلەيدۇ. خۇدانىڭ ئاشىقلىرىنىڭ كۆڭلى ساپ، دىل ئەينىكى جۇلالىقتۇر ... بۇ نەزم ئېيتىلاردا بولسۇن:

يۈز ئەگەر قانچىكى زىبا ۋە پەرى يۈز بولسۇن،
بولمىغاي كۆرگىلى گەر ئاينەدە نۇر يوقتۇر.
ئابىدۇ،[1] زاھىدۇ،[2] سوپىيۇ بارى يولدا سەبىي،
تەڭرىنى بىلگۈچىدىن باشقا يەنە مەرد يوقتۇر.

ئاپاق خوجا سۆزدىن توختاپ، مۇخلىسلارنىڭ مەدھىيە ـ تەشەك-

---

① ئابىد ـــ خۇداغا قۇللۇق قىلىدىغانلار.
② زاھىت ـــ دۇنيا قوغلاشمايدىغانلار.

كۆرلىرى ئەمدىلا باشلىنىۋىدى، سالامخانىنىڭ قاپارتما نەقىشلىك ئىشكى يېنىك ئېچىلىپ، بوسۇغىدا دەرۋىش خوجا پەيدا بولدى. ئاپاق خوجا ئۇنى زىكىر - سۆھبەتكە كېچىكىپ قالغان چېغى دەپ ئويلاپ:

— سۆھبىتىمىز ئاياغلىشاي دېگەندە كەپسىزغۇ؟ — دېدى ئۇنىڭغا سوئال نەزىرىدە قاراپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى مۇخلىسلاردىن بىرى تاگلىمىنى چېكىپ، — بۈگۈن ئەجەب شېرىن سۆھبەت بولدى، گويا ئوت، ئوت ... ھۆل - قۇرۇق دېمەي ھەممىنى دېمىگە تارتتى.

— كەمىنە قۇللىرى ھەزرىتىمگە مۇھىم بىر خەۋەرنى ئېيتقىلى كېلىۋىدىم، — دېدى دەرۋىش خوجا بېشىنى ئەگكەن پېتى تەزىمدە تۇرۇپ.

— قېنى ئېيتىڭ، قانداق خەۋەر ئۇ؟ — ئاپاق خوجا دەرۋىش خوجىغا يۈزلەندى.

دەرۋىش خوجا ئۆزىنى رۇسلىدى، چىرايىدىن جىددىيلىك ۋە مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى، ئاۋازىمۇ تىترەپ، غۇدۇدۇڭ ئاڭلاندى:

— بىز كۆيدۈرگەن «ئالتۇنلۇق مەدرىسى» نىڭ باش مۇدەررىسى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى تېخى ھايات ئىكەن ...

— نېمە ؟! — ئاپاق خوجا ئالتۇن كۇرسىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايىمۇ بىر نەرسىدىن قاتتىق چۆچۈگەن ئادەمدەك دەسلەپ سارغىيىپ، كېيىن قارىدىدى، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى توختىماي لىكىلداپ، چىشلىرى غۇچۇرلىدى.

— شەھەر قامال قىلىنىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن، باغئاۋات يېزىسىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۇنى كۆزلۈك يېزا سەيلىسىگە ئېلىپ كەتكەنىكەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دەرۋىش خوجا ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇپ، — مەن بۇ خەۋەرنى بايا شۇ يۇرتتىن كەلگەن بىر مۇرىتتىن ئاڭلىدىم.

سالامخانىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى. ئاپاق خوجا تېخىچە شۇ ھالەتتە — تۇيۇقسىز پەيدا بولغان غەزەپ ۋە ئەلەمدىن ئۆزىنى يوقاتقان

هالەتتە سۈكۈتتە ئولتۇراتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ جىددىي ئەلپازىغا قاراپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

كۈتمىگەن يەردىن پەيدا بولغان بۇ شۇم خەۋەر ئاپاق خوجىنى ھەقىقەتەنمۇ ساراسىمىگە سېلىۋەتكەنىدى. ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ، جىسمىمۇ، روھىمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلاندى، دەپ جەزملەشتۈرگەن ئادەمنىڭ خۇددى ئاسماندىن چۈشكەن ئەرۋاھتەك يەنە خەلق ئارىسىدا پەيدا بولۇشى ئۇنىڭغا بىر تۇرۇپ غايىبانە سىردەك، بىر تۇرۇپ تەقدىر پېشانىدەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، ئاپاق خوجىغا ھامان خاتىرجەملىك ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمايتتى. ھەممىشە ئۇنىڭ بىلەن تىركىشىپ، ئېتىشىپ، روھىي جىددىيلىك ئىچىدە ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئەڭ يامىنى، قۇتلۇق مەۋلىۋى دېگەن بۇ «بۆرە سويىمىسى» ئادەم تەڭ كېلىش تەس بولغان زۇۋاندار، بىلەرمەن شەخس ئىدى. ئۇ بىرلا ۋەز ئېيتىش بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ ئۆزىگە قارىتالايتتى.

ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ھايات يۈرۈشى ئاپاق خوجا ئۈچۈن بىر تەھدىت ھېسابلىناتتى، ئۇ گويا ئۇنىڭ بۇغدىيىكىگە قادالغان قاتتىق سۆڭەكتەك ھەممىشە ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى بۇزاتتى.

— باغئاۋات سىزنىڭ يۇرتىڭىز ئەمەسمۇ، دەرۋىش خوجا؟ — سورىدى ئاپاق خوجا تۇساتتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ.

دەرۋىش خوجا دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

— شۇنداق ھەزرىتىم، شۇنداق، ھېلىمۇ يادىلىرىدا بار ئىكەن، مەن ئەنە شۇ يۇرتتىن ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ ھىدايەت يولىغا ماڭغانمەن ...

ئاپاق خوجا بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، دەرۋىش خوجىغا خانلىق پەرمانى سۈپىتىدە مۇنداق دېدى:

— بۇ ۋەزىپىنى سىز ئادا قىلىڭ! سىپاھلاردىن بىر نەچچىنى ئېلىپ باغئاۋاتقا بېرىڭ، قانداق قىلىشنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. ئۇ «بۆرە سويىمىسى» نى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا كۆزۈم كۆرمىسۇن!

دەرۋىش خوجا «خوپ!» دېگىنىچە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە پىر -

ئۇستازىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىپ بۇنداق مۇھىم ۋەزىپىنى تاپشۇرغانلىقىدىن زىيادە خۇشال بولدى.

## 2

تاللانغان ئون سوپى كۈنپېتىشقا يېقىن قارا تەرگە چۆمگەن ئاتلىرىنى دۆكۈرلەتكىنىچە باغئاۋات يېزىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇ، بىر يېقى چەت - چېتىگە كۆز يەتمەيدىغان قامغاقلىق جاڭگال، يەنە بىر يېقى ئۆزۈندىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان كۆجۈم مەھەللە ئىدى. ئۇلار مەھەللىگە كىرىش بىلەن ھەممىسىنىڭ بۇرنىغا يېڭىلا پىياز بىلەن جىگىردەك قوشۇپ پىشۇرۇلغان زاغرا ناننىڭ پۇرىقى ئۇرۇلۇپ، ئېغىزلىرىغا سېرىق سۇ كەلدى، ئۇلار بۇ يەردىن تىلىنى تامشىتىپ تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. تېزەك ۋە نەم تارتىپ قالغان يۇڭنىڭ پۇرىقى بىر ئالغان، ئۇ يەر - بۇ يەردە ئىتلار قاۋاۋاتقان ئوڭغۇل - دوڭغۇل كوچىلاردىن ئۆتۈپ، لاي پەشتاقلىق بىر مەسچىتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئاتتىن چۈشۈشتى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىمۇ ئىككى كۈندىن بېرى توختىماي يول يۈرۈپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەنىدى.

ئۇچىسىغا جەندە، باشلىرىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇچلۇق كۇلاھ كىيگەن، قوللىرىدا ساپايى تۇتقان بۇ ئون سوپى ئەمدى دەرۋىش خوجىنىڭ باشچىلىقىدا ئەسلىي قىياپەتلىرىگە قايتتى، ئۇلار ئاتلىرىنى يېتىلەپ باشلىرىنى بىردەك چايقىشىپ، ساپايى سوقۇپ، ئېغىزلىرىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ، ھۆكمەت ئېيتىشقا باشلىدى:

يائاللا دوست، يائاللا!
ھەق دوست، يائاللا!
گۇناھلىرى ھېسابسىز،
قىيامىتى مەدەتسىز،
يائاللا دوست، يائاللا!

ئۇلار شۇ تەرىقىدە مەھەللە ئارىلاپ كېلىشكە باشلىدى. بىرمۇنچە يېرىم - يالىڭاچ يېرا باللىرى قى - چۇ قىلىپ ئۇلارغا ئەگىشىۋالدى.
بۇنداق قىلىش دەۋرىش خوجىنىڭ ھىيلىسى ئىدى، ئۇ مۇشۇ ھىيلە بىلەن ھەم ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى چۆچۈتۈۋەتمەيمەن، ھەم ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالىمەن، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى بىھۇدە بولۇپ چىقتى.
شۇ تاپتا، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى دەل دەرۋىش خوجىنىڭ ئۆ- يىدە — ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ باقمىغان قېرى ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدا ئىدى.
بېشىغا ياغاق داۋىغان تۇماق، ئۈستىگە سەرگەز چاپان، پۇتىغا يۇم- شاق چورۇق كىيىۋالغان، يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بۇ تۇغما دېھقانىنىڭ ئىسمى موللا مۇسا بولۇپ، ئۆزى كەمبەغەل بولسىمۇ، تەقۋادار، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست ئىدى. ئۇ بۈگۈن مۇشۇ يۇرتتا بىرەر ئايدىن بېرى دېھقانلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ كېلىۋاتقان ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى بەش نەپەر شاگىرتى بىلەن بىللە بىر پىيالە چايغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، كاتتىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان ئاق ئۇندا بىر نەچچە قاتلىما ياقتى، بىر خورازنى قان قىلىپ، قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ دۇئاسىنى ئالدى.
قارا سۇۋاق تامغا ھەمەزەك زەدىۋال تارتىلغان ئاددىيغىنە مېھمانخانا ئۆيدە شەھەردىن چىققان مېھمانلاردىن باشقا، يەنە يېزىنىڭ ئىمام - مەزىنى ۋە بىر نەچچە دېھقان بولۇپ لىق ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بېشىغا مۇدەررىسلەر كىيىدىغان ئۈچلۇق مەخمەل تەقىيە كىيـ- يىپ، ئۈستىدىن كىچىكرەك سەللە ئورىغان، ئۈچىسىغا چىرمان يوللۇق بەقەسەم تون كىيىۋالغان كىشى ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئەللىك سەككىزلەرگە بېرىپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ قەددى - قامىتىدىن، ئاپئاق، سوزۇنچاق يۈزىدىن، ھەتتا كىيىملىرىدىنمۇ ئاللىقانداق يوشۇرۇن بىر گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. ئۆزى ۋىجىك بولسىمۇ، لېكىن زوۋۇلىسى پىششىق، كۆزلىرى ئۆتكۈر ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئاپاق خوجا ئۇنىڭ ئاشۇ

ۋىجىك بەستى ـ بويىغا قاراپ، ئۇنى «بۆرە سويىمسى» دەپ كەمسىتـ
كەنىدى.

هاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ ئىككى تەرىپىدە، يېشى بىر ـ بىرىدىن
ئانچە پەرقلەنمەيدىغان رەڭگىروپى پاكىز بەش نەپەر تالىپ ئولتۇراتـ
تى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن، ھەرىكەت ـ قىلىقلىرىدىن ئۇستاـ
زىغا بولغان ھۆرمىتى، ئىززىتى ۋە مۇھەببىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتـ
تى. دېمىسىمۇ، بۇ ئۇستاز ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن ھەمىشە ئۆز ئەتراپىـ
دىكى ياشلارغا شەپقەت، دوستلارغا كەرەم، چوڭلارغا ئىززەت كۆرسىـ
تەتتى. ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا ھەقىقەتتىن قورقۇشنى ئەستىن چىقارـ
مايتتى، بېشىغا مۇشەققەتلەر چۈشكەندە، سەۋر ھەم چىدام بىلەن ئاللاـ
غا سېغىناتتى. شۇڭا، تالىپ ـ شاگىرتلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ مۇدەررىس
كۆكسىدە جاھاننىڭ يۈرىكى ئۇرۇپ تۇرىدىغان كامالەت ئىگىسى
ئىدى!

مانا، ئۇنىڭ بۇ يۇرتقا كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى. يۇرتىنىڭ بىر
نەچچە مۆتىۋەرلىرى بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئۇنى بەش نەپەر شاگىرتى بىـ
لەن بىللە بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنىدى. مەقسىتى، ئۇنى يېزىنىڭ كۆز
ۋاقتىدىكى ساپ ھاۋاسىدىن، تۈرلۈك ـ تۈمەن نېمەتلىرىدىن بەھرە
ئالدۇرۇش، شۇ قاتاردا، ئۇنىڭ مەنىلىك، ھېكمەتلىك ئەمرىمەرۇپلىرىنى
ئاڭلاپ ئىمانىنى قۇۋۋەت تاپقۇزۇش، مۇشۇنداق ئارسال مەزگىللەردە
يېزىلاردا بولۇپ تۇرىدىغان مەۋلۇت، زاراخەتمە دېگەندەك پائالىيەتلەرـ
گە بۇ كاتتا زاتنى قاتناشتۇرۇش ئىدى.

يېزا ـ يېزا، يۇرت ـ يۇرتلاردىن بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق تەكـ
لىپ، چاقىرىق ۋە زىيارەتلەر يىلدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم بولۇپ تۇراتـ
تى. ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىمۇ ئۇلارنىڭ لەۋزىنى يەردە قويماي «چاـ
قىرغانغا بار، چاقىرىلمىغاندىن قاچ» دېگەن ئەقىدە بويىچە چاقىرغان يەرلەرـ
گە باراتتى ۋە كاج تەلەي دېھقانلارنىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ، ئۇلارنىڭ
ھال ـ مۇڭىغا يېتەتتى، شۇ جەرياندا، ئۆزىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ
چۈچۈكىنى تېتىپ، ھايات سىرلىرىنىڭ تېگىگە يېتەتتى.

ئۇ بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ كۈتمىگەن يەردىن ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىغا ھەيران بولدى. بۇ تۇرمۇشتىكى تاسادىپىي توغرا كېلىشمۇ ياكى ئەزەلدىن پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىر قىسمەتمۇ، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ ھاياتتىكى رىزقىنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئاللانىڭ ئۆزىگە قىلغان بۇ ھىممەت ـ شاپائىتىگە شۈكۈر ـ سانا ئېيتتى. لېكىن، مىڭدەك بىگۇناھ ئادەم بىللە كۆيۈپ، بۇ دۇنيادىن ئىزناسى يوقالغان «رەشىدىيە مەدرىسى» نى ئويلىسا، ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ، بۇ دۇنيادا ھايات قالغانلىقىغا ئۆكۈنۈپ كېتەتتى. مەدرىسە ئۇنىڭ ئىسسىق ئۆيى، ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ماكانى ۋە ئەۋلادلارنى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان مەرىپەت ئوچىقى ئىدى. بۇ يەرگە ئۇنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئەقىدە ـ ئىخلاسى، قان ـ تەرى ۋە ئۆمۈر بويى يىغقان بىلىم جەۋھىرى سىڭگەنىدى. ئۇنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن سان ـ ساناقسىز ئىقتىدارلىق كىشىلەر ھازىر مۇشۇ ئانا تۇپراقنىڭ بەخت ـ ئىقبالى ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلىۋاتاتتى.

مانا شۇنداق بۈيۈك، خاسىيەتلىك، ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئىلىم ـ مەرىپەت گۆۋھىرى بىلەن نۇرلاندۇرىدىغان مۇقەددەس بىر ئورۇن ئاشۇ بىر نەچچە جاھالەت پىرلىرىنىڭ قولىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانىدى. بۇ مۇدھىش پاجىئەنى ئويلىسا، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ ئاپاق خوجىغا بولغان غەزىپى چەكسىز ئۆرلەيتتى، ئۇنىڭدىن گويا يىرىڭلىق بىر جاراھەتتىن يىرگەنگەندەك يىرگىنەتتى، ئۆچمەنلىكى كۆپچىيىپ تاشاتتى.

«ھەي ھىدايىتۇللا، ھەي ھىدايىتۇللا! — دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەسرەت ـ نادامىتىنى باسالماي، — سەن ئاللا ئۆلچەپ بەرگەن چەكلىك ئۆمرۈڭنى نېمىلەرگە سەرپ قىلىۋاتىسەن؟ سېنىڭ ئىككى قولۇڭ بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنى بىلەن بويالدى، ئىككى كۆزۈڭ خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە قادالدى! خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى، مەملىكەتنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنى ئويلىماي، باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش، خارابىلىك ئۈستىدە ھاكىمىيەت قۇرۇش، ئاۋامنى قۇل قىلىش ھېسابىغا

شان ـ شۆھرەت قازانماقچى بولغـان ئادەمنىـڭ تاجۇ تەخـتى ئۈزۈنغـا بارارمۇ ؟! ياق، ھەر گـىز ئۈزۈنغـا بارمايدۇ. چـۈنكى، ئۇلاردىـن خەلققـە ياخشىلىق يوق، قىلغان ئىـشى ئادالـەت ئەمەس! سەن بـارلىق مۇسـۇل- مانلارغا يېغى بولدۇڭ. كىمكى ئەل ـ يۇرتىنىڭ غېمىنى يېمەي، بىر ئۆ- زى ئۈچۈنلا كۆيۈپ پىشسا ئۇنى يەر يۇتىدۇ، ئۇ ئىنسان ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر قورال، ئۇ قورالنى ھەر كىم ئۆزى خالىغانچە ئىشلىتىۋېرىـدۇ ... ھەي ھىدايىتۇللا، سەن بۈگۈن ئاشۇ رەھىمسىز جۇڭغارلارنىڭ قورالى بولۇپ، خەلقىڭگە، يۇرتۇڭغا ئاسىيلىق قىلمىدىڭمۇ ؟!

بولغۇسى دۇنيا يامان پېئىلنىڭ بىلەن زىرۇ زەبەر،
سەن ئۆزۈڭ قىلغان بۇ ئىشنى قىلمىغان ھېچبىر بەشەر!

ئاسىينىڭ يۈزى قارا، ياتقان گۆرى تار بولىدۇ، ئاققان قانلار، كۆي- گەن ئوتلار، شىددەتلىك قىيانغا، گۈلدۈرلىگەن لاۋاغا ئايلىنىپ، ئاخىر ئۆزۈڭنىڭ تەختى ـ بەختىڭنى گۇمران قىلىدۇ، كۆيدۈرۈپ كۈلۈڭنى كۆككە سورۇيدۇ!...»

ھەر خـىل يوللار بـىلەن پايـتەختتـىن كەلگـەن شۇم خەۋەرلـەر بـۇ يىراق، خىلۋەت يۇرتتىكى دېھقانلارنـىمۇ ۋەھىمـىگە سېلـىپ، ئالاقـزادە قىلىۋەتكەنىدى. «رەشىدىيە مەدرىسى» نىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى ئـاڭ- لىغان كۈنى پۈتۈن يېزىدا ئېغىر مۇسىبەت بولغانىدەك، ھازىدارلىق ھـا- لەت شەكىللەنگەنىدى. بۈنىڭغىمۇ ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ مەسچىت- تە سۆزلىگەن تەسىرلىك سۆزى سەۋەب بولغانىدى.

شۇ كۈنى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئادەملـەرنىڭ يۈرىـكى ئېرىـپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا يىغا ئولاشقانىدى. ئۇنىڭ سۆزى كىشىـلەرنىڭ كـۆز ئالدىغا ئىلىم ـ مەرىپەتنى يالماپ كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوتنى، ئوت ئىچى- دە ئىڭراۋاتقان مەزلۇمە ئاجىزلارنىڭ، سەبىي بالىلارنىڭ، بىگۇناھ شە- ھەر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپەتلىرىنى نامايان قىلغان ۋە ئۇلارنىـڭ قەلبىـدە ئاشۇ بـىھۇدە كۆيـۈپ كېتىـۋاتقان ئەزىـز جانلارغا نـىسبەتـەن

كۈچلۈك ھېسداشلىق بىلەن نادامەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقانىدى.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى شۇ كۈنى زادىلا چىداپ تۇرالماي، شەھەرگە قايتماقچى، بىشىغا ھەرقانداق كۈن كەلسىمۇ، يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكچى بولغانىدى. لېكىن، يۇرت خەلقى ئۇنىڭ ئالدىنى توستى، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ كونا ئاداۋىتىنى بىلىدىغان بەزى يۇرت ئاقساقاللىرى بولسا، ئۇنىڭ قايتىشىغا تېخىمۇ يول قويمىدى. ئۇلار ھەقىقىي ئىسلام يولىدىكى بۇنداق بىلىملىك، كەمتەر ۋە ئالىيجاناب ئادەمدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايتتى.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى قايتىشقا ئامالسىز قالدى، يۇرت خەلقىنىڭ ياخشى كۆڭلى ئۇنى بىر قېتىملىق قاراملىقتىن توسۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ بۇ كۈنگە كەلگەندە، ئاپاق خوجىنىڭ ئۇنى يەنە تىنتىپ، پېيىگە چۈشۈشىنى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ تۇتماقچى بولۇشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى.

## 3

قوللىرىغا پىچاق، خەنجەرلىرىنى ئېلىۋالغان ئون سوپى خۇددى ئوغرى ـ قاراقچىلاردەك گۈلدۈرلەپ ھويلىغا كىرگەندە، بۇلۇڭدىكى پاخال ئۈستىدە ياتقان تۆت كۆزلۈك قاۋان ئىت زەنجىر سىلكىپ قاۋاپ كەتتى.

ئىتنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلىغان موللا مۇسا ئاخۇن ئىچكىرى ئۆيدىن ھويلىغا چىقتى. قاش قارايغان چاغ ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھويلىدا پىچاقلىرىنى پارقىرىتىپ دېۋەيلەپ تۇرغان بىرمۇنچە بەتبەشىرە ئادەملەرنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ قالدى ۋە بىرئاز زەن سېلىپ قاراپ، توپنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۇزۇن چاچ، چاڭگا ساقال دەرۋىشنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، بايىقى قورقۇش ۋە ئالاقزادىلىكى بىردىنلا ھاياجانغا

ئۆزگەردى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىدىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا تۇرغان بۇ بالىسىنى ئۈچ يىلدىن بېرى كۆرمىگەن، ھەتتا ئىز - دېرىكىنى قىلىپمۇ خەۋەرىنى ئالالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ قوللىرىنى سوزۇپ: «بالام ھاپىز-ئاخۇن، سەن بار ئىكەنسەن ... » دېگىنىچە ئالدىغا ئىككى قەدەم چامدىۋېدى، دەرۋىش خوجا خۇددى بىر نەرسىدىن سەسكەنگەندەك ئارقىغا داجىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ ئىسمىم ھاپىز ئەمەس، دەرۋىش خوجا! — دېدى ئاخشامقى بەگنىڭ تەسىرى تېخى تۈگىمىگەن تالغىن، كۆزلىرىنى دادىسىغا خامۇشلۇق بىلەن تىكىپ.

— بالام ... ئوغلۇم ...، — دېدى موللا مۇسائاخۇن يەنىلا ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — مەن سېنى جايىنامازدا يۇمىلىتىپ ئوڭ قۇلىقىڭغا ئەزان، سول قۇلىقىڭغا تەكبىر ئېيتىپ قويغان ئىسمىڭ ھاپىز تۇرسا ...

شۇ چاغدا، ئۆيدىكى مېھمانلار چاي داستىخىنىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىدىن ئىلىم - ھېكمەت دۇردانىلىرىنى ئاڭلاۋاتاتتى. مېھمانخانىنىڭ تۆرىدە، كونا شايى كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇ ئادەم دەسلەپ قۇرئاندىن سۈرە - ئايەتلەرنى ئوقۇپ، كېيىن پارس تىلىدا «فىقھ »[①] ئىلمىنىڭ قانۇنلىرىنى يېشىپ چۈشەندۈرگەنىدى، ئەمدى بولسا، تۇرمۇش ھېكمەتلىرىدىن زىكىر - سۆھبەت قىلىۋاتاتتى.

— ئىنساندىن كېيىن ھايۋاناتنىڭ ئۇلۇغراقى ئاتتۇر، — دېدى ئۇ ئالدىدىكى ھېجىردىن بىر قوشۇق قېتىقنى ئوتلۇۋېتىپ، — پەسرەكى ئىتتۇر. ھېكمەت نېمىكى، كىشىلەر نېمىشقا ئۇلۇغراق ھايۋان ئاتنى ئەتىۋارلىماي، پەسرەك ھايۋان ئىتنى ئەتىۋارلايدۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب شۇكى، گەرچە ئاتتا چىرايلىق قەددى - قامەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاپا ئوتلىقىدا ئوتلىمىغان، ھەق شىناسلىق يولىقىدىن سۇ ئىچمىگەن.

① فىقھ — قانۇنشۇناسلىق.

گەرچە ئىت ناپاكلىق بىلەن مەئرۇف[1] بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋاپادار، ھەق گۇزاردۇر. مۇبادا، ئىگىسى ئۆلۈپ قالسا، ئۇ ناھايىتى ئىزتىراپ قىلىپ كېتىدۇ، ئۆزىمۇ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بىزنىڭ بەزى ئادەملىرىمىز مانا مۇشۇ ئەقىلسىز ئىتتەكمۇ بولالمايدۇ، ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ، ھەتتا بېشىنى سىلىغان ئىگىسىنى ئالىدۇ! ئادەمزاتنىڭ ئەڭ پەس، ئەسكىسى شۇكى، مال - دۇنيا ئۈچۈن، مەنسەپ - شۆھرەت ئۈچۈن، ئەزىز يۇرتىنى خار قىلىدۇ...

شۇ چاغدا، ھويلىدا ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى بۆلۈندى. ھەممەيلەننىڭ دىققىتى ھويلىغا ئاغدى.

— نېمە ؟! سەن تېخى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى تۇتماقچىمۇ ؟ — موللا مۇسا ئاخۇننىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — ئۇنداق قارا كۆڭۈللۈك قىلما، ئۇ دېگەن ئۇلۇغ كىشى، ئادەم تۈگۈل، چىۋىنىگىمۇ ئازارى يوق! سەن بېرىپ خوجايىنىڭغا تاپالمىدىم، دېگىن بالام...

ئۇ تاتلىق بىر ئۈمىد، ئوتتەك قىزىق بىر ئۈمىنۇش ئىچىدە ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە مۆلدۈرلەپ تىكىلدى. لېكىن، ئوغلى ھەيكەلدەك جىم، سوغۇق قان ھەم شەپقەتسىز ئىدى.

— سەن بۇ ئىشقا ئارىلاشما! — دېدى ئۇ چالۋاقىغاندەك ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — جاندىن كەچسەم كېچىمەنكى، پىرىمنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويمايمەن. ئۇ زاتنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈش ئۆلۈم بىلەن تەڭ ماڭا!

— سەن مەۋلىۋىنى راستتىنلا تۇتماقچىمۇ ؟ — ئەمدى موللا مۇسا ئاخۇنمۇ يىلىنىش - يالۋۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى، — بۈگۈن ئۇ مېنىڭ ئەزىز مېھمىنىم، قېنى، ئۇنىڭ بىر تال مويىغا تېگىپ باقە!

موللا مۇسا ئاخۇن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئايۋان ئىشىكىنىڭ كېشەكلىرىنى يوغان، يىرىك قوللىرى بىلەن كەگەنلەپ تۇتۇۋالدى.

دەرۋىش خوجا قولىدىكى خەنجىرىنى پارقىراتقىنىچە ئۇنىڭغا دېۋەي-

① مەئرۇف — مەشھۇر، داڭلىق.

لەپ تۇراتتى.

ـــ سەن مېنىڭ دادام بولساڭ يولۇمنى توسما! ـــ دېدى ئۇمۇ گـۇر-كىرەپ، ـــ مەن بۈگۈن ئۇ نابىكار ئازغۇننى تۇتماي قويمايمەن!

موللا مۇسا ئاخۇننىڭ غەزەپ - نەپرىتى تېخىمۇ ئۆرلىدى:

ـــ جۆيلۈمە، تۇزكور! ئەگەر تۇتۇشقا توغرا كەلسە، تۇتىدىغان ئا-دەم ئۆز يېنىڭدا تۇرۇپتۇ، ماڭ، بېرىپ خۇدانىڭ ئاشۇ ئاسىي بەندىسى ئاپاق خوجىنى تۇت! ئۇ بىزنىڭ يۇرت - ماكانىمىزنى نېمە قىلىۋەتتى، پۇقرالارنى نېمە كويلارغا سېلىۋاتىدۇ؟ مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئادەملىكىنى بىلگەن بولسام، ئۆز ۋاقتىدا ھەرگىز سەن بەتبەختنى ئۇنىڭغا قوشۇپ بەرمەيدىكەنمەن. مەن تېخى سېنى ئۇلۇغلارنىڭ پېشىدە ئېسىلىپ، ياخشى ئادەم بولار دەپ ئويلاپتىكەنمەن، نەدىكىنى، سەنمۇ ئۇنىڭ ئـى-زىغا دەسسەپسەن، ئۇنىڭ ئىزىدىن گـۇل - گىياھ ئـەمەس، زەھەرلىك شۇمبۇيا ئۆسىدىكەن ...

ئاددىي دېھقان موللا مۇسا ئاخۇننىڭ بۇ سۆزلىرىدە، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ نەچچە كۈندىن بېرىقى ئەمرىمەرۇپ ۋە ناماز خۇتبىلىرىدە ئوقۇغان زىكىر - سۆھبەتلىرىنىڭ تەسىرى بار ئىدى. ئۇ بىر قېتىملىق سۆزىدە مۇنداق دېگەنىدى: «ئەقىل ۋە ئىلىم ئادەم ۋۇجۇدىدا شەب-چىراغ گۆھەرىدۇر. ياخشى - يامانلىق، پايدا - زىيان، توغرا - خاتا بارلىقى مانا شۇ ئىككى گۆھەر بىلەن ئۆلچىنىپ، ھىدايەت ناۋاسى ھا-سىل بولىدۇ.

دەرىخ ... مىڭ دەرىخ! ئارىمىزدىن ئىسمائىل خان، ھاۋازبەگ، ئـەر-كابەگكە ئوخشاش ۋۇجۇدىدا شەبچىراغ گۆھىرى يانغان ئېسىل ئـادەم-لىرىمىز كېتىپ قالدى. بۇ غەددار پەلەك دەۋرىدە، بۇنداق ساھىبقىران، ساھىبخۇرۇچ ئادەملەر قايتا چىقامدۇ؟ يوق، يوق! قانخور سېتىلمىلار ئۇلاردىن قورقتى، نابىكار زالىملار ئۇلاردىن ئەيمەندى. ئۇ كىشىلەرنىڭ باتۇرلۇق، ئادىللىق خىسلەتلىرى ھەممە شەھەرلەرگە تارالغان، غازاتتى-كى غەيرىتى، ئىسلام يولىدىكى شىجائىتى ھەممە شەھەرلـەرگە مەشھۇر ئىدى ... شۇڭا، ئادەم ۋەھشىي جەمئىيەتتە ياشاپ ئەرك تىلەشتىن ئاۋۋال، دىللاردىكى ۋەھشىيلىكتىن ـــ جاھالەت ۋە نادانلىقتىن قۇتۇلماق

كېرەك ...»
ساۋاتسىز قارىتۆرۈك دېھقانلار بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىگە دەماللىققا يېتەلمىسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ نۇرلۇق چىراغ، جاھالەت ۋە نادانلىقنىڭ قاپقاراڭغۇ زۇلمەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئاددىي ھەقىقەتنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تەلۋە سوپىلىرى ئەنە شۇ ئىلىم ـ مەرىپەتنى ۋەيران قىلىپ، جاھالەت بىلەن نادانلىقنى يامرىتىۋاتاتتى ...
دادىسى موللا مۇسا ئاخۇننىڭ ئاپاق خوجىنى چىشلەپ تارتىشى ۋە ئۇنىڭغا ھاياسىزلارچە تىل تەگكۈزۈشى دەرۋىش خوجىنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتى. ئۇ ئەزەلدىن پىر ـ ئۇستازى توغرىسىدا قىلىنغان ھەرقانداق يامان سۆزنى ــ مەيلى ئۇنى كىم دېگەن بولسۇن، ھەرگىز كەچۈرمەيتتى، شۇڭا ئۇ، دادىسىنىڭ ئالدىغا ئوقچۇپ بېرىپ ئۆگدى:
ــ ئاغزىڭنى يۇم! بۇنداق سۆزنى ئىككىنچى قىلىدىغان بولساڭ، تىلىڭنى كېسىۋالىمەن!
ــ نېمە! ــ موللا مۇسا ئاخۇن ھەم ئاچچىق، ھەم تەئەججۈپ بىلەن ئوغلىغا تىكىلدى، ــ نېمە دەۋاتىسەن، مەن سېنىڭ نېمەڭ؟
ــ مەن بىلەن ئىبىتىشما دادا، ــ دېدى دەرۋىش خوجا يەنە شۇنداق قوپاللىق بىلەن، ــ ئىشىكنى بوشات، مەن ئۇنى تۇتىمەن، چوقۇم تۇتىمەن.
موللا مۇسا ئاخۇنمۇ بوش كەلمىدى:
ــ قېنى، تۇتە، تۇتۇپ باقە! سەن مېنىڭ ئۇستۇمدىن دەسسەپ ئۆتۈپ، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى تۇتماقچىمۇ؟
ئاتا بىلەن بالا تىركىشىپ قالدى، ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قىلىچە يول بەرمەيۋاتاتتى. دادا ئۆزىنىڭ دادىلىق سالاھىيىتىنى پەش قىلىپ، ئوغلىغا ھەيۋە قىلاتتى، ئوغلى بولسا ئۆزىنىڭ پىر ـ ئۇستازىغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى، ساداقىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەرقانداق يامانلىقلاردىن يانمايدىغاندەك قىلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆز دادىسىغا تىغ كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.
ــ ئىشىكنى بوشات، مەن ئۇنى تۇتىمەن!

— ياق، ئۇ مېنىڭ مېھمىنىم، ھەرگىز ساڭا تۇتقۇزمايمەن!

مانا شۇ بۇيرۇق سۆزلەر بىرقانچە قېتىم تەكرارلاندى، ئاخىرقى قېتىم ئېيتىلغاندا، دەرۋىش خوجىنىڭ كۆزلىرىدە شەپقەتسىزلىكنىڭ ياۋايى نۇرلىرى چاقنىدى، قېلىن، كۆكۈچ لەۋلىرىنى قاتتىق ھىملىدى، شالاڭ بۇرۇتلىرى دىڭگايدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدىكى ئۆتكۈر خەنجەر خىرە - شىرە قاراڭغۇلۇقتا «يالت» قىلىپ سوغۇق بىر نۇر چاچراتتى - دە، موللا مۇسا ئاخۇننىڭ بويىندىكى چوڭ تومۇرنى ئۈزۈۋەتتى. گەۋدىسى يوغان، بەستلىك بۇ ئادەم «ۋاي ...» دېگىنىچە ئاستا سىيرىلىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ بويۇن تومۇرىدىن ئوقتەك چاچراپ چىقىۋاتقان قان ئىشىك ۋە تاملارنى قىپقىزىل بويىۋەتتى.

دەرۋىش خوجا جان تالىشىۋاتقان دادىسىغا قاراپ بەزدەك بېزىرىپ تۇراتتى. دەسلەپ ئۇنىڭ قارام يۈرىكى دۈپۈلدەپ ئۇرغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، گويا كۈچلۈك بىر رەقىبىنى مەغلۇپ قىلغان قەھرىماندەك كىردىيىپ مەيدىسىنى كەردى.

ئەتىگەندىن بېرى قازان بېشىدا ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئانا تۇيۇقسىز ھويلىدا كۆتۈرۈلگەن ئالا - چۇقاننى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە بوسۇغىدا قانغا مىلىنىپ ياتقان ئېرىنىڭ سوۋۇشقا باشلىغان گەۋدىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ زارلاشقا باشلىدى. ئۇ ئېرىغا خەنجەر ئۇرغان ئادەمنىڭ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى قىزىل قۇرتتەك ۋاقتىدىن تارتىپ، ئوتتا كۆيدۈرمەي، سۇدا ئاققۇزماي، كۆزىنىڭ قارىقىغا دەسسىتىپ چوڭ قىلغان ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، بايىقى زەئىپ مەيۈس يىغىسى ئەمدى ئاچچىق ئەلەمگە تولغان چەكسىز پەريادقا ئايلاندى:

— ئاھ خۇدا، مەن بالا ئەمەس، بالا - قازا چوڭ قىپتىمەن، ئۇ قارا يۈز ئۆزىنى ئۇنتۇپتۇ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپتۇ! ئۇ ئاتا قاتىلى بولدى، ئۇ ئىككىلا دۇنيالىق قارغىشقا، لەنەتكە قالدى، ئاھ خۇدا ... كۆزۈڭ بولسا قارىغىن! ...

يىغا ۋە دەرد - ئەلەمدىن ئانىنىڭ مادارى ئۈزۈلدى، ئۇمۇ ئاستا - ئاستا ھوشسىزلىنىپ، ئېرىنىڭ جەسىتى ئۈستىدە يېتىپ قالدى.

دەرۋىش خوجا تېخىچە قانغا بويالغان خەنجىرىنى ئېگىز كۆتۈرگەن

پېتى دېۋەيلەپ تۇراتتى. ئۇ بايا ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان پۈتۈن ـ سۈـرۈك دادىسىنى ئەمەس، بەلكى بىر چېچقاق پاقلانىنى بوغۇزلىۋەتكەنـدەك، شۇنداق خاتىرجەم، خىرامان ھەم ئىپادىسىز ئىدى. ئۇنىڭ كۆزـلىرىدە ياۋايىلىق ۋە خۇنخورلۇقنىڭ مۇدھىش نۇرلىرى چاقناپ تۇراتـتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئالدىنى توسقان ھەرقانداق ئادەمنى خەنجەر ئۇرۇپ پارە ـ پارە قىلىۋېتىدىغان ۋەھشىيانە ئەلپازدا ئىدى ...

دەرۋىش خوجا پىچاقچى سوپىلىرىنى باشلاپ مېھمانخانىغا بېسىپ كىردى، لېكىن ئۇ يەردە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

ئەسلىدە ئۇلار خېلى بۇرۇنلا ھويلىدىكى دەتالاشنى ئاڭلاپ سەـگەكلەشكەن ۋە ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى مېھمانخانىنىڭ ئارقا دېرىزـسى ئارقىلىق باغقا چۈشۈرۈپ شۇ يەردىن ئېلىپ قاچقانىدى.

دەرۋىش خوجا مەقسىتىگە يېتەلمەي چېچاڭشىپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈك دادىسىنى كۆكلىدە قارغاپ ھويلىغا چىقتى.

بۇ چاغدا، ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان مەھەللىدىكى خەلق قوزغىـلىپ، ئارا ـ گۇرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشكەن ھالدا «قاتىلنى تۇتايلى» دەپ ۋارقىراشقان پېتى ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن خوجا بىلەن ئۇنىڭ سوپىلىرى ھودۇقۇپ قالدى، لېكىن ئۇلارغا ھەممە يەرنى تەكشى باسقان ئاي قاراڭغۇلۇقى ياردەم قىلدى، دەرۋىش خوجا چاققانلىق بىلەن ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئىتنى بوشىتىۋەتتى، زەنجىرـدىن بوشانغان ئىت ئالا ـ چۇقان بىلەن ھويلىغا باستۇرۇپ كىرىۋاتقان ئالىمانغا ئېتىلدى، پۇرسەتتىن پايدىلانغان سوپىلار غولغۇن ئىچىگە ئاـرىلىشىپ، ئانچە ـ مۇنچە تاياق ـ توقماق يېگەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ساق ـ سالامەت قۇتۇلدى، كېـيىن ئاتلىرىنى تېپىشىپ، كېچىلەپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار گەرچە يۈرۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يامان، قەبىھ نامى يۇرت ـ يۇرتلارغا تاراپ كەتتى. بولۇپمۇ، دەرۋىش خوجىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھەرقانداق ئادەم گويا سېسىق نىجاسەتتىن يىرگەنـگەندەك يىرگىنىدىغان، ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدىغان بولۇپ قالدى.

# توققۇزىنچى باب

## بىرنەچچە سەھىپىلىك ئەسلىمە

### 1

دەرۋىش خوجىنىڭ باغئاۋات يېزىسىدىن قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشى ئاپاق خوجىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. «ئۇ يەنە هايات قاپتۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاچچىق ئەلەم بىلەن، — ئۇنداق ئادەملەر ئۆلۈمگە لايىق ئىدى، پەقەت ئۆلۈملا ئۇنداقلارنى كۇپۇر نىجاسىتىدىن پاك قىلالايدۇ. لېكىن، ئۇ قېچىپتۇ، ئۇنىڭ قېچىپ يۈرۈشى ياخشىلىقتىن بېشارەت ئەمەس، ئۇ جىم تۇرمايدۇ ...»

مانا شۇ خىياللار ئۇنى بىئارام قىلاتتى، هاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ «جىم تۇرمايدىغان» ئادەم ئىكەنلىكى ئۇنى ئەندىشىگە سالاتتى. بۇنىڭدىن سەككىز - توققۇز يىل بۇرۇنمۇ، بۇ «بۆرە سويمىسى» ئاپاق خوجىنى ئەنە شۇ «جىم يۈرمەيدىغان» پۇتى ۋە «جىم تۇرمايدىغان» ئاغزى ئارقىلىق خېلى كۆپ ئاۋارىچىلىكلەرگە مۇپتىلا قىلغانىدى. شۇ چاغدىكى كۆڭۈل ئاغرىقلىرى تېخىچە ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەنىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ خىيال قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ، ئىختىيارسىز هالدا، ئاشۇ يىللاردىكى كۆڭۈللۈك هەم كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى ...

## 2

ھىجرىيىنىڭ 1078 ـ يىلى زۇلقەئدە① ئېيىدا قەشقەر نائىبى يولۋاسخان دادىسى ئابدۇللاخان بىلەن ئىنىسى ئابدۇمۆمىنىنى ئاغدۇرۇپ، سەئىدىيە تەختىدە خان بولۇپ ئولتۇردى. بۇ خەۋەر ئاپاق خوجىنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزدى. چۈنكى، يولۋاسخان ئۇنىڭ قەشقەردە يېتىشتۈرگەن ئىشەنچلىك مۇرىتى ئىدى. ئۆز مۇرىتىنىڭ بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇشى ئۇنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن داغدام يولنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. شۇڭا ئۇ، قەشقەردىن ئالدىراپ يەكەنگە كەلدى ۋە يېڭى خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ قەلبىنى ئىزھار قىلدى:

«ئەي پەلەكنىڭ پادىشاھى ساڭا كۈندۈر تەخت ماكان،
ئالەم سېنىڭ ساقلىشىڭدىن خاتىرجەمدۇر ھەر ئامان.
تىلەيمەن جان دىلىم بىلەن خۇدا ۋەندى جاھاندىن،
بولساڭ يۈز يىل سەن پادىشاھ، مەن پاتىھە ئوقۇسام.»

ئاپاق خوجا ئوقۇغان بۇ شېئىر مىلادىيە 1619 ـ يىلىدىن 1630 ـ يىللار ئارىلىقىدا تەختتە ئولتۇرغان سۇلتان ئابدۇلتىپ خان زامانىدىكى ئاخۇن خوجا نەسىر دېگەن شائىرنىڭ شېئىرى ئىدى. ئۇ خۇددى «مۇشۇ كۈن ئۈچۈن لازىم بولىدۇ» دېگەندەك بۇ شېئىرنى يادلاپ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاپ قويغانىدى. دېگەندەك «لازىم بولدى»، لازىم بولدىلا ئەمەس، جانغا تازا ئەسقاتتى. يولۋاسخان شېئىرنى ئاڭلاپ قاتتىق تەسىرلەندى، ھاياجانلاندى، تېخى ھېچكىم ئۇنىڭ خانلىق سەلتەنىتىنى بۇنداق چىرايلىق، ئۇلۇغۋار سۆزلەر بىلەن ئالقىشلاپ،

① مىلادىيە 1668 ـ يىل 4 ـ ئاي.

مەدھىيىلەپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ، ئاپاق خوجىنى يېنىدا ئولتۇرغۇ-
زۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئەربابلىرى ئالدىدا ئۇنىڭغا كاتتا ئىلتىپات ۋە
ھىممەت كۆرسەتتى. ئۇنى «مېنىڭ ئۇلۇغ پىر - ئۇستازىم، ئەقىلدار
يولباشچىم» دەپ ماختىدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقانداق ئىشقا
پادىشاھلىق سالاھىيىتى ۋە پەرمانى بىلەن «ھەمدەم» بولىدىغانلىقىنى
بىلدۇردى.

ئاپاق خوجىنىڭ كۈتكىنىمۇ دەل شۇ ئىدى، ئۇ بىر كۈپلېت شېئىر
بىلەن خاننىڭ كۆڭۈل قۇشلىرىنى قارچىغىدەك ئوۋلىغانىدى. ئۇ بۇ-
رۇنمۇ، ئۆزىنىڭ «سەئىد» لىكىنى ئەنە شۇنداق چىرايلىق، پاساھەتلىك
سۆزلەر بىلەن چۈشەندۈرۈپ، يولۋاس خاننى مۇرىتلىققا مايىل قىلغا-
نىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ نەسەب قۇرۇلمىسىنى مۇنداق ئىزاھلاپ،
«سەئىد» لىكىنى ئىسپاتلىغانىدى: «مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن
بىرىنچى يۈزدە تۆت چاھار يار، ئىككىنچى يۈزدە داۋۇدەتائىد، ئۈچىنچى
يۈزدە زۇننۇن مىسرى، تۆتىنچى يۈزدە ئوبۇل ھەسەن خەرقانى، بە-
شىنچى يۈزدە ئابدۇقادىر جىلانى، ئالتىنچى يۈزدە مەۋلانە جالالىدىن
رۇمى، يەتتىنچى يۈزدە خوجا باھاۋىدىن نەقشبەندى، سەككىزىنچى
يۈزدە مەۋلانە ياقۇپ چەرخى، توققۇزىنچى يۈزدە خوجا ئۇبەيدۇللا
ئەھرار، مىڭدە ھەزرىتى ئىمامى رەببانى، بىر مىڭ بىر يۈزدە مەخدۇم
ئەزەم، بىر مىڭ ئىككى يۈزدە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا ئىسلامغا
ئىگە — مۇئەككەل بولۇش نېسىپ بولغان ۋە نېسىپتۇر! ...»

يولۋاس خان مانا شۇ چاغدىن تارتىپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان، ئۇ-
نىڭغا ئىخلاسمەن مۇرىت بولۇپ، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭ پىلانى،
ئەقلى ۋە يېتەكلىشى بىلەن قىلغانىدى. دادىسى — سەئىدىيە خانىدانلى-
قىنىڭ ئونىنچى خانى ئابدۇللاخان بىلەن بولغان سۈركىلىش، يىرىك-
لىشىش ۋە ئاخىر بېرىپ دۈشمەنلىشىش پاجىئەلىرىمۇ ئەنە شۇ ئاپاق
خوجىنىڭ «ئەقىل» ئۆگىتىشى بىلەن بولغانىدى ...

ئەنە شۇ ئادەم يەنە بىر قېتىم يولۋاس خاننىڭ قولتۇقىغا كىرىپ،
يېڭى پىلانى — مۇرىت - مۇخلىس كۆپەيتىش ئارقىلىق، ھەر جەھەت-

تىكى تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بو-
لۇۋاتاتتى.

خانىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى تېز ھەرى-
كەتلىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە خاس مۇخلىسلىرىنى، سۆزمەن ۋائىزلى-
رىنى، ئىشەنچلىك چاپارمەنلىرىنى ئەۋەتىپ، مۇرىت توپلاش پائالىيىتى-
نى كەڭ باشلىۋەتتى. بۇنىداق ئەۋزەل شارائىت، غالىب پۇرسەتنىڭ
تۈرتكىسى بىلەن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە، ئاپاق خوجىنىڭ «مۇرىدىل
ھىدايەت» لىرىنىڭ سانى بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە كۆپىيىپ، يېزى-
دىن شەھەرگىچە، زەرداردىن گادايغىچە بولغان تەركىدۇنيا سوپى -
دەرۋىشلەرنىڭ «ئاللاھۇ» لىرى بىلەن ساپايى ئاۋازلىرى جاھاننى بې-
شىغا كىيدى.

ئاپاق خوجام ئۆزىنى قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى نەچچە ئون مىڭ مۇ-
رىت - مۇخلىسلىرىنىڭ «قۇتبىل ئەقتابى» دەپ ئېلان قىلىپ باش
كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز مۇرىتلىرىنى «ھەرقانداق ئىشتا پەقەت خو-
جىنىلا مەركەز قىلىش، خوجا ماڭغان يولغا مەڭگۈ سادىق بولۇش،
خوجىدىن ھېچقانداق نەرسىنى سىر تۇتماسلىق، خوجا باشلىغان ھەر
قانداق غازاتتىن يانماسلىق، بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرىنى پۈ-
تۈنلەي تەرك ئېتىپ، خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى ئاتاش ...» دېگەندەك
«ئالتە مىزان» بىلەن تەربىيىلەپ، پەقەت ئاپاق خوجىنىڭ «ئىشقىيە»
سۇلۇكى ئۈچۈنلا جان كۆيدۈرۈپ، شۇ يول ئۈچۈن جېنىنى پىدا قى-
لىدىغان خۇدايى قۇللارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ،
ئۇنىڭ مال - دۇنياسىمۇ كۆپەيدى. ئۇنىڭدىن دۇئا ئالغانلار ئالتۇن -
كۈمۈش، قوي - كالا، ئۆي - بىسات، ئاشلىق - تۈلۈكتىن تارتىپ
ئادەمگىچە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا كېچە - كۈندۈز خىزمەتتە بو-
لۇۋاتقان نەچچە ئون چۆرە - دېدەكلەرنىڭ كۆپىنچىسى يۇرت -
يۇرتلاردىن دۇئاغا كەلگەن نارەسىدە قىزلار ئىدى.

بىر قېتىم ئاپاق خوجا ئاتۇش تىجەندىكى چوڭ ئىشان سابىت

مەخسۇم ھاجىنىڭ قايتا ـ قايتا تەكلىپى بىلەن ئۇ يەرگە ئەنجۈر سەيلىسىگە چىقتى. سابىت مەخسۇمنىڭ ئۆي خىزمەتكارى پەرمانقۇل بۇنداق كاتتا زات بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن ھاياجانلىنىپ، ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن قىزى زۆھرەنى ئاپاق خوجىغا دۇئاغا تۇتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىنى تىلىدى. ئاپاق خوجا جىگدە يىلىمى بىلەن پاتلانغان سۇمبۇل چاچلىرى تال ـ تال ئۆرۈلگەن، قاپقارا كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قالغان سەبىي قىزنىڭ ئوماق، يۇمران چىرايىغا قىزىقىپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلدى ۋە شۇ كېچىسى نىكاھىغا ئالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا چوكان بولۇپ قالغان زۆھرەنى ئۆزىنىڭ خاس مۇرىتلىرى ئىچىدىكى تۆۋەن تەبىقىلىق بىرىگە قايتا نىكاھ قىلىپ قويۇپ ئاتۇشتىن قايتتى.

ئاپاق خوجا قونۇپ مېھمان بولغان سابىت مەخسۇم ھاجىنىڭ ھويلىسىنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى «ئۇلۇغ ھويلا» دېگەن نام بىلەن شەرەپلەيدىغان بولدى.

«ئالتۇن چىشى بار ئادەم كۈلگۈنچەك كېلىدۇ» دېگەندەك، ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنىڭ ۋە مال ـ دۇنياسىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ غادىيىپ كەتتى. بۇرۇنقى مەنمەنچىلىكى، كىبىرى ۋە سىرلىق قىياپىتى تېخىمۇ ئەدىدى، ئۆزىنى بۇ دۇنيادىكى «خۇدادىن تۆۋەن، بەندىدىن يۇقىرى» بىردىنبىر زات ھېسابلىدى. شۇنىڭ بىلەن، كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا تىكىلدى، قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىنىپ، ھەممە ئادەم گېپىنى قىلىدىغان مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تونۇلغان شەرىئەت ھۆكۈملىرى، يۇرت ئاقساقاللىرى، ئىلىم ـ مەرىپەت پېشۋالىرى ۋە دىنىي مۆتىۋەرلەر بار ئىدى.

بىر كۈنى مۇشۇنداق ئادەملەر يىغىلغان بىر سورۇندا، بىر مۇنچە كىشىلەر ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىگە ئاپاق خوجا ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇلار تەبىئىي يوسۇندا، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى ئۆزلىرىنىڭ

سەممىي سىردىشى، ئەقىلدارى ۋە روھىي تۇۋرۇكى دەپ قارايتتى. بۇنداق قاراش ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى بىلەن بولغان ئۈزۈن يىللىق ئارىلىشىش جەريانىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، بۇ ئادەم رەھىم ـ شەپقەت ۋە ئادىمىي خىسلەتنىڭ مەنبەسى ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى چەكلەش ئارقىلىق، ۋۇجۇدىدا شۇنداق بىر ئىرادە ۋە جاسارەتنى يېتىشتۈرگەنىدىكى، ئۇنىڭدىكى بۇ خىسلەت ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان ھەمسۆھبەتلىرىنىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەلۇماتلىق كىشىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەييارغا ھەييار ئىلىمخورلاردىن ھەزەر ئەيلەيتتى. ئۇ ھەققەتنى باشقىلارنىڭ بىساتىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئىزدەيتتى. ئۇ مۇنداق ئىرادە ـ جاسارەت بىلەن ئەقىل ـ خىسلەتنى ئۇزۇن يىللىق مۇساپىرلىق، بىلىم ئىگىلەش ۋە جاھان كېزىش جەريانىدا يېتىلدۈرگەنىدى.

بۇ ئادەم ئون سەككىز ياش ۋاقتىدا، دادىسى بىلەن بىللە ھەج تاۋاپ قىلىپ، ھەجدىن كېيىن قاھىرەدىكى «ئەزھەر» دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇش ئۈچۈن قېپقالدى. ئۇ يەردە تۆت يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ھىندىستانغا كېلىپ، «دېھلى دارىلئۇلۇم» دا ئىلىم تەھسىل قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىرانغا بېرىپ، «ئىسپىھان دارىلفۇنۇنى» دا ئۈچ يىل شەرق ئەدەبىياتى ۋە ئىسلام تارىخى بويىچە مەخسۇس بىلىم ئاشۇردى. شۇنداق قىلىپ، يىگىرمە سەككىز ياشقا تولغان يىلى نۇرغۇن كىتاب ۋە خاتىرىلەرنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. دەسلەپ، قەشقەردىكى «خانلىق مەدرىسى» دە مۇللىلىق قىلدى. بۇ جەريانىدا، ئۆزىنىڭ ياش بولۇشىغا قارىماي، مىجەزىنىڭ تەمكىن، خۇشخۇيلۇقى، ئىگىلىگەن بىلىمىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن باشقا موللا ۋە تالىپلار ئارىسىدا تېزلا شۆھرەت قازاندى. بۇ يەردە بەش يىلدەك ئىشلىگەندىن كېيىن، قېرىپ قالغان دادىسىنىڭ تەلىپى بىلەن يەكەنگە يۆتكىلىپ، «كۆك مەدرىسە» دە مۇدەررىسلىك قىلدى. بۇ يەردىمۇ ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقى بىلەن تېزلا كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. كېيىنكى كۈن-

لەردە، سۇلتان ئابدۇللاخان چوڭ جامەئەدىكى بىر نەچچە جۇمە نامىـ
زىدا، ئۇنىڭ خۇتبىسىنى ئاڭلاپ قايىل بولدى، قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە
بەرگەن تەپسىرىنىڭ چوڭقۇر، جانلىق ۋە توغرىلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ
بىلىم ئىقتىدارىغا قىزىقتى ۋە ئۇنى بىر مەزگىل كۆزەتكەندىن كېيىن،
مىلادىيە 1666 ـ يىلى ئۇنى خاس يارلىق بىلەن داڭلىق «رەشىدىيە
مەدرىسى» نىڭ باش مۇدەررىسى — ئەلـلامە قىلىپ تەيىنلىدى، بۇ
چاغدا، ئۇ ھەممە جەھەتتىن تەڭ يېتىلىپ كېلىۋاتقان قىرىق سەككىز
ياشلىق شەرىئەت ئۆلىماسى، دىنىي ئالىم ئىدى. بۇ ئادەم قاھىرەدە،
دېھلىدە ۋە تېھراندا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، ھەمىشە ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ
قىزغىن زىكىر ـ سۆھبەتلىرىگە قاتناشتى، ھىدايەت يولىدىكى رەھنەما
ماشايىقلارنىڭ ئىلمىنى ئۆگەندى ۋە ھەر دائىم بۇ پاك كامىللار گۇرۇ-
ھىغا ئىخلاس بىلەن مۇلازىمەتتە بولدى.

ئۇ ياش چاغلىرىدىن تارتىپ يېتىشتۇرگەن مانا شۇ پاك، سەمىمىي
خىسلىتىنى، ئىزدىنىشكە باي جاپاكەش روھىنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇ-
رۇپ كېلىۋاتاتتى. شۇڭا، زامانداشلىرى بىلەن تەڭتۇشلىرىدىن تارتىپ
ياش تالىپلارغىچە ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ھۆرمەتلەيتتى، ئۇنىڭ بىلەن
ھەمسۆھبەت بولۇشنى، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى چىن كۆڭلىدىن ئىسـ
تەيتتى. بۇگۈنكى بۇ سورۇنمۇ ئەنە شۇنداق كۆڭۈل ئىزدەش تۈپەيلىـ
دىن تەبىئىي يوسۇندا شەكىللىنىپ قالغانىدى.

— ئۆزىنى «قۇتبىل ئەقتاب»، «سەئىد ئەۋلادى» دەپ يۈرگەن بۇ
ئادەم زادى نېمە قىلماقچى؟ — دېيىشتى بىرنەچچە شەرىئەت پېشۋا ـ
مۆتىۋەرلىرى تۇشمۇ تۇشتىن سۆز ئېلىپ، — ھازىر شەھەردىن تارتىپ
سەھراغىچە خەلقىمىز ئاشۇ سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئازدۇرۇشى، دۇئايى
سۈپكۆچلىرى بىلەن بۇزۇنقى ئۆملۈك، ھەمدەملىك ۋە يەكدىللىق ئا-
دەتلىرىنى بۇزۇپ، ئەھلى شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن چىقىپ، غەلىتە
مۇسۇلمانچىلىق قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. يۇرتىمىزنى گۇرۇھۋاز-
لىق، تەپرىقچىلىق، سۇخەنچىلىك، جاھانى بېشىغا كىيىدىغان مۇتتە-

ھەملىكلەر قاپلاپ كەتتى. قانداقتۇر «ئىشقىيە» چى «داستار» لار سېپى تۇزۇلدى. ئۇلار جاي ـ جايلاردا «ئىشقىيە خانىقاسى»، «تۇنەكخانا» دېگەندەك ئورۇنلارنى ئاۋامغا ئالۋان قىلىپ سالدۇرۇپ، جەھرە ـ ساما سېلىشىۋاتىدۇ...

ـــ ئۇلار بەندىلەرنى يۇرتسىز، ماكانسىز، قوۋم ـ قېرىنداشسىز، نەسلى ـ نەسەبسىز، غۇرۇر ـ ئىستەكسىز، بەتقىلىق، بەدەۋى پاسىق پېقىرلارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى! ...

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى بۇ شىكايەتلەرنى باش لىڭشىتىپ ئاڭلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ، بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە خېلىدىن بېرى ئايان ئىدى.

رەڭگارەڭ جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ ماھىيىتىگە يېتەلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ نىيەت ـ ئىقبالىنى بىلەلەيدىغان زېھنى ئۆتكۈر، بىلىمى چوڭقۇر بۇ ئادەم ئاپاق خوجىنىڭ ئاللىقاچان ئىسلام ئەقىدىسىدىن، شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن چەتنەپ، بىر تۈركۈم تەركىدۇنياچى دەرۋىشلەرنىڭ باشپاناھى بولۇپ قالغانلىقىنى سەزگەنىدى.

ـــ بىر بەندىگە شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ چوقۇنۇپ ئىخلاس قىلىشى ياخشى ئىقبالدىن ئەمەس، ـــ دېدى ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆھبەتداشلىرىغا، ـــ مۇسۇلمان بەندىلىرى بىلەن ئاللاتائالا ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق «ۋاستە» يوق. بەزىلەرنىڭ بۇ ئوتتۇرىغا «ۋاستە» بولۇپ قىستۇرۇلۇشى پۇتۇنلەي ساختا دىندارلىقتۇر! بىز بۇ ساختا نىقابنى ئېچىپ تاشلىساقلا، قايمۇققانلار ئويغىنىدۇ ...

مانا شۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن، شەھەرنىڭ قازىكالانى ئۆزىنىڭ باغ ھويلىسىدا كاتتا زىياپەت تەييارلاپ، شەھەرنىڭ كاتتا ئۆلىما ـ پېشۋالىرىنىڭ ھەممىسىنى مېھمانغا چاقىردى. بۇنىڭ ئىچىدە ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى بىلەن ئاپاق خوجىمۇ بار ئىدى. ئۇلار چاي داستىخىنىدىن كېيىنلا تۇتۇشۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئاپاق خوجىنىڭ مۇنۇ سۆزى سەۋەب بولدى:

— بىزنىڭ خوجىلار خانىدانى تەسەررۇپ[1] ئىگىلىرىدۇر، كۆڭلى نىمىنى خالىسا شۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ، ئۇلار بىر كىشىگە تەۋە بولمايدۇ.

— ھەزرىتىم تەسەررۇپ قىلغان نەرسىلەر بەك زىيادە بولۇپ كەتتى- مۇ قانداق؟ — دېدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزىگە سوئال قىلىپ، — ئىشانەم، ئۆزلىرىدىن مەخپىي ئەمەسكى، مۇسۇل- مانلارنىڭ خۇدا يولىدا ئىزدەپ يۈرۈپ زاكات، سەدىقە ۋە پىتىر ھېسا- بىدا دۇئا قىلدۇرۇشى — دۇئا ئېلىشى ھالال. ۋەھالەنكى، دۇئاغا زورلاپ، مۆمىنلەردىن مەنپەئەتلىنىشى ھارام. قۇرئان كەرىمدە، سۈرە ئەنفالنىڭ قىرىق بىرىنچى ئايىتىدە :« (ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سى- لەر ئالغان غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرى ئاللاغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەر- نىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىل- لەرگە خاستۇر ...» دېگەن. سىلى بۇنى ئورۇندىلىمىكىن؟! ئۆزىنى سوپى - ئىشان دەپ يۈرگەنلەر ئەلۋەتتە ئالدامچىلاردىن، سىپاھلاردىن[2] ئۈستىن بولۇشى كېرەك. چۈنكى، سوپى - ئىشانلارنىڭ تەگرىدىن ئالغان نېسىۋىسى «تەن» ۋە «جان» دۇر. ئۇلار ئۆزىنى زاھىت دەپ ئاتىغانىكەن، ئۆز ھاياتىنىمۇ شۇ سۆزىگە لايىق ئۆتكۈزۈشى كېرەك. كىشىلەرگە ئۆز نەپسىنى دەپ ھەرخىل پەتىۋالارنى ئۆزگەرتمىسۇن، كى- شىلەرگە زىيانلىق پەتىۋالارنى ئۆزگەرتىش خەلققە ياۋۇزلۇق بولىدۇ. كىمدە كىم دىن مەسىلىرىنى ھەقىقىي، توغرا بىلسە، ئۇنى رەئىيەتكە تەمەسىز ئۆگەتسۇن، ئۇنى مال - دۇنىياغا ساتمىسۇن! تەمەگەر سوپى - ئىشانلارنىڭ كىشىلەردىن خەير - ئېھسان يولى بىلەن يىغقان بۇنداق بايلىقتا ئەل ھىممىتى بولمايدۇ، قەيەردە ھەددىدىن زىيادە بايلىق بولىدىكەن، ئۇ يەردە مۇقەددەس نەرسە يوق!

ئاپاق خوجا كۈتمىگەن يەردىن ئۆزى ئۈچۈن بۇنداق بىر كۈچلۈك رەقىبنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋ-

① تەسەررۇپ — ئىگىلەش، قولغا كىرگۈزۈش، ئۆزلەشتۈرۈش.

② سىپاھ — ئەسكەر، چېرىك.

نىڭ ۋىجىك، كۆرۈمسىز جىسمىغا يەر تېگىدىن مەڭسىتمىگەندەك ئالىپ قاراپ قويدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆزى ئۇچراشقاندا بولسا، سەل ـ پەل ئەيمىنىپ قالدى. چۈنكى، مەۋلىۋىنىڭ بىر جۈپ جاۋاھىر ئالمىدەك تىنىق كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان نۇر شۇنداق كۈچلۈك، ئۆتكۈر ۋە ھارارەتلىك ئىدىكى، ئاپاق خوجا ئۇنىڭغا ئۇزاق تىكىلىپ قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ گويا ئۇنىڭ سۆزى ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىزدەك، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوقتەك، ئۆزىنى خاتىرجەم ۋە بىمالال تۇتۇپ ئولتۇراتتى. لېكىن، ئىچكى دۇنياسىدا بولسا، گويا دەريانىڭ ئاستىدىكى شىددەتلىك ئېقىندەك ياۋايى بىر كۈچ ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى مۇجۇپ ئازابلاۋاتاتتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق چوڭ سورۇندا ئۆزىنىڭ ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. بۈگۈن ئۇنىڭ نەدىن گەپ قىلسا، شۇ يەردىن سۆزلەيدىغان زۇۋاندار ئاغزىمۇ تۈزۈك گەپكە كەلمەي قالغانىدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئۆزىنىڭ قوقاس ئىچىدە يېنىپ ياتقان يوشۇرۇن بىر چوغقا ئېھتىياتسىزلىقتىن تېگىپ كېتىپ، بەدىنىنى كۆيدۈرۈۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزى كايىماقتا ئىدى. ئاخىر ئۇ، ئۆزىدىن بىر نەچچە رەت تۆۋەندە ئولتۇرغان خاس مۇرىتى — نەگە بارسا بىللە بارىدىغان سايىسى موللا ئالىم ياركەندىگە قاراپ: «سەن بىر نېمە دەپ ئاۋۇ بۆرە سويمىسىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلا!» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ موللا ئالىم ياركەندى ئۆز خوجايىنىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى كۆتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ، ئاپاق خوجىنىڭ ئىشارىتى بىلەن تەڭلا ئېغىز ئاچتى:

— بۇ مۇبارەك زاماندا مەرتىۋىسى ئاسماندەك ئېگىز ھەزرىتى ئىشانىمىزنىڭ قىلنى قىرىققا يارىدىغان ساپ تەبىئەتلىك بەندىلىرى ناھايىتى نۇرغۇن. ھەزرىتى ئىشاننىڭ قولىدا نەچچە ئون مىڭ كىشى ئاخىرقى ئۆمرىگىچە تۇۋا قىلىپ، گۇناھتىن قايتىپ، تەرىقەت يولىغا مېڭىپ

بەھرە ئالغان. ئۇنىڭ زېھنى، ئىدراكى ۋە بەرىكىتى بىلەن ھەممە راۋاج ۋە روناق تاپقان. زامانە ئەھلى، خاس ئام ئۇنىڭ مۇبارەك، سائادەتلىك شەۋكىتى سايىسىدە، راھەت بۆشۈكىدە خاتىرجەم ياتماقتا. شۇنىڭ بەدىلى ھېسابىغا بەزى ساخاۋەتلىك مۇرىت ـ مۇخلىسلارنىڭ ھەزرىتى ئىشانىمىزگە ئۇنى ـ بۇنى دۇئا ئالدۇرۇشى بەرھەقتۇر. بۇنىڭغا كۆز قىزارتىش، مېنىڭچە، ياخشى نىيەتتىن ئەمەس ...

ئاپاق خوجا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپتىكىلەرگە تەمەننا كۈلكىسى بىلەن جىلمىيىپ قاراپ قويدى. موللا ئالىم ياركەندىنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى بايىقى غەشلىكلەرنى خېلى كۆتۈرۈۋەتكەندى. ئۇ يەر ئاستىدىن ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىگە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا ھودۇقۇش، تەمتىرەش دېگەنلەردىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ، قولىدىكى بىر كېسىم كۆك ئەتلىك قوغۇننى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. ئۇ قوغۇننى يەپ بولۇپ، بېلىدىكى شايە رومالچىنىڭ ئۇچى بىلەن ئاغ-زىنى، قولىنى سۈرتتى، ئاندىن موللا ئالىم ياركەندىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلدى:

— سىز، بەزىلەر ئىشانەمنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە كۆز قىزارتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قاپسىز تەقسىر، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، خاتىرجەم بول-غايسىز. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئۆزىنى سوپى ـ ئىشان، تەقۋادار دەپ ئاتايدىغانلار بۇ دۇنياغا پەقەت كىشىلەرگە دۇئا قىلىشقىلا يارىتىل-غانلار ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىنسانچىلىقى، رىزقى دۇئا بىلەن ئەمەس، بەلكى تۇۋۇا بىلەن قارار تاپىدۇ. ئۇلار ئۇلۇغ ئەمەس، پەقەت ئۇلۇغ تەڭرىلا ئۇلۇغ! ھەدىس ئىلمىدە: بەندىچىلىك رىزقىنى تەڭرىدىن ئە-مەس، تەڭرى نامىدا دۇئا بىلەن مۆمىن بەندىلەردىن ئۈندۈرمەكچى بولغانلار شەررىلىك① قىلغۇچىلارغا كىرىدۇ، دېيىلگەن. بىلىشىمچە، سىز بىلەن بىز ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار، ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار دۇن-يا تەلەپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولسا، ئاللا ئۇنى ئازابلايدۇ. بۇ ئازاب

① شەررىلىك ـــ ئاچ كۆزلۈك، دەپنە ـ دۇنياغا ھېرىسمەنلىك، ئازدۇرغۇچى-

شۇ بولىدۇكى، خۇدا ئۇنىڭ دىلىدىن تائەتنىڭ ھالاۋىتىنى كۆتۈرۈۋې-
تىدۇ. ھېچقانداق ئىبادەتتىن ھالاۋەت تاپمايدۇ. ئىبادەتتىن ھالاۋەت
تاپمىغاندىن كېيىن تائەتتە ھۇرۇنلىشىپ، ياخشىلىقلاردىن قېچقالىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەت ئازابىغا مۇپتىلا بولىدۇ. پەيغەمبىرىم: «جاھىل
ئۇچۇن بىر ۋاي، ئالىم ئۈچۈن يەتمىش ۋاي »[1] دېگەن. يەنى قىيا-
مەت كۈنى نادان بىر ۋاي - ۋايلىسا، ئالىم يەتمىش مەرتىۋە ۋاي
ۋايلايدۇ! ...

بۇ سۆزلەردىن كېيىن، موللا ئالىم ياركەندىمۇ جىم بولدى. ھاجى
قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىش ئەمدى ئوڭاي
ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن ھە-
دىستە دەلىللەنگەن، تەستىقلانغان بولغاچقا، قارىسىغا سۆزلەش بىلەن
ئۇنى لەت قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەردە ئولتۇرغانلار-
نىڭ كۆپىنچىسى قۇرئان ئايەتلىرىنى قەتئىي ھۆججەت، ھەدىسنى رو-
شەن ھەقىقەت، دەپ بىلىدىغان ئىسلام پېشۋالىرى ئىدى.

قازىكالاننىڭ باغ ھويلىسىدىكى شۇ كۈنكى زىياپەت ئاپاق خوجا
ئۈچۈن ئاھانەتلىك بىر خاتىرە بولۇپ قالدى. بۇ ئاھانەت ئۇنى ھاجى
قۇتلۇق مەۋلىۋىگە يوشۇرۇن قول سېلىپ، كۆزدىن ئەبەدىي يوق قى-
لىشقا ئۈندەتتى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا ھەم پۇرسەت تاپالمىدى، ھەم جۈر-
ئەت قىلالمىدى. ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ تۇرىدىغان يېرى نەچچە
يۈز تالىپنىڭ ئارىسىدىكى خاس ھۇجرا ئىدى، كۈندۈزلىرى بىر يەرگە
بارسىمۇ، ئۇنىڭ چۆرىسىدىن زادىلا ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. كېچىسى قول
سالاي دېسە، «رەشىدىيە مەدرىسى» ئىچىدە بۇنداق يوشۇرۇن قان
تۆكىدىغان قاراملىقلارنى ئالدىراپ قىلىشقا بولمايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى يىراق - يېقىندا نام چىق-
قارغان، ئەھلى - ئۆلىمالارنىڭ نۇرلۇق چىرىغى، شۇ دەۋردىكى شەرد-
ئەت ئەھلىنىڭ سەردارى ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە يەردە يېتىشتۈرگەن

① پارسچە «ھىدايەتنامە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 10 - بەت.

يارىملىق، قابىل شاگىرتلىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا چىقىلىپ قويۇپ ھۆددىسىدىن چىقماقمۇ ئاسانغا توختىمايتتى.

مانا شۇلارنى ئويلاپ يەتكەن ئاپاق خوجا كېيىنكى قەدىمىنى قانداق بېسىش توغرىسىدا يېڭى پىلان تۈزدى. بۇ پىلان بويىچە، ئۇ بارلىق خاس مۇخلىسلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزى ئۈستىدىكى تەشۋىق ـ تەرغىباتنى كۈچەيتىش، شۇ ئارقىلىق ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى نام ـ ئاتاق، شان ـ شۆھرەت ۋە ئورۇن ـ مەرتىۋە جەھەتتىن بېسىپ چۈشۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. ئۇ بىرنەچچە يارەنلىرىنى يىغىپ مۇنداق دېدى:

— مەلۇم بولغايكىم، مەئنىلەر تىلسىماتلىرىنى ئاچقۇچى، ۋۇجۇد گۆھەرلىرىنى چىقارغۇچى، مەقسەت ئاسمانىنىڭ ئۈستۈن پايەلىك يۇلتۇزى — سۆزدۇر، ھەم يېڭى، ھەم كونا بولغان پاساھەتلىك سۆزدۇر. خۇدا: «بىر نەرسىنىڭ بولۇشىنى خالىسام، بول دەيمەن بولىدۇ»[1] دېگەن. بۇنىڭدىن خۇدا ئالەمنى يارىتىشتا، سۆزنى ئىشقا سالغانلىقى بىلىنىدۇ، مانا بۇنىڭدىن سۆز قەدرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى مەلۇم بولدى.

## 3

شۇنداق قىلىپ، تەشۋىق — سۆز جېڭى باشلاندى. مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا، ئىشقىلىپ ئادەم توپلانغان سورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە شىددەتلىك ئېلىشىش ۋە تالىشىش كۈرىشى داۋام قىلدى.

ئاپاق خوجىنىڭ تاللانغان، پىشقان ۋائىزلىرى ئۇنى ماختاپ، كۆككە كۆتۈرۈپ، پەيغەمبەر مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدى.

شائىر مىرزا شاھ خوجا ئازنا مەسچىتىدىكى بىر قېتىملىق پېشىن نامىزىدىن كېيىن، جامائەتنى ئاغزىغا قارىتىپ مۇنداق دېدى:

① پارسچە «ھىدايەتنامە» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 62 ـ بەت.

— ھەزرىتى ئىشانىمىز خوجا ھىدايىتۇللا بەئزىنىڭ نەزىرىدە پەيغەمبەر، بەئزىنىڭ نەزىرىدە ئەۋلىيادۇر. بەئزىنىڭ نەزىرىدە ئەھمەت، بەئزىدنىڭ نەزىرىدە ئەھەد[1] دۇر. بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىز تۈرلۈك، ئەمما ماھىيەتتە بىر. نەزمىدە ئېيتىلىدۇركى:

بىر ئىرۇر ئەمما يوق ئۇنىڭدا ساناق،
يىر سەمەردۇر نىياز[2] ئۇنىڭغا يىراق ...

ئاپاق خوجىنىڭ يېقىن مۇخلىسى، يىراق يەردىن ئۇنى پاناھ تارتىپ كەلگەن بوياقچىنىڭ ئوغلى موللا ئاتاجان تاشكەندى «كۆك مەدرىسە»دە بولغان بىر قېتىملىق چوڭ سۆھبەتتە مۇنداق دېدى:

— ئىسلام ھېچقاچان بۇ زات زامانىدەك قۇدرەت تاپقان ئەمەس، ھېچ كىشى ئىلىم - مەرىپەتنى خوجا ھىدايىتۇللادەك مەزبۇت[3] ۋە مەربۇت[4] بايان قىلغان ئەمەس! بۇ زاتنىڭ نىيەت، دالالەت ۋە بېشارىتىدىن بەھرە ئەمگۈچىلەرنىڭ مۇراد - مەقسەتلىرى بىتەھقىق ھاسىل بولغان، ئۇنىڭ دالالەت، دۇئا، نەزەر ۋە ئەمرىمەرۇپلىرى بىلەن بۇ دىيار بېھىش قىياپىتىدە راۋاج تاپقان، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرىكەتلىرىگە قانغان، ئىمانغا، رىزىق - مەئىشەتكە تولغان. پىرىم رازى — خۇدا رازىدۇر، پىرپەرەس بولمىساڭ، خۇداپەرەس بولالمايسەن! پىر يول كۆرسىتىدۇ، مەھشەر كۈنى سېنى جەننەتكە باشلاپ كىرىدۇ! پىرىمىزدىن تەخسىرات كەتكەنلەر ھەر ئىككىلا ئالەمدە بەتبەخت، بىئىمان كېتىدۇ...

ئۇلار يالغۇز بۇنداق دەبدەبىلىك ماختاش سۆزلىرى بىلەنلا قالمىدى، بەلكى يەنە قىسقا - قىسقا ھېكايەتلەر ئارقىلىق، ئاپاق خوجىنىڭ

---

① ئەھەد — يەككە - يېگانە، بىر دېگەن مەنىلەردە بولۇپ، خۇدانىڭ سۈپەتلىرىدىنىڭ بىرسى.
② نىياز — موھتاجلىق، ھاجەتمەنلىك، ئۆتۈنۈش، يالۋۇرۇش.
③ مەزبۇت — مۇكەممەل، چوڭقۇر.
④ مەربۇت — چۈشىنىشلىك، راۋان.

ئەۋلىيالىق كەشىپۇ كـارامەتلـىرىنى سۆزلـەپ، ئاددىي، نادان خـەلقنىـڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن سىرلىق، ۋەھىملىك تۇيغۇ ـ تەسىراتلار-نى پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇنداق قىسقا ھېكايەتلەرنى ئېيتىشقا ئۇستا مەدداھلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ خوتەنلىك خاس مۇرىتى باباخوجا ئاخۇن ئىدى. ئۇ پىر ـ ئۇستازىدىن بىر مەزگىل ئايرىـلىپ قالـغاندا، مۇنـداق بىر شېئىرنى يېزىپ، ئۆزىنـىڭ ئۇنىڭغا بولـغان ســاداقـىتى بـىلـەن ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى ئىپادىلىگەنىدى:

سەن جېنىمنىڭ ئىچىدە تۇتقىل ئورۇن قايتىپ كېلىپ،
دىلدە تۇتقاندەك ئورۇن كۆزۈمدە تۇرغىل جاي ئېلىپ.
كەل بۇ دىلسىز ئاجىزنىڭ پىكرىنى ئاچ تېزدىن يانا،
يا جاپا تىغى بىلەن ئۆلتۈر مېنى بىسمىل[1] قىلىپ.

ئۇ ئەنە شۇنداق پىداكار مۇخلىس ئىدى.

بېشىغا قارا مەخمەل كۇلاھ، ئەگنىگە مىسىر بەقەسەمدىن تىكىلگەن كالامپاي تون، پۇتىغا ئىسكىلاچ مەسە كىيگەن ئوتتۇرا بوي، ياداڭغۇ، قارا ساقال بابا خوجا ئاخۇن ھەرقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيتتى. ئۇ مەسچىت، مەدرىسە ۋە خانىقالاردىن باشقا، جامائەت توپلانغان يەر-لەرنىڭ ھەممىسىدە — توي ۋە نەزىر سورۇنلىرىدىمۇ ھەممىنى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ ۋەز ـ نەسىھەت ئېيتاتتى. ئـۇنىڭ ھەمـىشە قولـتۇقىغا قىستۇرۇۋالىدىغان كۆن مۇقاۋىلىق يوغان كىـتابى، بىـلىكىـگە ئۆتكـۈ-زۈۋالىدىغان ئۇزۇن كەھرىۋا تەسۋىيى، تېخى مۇكچەيمەي تۇرۇپلا قو-لىغا ئېلىۋالغان پۇتاقلىق ھاسىسى ھەممەيلەننىڭ قىزىقىشىنى قوزغايتتى.

بىر كۈنى ئۇ ھەيدەرباغ مەھەللىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن چوڭ بىر سو-دىگەرنىڭ يەتتە نەزىرىسىدە، پاتىھەدىن كېيىنلا سۆز باشلاپ مۇنـداق دېدى:

---
[1] بىسمىل — بوغۇزلاش.

— بۇ دۇنيادا مانا بۇ گۈلنكىدەك، مورىسىدىن ئۆلۈم تۈتۈنى چىقمىغان بىرەر ئۆي بولغانمۇ؟ مۇنارى يىقىلمىغان بىرەر قەسىر مۇ كۆرۈلگەنمۇ؟ ئەمىر - سۇلتانلاردىن تارتىپ تاكى پاسىق پېقىرغىچىلىك بۇ ئالەمدە بارابەردۇر! ئى يارەنلەر، ھەممىشە پەخەس بولۇڭلار، ئۇلۇغلار ئىككى بىسلىق قىلىچتۇر! ئۇلارنىڭ نەزىرى ئاپەتلىرىدىن خۇدا ساقلىسۇن، ئاسمانىدىن يىقىلىش ئۇلۇغلار نەزەرىدىن يىقىلغاندىن ئاسانراق. ھەزرىتى ئىشانىمىز خوجا ھىدايىتۇللا كەشپۇ كارامەتلىك ئەۋلىيالاردىن، ھەرگىز بۇنداق ئۇلۇغ ئەۋلىيالارغا غەپلەت كۆزى بىلەن قاراپ سالماڭلار. ئالالانىڭ بۇنداق ۋەلىلىرىگە نىسبەتەن جاھالەت ۋە نادانلىق بىلەن قىلغان ھەربىر ئىش ناھايىتى خەتەرلىك ئاقىۋەت بېرىدۇ، شۇبھە ۋە گۇمان بىلەن قىلغان ھەربىر ئىش زور خەتەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر قېتىم ھەزرىتى ئىشانىنى ئىنكار قىلغۇچى مۇرتەدلەرنىڭ باشلىقلىرى بىلەن ئەمىرلىرى يىغىلىپ بۇ زاتنىڭ مۇخلىسلىرىغا، ھەتتا ئۇ قۇتبى زامان، غەۋسى دەۋرانىنىڭ ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇشقان. ناگاھ، بۇ بەتكارلارنىڭ يامان نىيىتى ھەزرىتى ئىشانغا كەشىپ بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ زات ئۆزىنىڭ نەچچە ئونلىغان يېقىن مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى يىغىپ، ئۇ دەۋزىخىلەرگە قارشى تەۋەججۇھ① بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ دەۋزىخىلەرنىڭ باشلىقى بۇرخانىبەگ بىلەن ئىسفەندىيار بەگلەر ئىدى، ئۇلار تەرىقەت ۋە دىن دۇنياسىنىڭ زىيانكارلىرى ئىدى. بۇ ۋەقە پەيتى بىلەن تولغان رامزان ئېيىدا بولدى. ھەزرىتى پىرىم قىلىۋاتقان سۆھبەت شۇنداق قىزىدىكى، مۇرىت - مۇخلىسلار بەئەينى چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك تىپىرلىشاتتى، بەزىلىرى ساما سالاتتى، بەزىلىرى ئۆزلىرىنى تامغا ئۇراتتى. ھېچ كىشى خۇدىنى بىلمەيتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، ھەقىقەت ئاسمانىنىڭ قۇتبى ھەزرىتى ئىشانەم روھىيەت ئالەمىدىن جىسمانىيەت ئالەمىگە قايتىپ كەلدى ۋە خاس يارەنلىرىگە ئىنايەتمەندىچىلىك قىلىپ ئېيتتىلەركى، ئى يارەنلىرىم، ئانىھەزرەت سەل-

① تەۋەججۇھ — يۈزلىنىش، تىكىلىش، قادىلىش، تەلمۈرۈش.

لەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنى كۆردۈم، بىر جامائەت ساھابىلەر بىلەن ئېگىز
پەشتاق ئۈستىدە ھەلقە قۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ غەش-
لىكىنى كۆرۈپ، مېھرىبانلىق، بەندە ناۋازلىق قىلىپ ئېيتتىلەركى: «ئى
پەرزەنت، كۆڭلۈڭنى غەش قىلما، سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭنى مەۋلانە رۇ-
مىغا بۇيرۇق قىلدۇق!» ناگاھ، شۇ ئارادا مەۋلانە رۇمىنى كۆردۈمكى،
قولىدا كامان بىلەن بىر نەچچە تال ئوق بار ئىدى. ھېلىقى نامى ئاتال-
غان ھەقىقەت مۇنكىرلىرى، ئەھلى تەرىقەت مۇرتەدلىرى يەنە بىر سۇپا
ئۈستىدە ھەممىسى كۆرۈندى. ھەزرىتى مەۋلانە قاتتىق غەزەپ بىلەن
ئۇلارغا ئوق ئاتاتتى، شۇ چاغدا، بىر قىسمى ئۆلدى، بىر قىسمى چالا
ئۆلۈك بولۇپ سۇپىدىن يىقىلدى ...

بۇ ۋەقەنى سىلەرگە ئېيتىشتىن مۇراد شۇكى، ھېلىقى بۇرخانىبەگ
دېگەن مەلئۇن شۇ يىلى ئارا ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى كېسەل بولۇپ كا-
لىدەك ھۆركىرەپ ئۆلدى، ئىسفەندىياربەگمۇ شۇ ئاي ئىچىدە ئازاب بى-
لەن ئۆلدى ... ئى تىرىكلىك خۇشلۇقىغا مەنزۇر بولغۇچىلار،
ئاگلاگلاركى، ھەر كامالنىڭ ئارقىسىدا بىر زاۋال بار. سېنىڭ ئىچىڭنىڭ
يامانلىقى ھەقنىڭ خاسلىرىغا روشەندۇر، سېنىڭ سىرتىڭنىڭ ناپاكلى-
قى ئۇلارغا زاھىردۇر. «قىلما پىرىڭنى ئازار، خانامانىڭنى بۇزار!» دېگەن
گەپ بىكار ئېيتىلمىغان. ئىشانەمنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش — بىز پې-
قىرلارغا ۋاجىپتۇر. چۈنكى، بىزنىڭ نېسۋىمىز ۋە ھوسۇلىمىز ئىشا-
نەمدىندۇر!

ھەزرىتى ئىشان كاشغەر ۋە ئارتۇچ دىيارىدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا،
ئۇ يەردىكى ھەممە مەدرىسە، خانىقالارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلىرى
ئەئلەم، مۇفتى، قازى بولسۇن، ئىشانەمنىڭ سۆھبىتىدە تەرك قىلماستىن
داخىل بولۇپ تۇراتتى. ئەگەر ئامى[1] سۆھبەتكە داخىل بولسا، ئالىم
بولاتتى، ئالىم سۆھبەتكە كەلسە، ئەللامە بولاتتى، ئەگەر ئەللامە كىرسە
مۇجتەھىد بولاتتى. ئەگەر قايسى بىر ناقىس، بەتگۇمان كۆڭلىدىن

① ئامى — ئاددىي ئادەم، ئاما.

ئازغىنە شەك ـ شۈبھە ئۆتكۈزسە، شۇ زامان ئىشانەمگە كەشىق بولات-تى. ئىشانەم ئۇنى ئاشكارە قىلىپ، ئۇنىڭ شۈبھەسىنى تۈگىتەتتى ۋە ئېيتاتتى: «بىزنىڭ سۆھبىتىمىزدە بىرقانچە تائىپە باردۇر. بىر گۇرۇھ باركى، ئىچى تېشىدىن ياخشىراق. يەنە بىر گۇرۇھكى، ئىچى ـ تېشى بارابەردۇر، ئۇلار ئالىملاردۇر. يەنە بىرى، جاھىللاردۇركى، ئۇلارنىڭ تېشى ئىچىدىن ياخشىراقتۇر. بەزىلىرى ئۆزلىرى ئىنساپ قىلماي، باشـ قىلاردىن ئىنساپ تەلەپ قىلىدۇ» ۋە يەنە ئېيتاتتىكى: «ئى يارانلار، پەخەس بولۇڭلار، دىل دىلغا ئەينەكتۇر. ھەدىستە: مۆئمىن، مۆئمىننىڭ ئەينىكىدۇر[1]، دېيىلگەن. قانداق ئىنكار ۋە شۈبھەدە بولساڭلار، ئۇ بىز ئۇلۇغلارغا مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.» بۇنداق گۈزەل خىسلەتلەرنى ۋە مەرغۇب[2] ئۇلۇغلۇقلارنى ھەزرىتى ئىشانىمىزدەك ساخاۋەتلىك ۋۇ-جۇدلاردا بەرپا قىلغان ئاللاغا شۈكرى!

بابا خوجا ئاخۇننىڭ بۇنداق ئۇزۇندىن ـ ئۇزاق ھېكايەتلىرى بىلەن ۋەز ـ نەسىھەتلىرى بىر نەچچە سورۇندا سۆزلەندى، ھەر سۆزلىگەندە، يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئىبارىلەر قوشۇلۇپ تۇردى. كېيىن، كىشىلەر ئار-قىلىق ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، خۇددى «ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچسە يىڭنىمۇ تۆۋرۈككە ئايلىنىدۇ» دېگەندەك، ئاپاق خوجىنىڭ كەشپۇ كارامەتلىرى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق ۋە سۈرلۈك تەسىراتلار قاينىمىغا ئايلىنىپ كەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قاينامدا يا ئۇياقىا، يا بۇياققا چىقالماي پىرقىراپ يۈ-رەتتى ...

ھەقىقىي روھىي ئۇلۇغلۇقنىڭ نېمىلىكىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىـ لىپ يەتمىگەن مەمەدان، كەيپخور مۇرىت ـ مۇخلىسلارنىڭ تەلۋىلەر-چە ئېلىپ بارغان يۇقىرىقىدەك تەشۋىق ـ تەرغىباتى نادان خەلق ئا-رىسىدا خېلى زور تەسىر قوزغاپ، ئاپاق خوجىنىڭ شان ـ شۆھرىتى

---

① پارسچە «ھىدايەتنامە» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 99 ـ بەت.

② مەرغۇب ـــ كۆڭۈلگە ياقىدىغان، خوپ كۆرىدىغان.

راسا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر چاغدا، خۇددى تۇيۇقسىز كەلگەن تاغ كەل-كۈنى ھەيۋەتلىك تۇغاننىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىنى بۆسۈپ كەتكەنـدەك، كۆكۈلسىز بىر ئىش يۈز بەردى.

بۇ دەل جۈمە كۈنى ئىدى. چوڭ رەستىدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ سۈپۈرۈلۈپ، سۇ سېپىلگەن كەڭ سەيناسىغا شەھەر ۋە يېقىن ئەتراپـتىكى يېزا ـ سەھرادىن بولۇپ نەچچە يۈز نامازخان يىغىلغانىدى. جۈ-مە نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى مەس-چىت تۆرىدىكى مەرمەر پەلەمپەيلىك مۇنبەرگە چىقتى. شۇنچە كۆپ نامازخاننىڭ ھەممىسى جىمجىت، سۈكۈتتە ئولتۇراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇرتنىڭ كاتتا بايلىرى، سودىگەرلىرى، بەگ ـ ئەمەلدارلىرىدىن تار-تىپ، ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپ ۋە دېھقانلارغىچە بار ئىدى. سەپنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان مۆتىۋەرلەرنىڭ ئىچىدە، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ خاس مۇرىتلىرىدىن بىر نەچچىسى قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ قانداق خۇتبە ئوقۇيدىغانلىقـنى كۈتۈپ سەگەك تۇرۇشاتتى. ئومۇمىي جىمجىتلىقتا مەۋلىۋىنىڭ ياڭراق، خۇش نەپەس ئاۋازى ئاخىر ئاڭلاندى:

ــ جامائەت، مەن سىلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ «سۈرەئال ئىمران» كەلىمىسىنى يېشىپ بېرەي: «ئـى ئەھلى كىتاب (يەنـى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)پەقەت ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللانى قويۇپ، بىر ـ بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىق-تەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى! ...»[1]

لېكىن، ھازىر بەزىلەر ئاللانىڭ يولىدىن، قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆك-مىدىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىدىن ئېزىۋاتىدۇ. ئۇلار ھە دېسە ئۆ-زىگە مۇرىت توپلاپ ئۆز يولىدا خۇداغا بەندىچىلىك قىلىۋاتقان مۆمىن-لەرنى تەركىدۇنياچىلىققا، كەيپخورلۇققا، دىۋانە ـ دەرۋىشلىككە دەۋەت

① قۇرئان كەرىم، سۈرە ئال ئىمراننىڭ 64 ـ ئايىتى.

قىلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئادەملىرىمىز مانا شۇ يولدا جاھا-
لەتكە، زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتىدۇ. دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان، ئىز-
زەت ـ ئابرۇينى دوست تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىش ـ
ئوقەت قىلمايدىغان، دۇنيانىڭ پايدىسىدىن زىيىنىنى ياخشى كۆرىدى-
غان، غۇرۇر ـ شۆھرەتتىن كۆرە، دەككە ـ خورلۇقنى خوپ بىلىدىغان
مۇنداق ئىنسانىي ۋىجدان، ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسانىي مەسلەك،
ئىنسانىي غايە ـ ئىستىكى يوق، ۋەتەن تۇتمايدىغان لاماكانلارنى مۇ-
سۇلمان بەندىسى دېگىلى بولامدۇ؟ ئاللاتائالا مۇشۇنداق قىلىقلىق سۇ-
رىتى ئادەملەرنى بەندەم، پەيغەمبىرىم بولسا، ئۈممىتىم دەرمۇ؟ مۇسۇل-
مانچىلىقنىڭ ئەقەللىي بەش پەرزىنى ئادا قىلمىغان مۇسۇلماننى مۇسۇل-
مان دېگىلى بولامدۇ؟! بۇنداق دۇئا بىلەن نان، دۇئا بىلەن ئىمان، دۇئا
بىلەن ۋەج، دۇئا بىلەن ئابرۇي تاپقان دۇئاگۇيلارنى ھەرگىزمۇ ئاللانىڭ
مۇسۇلمان بەندىسى دېگىلى بولمايدۇ! بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز مۇنداق
ئازغۇنلۇققا ھەرگىز يول قويمايدۇ! ئىسلام دىنى ئەقىل ھەم بىلىم دىنى-
دۇر، ئەخلاق ۋە ئەدەپ دىنىدۇر. تىنچلىق ۋە تۈزۈم دىنىدۇر، ھاياتلىق
ۋە ياشاش دىنىدۇر! ئۇنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىم بولسا، يو-
رۇقلۇقتۇر، نۇردۇر، ئېرپان ۋە ھىدايەت مەنبەسىدۇر. ئۇنىڭ ھۆكمى
قىيامەتكە قەدەر داۋام قىلىدۇ.

بەزىلەر تېخى تەپ تارتماستىن، ئۆزىنى مەھشەر كۈنى مۇرىت ـ
مۇخلىسلىرىنى جەننەتكە باشلاپ كىرىدىغان ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسىتى-
ۋېتىپتۇ! ئەۋلىيامىش ... نەدىمۇ بەندە بەندىنى قوغدىيالىسۇن؟! بۇ
دۇنيادا بەندىنىڭ ئىجابىتىنى بەجا كەلتۈرىدىغان ھۆددىگەر پىرىم،
ھۆددىگەر مازار دېگەن نەرسىلەر بولمايدۇ! ھەتتا پەيغەمبىرىمۇ مەھ-
شەر كۈنى ئاللانىڭ ھىممەت ـ شاپائىتىگە، ئىزناسىغا ئېرىشەلمىسە،
بەندىلەرنى قوغدىيالمايدۇ. بەندىنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشقا
بىرلا ئاللا ئۆزى قادىر!

ئى يارەنلەر، ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئادەمنىڭ ھالاكىتى ئىككى نەر-
سىدە: بىرى، نەفسى ئەمەللەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، پەرزىنى

تاشلاش؛ يەنە بىرى، ئەزالىرى ئەمەل قىلىپ، دىلى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق بولماسلىق. خۇدانىڭ دوستىغا دوست بولۇپ، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولغان كىشى ھەقىقىي ۋەلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دۇنيادىكى ياخشى سۆز ئۈچلا: بىرى، خۇدانىڭ سۆزى؛ يەنە بىرى روسۇلنىڭ سۆزى؛ ئاخىر-قىسى، ئۇلۇغ ۋەلىلەرنىڭ سۆزىدۇر! ئاللا ئۆز بەندىلىرىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكى، نىيەت ـ ئىقبالىنى سىناش ئۈچۈن شەيتاننى ياراتقان، ئۇلار ھەر خىل تۈس، ھەر خىل قىياپەتكە كىرەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى شېرىن، قىلىقلىرى تاتلىق، ھەممىنى مەپتۇن قىلىش ماھارىتىگە ئىگە. لېكىن، ئەقىللىق، مۆمىن بەندىلىرىم، ئېسىڭلاردا بولسۇن، جەننەتنى بېرەي دېسىمۇ شەيتانغا ئالدانماڭلار! ...

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ مانا شۇنداق زورۇقماي، تەمكىنلىك ۋە جاسارەت بىلەن سۆزلىگەن سۆزى شۇنچە كۆپ نامازخانىنىڭ يۈرىكىنى ئىللىتتى، كۆزلىرىگە نۇر زەررىسى بولۇپ قوشۇلۇپ، نەزىرىنى روشەن-لەشتۈردى. ئۇنىڭ سۆزىمۇ بىر نەچچە كۈنگىچە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، پۈتۈن پايتەخت شەھىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

ئەڭ يامىنى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تەسىرى تېخى تۈگىمەي تۇرۇپلا، «رەشىدىيە مەدرىسى» دىكى ئەزەمشاھ ئىسىملىك بىر تالىپ يازغان «يوقمۇ بىزدە» ناملىق بىر پارچە مۇخەممەس خۇددى ئوت ئۇستىگە ياغ چاچقاندەك، غۇۋغۇن ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى. بىر نەچچە تا-لىپلار شېئىرنى قولمۇقول ئون نەچچە نۇسخا كۆچۈرۈپ، شەھەرنىڭ ئادەم كۆپ قايناق يەرلىرىگە چاپلىۋەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ مۇخەم-مەسنىڭ ئىچىدىكى:

«توندا ئەمەس، مۇسۇلمانىنىڭ ئىمانى ئاق دىلدا بولۇر،
مۆئمىنلىكنى قويدا كۆردۇق، چوكۇق لەھەڭ ـ پىلدا بولۇر.
چاپان بويدا، كۇلاھ باشتا، باش ئىززىتى تىلدا بولۇر،
قوي سەمرىگەن كۈنى ئەمەس، مەۋلۇت ئېيى يىلدا بولۇر،
ئاللا ئۈچۈن ئىبادەتتە چىن ساداقەت يوقمۇ بىزدە؟!

بەزىلەر چاچ ئۆستۈرۈپ، كىيىپ جەندە خۇرجۇن ئاسقان،
دەيدۇ، ئاللا، پۇل تىلەيدۇ، ھەر دوقمۇشتا سىلىپ داسقان.
نەشە چوغلاپ، كەچتە گۇمبەز ئىچىنى ئىس ـ تۈتەك باسقان،
قارنى ئاچسا يوق پۇلى، نەق كۆرسە كىمنى يولدا توسقان،
شەنىمىزنى بۇلغايدىغان يات قاباھەت يوقمۇ بىزدە؟!

ئوخشىتىپ سەن خىيال قىلما پەيغەمبەرگە سىياقىڭنى،
نەپكە ئەمەس، ئەل ئىشىغا يېنىك قىلغىن ئاياغىڭنى،
ئىمان نازۇك كۆتۈرمەيدۇ كىبىر تەمە قورساقىڭنى،
تارت قولۇڭنى ۋەخپە مالدىن كۆزلە مەھشەر ئۇزاقىڭنى،
ئەلدىن يۇلۇپ يىغقان پۇلدىن ئەلگە خىزمەت يوقمۇ بىزدە؟! ...»

دىگەندەك كۇپلېت مىسرالارنى يادلىۋېلىپ، بىر ـ بىرلىرىگە يەتكۈزۈپ، تېخىمۇ تەسىر ۋە داغدۇغا پەيدا قىلدى.

ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار ئاپاق خوجىغا بەكمۇ ھار كەلدى. ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ شۇنچە كۆپ جامائەت ئالدىدا قىلغان زەردىلىك سۆزىمۇ، كىچىككىنە تالىپ ئەزىمشاھنىڭ دوقمۇش ـ دوقمۇشتا چاپلىۋەتكەن قۇتراتقۇ شېئىرىمۇ ئاپاق خوجىنىڭ نام ـ نەسەبىگە، شان ـ شۆھرىتىگە ۋە ئۇ قىلىۋاتقان «مۇقەددەس» ئىشلار شەنىگە قاتتىق تەگكەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ سەۋر ـ تاقىتى چېكىگە يەتتى، ئۇ ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى كۆزدىن يوقاتماي، ئۆزىنىڭ مەڭگۈ خاتىرجەم بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى. ئەمدى ئۇ ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى خاننىڭ قولى ئارقىلىق يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى. ئەگەر خان كىچىككىنە ئىما ـ ئىشارەت قىلسىلا، ئۇنىڭ ئاتارمەن ـ چاپارمەنلىرى مەۋلىۋىنى بىر كېچىدىلا ھەر باب بىلەن بۇ دۇنيادىن يوقىتىۋېتەتتى. شۇڭا ئۇ، يولۋاس خان بىلەن ئىككى قېتىملىق كۆرۈشۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى تازا سۆك-

تى، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى «ئازغۇنلۇق، ھاكىمىيەتكە تەھدىت» دەپ كۆپتۈرۈپ، خاننىڭ كۆڭلىگە قوقاق سالدى، ئاپاق خوجىنىڭ باشقا مۇرىت - مۇخلىسلىرىمۇ ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارغا ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۈستىدە شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭ نام - ئابرۇيىنى يەرگە ئۇرۇشقا باشلىدى. نامى چىققان بۇ سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ نەزىرىدە، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئەقلى ناقىس، تۇزكورمىش، ھەقىقەتنىڭ روھىغا ئەمەس، شەكلىگە ئېسىلىۋالغانمىش، تەرىقەت ئەھلىنى ۋە ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر نەسەبلىك پىر - ئەۋلىيالىرىنى ھاقارەت قىلارمىش ..

ئەگەر، پەلەك چاقى مۇشۇ پېتى ئايلىنىۋەرگەن بولسا، ئېھتىمال، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئەنە شۇ پىتنە - پاسات ۋە ھىيلە - نەيرەڭلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن بولاتتى...

لېكىن، تۇيۇقسىز ئاپاق خوجىنىڭ ئامىتى قېچىپ، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالدى. ئوردىدا يۈز بەرگەن بىر كېچىدىكى قانلىق ۋەقە ھەممە ئىشلارنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋەتتى!

يولۋاس خان سەككىز يېشىدا قەشقەرگە نائىب خان بولۇپ ئۇ يەردە ئوتتۇز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، قەشقەر خەلقىنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىپ، يۇرتنى ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. كېيىن ئۇ دادىسىنى قوغلاپ، ئىنىسىنى يوقىتىپ ئۆزىنى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى دەپ ئېلان قىلىش بىلەن ۋۇجۇدىغا ئاچ كۆزلۈك، تەبىئىتىگە زۇلۇم شۇنداق ئورۇنلىشىپ كەتتىكى، زۇلۇم يايانىدا، ھۇججاجمۇ① ئۇنىڭ ئالدىدا خىجىل، پىتنە - پاساتتا شەيتانمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك ئىدى!

ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىغا پايلاقچى سالدى، پۇقرالاردىن تۆلكە تېرىسى بىلەن قىزىل ئالتۇن تەلەپ قىلدى. خەلقنىڭ دادىغا ھېچكىم يەتمىدى، مەملىكەت پۈتۈنلەي خاراب بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى.

① ھۇججاج - زالىملىق بىلەن دۇنياغا نامى تارالغان قانخور پادىشاھ.

شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ تۆۋرۈكى بولغان مىرزائەلى شاھنىڭ بىر تۇغقىنى داۋۇت خوجىنى يولۋاس خان بۇيرۇق بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى. بۇ دەردنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان مىرزائەلى شاھ ئەركابەگكە ھال ئېيتتى. ئەركابەگ: «مۇسۇلمانلار بېشىدىن بۇ زالىمنى دەپئى قىلماي بولمايدۇ، ئۇنى دەپئى قىلىش ھەر بىر كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى، سىلى غەم قىلمىسىلا، خالىس خۇدا رىزالىقى ئۈچۈن بولغان ئىشتا خۇدا ئۆزى ياردەم بېرىپ، ئۆزى ساقلايدۇ» دېدى ۋە ئەتىسلا ئۇلار بىرلىكتە قول سېلىپ، ئانا يەرنى ئۇ زالىمنىڭ نىجىس ۋۇجۇدىدىن قۇتۇلدۇردى. زۇلۇم ۋە پىتنە ـ پاساتلاردىن خالاس بولغان خەلق ئاتاقلىق ئەمىر ئەركابەگ ۋە مىرزا ئەلى شاھلار ھەققىدە دۇئايى خەيرلەر قىلىشتى...

مانا شۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقە ئاپاق خوجىنى كاتتا يۆلەنچۈكتىن ئايرىپ، شېرىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى يوققا چىقىرىۋەتتى. ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋنى بولسا، قىل ئۇستىدىكى ئۆلۈم خەۋپىدىن ساقلاپ، داۋاملىق خۇتبە ئوقۇش بەختىدىن بەھرىمەن قىلدى.

# ئونىنچى باب

## مېھرى ئىسسىق يوچۇن كىشى

### 1

قەھرىتان قىش قىستاپ كەلمەكتە. قوشراپ تاغلىرىنىڭ يىل بويى پارقىراپ تۇرىدىغان كۈمۈش رەڭلىك چوققىلىرىدىن يۇلقۇنۇپ چىققان جۇت ــ شىۋىرغان يېزا ــ قىشلاقلارنى سۈر ــ توقاي قىلىپ، نامراتلارنىڭ يالاڭ كېسەك ئۆيلىرىدىن تارتىپ، بايلارنىڭ ھەشەمەتلىك ئىمارەتلىرىگىچە بېسىپ كىرىشكە باشلىدى.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ قوشراپ تاغلىرى ئارىسىدىكى ئاراتاش يېزىسىغا كېلىپ ماكانلاشقانلىقىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ئۇ ئاشۇ كۈنى موللا مۇسا ئاخۇننىڭ ئۆيىدىن ــ ئاتا قاتىلى دەرۋىش خوجىنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ باغئاۋاتتا قوشنا بولغان ئالمەت يېزىسىدىمۇ تۇرماستىن، كېچە ــ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، ئەڭ يىراقتىكى تاغلىق يۇرت قوشراپقا كەلگەنىدى. باتۇر، مېھماندوست تاغ خەلقى ئۇنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالدى. بۇرۇن ئۇنىڭ نامىنى، داڭقىنى ئاڭلىغان خەلق نە ــ نەلەردىن ئۇنى يوقلاپ كېلىپ زىيارەت قىلدى.

بۇ كۈنلەردە ئاپاق خوجىنىڭ ئۇنى داۋاملىق ئىزدەپ تۇتۇشقا چولىسى تەگمەي قالغانىدى. چۈنكى، خوتەننىڭ ئۇيەر ــ بۇيېرىدە بولۇۋاتقان ئىسيان ۋە كۆتۈرۈلۈشلەر ئۇنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتىگە ئېغىر تەھدىت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. خۇددى «كۆتەككە پالتا چۈشكۈچە ئارام» دېگەندەك، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى مانا شۇ پۇرسەتتىن پايدىل-

نىپ، قوشراپتا بېغىر بېسىپ تۇرۇپ قالدى. تاغلىقلار گويا ئۇنى ئـاس-
ماندىن چۈشكەن خىزىردەك ئەتىۋارلىدى، ئىززەتلىدى، ئۇنىـڭغا ئىـس-
سىق ماكان بەردى، ئۆزلىرى يېيىشكە قىيمىغان ئېسىل تائـاملار بىلـەن
مېھمان قىلدى. ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىمۇ ئۇلارغا ئۆز يولىدا ئادىمەتچى-
لىك قىلدى، ھۆرمەت ياندۇردى. بۇ ئادەم شۇنداق ئۇلـۇغ مەرتىۋە ئـى-
گىسى تۇرۇقلۇق، شۇنچە كىچىك پېئىل، تۇپراق سۈپەت ئىدىكى، كىم
كـەلسە ئورنـىدىن قوپـۇپ، ئىسسـىق چىراي قـارشى ئېلـىپ دىدارلىـق
قىلاتتى، بۇ كىشـىنىڭ نـەزىرىدە ئـادىمىي خىسـلەت ھەمـمىدىن ئـەلا،
مال ـ دۇنيا بولسا، خەسچىلىكمۇ ئەتىۋارغا ئىگە ئەمەس ئىدى.

بۈگۈن پەيشەنبە، كۈن ئوچۇق ئىدى. يېـڭىلا كۆتـۈرۈلگەن قـىش
قۇياشى تاغ چوققىلىرى ئۈستىدىكى قار ـ مۇزلار ئۈستىدە جۇلالىنىپ
كۆزلەرنى چاقاتتى. ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى مانا بۈگۈن ئۆزۈندىن بىر-
رى كۆڭلىگە پۈككەن خالىس بىر ئىشـنى قىلـىۋاتاتتـى. ئۇ باغئـاۋات
يېزىسىدا يۈرگەن چېغىدىلا، «رەشىدىيە مەدرىسى» بىلەن بىللە كۆيۈپ
ئۆلگەن شۇنچە كۆپ بىگۇناھ جاننىڭ روھىغا ئاتاپ، خالىس بىر نەزىر
بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلىنىڭ ئارامىدا بولمىغانلىقـى ۋە
ئۆزىنىڭمۇ خەۋپ ئىچـىدە تۇرۇۋاتقانـلىقى سـەۋەبىدىن، بـۇ ساۋابلىـق
ئىشنى قىلىشقا نېسىپ بولمىغـانىدى. كېـيىن ئۇ بـاغئاۋات يېـزىسىدىـن
قېچىپ كېتىۋېتىـپ، موللا مۇسـا ئاخۇندەك شـۇنداق ساددا، ئاق كـۆ-
ڭۈل، تەقۋادار بىر ئـادەمنىڭـمۇ ئۆز ئوغـلىنىـڭ قولىدا ئـۆلگەنلـىكىنـى
ئاڭلاپ، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاس قـالدى. شۇ چاغـدا،
ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغان نەرسە ــ نادانلىق ۋە جا-
ھالەتكە پاتقان ئادەمنىڭ يىرتقۇچ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ۋەھشـىي بولىـدى-
غانلىقى ئىدى. دەرۋىش خوجا ئەنە شۇنداق بولدى. ئۆزىنى بۇ دۇنياغا
ئاپىرىدە قىلغان ئەڭ ئۇلۇغ، سۆيۈملـۈك ئادىمى ـــ پۈتۈن ـ سـۈرۈك
بىر دادىسىنى ئۆز قولى بىلەن خەنجەرلەپ ئۆلتۈرۈپ، يىرتقۇچ ھايـۋان-
دىنمۇ بەتتەر ۋەھشىيلىك قىلدى. ئىككى دۇنيالىق لەنەتكە قالدى! مانـا
بۇ، ئۆزىنى «پىر ـ ئەۋلىيا» دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ كىشـلەرنىڭ سـاددا

خەلقنى نادانلىق، جاھالەت ۋە مەھكۇملۇق پاتقىقىغا سۆرەپ كىرگەنلە-
كىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتى ئىدى. ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ نەزىرى-
دە، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئەنە شۇ نادانلىق،
جاھالەتنىڭ بىچارە قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. چۈنكى،
ئۇنداقلاردا ئىنسانلىق غۇرۇر، مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى دېگەن
نەرسىلەر يوق بولاتتى. ئۇلار بەئەينى ئۇرۇقى قايسى دەرەخنىڭ تۈۋى-
گە چۈشسە شۇنىڭغا يامىشىپ ياشايدىغان رەزگى يۆگىمەچلەر ئىدى.

بۇ ئادەمنىڭ ئەنە شۇ چاغدا — باغئاۋات يېزىسىدا يۈرگەن ۋاقىتلى-
رىدا كۆڭلىگە پۈككەن خالىس ئىشى — مانا بۈگۈن قوشراپتا ئەمەلگە
ئاشتى. ئۇ تۈنۈگۈن يېنىدىكى تالىپلىرىنى ئەتراپقا يۈگۈرتۈپ، چار-
ۋىچىلاردىن ئىككى قوي، بىر تورپاق سېتىۋالدى، دېھقانلارغا نەق
تەڭگە بېرىپ، ئون بەش چارەك ئاق ئۇن ۋە ئىككى تاغار قوناق ئۇنى
يىغدى.

بۈگۈن ئەل ـ يۇرتقا خالىس نەزىر بېرىدىغان بۇ ئىش قوشراپنىڭ
جايۋاغ مەھەللىسىدىكى باغ ـ ۋارانلىق چوڭ بىر ھويلىدا بولۇۋاتاتتى.
ھويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بۇلۇڭغا يوغان داش قازان ئېسىل-
غانىدى. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ قالغان بىر تالىپ يىگىت تۆمۈر
ئارا بىلەن دۈملىمە ئوچاقتا قۇرۇق يانتاق تاشلايتتى، ئوتتۇرا ياشلىق
بىر دېھقان سىرتتىن جىگدە كەسلەندىلىرىنى قۇچاقلاپ ـ قۇچاقلاپ
ئوچاق بېشىغا توشۇۋاتاتتى. داش قازاندا گۆش، سەۋزە، چامغۇر ۋە
يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەر پىتىقلاپ قايناۋاتاتتى. ھويلىنىڭ يەنە بىر
چېتىدە يۈزىنى داكا رومال بىلەن مەھكەم ئوراپ، كۆزىنىلا ئوچۇق
قويغان بىرنەچچە بۇۋى ئاياللار تارتقۇدا ئۇن تاسقىماقتا، ئاپئاق كۆمە-
مىقوناق ئۇنى تارتقا ئاستىدىن خامىسغا قاردەك لەپىلدەپ ئۇچۇپ
چۈشمەكتە. باغ ئىچىدىكى يوغان تونۇر بېشىدا بېشىغا داكا شال
ئوراپ، ئۇچىسىغا شاتىۋا چاپان كىيىۋالغان بىرنەچچە ئايال ئالدىراپ
نان ياقماقتا، يۈزىگە پىياز يېپىشتۇرۇلغان ئاق توقاچنىڭ مەززىلىك
ھىدى ھويلىنى بىر ئالغانىدى.

توگۈلگەنلەرنىڭ ئىسسىنىشى ئۈچۈن، ھويلىنىڭ بىرنەچچە يېرىگە گۈلخان يېقىلغانىدى، گۈلخاننىڭ ئۈستىگە ئېسىلغان قاپقارا مىس قۇمغانلاردا پورۇقلاپ چاي قايناپ تۇراتتى.

چۈشكە يېقىن كەڭتاشا باغ ـ ھويلا ئادەمگە لىق تولدى، خالىس نەزىرگە داخىل بولۇش ئۈچۈن، يىراق تاغ ئارىلىدىن ئەتىگەن سەھەردە يولغا چىققان توپ ـ توپ جامائەتمۇ ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى.

بېشىغا داۋغان تۇماق، ئۇچىسىغا مووۋۇت بىلەن تاشلانغان ئەلتېرە جۇۋا كىيىۋالغان ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆزى چىقتى، ئۇلار بىلەن دىدارلىشىپ سىرداشتى، كېيىن كەمزۇلىنىڭ تۆش يانچۇقىدىن كۈمۈش قاپلىق قىيام سائەتنى ئېلىپ قاراپ:

ـــ قېنى جامائەت، بىرلىكتە ئىككى رەكەت نەپلە ناماز ئوقۇيلى، ئاندىن نەزىر ئېشىغا ئېغىز تېگەيلى، ـــ دېدى ۋە جامائەت سەپ تۈزگۈچى بولغان ئارىلىقتا قىسقىلا ئەمرىمەرۇپ قىلدى، ـــ كائىناتنىڭ ئەڭ ئۈستۈن مەۋجۇدىيىتى ئىنساندۇر. سانسىز گۈزەللىكلەرگە ئىگە بولغان ئىنسان ئاللانى تونۇش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. كەلىمە شاھادەتتىن قالسا، ئىسلامىنىڭ ئاساسىي ئىبادىتى نامازدۇر. ناماز ئاللانىڭ بىزگە بەرگەن سان ـ ساناقسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن، ياراتقۇچىمىزغا بولغان مىننەتدارلىق ۋە قۇللۇق بۇرچىمىزدۇر.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئۇ تەكبىر ئېيتىپ، ئىككى رەكەت نەپلە نامازنىڭ ئىمامىلىقىنى قىلدى.

نامازدىن كېيىن جامائەتكە تاماق تارتىلدى، يېڭى پىشقان توقاچنانلار جۈپ ـ جۈپ ئالدۇرۇلدى. گۆش ۋە شورپا ئۈستىگە چېلىنغان ئۇماچ شۇنداق مەززىلىك، ئىچىشلىك ئىدىكى، سوغۇقتا دۈگدەرەپ كەتكەن يالاڭتۆش دېھقانلار ئۇنى «پۇۋ ـ پۇۋ» لەپ ئولتۇرۇپ بىر ـ نەچچە قاچىدىن ئىچىپ راھەتلەندى. گۆشنى يېيىشكە كۆزى قىيمىغان-

لىرى نانىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، ئۆيدىكى بالا ـ چاقىلىرىغا زەللە قىلدى.

تاماقتىن كېيىن، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ قىرائەت قىلدى، ئۇنىڭ سۇزۇك، يېقىملىق، خۇش نەپەس ئاۋازىدا ئاـ دەمنىڭ قەلبىنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق كۈيدەك ئېغىر بىر مەيۈسلۈك بار ئىدى. ئۇنىڭ قىرائىتى قىسقا ۋە تەسىرلىك بولدى، قىرائەتتىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ۋەزمىن ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— ئاپاق خوجا جىمى مۇسۇلمانلارغا يىغا ئېلىپ كەلدى، ئاۋات يۇرتىمىز زاۋاللىققا يۈزلەندى. نۇرغۇن بىگۇناھ جانلارنىڭ ئىسسىق قېـ نى بىھۇدە ئاقتى، بۇنىڭغا ئاخىر نېمە دېگۈلۈك! سەۋر قىلىش لازىم، ھەممە كېتىدۇ، ھەممە توپا بولىدۇ، بۇنى ئاسمانىي تەقدىر، رەببانىي قازا دېيىشتىن باشقا ئامال يوق! ئەبەدىي ئۆمۈر ھېچ كىشىگە بېرىلگەن ئەمەس، مەڭگۈلۈك تىرىكچىلىك ھېچ كىشىگە بەخش ئېتىلمىگەن. ئاللاتائالا ئەل ـ يۇرت يولىدا قۇربان بولغان پەرىشتە سۈپەت ئوـ غلانلىرىمىزنىڭ، بىگۇناھ ئاجىز بەندىلىرىمىزنىڭ پاك روھىنى ئاسمان پەرىشتىلىرى بىلەن ياندىش قىلىپ ئۇلۇغلىغاي! ئانا تۇپرىقىمىز ئۈـ چۈن، ھەقىقىي ئىسلام ئەقىدىلىرى ئۈچۈن قازا بولغان ئېسىل ئەرلىرىـ مىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي! نەۋرە ـ چەۋرىلىرىمىز مۇشۇ تۇپراقتا دەريا بولۇپ ئاققان پاك قانلارنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمىغاي، ئامىن! ...

نەچچە يۈز ئېغىزدىن بىرلا ۋاقىتتا چىققان «ئامىن» دېگەن ئاۋاز كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، گويا ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك قۇدرەتلىك بىر سادا شەكىللەندۈردى.

يىراقتىكى تاغ خەلقىنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ قۇدـ رەتلىك سادادا ئانا تۇپراقنى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان سانسىز سەئىدىيە باتۇرلىرىغا، پايتەخت شەھىرىنىڭ ئار ـ نومۇسى ئۈچۈن ئەـ زىز جانلىرىنى پىدا قىلغان نامسىز شېھىتلارغا، شانلىق «رەشىدىيە مەدرىسى» بىللە كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئىلىم ـ پەن ھامىيلىـ

رىغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئىچىنىش، ئىپتىخار ۋە ھازىدارلىق تۇيغۇسى بىلەن بىللە، بۇ پاك زېمىننى ئاياغ ئاستى قىلغان ياۋايى باسقۇنچىلارغا، جاھالەت ئۇرۇقىنى چاچقۇچى مەرىپەت دۇشمەنلىرىگە بولغان چەكسىز غەزەپ ۋە نەپرەت تۇيغۇسى تەڭ مۇجەسسەملەنگەنىدى.

پاتىھەدىن كېيىن، يىراقتىن كەلگەن جامائەت بىر ـ بىرلەپ قايتىشقا باشلىدى. ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ ئاخىرقى توپ بىلەن جامائەتنى ئۇزىتىپ سىرتقا چىققاندا، تۆۋەن تەرەپتىن ئېشەككىلىك كېلىۋاتقان يوچۇن كىشىگە كۆزى چۈشتى. ئۇ يوغان سۇر ئېشەككە چۈچىلىق گىلەم خۇرجۇننى ئارتىپ ئۈستىگە مىنىۋالغانىدى. پۇتىدا ئورۇسنىڭ «غىرس ـ غىرس» ئۆتۈكى پارقىراپ تۇراتتى.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۇزىتىپ چىققان جامائەتنى خوشلىشىپ يولغا سالغۇچە، ئېشەككىلىك يوچۇن ئادەممۇ ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كەلدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ــ دېدى ئۇ ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىدىنلا ئېشەكتىن ئىرغىپ چۈشۈپ، ــ ئىنشائاللا، ئۆزلىرىنى ئاسانلا تېپىۋالدىم.

قىرىق ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان بەستلىك، بىجىرىم بۇ ئادەم بېشىغا ئاق دۇمچە تۇماق كىيىپ، پاختىلىق كالتە كەمزۇلىنىڭ بېلىگە چۈۋەر بەلۋاغ باغلىۋالغانىدى. قاپقارا ساقال ـ بۇرۇت باسقان يۈزى تاغ شىۋىرغىنىدا قىزارغان، لەۋلىرىنى بولسا، نېپىز بىر قەۋەت گەز باغلىغانىدى.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ ئىللىق چىراي سالاملاشتى ۋە:

ــ رىزىق غايىب دېگەن مانا شۇ، بۇ خالىس نەزىرگە ئۆزلىرىنىڭمۇ ئېغىزى تېگىدىغان بولدى، ــ دېدى ئۇنى داستىخاننىڭ تۆرىگە باشلاپ.

يوچۇن مېھمان داستىخان ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە ھاجى

قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۇزاتقان ئىسسىق چاينى ئىلىۋېتىپ :

— ئىسمىم قۇبات، كىشىلەر مېنى قۇبات مىرزا دەيدۇ. كاچۇگدىن كېلىشىم. ئۆزلىرىنى مۇشۇ يەردە دەپ ئاڭلاپ سالامغا كەلدىم، — دېدى تەۋازۇ بىلەن.

— رەھمەت، ئىنىم ...، — دېدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى خىجىل بولغاندەك تەلەپپۇزدا، — سوغۇقتا ئۆزلىرىنى مالال قىپتۇق ...

— يوقسۇ، يوقسۇ! ...، — دېدى قۇبات مىرزا ئورنىدىن سەل - پەل قوزغىلىپ، — ئۆزلىرى بىلەن دىدارلىشىش بىز ئۈچۈن چوڭ بىر غەنىيمەت. سىلى پېقىرنى تونۇمايلا، مەن كۆپرەك قاغىلىقتا لەشكىرىي ئىشلار بىلەن تۇرغان. ھەر قېتىم ئاستانىگە كەلگەندە، ئۆزلىرىنىڭ سۆھبەتلىرىدە بولغانمەن. «نىجات مەنزىلىگە ئىلىم نۇرى بىلەن يول تاپقىلى بولىدۇ، ئەقىلنىڭ شولىسى بىلەن زامان تەسەررۇپىدىكى تەجرىبىلەرنى بىلگىلى بولىدۇ ...» مانا بۇ سۆزلىرى ھازىرغىچە كۆڭۈل دەپتىرىمگە پۈتۈكلۈك ...

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، كىرپىكلىرى تىككىدە تۇرغان نۇرلۇق، قاپقارا بۇ كۆزلەردە ساختىلىق، خۇشامەت ۋە ھىيلە - مىكىر دېگەنلەردىن ئەسەر يوق ئىدى. سەممىيلىك بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان بۇ كۆزلەردە بىر خىل جاسارەت، مەردانىلىك ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ھۆكۈمران ئىدى. شۇ چاغدا، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ كۆڭلىدىن ھەمىشە كىشىلەرگە باھا بەرگەندە ئىشلىتىدىغان سۆز مىزانى ئۆتتى: «كۆز دىلنىڭ ئەينىكى، دىل روھنىڭ ئەينىكى، روھ ئىنسانىي ھەقىقەت ئەينىكىدۇر!»

## 2

ئۆينىڭ قىبلە تام تەرىپىدە ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان ئويما گۈللۈك ساندۇق بار ئىدى. ساندۇقنىڭ ئۈستىگە تىزىلغان سىرىق ۋە

جىگەررەڭ چەم مۇقاۋىلىق يوغان ـ يوغان كىتابلار قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا سۇس كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئاتا مىراس بۇ ساندۇق بىلەن ئەرەب، پارس ۋە ھىندى يېزىقىدىكى ھەرخىل دۇردانە كىتابلار ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ نەگە بارسا بىللە ئېلىپ ماڭىدىغان مۇھىم بىساتلىرى ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىتى سەرەمجانلاشقان مانا شۇ خىلۋەت ھۇجرىسىدا قۇبات مىرزا بىلەن تۇن نىسپىگىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ پاراڭ تېمىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىدى. ئۇلار سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرىدىن تارتىپ، ھازىرقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان مەھكۇم دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخنى ئەسلەپ چىقتى، ئاقسارايدىكى تۆكمەن بېشىدا ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلگەن سەكسەن بىر ئادەمدىن تارتىپ، ئەڭ ئاخىرى پالتا بىلەن چاناپ ئۆلتۈرۈلگەن بارات ئەلەمگىچە بولغان بىر قاتار ئازابلىق، مۇدھىش ۋەقەلەرنى تىلغا ئېلىپ، ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشتى ....

— «يۈك ئېغىر بولسا، نار تۆگىمۇ بۆركىرەيدۇ» دېگەندەك، بۇ قاتمۇ قات ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى كۆتۈرگىلى بولمىدى، تەقسىر، — دېدى قۇبات مىرزا ئېغىر خۇرسىنىپ تۇرۇپ، — خەلقىنىڭ سەۋر قاچىسى تولدى. ھازىر بۇ يۇرتتا سەللا ھوش كاللىسى بار پۇقرا ئۇچۇن يا ئۆلۈم، يا قۇل بولۇشتىن باشقا يول يوقلۇقى كۆرۈنۈپ قالدى. ئەلۋەتتە، قۇل بولۇش — ئۆلۈمدىن يامان!

— بۇ دۇنيادا ئازاب ـ ئوقۇبەت، بالا ـ قازا دېگەن نەرسىلەردىنمۇ ئانچە قورقۇپ كەتمىسە بولىدۇ، ئىنىم، — دېدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى بىر خىل تەسەللى تەلەپپۇزى بىلەن، — بۇ ئۆزى ئۆتنە ئالەم، بۇگۈن بىرىگە زۇلۇم سالغان كىشى ئەتىسى ئۆزى خورلۇق كۆرىدۇ. تۈلكە ھەرقانچە ھىيلىگەر بولسىمۇ، چاشقان ئوۋلاۋېتىپ، ئوۋچىنىڭ ئۆزىنىڭ پېيىگە چۈشكەنلىكىنى سەزمەيدۇ. ھالبۇكى، ئوۋچىمۇ ئۆزىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇنچە كېلىپ، ئۇنى بېسىۋالماقچى بولۇپ تۇرغان يولۋاسنى سەزمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ بۇرۇن ئۆلۈشىنى

ھېچكىم دەپ بېرەلمىسىمۇ، ئەمما، ھامان بىرى بۇرۇن ئۆلىدۇ.

— توغرا ئېيتتىلا تەقسىر، — دېدى قۇبات مىرزا مەۋلىۋىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، — بىز ھازىر دەل ئاشۇ ئاجىزلارنى ئوۋلىماقچى بولغان نائىنساپ ئوۋچىنىڭ پېيىگە چۈشكەن يولىۋاس بولماقچىمىز. مەن سىلىدىن يوشۇرمايمەن، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ھازىر ئىشقول، زەرەپشان، ئودالىق، بەشكەن قاتارلىق جايلاردا توپلىنىپ ھازىرلىق كۆرۈۋاتىدۇ. مەن بۇ قېتىم كاچۇكغا ئۆز ۋاقتىدا يېتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىمنى يىغقىلى كەلدىم. ئەمدىكى مۇھىم بىر ئىش، ئۇچتۇرپان ھاكىمى مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈش.

— ئۇ كىشى تېخى ھاكىمىيەت سۈرۈۋاتامدۇ؟ — سورىدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى سەل ئەجەبلەنگەندەك.

— شۇنداق، تېخىچە ئۇچتۇرپانىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، — دەپ ئالدىرىماي چۈشەندۈردى قۇبات مىرزا، — ئاپاق خوجا گەرچە ئۇ كىشىنىڭ ئىسمائىل خاننىڭ جىيەنى ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن تېخى ئۇ تەرەپلەرگە قول سوزۇپ، ئۆزىنىڭ روھانىي سەلتەنىتىنى ئورنىتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ پەقەت قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان زېمىنلارنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز ھازىر دەل مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتنى تېزلەتمەكچى، مەن يېقىندا مۇھەمەدئىمىن خانغا بىر پارچە مەكتۇپ پۈتۈپ، ئىككى ئادەمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتىم. پات ئارىدا ئۇ تەرەپتىن خەۋەر كېلىدۇ. ئەگەر مۇھەممەدئىمىن خان لەشكەر تارتىپ چىقسىلا، بىز بۇ تەرەپتىن ماسلىشىپ، ئۇ كىشىنى ھەقلىق يوسۇندا خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزىمىز. بۇ ھەقتە ئۆزلىرىنىڭ يەنىمۇ ياخشى ئەقىل كۆرسىتىشلىرىگە موھتاجمەن.

قۇبات مىرزا كەمتەرلىك ۋە ئىتائەتمەنلىك بىلەن بېشىنى ئەگدى. ئۇ ئەمدىلا قىرانلىق يېشىغا يەتكەن ئەقىللىق، بىجىرىم ئەر بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئالدىدا مەنمەنلىك قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشنى، كىبىر ۋە تەمەگەرلىكنى ياخشى كۆرمەيتتى. ئۇ ئىسمائىل خان دەۋرىدە، ئۇنىڭ

قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوشۇنى ئىچىدىكى بىر سەركەردە بولۇش سۈپىتى بىلەن، لەشكىرىي ئىشلارغا پىششىق، تەدبىرلىك ھەم پىداكار بىر ئەزىمەت ئىدى. كېيىن ئىسمائىل خان ئاغدۇرۇلۇپ، جۇڭغار قو-شۇنلىرى قاغىلىققا ھۇجۇم قىلغاندا، ئۇ لەشكىرىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قول ئاستىدىكى بىر تۈركۈم لەشكەرلىرىنى تارقىتىۋې-تىپ، ئۆزىمۇ قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

مانا ئۇ بىر ئايدىن بېرى، بەزىدە سودىگەر، بەزىدە چار بازارچى ۋە بەزىدە دىۋانە سىياقىدا ياسىنىپ، يۇرت كېزىپ، ئاپاق خوجا ھاكىمىيە-تىگە قارشى يوشۇرۇن كۈچ توپلاۋاتاتتى. بۇنداق خەتەرلىك ھەم جا-پالىق ئىشقا ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ھەققانىيلىقى بىلەن كەسكىنلىكى ۋە خەلقپەرۋەرلىك تۇيغۇسى تۈرتكە بولغانىدى. ئۇ مانا شۇ تۇيغۇ ۋە تۈرتكىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، لېكىن ھازىر زۇ-لۇم بىلەن جاھالەت قاپلىغان بەختسىز زېمىندا يېڭى ۋە ئۈمىدۋار بىر دۇنيا ئاچقانىدى.

— ئىنىم، خۇدا ھەممە نەرسىگە دانا گۇۋاھتۇر، — دېدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن بىردىنلا جانلى-نىپ، — سىز شۇنداق بىر ئۇلۇغ، خەيرلىك ئىشقا تۇتۇش قىپسىز. ئۇ-لۇغلار ئاستانىسىدىن تىرىشىپ ئورۇن ئالغان ئادەم ئەبەدىي ئازابتىن نىجاتلىق تاپىدۇ. كىمكى راست كۆڭلى بىلەن مەزلۇملارنىڭ دەردىگە يېتىپ، بېشىنى سىلىسا، ئاللاتائالا ئۇنىڭغا ھېسابسىز تەۋپىق بېرىدۇ. ئىنىم، غەيرەت قىلىڭ، ئانا تۇپرىقىمىزنى ناپاك ۋۇجۇدلاردىن ئېرىنغداش ھەممىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئاللا ئالدىدىكى بۇرچىمىز. بالا - قازادىمۇ، بەخت - ھالاۋەتتىمۇ ئەل بىلەن بىللە بولماق ئاللا رىزالىقىدۇر، ئىنىم ...

— تەقسىز، ئۆزلىرى ئەل - يۇرتنىڭ پەخرى، ئەھلۇللا نەزىرىگە چۈشكەن ئادەم، — دېدى قۇبات مىرزا مەۋلىۋىنىڭ مەدەت بېرىشىدىن خۇشال بولۇپ، — بىزگە سىلىنىڭ مەدەتلىرى، دۇئالىرى لازىم. بىز ئۇلۇغلارنىڭ ئاشۇ دۇئالىرى بىلەن خۇدا خالىسا كۆزلىگەن مەقسەتكە چوقۇم يېتىمىز! ھازىر ئاپاق خوجىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئوت تۇتىشىۋا-

تىدۇ. قاراقاشتىكى خالداربەگ قوزغىلىپ قالدى. مەن غالدانىنىڭ ئور-دىدىكى ھەربىي سەركەردىسى دالجە تۆرەنى ئۇقۇشۇپ كۆردۇم، ئۇ ئىنتايىن ئاچ كۆز، دۇنياپەرەس ئادەم ئىكەن. بىز يېقىندا يولۋاسخان تەرىپىدىن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان تۇرۇمتاي بەگنىڭ قەشقەردىكى «بامگىر» قەبرىستانلىقىغا يوشۇرۇپ قويغان ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مارجانلىرىنى قولغا چۈشۈردۇق. بىز شۇنىڭ بىلەن دالجە تۆ-رىنى سېتىۋالماقچى. سائىتى كېلىپ بىز قەلئەگە تېگىش قىلغاندا، ئۇ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرى بىلەن جىم تۇرۇپ بەرسىلا بولدى...

ئۇلار ئەنە شۇنداق قىزغىن، سەمىمىي پاراڭلار بىلەن تاڭ ئاتقانلى-قىنىمۇ تۇيماي قالدى.

تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماننىڭ كۈنچىقىش تەرىپى سۈزۈلۈپ، ئۇپۇق بىردەمدە راسا ئۇلغايغان گۈلخاندەك لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلى-دى، يىراقتىكى قارلىق تاغلار ئاستا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىرايتتى، قوشراپ تاغلىرىدىن ئادەمنى ئەندىكتۈرگۈچى سوغۇق شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

## 3

ئاقسارايدىكى ئوردىسىدىن چىققان ئاپاق خوجا زىمىستان قاپلىغان باغ يولىنى ئارىلاپ، غالدانىنىڭ تۇرالغۇسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ بېشىغا ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك مەخمەل بىلەن تاشلانغان بۆلغۈن تۇماق، ئۇچى-سىغا قۇندۇز ياقىلىق سۆسەر جۇۋا كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈچ نەپەر ئوردا ئەمەلدارى — ئۆزىنىڭ يېقىن مۇخلىسلىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى، ئەڭ ئاخىرىدا بولسا، قېرىسال بىر ئادەم يىپەك داستىخانغا ئورالغان يوغان بىر زەللىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

ئاپاق خوجا ھەشەمەتلىك كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۆينىڭ كىگىز مەلەگزلىك ئىشىكى ئالدىدا قورالىق ئىككى نۆكەر قېتىپ

تۇراتتى. ئۇلار ئاپاق خوجىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىرى مەلەڭزىنى قىيا قايرىپ ئىچىدىكىلەرگە بىر نەرسە دېدى ۋە ھايالشمايلا ئاپاق خوجىنى چېدىرغا باشلىدى. چېدىر ئىچى ھۇپپىدە ئىسسىق ئىدى، ئاتەشداندا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتتىن ئۆرلۈك ۋە بېھى ياغاچلىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدى بۇخسۇپ تۇراتتى. چاراسلاپ يانغان ئوت ئۇچقۇنلىرى بىلەن ئاقۇچ تۈتۈنلەر ئاستا ـ ئاستا لەيلەپ، كۆتۈرۈلۈپ، كىگىز ئۆيىنىڭ چاڭغىرىقىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

غالدان سېرىن ئۆيىنىڭ تۆرىدە توققۇز قەۋەت ئاق كىگىز ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتاتتى، بېشىنىڭ تېگىدە بۇغا تېرىسى قاپلانغان ياستۇق، ئاياغ ئاستىدا كۆل رەڭ ئېيىق تېرىسى سېلىنغانىدى. ئۇ ئاغزىنى شۈنچىكى مىتىلدىتىپ قويۇپ، ئاپاق خوجىنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. ئاپاق خوجا ئاتەشداننىڭ يېنىغا سېلىنغان بىر پارچە قارا سۆسەر تېرە ئۈستىگە يەكتىز بولۇپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپ يۈكۈندى. غالداننىڭ يېنىدىمۇ ئىككى ھەمراھى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى، يېشى ئەمدىلا ئوتتۇزدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ سۆڭىكى قاتقان زەڭگى قونتەيجى ئىسىملىك تاش يۈرەك، كاداڭ بىر سەركەردە ئىدى. يەنە بىرى، قىرىق ياشلار ئۆپچۆرىسىدىكى ئورا كۆز، قاشلىرى قويۇق ۋە كۆتمەك، بۇرنى ياپىلاق، چاسا يۈز كەلگەن دالجە تۆرە ئىسىملىك سەركەردە ئىدى.

ئاپاق خوجا ھېلىقى داستىخان كۆتۈرۈپ كەلگەن قىرىسال ئادەمگە ئىشارەت قىلدى، ئۇ ئىلىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، يىپەك داستىخاندىكى زەللىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ بېرىپ، غالداننىڭ ئالدىدا قويۇپ ئاچتى. داستىخان ئېچىلىش بىلەن چېدىر ئىچىنى مەززىلىك، خۇشپۇراق غىزا ھىدى قاپلىدى. ھەممەيلەن داستىخانغا قاراپ، كۈمۈش لېگەن ئۈستىدە خۇددى بىر پارچە ساپسېرىق ئۈيۈل ئالتۇندەك تۇرغان تائامنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

بۇ ئاپاق خوجىنىڭ ئوردا ئاشپەزلىرىگە مەخسۇس بۇيرۇتۇپ ئەتتۈرگەن شاھى پولۇسى ئىدى. پولۇ زەپە يېغى بىلەن كالا يىلىكىدە

ئېتىلگەن بولۇپ، ئۈستىگە ئالتۇن ۋەرەق يېپىلغانىدى.

— ئۆزلىرىنى تاۋى يوق بوپقاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ يوقلاپ كېلىشىم، — دېدى ئاپاق خوجا غالدانغا خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن باش ئۇرۇپ تۇرۇپ، — قېنى، بۇ تائامدىن بىر - ئىككى لوقما يەپ باقسىلا، تەقۋا قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

غالدان «رەھمەت» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ تاۋى يوق ئىدى. چىرايىدىن چوڭقۇر مۇڭ ۋە ئىزتىراپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى سېمىز، قىپقىزىل يۈزى ھازىر ياداپ، قارا ئۆپكىدەك سولىشىپ كەتكەنىدى. مۇڭ ۋە ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرىدىن پولات تىغنىڭ يالتىراق جۇلاسىدەك سوغۇق بىر نۇر ئەلەڭگىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ روھى ۋە جىسمىدىكى بۇنداق زور ئۆزگىرىش تېخى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىكى جەڭدە ئوغلى جەندەرغۇندىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قېلىش بىلەن باشلانغانىدى.

قاراقاش ھاكىمى خالدار بەگ قوزغىغان خەلق ئىسيانى ناھايىتى تېزلا خوتەننىڭ باشقا يەرلىرىگىمۇ يامراشقا باشلىدى. ئەگەر ۋاقتىدا بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىسا، ئاپاق خوجا بىلەن غالداننىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى خەۋپ ئىچىدە قالاتتى. شۇڭا، غالدان يىراق - يېقىندىكى لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى توپلاپ، قاراقاشنىڭ پىيالما دېگەن يېرىدە خالدار بەگنىڭ بەش - ئالتە مىڭ كىشىلىك خەلق قوشۇنىغا قارشى سەككىز كۈن جەڭ قىلدى. جەڭ شىددەتلىك بولدى، جېنىدىن تويغان خەلق پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىپ، غالداننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتى. لېكىن، ئەڭ ئاخىر يەنىلا غالداننىڭ تەربىيە كۆرگەن، تولا ئۇرۇشۇپ رەھىم - شەپقەت دېگەننى ئۇنتۇپ كەتكەن تەلۋە لەشكەرلىرى خەلق قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، ئەمما غالدان بۇ ئۇرۇشتا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر سۆيۈملۈك ئوغلى جەندەرغۇندىن ئايرىلىپ، بىر ئۆمۈرلۈك ھەسرەت - نادامەتتە قالدى. ئوغلىنىڭ جەسىتىنى، ھەتتا بىرەر پارچە نام - نىشانىنى تاپالمىغانلىقى ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابقا سالدى. غەزەپلەنگەن قوزغىلاڭچى خەلق جەندەرغۇننى ئۆلتۈرۈپ، جەسىتىنى بۇردا - بۇردا قىلىپ تاشلىغانىدى.

بۇنداق پاجىئەلىك يوقىتىش غالداننىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ، ھەممە ئىشتا رايىنى قايتۇردى. ھازىر ئۇ بۇنداق نەس باسقان زېمىندىن تېزرەك كېتىشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى.

— ياخشى كەپسىز، ھەزرىتىم، مەنمۇ سىزنى چاقىرتاي دەپ تۇرۇۋېدىم، — دېدى غالدان ياتقان ئورنىدىن ئۆرە بولۇپ، — بۇ يەردىكى ئىشلار بىر قۇر ئىزىغا چۈشتى، ئەمدى مېنىڭ قايتىش ۋاقتىم بولۇپ قالدى، قايتىشتىن بۇرۇن سىز بىلەن قىلىدىغان بەزى ئىشلار بار ...

— ھەممىگە تەييارمەن، ئالىيلىرى، — دېدى ئاپاق خوجا غالدانغا بېرىم ئېگىلىپ تۇرۇپ، — ھەممە ئىش كۆڭۈللىرىدىكىدەك بولىدۇ ...

ئەمدى ئۇلار مەززىلىك ھىدى ئېغىزلىرىغا سېرىق سۇ يىغقان ئاشقا ئېغىز تەگكەچ سۆزلەشتى.

— مەنمۇ شۇنداق بولۇشىغا تىلەكداش، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى غالدان قولىدىكى ماي يۇقى بىلەن بۇرۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — مەن بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئويلىنىپ، ئاپاق خان ھەزرىتىمنىڭ تەلىپى بويىچە، زەڭگى قۇنتەيجىنى قەشقەرىيىگە جۇڭغار ئىستىلاسىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەكىلى — شاھنە قىلىپ تەيىنلىدىم. دالجە تۆرىنى بولسا، ئاستانىدە تۇرۇشلۇق قوغدىغۇچى قىسىمنىڭ سەركەردىسى قىلىپ بېكىتتىم. بۇنىڭدىن باشقا، جاي - جايلاردا ئېركەخان، قاراخان، ئامبۇن ۋە شۇكەملەر① تۇرغۇزۇلدى. بۇلار ئاپاق خان ھەزرىتىمنىڭ سەلتەنىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە باج - سېلىق — ئولپان يىغىش ئىشلىرىدا ياردەملىشىدۇ. ھەزرىتىم بۇلارنىڭ ھەر ئايلىق تەمىناتلىرىنى ئۆكسۈتمەي بېرىپ تۇرۇشلىرى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، قەشقەرىيىنىڭ بۇيۇك جۇڭغار خانلىقىغا تۆلەيدىغان ھەر يىللىق ئولپان ئىشلىرى توغرىسىدا كېلىشىۋالساق ...

— بۇ ھەقتە بىشەۋكەتى خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەنلىرى بولسا ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى ئاپاق خوجا ئالدىراپ، — بىز ھەرقانچە قىلساقمۇ جانابلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى ياندۇرالمايمىز.

غالدان سېرىن راسا بىرنى كېكەردى، ئاندىن خونچىلاپ كەلتۈرۈل-

① ئېركەخان، قاراخان، ئامبۇن، شۇكەم — جۇڭغارلارنىڭ جاي - جايلارغا قويغان باسقاق بەگلىرىنىڭ ئەمەلدارلىق نامى.

گەن پىيالىدىكى چايدىن بىر يۇتۇم ئوتلىۋېتىپ، يېنىدىكى زەڭگى قۇنتەيجىگە قارىدى. زەڭگى قۇنتەيجى ئۇنىڭ سىرلىق كۆزىدىكى مەنىنى چۈشىنىپ، ئاپاق خوجىغا يۈزلەندى ۋە ئورنىدىن يېرىم قوزغىلىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بىشەۋكەتى خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىچە بولغاندا، قەشقەرىيەنىڭ بۈيۈك جۇڭغار خانلىقىغا تۆلەيدىغان ھەر يىللىق ئولپان مىقدارى: تۆت مىڭ سەر يامبۇ، تۆت مىڭ پاتمان ئاشلىققا تەيىن تاپتى، بۇنىڭغا ئاپاق خان ئالىيلىرىنىڭ پىكرى قانداقكى؟!

— قۇللۇق، قۇللۇق ....، — دېدى ئاپاق خوجا قىلچە ئويلىنىپ تۇرماستىن، — بىشەۋكەتى خان ئالىيلىرى كۆڭلىگە پۈككەن بۇنچىلىك نەرسىگە پالان - پۇستان دېيىشكە نېمە ھەددىمىز.

شۇنداق قىلىپ، يۇقىرىقى سان بويىچە، ئىككى تىلدا — ئۇيغۇرچە ۋە موڭغۇلچە توختامنامە پۈتۈلدى، ئاپاق خوجا بىلەن غالدان تار ۋە ئۈزۈن سەمەرقەند قەغىزىگە پۈتۈلگەن توختامنامىگە خانلىق مۆھۈرلىرىنى بېسىشتى، ئەتراپتىكىلەرمۇ گۇۋاھلىقى ئۈچۈن بارماقلىرىنى باستى. شۇ دەقىقىدە، ئۇلار بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ھېچقانداق تالاش - تارتىشسىز، ئوڭايلا ۋۇجۇدقا كەلگەن بۇ توختامنامىنىڭ قانچىلىغان ھۆنەرۋەن - كاسىپلارنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى، قانچىلىغان يوقسۇل - نامراتلارنى يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىپ، سەرسان - سەرگەردان قىلىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى، توغرىراقى، خىيالىغا كەلتۈرۈشنى خالىمايتتى. يەيدىغاننى يەپ، ئالىدىغاننى ئېلىپ جۇڭغارىيىگە قايتىش ئالدىدا تۇرغان غالدان ئۈچۈن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت ئاپاق خوجىنىڭ ھەريىلى تۆلەيدىغان ئاشۇ ئالتۇن - كۈمۈشى بولسىلا بولاتتى، ئۇ شۇنىڭ ھېسابىغا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، يەنىمۇ چوڭ ۋە بۈيۈك جۇڭغار ئىمپېرىيىسى قۇرۇشنى ئويلايتتى. ئاپاق خوجا بولسا، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئۆلۈپ - تىرىلىشىدىن قەتئىينەزەر، جۇڭغارلارنىڭ پاناھلىقىدا ئۆز سەلتەنىتىنى قوغداپ، بۇ دۇنيانى ماكانسىز جاھانكەزدى دەرۋىشلەرنىڭ ھۆكمەت ئېيتىپ، جەھرە - ساما سالىدىغان، نەشە تارتىپ خۇدا ئىشقىدا مەست - ئەلەس بولىدىغان بىكار تەلەپ مۇرىت - مۇخ-

لىسلار سورۇنىغا ئايلاندۇرۇشىنى ئويلايتتى. شۇڭا، بۇنداق «بۇيۇك ئىلاھىي» ئىشلار ئالدىدا، دۆلەتنىڭ مۇنقەرزى، خەلقنىڭ كۆز يېشى ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.

— ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولغايلا، — دېدى ئاپاق خوجا توختام ئىشلىرى پۈتكەندىن كېيىن، — ھەرقانداق مۇشكۈلات ئىچىدە قالسامۇ، ئىنشائاللا، جۇڭغارىيىگە ئەۋەتىدىغان ئولپاننى ھەر يىلى مۇشۇ توختامنامىدە پۈتۈلگەن مۆھلەتتىن بۇرۇن يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

غالدان ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن سەممىيىتىدىن تەسىرلەندى بولغاي:

— مۇبادا سەلتەنىتىڭىزدە بىرەر كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ قالسا، ئىلبالىققا ئادەم چىقارسىڭىز، بىز يەنە ياردەمدە بولىمىز، — دېدى ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ.

— تەشەككۈر، — دەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ تەزىم قىلدى ئاپاق خوجا، — ئالىيلىرىنىڭ ياخشى نىيەت - ئىقبالىغا تەشەككۈر، پېقىر ھەربىرلىرىنىڭ قۇدرەتلىك قولىنىڭ بىر بارمىقى، بارماق قولدىن ئايرىلىپ نەگە بارالايتتى ...

مانا شۇ سۆھبەتتىن ئۈچ كۈن كېيىن، غالدان سېرىن ئاساسلىق قوشۇنى بىلەن ئىسمائىل خاننىڭ ئاستانىدىكى پۈتكۈل جەددى - جەمەتىنى ئېلىپ جۇڭغارىيىدىكى ئۆز ماكانىغا — ئىلبالىققا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار ئاتلىنىدىغان چاغدا، ئاپاق خوجا غالدانغا:

— ئەھلى مەملىكەتنىڭ مەشۇرىتى بىلەن قۇرۇق يانمىغايلا، — دەپ، تۆت مىڭ سەر تەڭگە بىلەن تۆت مىڭ ياقلىق سەرپايىنى يوللۇق تۇتتى.

تىنچ، ئاۋات، خىرامان بىر يۇرتنى ئۈچ - تۆت ئايغىچە پاراكەندە قىلغان، ھېسابسىز قانلارنى تۆككەن تاش يۈرەك، داڭدار بۇ سەركەردە ئۆز ۋاقتىدا بۇ يۇرتقا قانداق سۈر - ھەيۋە بىلەن كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق ھەيۋەتلىك ئەلپازدا بۇرغا - كانايلىرىنى ياڭرىتىپ قايتتى. ئۇنىڭ ئارقىدا پالاكەت باسقان كەڭرى زېمىن مۇڭ بىلەن قويۇق چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ قالدى.

بۇ، ھىجرىيىنىڭ 1089 - يىلى[①] قارا قىش مەزگىلى ئىدى.

① مىلادىيە 1678 -، 1679 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

# ئىككىنچى قىسىم

# قارغىشقا تولغان ئالەم

## بىرىنچى باب

# ئوت ۋە ئوقيا

### 1

مىلادىيە 1679 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلى.

ئاسماندا ئىللىق قۇياش نۇر چېچىپ، تۇرنىلار سەپ تارتىپ ئۇچاتتى، يەردە بولسا، باھار تاشقىنى كۆۋەجەپ، ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر قاپلىغانىدى. تېرەكلەر پوتلا تاشلاپ، قىزىلگۈللەر دەسلەپكى غۇنچىلار بىلەن ياسانىدى. قاراقۇلاشقان باغلاردىن كاككۇك ناۋاسى ياڭرايتتى.

تەبىئەت شۇنچە گۈزەل، ئىللىق ۋە ئارامبەخش ئىدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭۈل ئارامى يوق ئىدى. باھارنىڭ ئىللىق تەپتى ئۇنىڭ مۇزلىغان تېنىنى ئىسسىتالمايتتى، چاھار باغلاردىكى جانلىنىش، گۈزەللىك ئۇنىڭ زوقىنى قوزغىيالمايتتى، تاڭ سەھەردە چىمەنلەر ئارىسىدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان كاككۇك ناۋاسى بىلەن بوز تورغايلارنىڭ نالىسى ئۇنىڭ مەيلىنى تارتالمايتتى. ئىشقىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى غەمدىن خالاس قىلالمىدى، ئۇ ھامان خىيال دەرياسىنىڭ خەتەرلىك دولقۇنلىرى ئىچىدىن چىقالمايتتى، ھۇۋۇلداپ تۇرغان ئېگىز سارايلارنى بىكاردىن ـ بىكار ئايلىنىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ بۇنداق پاراكەندە بولۇشىدىكى سەۋەب: ئۈچ

كۈنىنىڭ ئالدىدا ئاڭلىغان بىر شۇم خەۋەر بىلەن شۇ كۈنى كېچىدە
كۆرگەن قاباھەتلىك بىر چۈشتىن بولغانىدى. ئۇ ئۈچ كۈنىنىڭ ئال-
دىدا، ئىشەنچلىك مۇخلىسلىرىدىن «ئاستانە ئەتراپىدا مۇھەممەدئىمىن
خاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ھەريانىدىن توپلانغان غەلىيانچىلار پەيدا
بولدى» دېگەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن بۇيان، قاتتىق بىئارام-
لىق ئىچىدە قالغانىدى. ئۇ مۇھەممەدئىمىن خاننى بۇرۇن بىر قېتىم
كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن داڭقىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈچتۇر-
پاندا ئىناۋىتى يۇقىرى خان، شۆھرەتلىك سەركەردە ئىكەنلىكىنى
بىلەتتى. ئەڭ يامىنى، ئۇ ئىسمائىل خاننىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ
ئەتراپتا پەيدا بولۇشى قانداقتۇر زىيارەت ياكى ساياھەت ئەمەس، بەلكى
تاغىسى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن ئېنىق
ئىدى.

ئاپاق خوجا مانا شۇنداق پاراكەندىچىلىك ئىچىدە تۇرغاندا، بۇنى
ئاز دېگەندەك، شۇ كۈنى كېچىسى قارا باسقاندەك كۆرگەن قاباھەتلىك
بىر چۈش ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى تېخىمۇ بۇزۇپ، قاتتىق ساراسىمىگە
سېلىپ قويغانىدى. ئۇ بۇ جەھەتتە ھېچكىمگە چىش يېرىپ گەپ قىل-
مىدى، راستىنى ئېيتقاندا، گەپ قىلىشقا يۈرىكى پېتىنمىدى. بۇ شۇم
خەۋەر بىلەن قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئۆز بېشىغا قانداق سەۋدالارنى
سالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەسرەت چېكەتتى.

... قەتل مەيدانىمىش. ناغرا - سۇنايلارنىڭ شاۋقۇنلۇق ساداسى
ئىچىدە جاللاتلار رەھىمسىزلىك بىلەن باشلارنى كەسمەكتە، قىپقىزىل
كىيىم كىيگەن بەستلىك بىر جاللات قان تەپچىپ تۇرغان بىر كاللىنى
نەيزە ئۇچى بىلەن كۆتۈرگەن ھالدا، تەختتە گىدىيىپ ئولتۇرغان ئاپاق
خوجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاپاق خوجا نەيزىگە سانجىلغان
باشقا قاراپ قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلەرمىش... چۈنكى، بۇ باش بىر تۇ-
رۇپ ئىسمائىل خاننىڭ كاللىسىغا، بىر تۇرۇپ ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى-
نىڭ كاللىسىغا ئوخشارمىش... بىر چاغدا، ئاپاق خوجىنىڭ كۈلكى-

دىن قىسىلغان كۆزلىرىگە ھېلىقى كاللا تۇيۇقسىز جان كىرىپ مىدىرلىغاندەك، تېخى بايىلا شىپشىدەك قېتىپ تۇرغان خۇنسىز كۆزلەردە ئاجايىپ بىر يالتىراق نۇر پەيدا بولغاندەك كۆرۈنگەنمىش ۋە ئارقىدىنلا ھېلىقى كاللا نەيزىنىڭ ئۇچىدىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرەرمىش... بۇ مۆجىزىدىن دەھشەتكە چۈشكەن ئادەملەر نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يەلكىلىرىنى قىسىپ، باشلىرى ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرگەن قانلىق كاللىغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇرارمىش. ئاپاق خوجا بولسا، يەنىلا قەھ ــ قەھ ئۇرۇپ كۈلۈپ، ئۇچۇپ يۈرگەن كاللىنى تاماشا قىلارمىش. كۈتۈلمىگەندە، ھېلىقى جاللاتنىڭ قولىدىكى نەيزە قولىدىن چىقىپ كېتىپ قۇشقا ئايلانغانمىش. چاڭگىلىدىن قان تېمىپ تۇرغان سۈرىبەتلىك بۇ قۇش تەخت ئۈستىدە چەرخ ئۇرۇپ ئۇچۇۋاتقانمىش. ئاخىرىدا، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ قىرقىرىغان قۇش ئاپاق خوجىنىڭ بېشىدىكى تاجىنى ئېلىپ كەتكەنمىش... ساراسىمىگە چۈشكەن ئاپاق خوجا تاجىنى ئالىمەن دەپ قوللىرىنى ئارۋاڭ ــ سارۋاڭ قىلىپ قۇشنىڭ ئارقىسىدىن ئۇچماقچى بولغانمىش ۋە يەرگە پالاققىدە يىقىلىپ ئويغىنىپ كەتكەنمىش...

مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئاپاق خوجىنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە ئولاشتى، مۇدھىش بىر گۇماندىن ئۇنىڭ تېنى سىرقىرايتتى. لېكىن ئۇ، بۇنداق زەئىپ، چۈشكۈن ھالىتىنى ھېچكىمگە سەزدۈرمىدى، كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى يەنىلا مەغرۇر، سۈرلۈك كۆرسىتىشكە تىرىشتى.

كۆڭلىگە ۋەسۋەسە چۈشكەن ئاپاق خوجا شۇ كۈنىلا ئىشەنچلىك بىر چاپارنى ئوردىغا چاقىرتىپ، زەڭگى قۇنتەيجىنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن خوتەنگە يولغا سالغانىدى. زەڭگى قۇنتەيجى بۇنىڭدىن ئون كۈن بۇرۇن، لوپتا يۈز بەرگەن يەرلىك خەلق بىلەن جۇڭغار ئەمەلدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق ماجىرانى تىنچىتىش ئۈچۈن خوتەنگە كەلگەن ۋە بۇ ماجىرانى تىنچىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئىشنى چوڭايتىۋېتىپ، ئۆزىمۇ بۇ قاينامنىڭ ئىچىدىن چىقالماي قالغانىدى. لېكىن،

شۇ كۈنلەردە ئاپاق خوجا ئۇنىڭ ئۆز يېنىدا بولۇشىغا تولىمۇ تەقەززا ئىدى. چاپارنىڭ كەتكىنىگە مانا بۈگۈن ھەپتە بولدى. نەدە بولمىسۇن ئاللىقاچان كېلىشى كېرەك ئىدى، قىرىشقاندەك، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، خەۋەرىمۇ يوق! ئاپاق خوجىنىڭ پاراكەندە كۆڭلىگە ھەر خىل گۇمانلار چۈشتى، گۇمان ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. «قاراقاشلىقلارنى باسساق، لوپلۇقلار قوپتى. خوتەنلىكلەر تولىمۇ جاھىل، تىنىچىماس بىر خەق، زەڭگى قۇنتەيجى ساق ـ سالامەتمىدۇ؟ ئەگەر غەلىيانچىلار ئۇ يەردىمۇ پەيدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئاستانىگە قايتىش يولىنى ئېتىپ قويغانمىدۇ؟ ئەستاغپۇرۇللا... ھېلىقى چاپارغا زادى نېمە بولدى، نېمە ئۈچۈن خەۋەر يوق؟ ئۇمۇ يولدا تۇتۇلۇپ قالدىمۇ ـ يا...»

ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ سوئالىدىن ئۆزى چۆچۈپ ئەندىكىپ كەتتى. لېكىن ئۇ، ئىشنى يامانغا جورۇشتىن ئۆزىنى ھەرقانچە قاچۇرسىمۇ، ئەمما بولار ئىش بولغانىدى، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك چاپارى ئاللىقاچان قاغىلىقتىكى قۇبات مىرزا بەگنىڭ ئىسيانچىلىرى تەرىپىدىن قولغا چۈشكەن ۋە ئۇنىڭ ئاخباراتى بويىچە، خوتەندە پاتقاققا پېتىپ قالغان زەڭگى قۇنتەيجىنىڭ ئاستانىگە قايتىش يولىمۇ ئۈزۈپ تاشلانغانىدى.

ئاپاق خوجا زېرەك ئادەم ئىدى، ئەمدى ئۇ ھاڭۋاقتىلىق بىلەن ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى دەرھاللا ھېس قىلدى. شۇڭا، جىددىي كېڭەش چاقىرىپ، مۇھەممەدئىمىن خان بىلەن ئىسيانچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مۇھاكىمە قىلماقچى بولدى.

خوداغا شۈكۈر، بۇ ئىشتا ئۈمىد خېلى چوڭ ئىدى، زەڭگى قۇنتەيجى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ئاستانە قەلئەسىنى قوغداشقا مەسئۇل دالجە تۆرە بىلەن ئۇنىڭ سەرخىل قوشۇنى ئاپاق خوجىنىڭ يېنىدا ئىدى. بۇنىڭغا مىڭلىغان پىداكار پىچاقچى سوپى، دەرۋىشلەرنى قوشقاندا، ھەرقانچە زور قارا بورانمۇ قەلئەنىڭ مەزمۇت تاملىرىدىن ھالقىپ

ئۆتەلمەيتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلى خېلى ئارامغا چۈشتى، ئۇنىڭ ۋەھىمە ياماشقان يۈرىكىدە تاج ۋە تەختنى قوغداپ قېلىش ئىشەنچى كۈچەيگەنىدى.

## 2

مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ ئون مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى يە-كەننىڭ «ئۈزۈن قۇم» دېگەن يېرىگە چۈشكۈن قىلغانىدى. تاغىسىغا ئوخشاش بويلۇق، تەمبەل كەلگەن بۇ ئادەم قۇلا ئايغىرنىڭ ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ، بۇ قېتىمقى يۈرۈشكە ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى.

بىر نەچچە كۈندىن بېرى بۇ يەرگە قۇبات مىرزابەگ قوزغىغان ئىس-يانچىلار توپى تەرەپ - تەرەپتىن ئۈزۈلمەي ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ-زۇنغا قالماي ئۇلارمۇ خۇددى تارام‌لار قوشۇلۇپ ساي، سايلار قوشۇلۇپ ئەزىم دەريا بولغاندەك، غايەت زور بىر قوشۇن بولۇپ تەشكىللەندى.

خەلق ئىچىدىكى جېنىدىن تويغان پىداكارلار بىلەن جەڭگاھتا پىش-قان لەشكەرلەردىن بەرپا بولغان بۇ زور قوشۇن ئىككى كۈن ياخشى دەم ئېلىپ رەتكە سېلىندى. ئەمدى ئۇلار ھەرقانداق جەڭگە تاشلانسا، يولۋاستەك ئەلپازدا ھۇجۇمغا ئۆتەلەيتتى.

— بۈگۈن كېچە يۈرۈشنى باشلايلى، — دېدى مۇھەممەدئىمىن خان كەچلىك غىزادىن كېيىن قۇبات مىرزابەگكە، — تاڭغا يېقىن قورغانغا تېگىش قىلىمىز.

قۇبات مىرزا بەگ ئويلىنىپ قالدى، ئويچان كۆزلىرىنى مۇھەممەدئى-مىن خانغا تىكتى. يېشى ئەللىككە ئۇلىشىپ، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق سانجىغان مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كۈچ - قۇۋۋەت، قاپقارا يوغان كۆزلىرىدىن ئىرادە ۋە ھۆكۈمرانلىق نۇرلىرى

چاقناپ تۇراتتى.

ــ شامال چىقىۋاتىدۇ، ــ دېدى قۇبات مىرزا بەگ ئارىسالدىلىق بىلەن، ــ بەلكىم كېچىچە بورانغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن، يولۇشىمىز مۇشكۇل بولارمىكىن.

مۇھەممەدئىمىن خان مىيىقىدا كۈلدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى سەمىمىي ئىدى.

ــ بورانلىق كېچە ھەربىي يۈرۈشنىڭ ياخشى پەيتى، ــ دېدى ئۇ قۇبات مىرزا بەگنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ، ــ بۇنچىلىك مۇشكۈلات بىزنىڭ لەشكەرلەر ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، ئەمما سىزنىڭ ئىسيانچىلىرىڭىز قانداق بولاركىن؟

ــ مېنىڭچە، ئۇلارمۇ لەشكەرلەردىن قېلىشمايدۇ، ــ دېدى قۇبات مىرزا مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ مۇددىئاسىنى سەل ـ پەل چۈشىنىپ، ــ ھەممىسى تۇرمۇشنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىدە پىشقان كىشىلەر.

ــ ئۇنداق بولسا، يۈرۈشكە تەييارلىنايلى، ــ دېدى مۇھەممەدئىمىن خان بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇرغا ـ كانايلار چېلىنىپ، ھەربىي يۈرۈشنىڭ سىگنالى بېرىلدى. بىردەملىك ئۇپۇر ـ توپۇردىن كېيىن، ھەممەيلەن ئۆز رېتى بويىچە سەپكە تۇرۇپ، ئاخىرقى بۇيرۇقنى كۈتۈشكە باشلىدى.

لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقاشنىڭ يورۇقىدا مۇھەممەدئىمىن خان سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ بېشىدا دۇبۇلغا، ئۇچىسىدا ساۋۇت، يېنىدا كۈمۈش ساپلىق شەمشەر بار ئىدى، ئاستىدىكى قۇلا ئايغىر پۇشقۇرۇپ، تىپىچەكلەپ، شوخشۇپ تۇراتتى. مۇھەممەدئىمىن خان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، پۇتىنى كۈمۈش ئۈزەڭگىگە تىرەپ، سەل ـ پەل ئۆرىدىدى ۋە گەۋدىسىنى كېرىپ تۇرۇپ، بار ئاۋازى بىلەن مۇنداق دېدى:

ــ لەشكەرلەر، ئىسيانچىلار، بارلىق ئەزىمەتلەر! بىز ھازىر ھەممىمىز

ئۇچۇن ئەھمىيەتلىك، خاسىيەتلىك بىر يۈرۈشنى باشلايمىز. ئۆز ۋاقتىدا بىز دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىن ناھايىتىمۇ تىنچ، گۈزەل ۋە ياياشات ئىدى. قاچانكى، ئاپاق خوجا جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن خانلىق تەختىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، سەلتەنەت رىشتىلىرى چەك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ، يۇرت بارغانسېرى خارابلاشتى، پۇقرالار ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە قالدى. مەملىكەتنىڭ شەۋكىتى سەلتەنەت ساھىبىنىڭ قۇدرىتىگە باغلىقتۇر. قايسى يۇرتنىڭ سۇلتانى زەبەر - دەس بولسا، شۇ يۇرت مۇستەھكەم ۋە ئاسايىشتۇر. ۋەھالەنكى، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ يۇرت سوراۋاتقان بەگ - سىپاھلىرى دىيانەتتە سۇس، پائالىيەتتە ئاجىز بولغانلىقى ۋە ساپلا قان ھەم قىلىچ يولىنى تۇتقانلىقى ئۇچۇن، بۇگۈنكى كۈندە مەملىكەتنى زاۋاللىققا، رەئىيەتنى نادانلىققا باشلاپ، ئاللا تائالا ئالدىدا كەچۈرگىسىز گۇناھ قىلدى! ئۇلار جاھالەت پاتقىقىغا پاتقان، ئۇلار بۇرنىدىن نېرىنى كۆرمەيدۇ، كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ، ئەل بېشىدا مۇشۇلارلا بولىدىكەن، لايقا ئاققان سۇ ھەرگىز سۈزۈلمەيدۇ! بىز بۈگۈن ئاللانىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ خاسىيەتلىك يۈرۈشكە نىيەت قىلدۇق. ئىنشائاللا، ئاللادىن زەپەر ۋە نۇرى ھىدايەت ياغقان كۈن — يۇرت ئىشلىرى راۋاج تاپىدىغان كۈن بولغاي! ئىلاھا ئامىن، ئاللاتائالا يولىمىزنى يورۇق، ئىمانىمىزنى كامىل، يۈرۈشىمىزنى زەپەردەس قىلسۇن، ئاللاھۇ ئەكبەر!

يەر - ئاسماننى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك نەچچە مىڭ ئاۋاز گۈرۈلدەپ، مۇھەممەدئىمىن خانغا قۇدرەتلىك سادا قوشتى.

يۈرۈش باشلاندى. ئەڭ ئالدىدا مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ خىللانغان ئاتلىق لەشكەرلىرى يولغا چىقتى. بۇ چاغدا، ئەتىيازنىڭ قۇرغاق شامىلى كۆچىيىپ بورانغا ئايلانغانىدى. ئاتنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن ئەشمە قۇملار ۋىشىلداپ ئۇچۇپ كۆزنى ئاچقۇزمايتتى، شور تۇپراقلىق زېمىندىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلارمۇ ئېغىز - بۇرۇنلارغا كىرىپ

جانىنى قاقشتاتتى. لېكىن، مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ بايىقى سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆچكە تولغان قوشۇن قاتتىق بورانغا پەرۋا قىلماي جېدەللەپ ماڭدى. كۆتۈمى ياخشى ئاتلارمۇ ئۆزىگە قامچا تەگكۈزمەيتتى. ئۇلار تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن پايتەختكە كىرىپ، قورغانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى كۆڭۈللىرىگە پۈككەنىدى.

*　　　*　　　*

سۇبھى بىلەن تەڭ باشلانغان جەڭ چۈشكىچە قەدەر داۋام قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېلىشتى. مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ لەشكەرلىرى قەلئەنىڭ بەش دەرۋازىسىغا تەڭلا ھۇجۇم قىلغانىدى. سىپىلنىڭ ئۈستىدىكى جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن ئۆزىنى شىپىتىلىققا ئاتىغان سوپى ــ دەرۋىشلەر ئېگىزدىن ئوقيا بىلەن تاش بوران ياغدۇرۇپ، ئۇلارغا ئاراملىق بەرمىدى، ئۇلار خېلى قاتتىق جانبازلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قەلئەنىڭ ھېچ يېرىدىن يوچۇق ئاچالمىدى. ئۇلار ئامالسىز جەڭنى ۋاقىتلىق توختاتتى.

شۇ چاغدا، قەلئەنىڭ ئالتۇنلۇق دەرۋازىسىدىن بىر تۈركۈم سوپى ــ دەرۋىشلەر قارا قاغىدەك يوپۇرۇلۇپ چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى مەيداندا سەپ تۈزۈپ توختىدى ۋە بىرسى قولىنى كاناي قىلىپ ۋارقىرىدى:

ــ مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ پالۋانى مەيدانغا چۈشسۇن، ئىككى تەرەپنىڭ پالۋانلىرى ئېلىشسۇن، قايسى تەرەپنىڭ پالۋانى يېڭىلسە، شۇ تەرەپ ئۆزىنى چەتكە ئالسۇن.

سوپى ــ دەرۋىشلەر ئىچىدىن تۆگە سۇلتان ئىسىملىك بىرسى ئالدىغا چىقتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمىغا يارىشا بەستلىك، تەتۈر ئۆستىخان، قوپال ئادەم ئىدى. ئۇ ئاق قاشقىلىق قارا ئايغىرنىڭ ئۈستىدە جىگدە كۆتىكىدەك مەزمۇت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇزۇن ساپ-

لىق ئايپالتا قوْياش نوُرىدا يالت ـ يوْلت قىلىپ سوغوْق نوُر چاچاتتى.
قارشى تەرەپتىكى سەپ ئىچىدىن سوُبهانقوُل ئىسىملىك بىر يىگىت
جەدە ئارغىماقنى ئويناقلىتىپ ئالدىغا چىقتى. بوُ ئات ئۆزىنىڭ شاش ۋە
چىرايلىقلىقى بىلەن باشقىلىرىدىن پەرقلىنىپ توُراتتى. ئوُ سۆگەكى
قاملاشقان، غاز بويوْن، قوموُش قوْلاق بولوُپ، يالى يىپەكتەك يەلپۈنوُپ
توُراتتى. سوُهانقوُل رەقىبىدەك بەستلىك، قاۋۇل بولمىسىموُ، ئەمما
جەسوُر، چاققان، تەپسە تۆمۈر ئۈزگۈدەك تىۋى بار كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ
ئوڭ قولىدا قىلىچ، سول قولىدا پولات سۇپەر بار ئىدى.
ئىككى پالۋان مەيدانغا چۈشتى، ئىككى تەرەپ روبىرو بولوُشتى.
تۆگە سوُلتان مەگىستىمگەندەك، سوُبهانقوُلغا ئاۋۋال ئۆرۈشنى تەكلىپ
قىلدى، لېكىن سوُبهانقوُل نۆۋەتنى تۆگە سوُلتانغا ئۆتۈندى. تۆگە
سوُلتان ئىتتىى چاپتوُروُپ، پالتىنى ئوينىتىپ، قارشى تەرەپكە تىغ
تاشلىدى، سوُبهانقوُل چاققانلىق بىلەن يانداپ ئۆزىگە تىغ تەگكۈزمە-
دى. ئىككى تەرەپ شوُ يوسوُندا ئات چاپتوُروُپ، تىغ ئوينىتىپ، بىر ـ
بىرىگە بىرقانچە قېتىم ھەملە قىلدى، لېكىن بىر ـ بىرىدىن چاققان،
بىر ـ بىرىدىن ئوُستا چىقتى. تۆگە سوُلتان دەرغەزەپكە كېلىپ، تۆ-
تىنچى قېتىم پالتا ئوُرغاندا، سوُبهانقوُل قىلىچ بىلەن پالتىنىڭ زەربىسى-
نى ياندوُرغان بولسىموُ، لېكىن ئۆتكۈر تىغ قايتىش يولىدا جەدە ئارغى-
ماقنىڭ يالى بىلەن قوشوُپ بىر قۇلىقىنى كېسىپ تاشلىدى، شاش ئات
قاتتىق كىشنەپ، ئالدى پۇتى بىلەن بىر قانچە قېتىم ئۆرىدەپ كەتتى.
يارىلانغان ئاتنىڭ ئەلىمى بىلەن غەزەپكە كەلگەن سوُبهانقوُل پۇتىنى
ئۈزەڭگىگە قاتتىق تىرەپ، پۇتۇن كۈچى بىلەن تۆگە سوُلتانغا قىلىچ
ئوُردى. تۆگە سوُلتان بېشىغا قاراپ كېلىۋاتقان قىلىچتىن قوغدىنىش
ئۈچۈن چەبدەسلىك بىلەن بېشىغا قالقان توُتوُۋالدى، لېكىن شوُ دەقى-
قىدە تۆگە سوُلتاننىڭ ھاسىرىغان ئىتى مۈدۈروُپ كېتىپ، قالقاننىڭ
قىرغىقى ئوُنىڭ بېشىدىكى يېشىل داستارنى چۈۋۈۋەتتى. سوپى تەمتى-
رەپ قالدى، ئەنە شوُ دەقىقە ئىچىدىكى ئارىسالدى پۇرسەتتىن پايدىلان-

غان سۇبھانقۇل قىلىچنى ئىككىنچى قېتىم تىۆگە سۇلتانىنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى، سوپىنىڭ چاڭگىلىشىپ كەتكەن چۇپۇر بېشى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى.

سۇبھانقۇلنىڭ سەپداشلىرى بارىكاللا ئېيتىپ، قىيقاس - چۇقان كۆتۈردى. باشلىرى ساڭگىلىغان سوپى - دەرۋىشلەر بولسا، بۇ چاغ قىچە ھېچكىمگە بوي بەرمەي كەلگەن تۆگە سۇلتانىنىڭ قان بىلەن تو-پىغا مىلىنىپ ياتقان كالامپاي بەستىگە قاراپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى. شۇ چاغدا، سوپىلار ئارىسىدىن چىققان بىرسى سەپكە قايتىش ئۈچۈن ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىغان سۇبھانقۇلنىڭ يولىنى توستى ۋە قولىدىكى بۆرە چىشلىق ئومۇتنى ئويىنىتىپ ئۇنىڭغا ھەملە قىلدى.

— سەن كىم؟ — دېدى سۇبھانقۇل ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تار-تىپ، — بىرگە بىر دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟

— مانا ھازىرمۇ بىرگە بىرغۇ، دوستى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش ھەق دېگەننى سەن ئاڭلىمىغانما؟!

— بولدى قىل سوپى، — دېدى سۇبھانقۇل ئۇنى تەلۋە نىيىتىدىن ياندۇرۇش مەقسىتىدە، — جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن!

— جان! — دېدى سوپى غەلىتە بىر قىياپەتتە ئۆرىدەپ، — قۇتبىل ئەقتاب پىر ھەزرىتىم ئاپاق خوجىنىڭ سەلتەنىتى، شان - شەۋكىتى ئالدىدا مېنىڭ بۇنداق سېسىق جېنىم نېمىگە ئەرزىيتتى!؟ مەن بۇ جانى ئالىلقاچان ئۇنىڭغا ئاتىۋەتكەن، ئۇنىڭ ھىدايەت يولى ئۈچۈن ئۇن جې-نىم بولسىمۇ تەسەددۇق!

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپلا، قولىدىكى ئومۇتنى سۇبھانقۇلنىڭ بېشىغا چەنلەپ شىلتىدى، لېكىن ئاللىقاچان ھوشيار ھالەتتە تۇرغان سۇبھان-قۇل سۇپەرنى قالقان قىلىپ ئومۇتنىڭ زەربىسىنى ياندۇردى.

خۇنخورلۇق نىيىتىدە كۆزلىرى قىزارغان، ئېتىنى تەلۋىلەرچە چاپتۇرۇپ، قولىدىكى ئومۇتنى ئارۋاڭ - سارۋاڭ پىرقىرىتىپ يۈرگەن قىساسچى بۇ ئادەم دەرۋىش خوجا ئىدى. ئۇ تىۆگە سۇلتاننى چوقۇم

يىگىدۇ دەپ ئىشەنگەنىدى، تۆگە سۇلتان ئۇنىڭ نەزىرىدە، باتۇر، پالۋانلا ئەمەس، بەلكى ئاپاق خوجا تەرىقىتىنىڭ پاسىبانى، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈمى دەرۋىش خوجىغا ئالەمچە يوقىتىشتەك بىلىندى. ئۇنىڭ يۈرىكى چىدىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سۇبھانقۇلغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلسە- مۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەشىنى تولا چېكىپ گاراڭشىپ قالغان كاللىسى هازىر كۆپ نەرسىلەرنى ئويلىيالمايتتى. ئۇنىڭدا پەقەت «ئىنتىقام، قان تۆكۈش» دېگەن بىرلا مۇدھىش خىيال هۆكۈمران ئىدى. تېخى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە پىر ـ ئۇستازى ئاپاق خوجىنىڭ تۈنۈگۈن ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى قايتا جاراڭلاپ، ئۇنى ھەرقانداق بالا ـ قازادىن يانمايدىغان ئەسەبىي هالەتكە كەلتۈرگەنىدى: «ئى ئىخلاسمەن مۇرىت- لىرىم، شېھىتلىق مەرتىۋىسى مىڭدىن بىر ئادەمگە مۇيەسسەر بولىدۇ، بۇنداق غەنىيمەت پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار!...»

دەرۋىش خوجىنىڭ بىرنەچچە قېتىم ياندىن ھەملە قىلىپ ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولغانلىقىدىن چارىسىز قالغان سۇبھانقۇل، ئاخىر ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ دەرۋىش خوجىغا يۈزلەندى. بايا تۆگە سۇلتانىنىڭ پال- تىسى تېگىپ يارىلانغان جەدە ئارغىماقنىڭ باش ـ كۆزى قانغا بويىلىپ تۇرغاچقا، كۆتۈلمىگەندە دەرۋىش خوجىنىڭ ئېتى ئۈركۈپ كەينىگە داجىدى، دەرۋىش خوجىنىڭ سول قولى ئېگەرنىڭ قۇشېىشىدىن ئاجراپ كەتتى ۋە ئاجرىشى هامان، ئېغىر، پالاكەت گەۋدىسى ساقىپ كېتىپ، قارا مەخمەل كۇلاھى بېشىدىن چۇشۇپ، داق يەردە يۇمىلاپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ چاپچىپ تۇرغان شاش ئات قاتتىق ئۈركۈپ مۆڭگىدى، ئىلاھىي تەقدىر بىلەن دەرۋىش خوجىنىڭ بېشى تۆۋەن بولۇپ قالدى، سۇبھانقۇل زەرب بىلەن ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇردى. دەرۋىش خوجىنىڭ تېنى بوشىشىپ ئاتتىن سىيرىلدى، ئۈركۈگەك ئات ئۇنى سۆرىگەن پېتى دالا تەرەپكە ئېلىپ قاچتى، بىر پۇتى ئۈزەڭگىدە قالغان دەرۋىش خوجىنىڭ دارقىراپ كېتىۋاتقان نىمجان تېنىدىن خۇددى

قىزىل شوينىدەك ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان قان ئىزى قالدى.

## 3

شەھەرنىڭ «قوچقار ئاتا» كوچىسىدا، خىش پەشتاقلىق، خېلى كۆركەم بىر ئازنا مەسچىت بار ئىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ يەرنى يىگىر- مىدەك سوپى - دەرۋىش ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ جەھرە - ساما سالـ- دىغان، بەڭ چېكىپ ئاللانى ياد ئېتىدىغان تۈنەكخانىسىغا ئايلاندۇ- رۇۋالدى. ئۇلارنىڭ كېچە - كۈندۈز «ھۇ - ھۇ» لاپ ساما سېلىشى، ھاسىلىرىنى «دوق - دوق» ئۇرۇپ ھۆكمەت ئېيتىشى بىلەن مەسچىت- نىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇپ، نامازخانلار ئۇچۇن سېلىنغان زىلچا - گىلەملەر تىتىلىپ ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتتى. ئەڭ يامىنى، ئۇلار چەككەن نەشىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى مەسچىت تاملىرىدىن ھالقىپ مەھەللىنى بىر ئالاتتى، بۇنداق ھارام پۇراقتىن كۆڭلى ئاينىغان ئايالالار، تەقۋادار كىشىلەر ئۇلارنى كۆڭلىدە قارغاپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتاتتى.

سوپى - دەرۋىشلەر كۈندە دېگۈدەك قوللىرىغا تېگى ئاق، چۆرد- سىگە كۆك چىلتەك تۇتۇلغان ئۇچبۇرجەكلىك كىچىك تۇغ - ئەلەم- لەرنى كۆتۈرۈشۈپ، مەھەللىلەرنى چۆرگىلەيتتى ۋە سەل - پەل گۇمانلىق تۇيۇلغان ئادەملەرنى كۆرسە، تۇتۇپ ئەدىپىنى بېرەتتى. شۇنىڭ ئۇچۇنمىكىن، بۇ سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن «ھۇ - ھۇ» لاپ زىكىر - ساما قىلىشلىرى ئادەمگە بىر خىل سۈر - ۋەھىمە بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئۇلار گويا ئاللاغا ھەمدۇسانا قىلىش ئەمەس، بەلكى كىمگىدۇر ھەيۋە قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئۇلار كوچا چۆرگىلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا، ئۆزلىرىنى ئاپاق خوجىنىڭ مەھەللە - كويلارغا قويغان «خوجا پاششاپ»، «خوجا مىرشاپ» لىرى دەپ ئاتايتتى، ئۇلار ئەنە شۇ ئاتاق بىلەن پۇقرالارغا ھەيۋە قىلىپ قورقۇ-

تۈپ، ئۆزلىرى ئۆچۈن تۆمە [1] يىغاتتى. بەزىدە تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالسا، بىرەر - يېرىم چىچقاق پاقلان، ئىككى - ئۈچ توخۇ، بىرەر قاپ ئۇن - گۈرۈچكە ئىگە بولۇپ قالاتتى. بۇنداق كۈندە، ئۇلار مەسچىتنىڭ هويلىسىغا داشقازان ئېسىپ، هويلىدىكى باراقسان ئۈجمە دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى چاتاپ بولۇشىغا قالايتتى. تاماق پىشقاندىن كېيىن، ئاغزى - بۇرنىدىن چىققۇچە يەپ، كېكىرىپ، ئاندىن مەسچىتنىڭ هۇجرىلىرىغا تىقىلىپ، بەس - بەس بىلەن چىلىم تارتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئاچ كۆز، بەتقىلىق ۋە بەتخۇيلۇقىدىن پۈتۈن بىر مەھەللە ناماز ئوقۇپ، ئىبادەت قىلىدىغان كۆركەم بىر مەسچىت بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا بىزەپلىشىپ ۋەيران بولۇپ كەتتى.

بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىدى، مەھەللىدىكى بىر تۈركۈم هۈنەرۋەن ياشلار جۈمە نامىزى ئوقۇش باهانىسى بىلەن مەسچىتكە كىردى. ئۇلار بۈگۈن سوپى - دەرۋىشلەر بىلەن بىر تۇتىشىپ باقماقچى، ئىش ئوڭدىن كەلسە، ئۇلارنى مەسچىتتىن قوغلاپ چىقارماقچىدى. يىگىتلەر مەسچىتنىڭ هويلىسىغا كىرىش بىلەن، تېخى بايىلا چىلىم تارتىپ، بەڭنىڭ كۈچىدە كۆزلىرى غىلايغان بىرنەچچە سوپى هۇجرىلاردىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى.

— نەگە، ئېزىپ قالدىڭلارمۇ؟ — دېدى چۈپۈرباش بىر سوپى قوللىرىنى ئېگىز - پەس شىلتىپ، — بۇ يەر خالىغان ئادەم كىرىپ - چىقىدىغان دەڭ ئەمەس!

— بىز جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى كىردۇق، — دېدى بىر يىگىت مۇلايىملىق بىلەن ئالدىغا بىر قەدەم سىلجىپ، — بۇ مۇشۇ مەھەللىنىڭ مەسچىتى، بىزنىڭ ئىبادەتخانىمىز.

— بىز ئىبادەت قىلساق بولمامدىكەن؟ — دېدى هېلىقى چۈپۈر باش سوپى يىگىتكە دېۋەيلەپ، — سىلەر جۈمە نامىزى دېگەننى بىر ھەپتى-

① تۆمە — يېمەك - ئىچمەك.

دە بىر قېتىم ئوقۇيسىلەر، بىز بولساق ھەر كۈنى جەھرە ـ ساما سېلىپ، ئاللانى ياد ئېتىمىز. قايسىمىزنىڭ ئىبادىتى كۈچلۈككەن؟

— نەشە چېكىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى قانداق ئىبادەت دېگىلى بولىدۇ؟ — دېدى «تۇرقۇناق» لەقەملىك بىر يىگىت زەردىلىك ئاۋازدا، — تۇرقۇڭ ئاشۇ، غۇسۇل ـ تاھارەت دېگەننى بىلمەيسەن. بەدەن پاكلىقى بەدەنگە، روھ پاكلىقى روھقا ھايات بېغىشلايدۇ، دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟

— پاھ ـ پاھ، قارا بۇ چېچەن پاكىزنىڭ گېپىنى، — دېدى «مايماق سوپى» دەپ ئاتىلىدىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر دەرۋىش مەسخىرىلىك كۈلۈپ، — ئۇبدان سۈرتۈلمىسە مەرۋايىتمۇ پارقىرىمايدۇ. سەن بىزنىڭ تۇرقىمىزغا قارىما، بۇ ئەسكى جەندىنىڭ ئىچىدە گۆھەر بار جۇمۇ، سەنلەرگە ئوخشاش تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غاللاردىن ئەمەسمىز.

يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىكى تۇرەك ئىسىملىك قىزىق قان، غۇرۇرلۇق بىر يىگىت چىداپ تۇرالماي ئاغزىنى قويۇۋەتتى:

— ئاغىنىلەر، بۇنداق يىلىكى سۇيۇق، چاۋىسى سېسىپ كەتكەن بەتخۇي ئادەملەر بىلەن گەپ تالىشىپ نېمە قىلىمىز. ھېلى بىكار ناماز قازا بولىدۇ. يۈرۈڭلار، ئىچكىرى كىرىپ نامىزىمىزنى ئوقۇيلى.

تۇرەكنىڭ گېپى «مايماق سوپى» غا ئېغىر كەلدى بولغاي، ئۇ خۇددى تەتۈر تولغاق كەلگەندەك بىر تولغىنىۋېتىپ تۇرەكنىڭ ئالدىنى توستى:

— نەگە بارىسەن؟ سەن تېخى بىزنىڭ تىنچلىقىمىزنى، ئىبادىتىمىزنى بۇزماقچىمۇ؟ ھەددىڭ ئەمەس، بىز دېگەن ئاللەمپاناھ ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىتلىرى، ئاپاق خوجام كىچىك ئادەم ئەمەس، ئۇنىڭ بىر چۈشكۈرۈكىمۇ سەندەك ئادەمدىن ئوننى شامالدىتىپ قويىدۇ، جۇما!

بۇ زۇۋاندار «مايماق سوپى» نىڭ زەھەرخەندە گەپلىرى يىگىتلەرنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ھەممىسىنىڭ جەھلى قېتىپ، ئىختىيارسىز

مۇشتلىرى تۈگۈلدى. «توقۇناق» لەقەملىك يىگىت «مايماق سوپى» غا بىگىزدەك قادىلىپ تۇرۇپ:

— سەن پىر - ئۇستازىڭنى ھەرقانچە چىرايلىق گەپ بىلەن كۆككە كۆتۈرگىنىڭ بىلەن يۈرت سورىغۇچىلارنىڭ ياخشى - يامىنىنى مانا بىز — خەلق ئۆلچەيمىز! — دېدى ۋە تېخىمۇ قايناپ داۋام قىلدى، — سەنلەرنىڭ مۇشۇ مەسچىتنى خاراب قىلىپ، مۇتتەھەملىك قىلىشلىرىڭ قايسى شەرىئەت، قايسى تەرىقەتتە بار؟ مۇشۇمۇ ئاپاق خوجىنىڭ ئۇلۇغلۇقىما؟!

— تىلىڭنى تارت! — دېدى ئارىدىن بىر سوپى ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ، — ھەزرىتى پىرىمىزغا تىل تەگكۈزگەن ئادەمنىڭ تىلىنى سۇغۇرۇۋالىمىز!

شۇ گەپ بىلەن تەڭ بىرنەچچە سوپى - دەرۋىش «توقۇناق» قا يېپىشتى. قىزىپ تۇرغان يىگىتلەرمۇ تەڭلا يوپۇرۇلدى. ۋارقىراش - جارقىراشلار مەسچىتتىن ھالقىپ، مەھەللىنىڭ ئىچكىرىسىگە تارالدى.

— ھاساڭنى تارت، سىيا پەلەڭ تاز.
— ئۇرە، ئاۋۇ ئەۋرەزدىن چىققان چاپاقنى.
— نېمە دەيدا، ماۋۇ كۆك كالپۇك دىۋانە.
— تازا قوي!...
— خامىرىنى چۇۋۇۋەت!...
— ...

ئۇر - يىقىت، قىيا - چىيا ئەۋجىگە چىقتى. تەرەپ - تەرەپتىن جۈمە نامىزىغا كېلىۋاتقان كىشىلەر بىر - بىرلەپ بۇ يەرگە توپلاندى.

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ تاشالماي تۇرغان خەلق گويا قىيان سۈيىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ھەددىدىن ئاشقان سوپى - دەرۋىشلەرنى ئۇر - ئۇر قىلدى. بېشى يېرىلغان، يۈتى سۇنغان، قولى قايرىلغان، خامىرى مىجىلغان بۇ بەڭگى قەلەندەرلەر

مەسچىتتىن چىقىپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ قېچىشتى. ئارقىدىن قوغلاپ ماڭغان خەلقنىڭ بىرى ئون، ئونى يۈز بولۇپ، بىرنەچچە كوچا ـ مەھەللىلەردە سوپى ـ دەرۋىشلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىدىغان قانلىق ۋەقە يۈز بەردى. شۇ كۈنى كەچتە، غەزەپكە ئۆرلىگەن خەلق ۋاپۇرۇش بازىرى بىلەن چارسۇ كۆل كوچىسىدىكى ئىككى خانىقاغا ئوت قويۇۋەتتى. ئوت يالقۇنى بارغانسېرى ئۆلغىيىپ، كېچىچە زۇلمەت باسقان شەھەرنى يورۇتۇپ چىقتى.

* * *

تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىۋاتقان سوغۇق خەۋەرلەرنىڭ جۇت شىۋىرغىنىدىن ئاپاق خوجىنىڭ بەدىنى ئۈيۈشتى:

— شەھەر پۇقرالىرى قوزغىلىپ كەتتى...

— «تېرەكباغ دەرۋازىسى» نى قوغداۋاتقانلار بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى...

— جۇڭغار لەشكەرلىرى بېشىنى ئېلىپ قېچىۋالدى!...

— ...

كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، چوڭقۇر خىيال ئىچىدە ئولتۇرغان ئاپاق خوجا كۆرۈنۈشتە تىنچ، ئېغىر ـ بېسىق بولغان بىلەن ئىچىدە ۋولقان يانغاندەك بىئارام ئىدى.

ئۇ بىر هازادىن كېيىن ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان بىر نەچچەيلەنگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن كىمنىدۇر ئىزدىدى ۋە بىردىنلا خامۇش كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— قابىل خوجا قېنى؟ ئۇ نەدە؟ تېز چاقىرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى قىرسال، قاتاڭغۇر، چوقچا ساقاللىق ئوردا

دەرۋازىسىنى شىپىرلاپ چىقىپ كەتتى، ئۆزۈن ئۆتمەي ئالدىراپ كىرىپ، قابىل خوجىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى.

قابىل خوجا ئوردا بېگى ئىدى. ئوتتۇز ياشلاردىن ھالقىغان خام سىمىز، سۆلەتۋاز بۇ ئادەم ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئۇلپىتى، سەپەردىشى ئاخۇن موللا ئەزھەرنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاپاق خوجا ئۇنى كۇچادا ۋاپات بولغان ئاشۇ مەسلەكداش بۇرادىرىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۆز يېنىدا ئوردا بېگى قىلىپ قويغانىدى.

قابىل خوجا ئېگىز پاشنىلىق قىزىل ئۆتۈكى بىلەن تاقىلداپ كىرىپ كەلدى. ئۇ يوغان قورسىقىنى ئېسىل ياقۇت كۆزلەر بىلەن زىننەتلەنگەن كەڭ كەمەردە باغلاپ، ئۇنىڭغا سۆگەك ساپلىق ھىندى خەنجىرىنى قىستۇرۇۋالغان، ئۇستىگە كۇمۇش تۈگمىلىك كۆك يىپەك تونىنى يېپىنىۋالغانىدى، تونىنىڭ ئوچۇق ياقىسىدىن ئۇقا تۇتۇلغان كەمزۇلىنىڭ كۆركەم ياقىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئاپاق خوجا خۇددى بىرى ھېلىلا ئېلىپ قاچىدىغاندەك ئەنسىزلىك بىلەن بېشىدىكى ئالتۇن تاجىنى بېسىپ ـ بېسىپ قويۇپ، يۇمشاق، لېكىن مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن :

— خوش، قابىل خوجا، نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىز ؟ — دەپ سورىدى.

— ئېلىشىۋاتىمىز، ئالەمپاناھ ھەزرىتىم... جان تىكىپ ئېلىشىۋاتىمىز! ...— دېدى ئۇ بېشىنى ئېگىپ.

— ئۇنداق بولسا، ياخشى خەۋەرلەرنى ئېيتىپ بېقىڭا، بوتام، — دېدى ئاپاق خوجا كۆزلىرىنى مۇلايىم چىمىلدىتىپ.

— ياخشى خەۋەرلەر... ھەزرىتى خان ئالىيلىرى...، — دېدى قابىل خوجا تىلىنى چايناپ، — ئەھۋال ئانچە ياخشى ئەمەس... خۇدا بەردى خەلپە قەشقەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپتۇ... مىرزا قاراقچىبەگمۇ يېڭىسارنى تارتتۇرۇپ قويدى... بايا كەلگەن خەۋەردە قاغىلىقمۇ قولدىن

كەتكەن ئوخشايدۇ...

— قاغىلىق!؟ — بۇ خەۋەردىن ئاپاق خوجىنىڭ تېنى شۈر كۆنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن چېكىنگۈدەك بىرەر پىنھان يەرنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى ئويلاپ چوڭقۇر ھەسرەتلەندى.

— جۇڭغارلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دالجە تۆرە قېنى؟ — دەپ چالۋاقىدى ئۇ كۆزلىرىنى كىشى ھېيىققۇدەك چەكچەيتىپ.

— جۇڭغارلار سېپىلدىن چۈشۈپ، قۇرخانىغا[①] بېكىنىۋېلىشتى، — دېدى قابىل خوجا ھودۇققىنىدىن ئاۋازىنى ئالتاغىل چىقىرىپ، — دالجە تۆرە: «ئەمدى كۈچىمىز يەتمەيدۇ، ئىچى بىلەن تېشى تەڭ قوزغالدى، ئادەملىرىمىزنى بىھۇدە ئۆلۈمگە تۇتمايمەن...» دەپ جەڭ قىلىشتىن يالتىيىۋالدى.

دالجە تۆرىنىڭ بۇنداق قىلىشى تاسادىپىي ئەمەس ئىدى، بۇنىڭدىن بىرەر ئاي بۇرۇن، قۇبات مىرزا بەگنىڭ ئەلچىسى ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن ئۇنى ئۆزلىرىگە قارىتىۋالغانىدى. ئۇ دەسلەپ، ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، قورغاننى قوغداش جېڭىنى خېلى ئاكتىپ، جانلىق ئۇيۇشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئاپاق خوجا ئۈچۈن پايدىسىز تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى، بولۇپمۇ شەھەر پۇقرالىرىنىڭ، ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ قوزغىلىپ كېتىشى لەشكەرلەر ئىچىدە چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلدى. كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، يېڭىش - يېڭىلىش ۋەزىيىتىنى مۆلچەرلەشكە ئۇستا بولۇپ كەتكەن دالجە تۆرە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىش تاكتىكىسى ئارقىلىق قارشى تەرەپكە پۇرسەت بەرمەكچى بولدى. دېگەندەك، ئۇنىڭ بۇ تاكتىكىسى ياخشى ئۈنۈم بەردى: مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئىسيانچىلار شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى.

① قۇرخانا — سېپىلنىڭ ئاستىدىكى ھۇجرىلار.

قابىل خوجىنىڭ گەپلىرى ئاپاق خوجىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. بۇ خەۋەر گويا مەھشەر گۈرزىسىدەك، ئاپاق خوجىنىڭ باش ـ كۆزىنى ئايلاندۇرۇۋەتكەندى.

ــ ئەستاغپۇرۇللا... ئەستاغپۇرۇللا! ــ دەپ قولىنى بىر ـ بىرىگە ئىشقىلىدى ئۇ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، ــ زەڭگى قۇنتەيجىنىڭ يوقلۇقى ئەجەب بىلىندى ـ ھە! ــ ئاندىن ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالالاتائالاغا تېۋىنىپ مۇراجىئەت قىلدى:

ــ ئىلاھا، پاكا پەرۋەردىگارا، ئەھەدا، سەمەدا، مەلەكا، پادىشاھا گىردىگارا... ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن! سېنىڭ زېھنىڭ، ئىدراكىڭ ۋە بەرىكىتىڭ بىلەن بىز راۋاج، روناق تاپىمىز. زامان ئەھلى، خاس ئام سېنىڭ مۇبارەك، سائادەتلىك شەۋكەتىڭ سايىسىدا، راھەت بۆشۈكىدە تۇرالايدۇ! ــ ئاندىن ئۇ زېھنىنى يىغىپ، چەكچەيگەن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئۆزىدىن ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىدا ــ شاھ سۇپىسىدا قول باغلاپ، باش ئېگىپ تۇرغان يارەنلىرىگە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

گۈل كېتىپ، بولسا گۈلىستانلىق خاراب،
گۈل ھىدىنى بەرگۈچى نەرسە گۇلاپ[1].
كەتسە ئاپتاپ، كۆڭلىمىزدە قالسا داغ،
چارە يوقتۇر، ئۆزگە ياقماستىن چىراغ...

ــ يارەب... ئالەم بىلەن تەڭ ياشاڭ ھەزرىتىم! ــ دېيىشتى مۇرىت ـ مۇخلىسلار ئوردا ئىچىنى گۈرۈلدىتىپ.

ئاپاق خوجىنىڭ ئىرادىسى، نىيىتى ۋە دەرد ـ ھەسرىتى مۇجەسسەملەنگەن بۇ شېئىرنى ئۇ ياخشى كۆنىنىڭ يامىنىنى ئويلاپ، بىر

---

① گۇلاپ ــ گۈل سۈيى، قىزىلگۈلدىن قىلىنغان ئىچىملىك.

نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كۆكلىدە پىشۇرۇپ قويغاندەك قىلاتتى.
ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ يارەنلىرى شېئىرنىڭ سېھرىي كۈچىدە سېھىرلىنىپ، ھۇزۇرلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، چىرايلىرى تاتىرىپ، ئۆڭسۈلى قالمىغان ئىككى خەۋەرچى ھولۇققان، ھاسىرىغان ھالدا ئوردىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆندەرگەندەك ۋارقىرىدى:
— «ئالتۇنلۇق دەرۋازىسى» بىلەن «مەسخىرە دەرۋازىسى»[1] قولدىن كەتتى... دۈشمەنلەر قارا چۈمۈلىدەك بېسىپ كىردى!...
ئاپاق خوجا ئۆڭگەن ھالدا ۋارقىرىدى:
— يوقىلىش!
ھەشەمەتلىك ئوردا ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى...

---

① «مەسخىرە دەرۋازىسى» — ئۆز ۋاقتىدا، ھەر خىل گۇناھ ۋە خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن ئادەملەرنى كىشىلەرگە ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن، مۇشۇ دەرۋازىدىن سازايى قىلىپ ئۆتكۈزۈش بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن تارىختا بۇ دەرۋازا «مەسخىرە دەرۋازىسى» دەپ ئاتالغان.

# ئىككىنچى باب

## نىكاھ ۋە سەلتەنەت

### 1

مۇھەممەدئىمىن خان تەختكە چىقتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا پەش ۋە ياقىلىرىغا تەتىللادىن پەۋاز تۇتۇلغان شايى تون، بېشىدا ئالتۇن قۇببىلىك تاج بار ئىدى. بېلىدىكى ئالماس كۆز قويۇلغان كەمىرىگە كۈمۈش غىلاپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى. خۇددى تاغىسىغا ئوخشاش بويلۇق، پالۋان قامەت، خۇشخۇي بۇ ئادەمگە ئالتۇن تەخت تولىمۇ ياراشقانىدى.

ئۇ تەخت ئالدىدا ئىككى قاش بولۇپ سەپراس تۇرغان ئوردا ئەمەلدارلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى ۋە ياندىكى ئەگمە ئىشىك تەرەپكە قاراپ يەڭگىل چاۋاك ئۇردى. ئىچكىرىدىن ھۆدەيچى تەزىم بىلەن ئېگىلىپ چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا يوغان كۈمۈش پەتنۇس بار ئىدى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى پەتنۇستىكى ئېسىل شاھانە تونغا چۈشتى. قائىدە بويىچە، خان بۇ تونى كىمگە كىيگۈزسە، شۇ كىشى خاندىن كېيىنكى ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ — ئالىي ئەمىرلىك مەرتىۋىسىگە ئىگە بولاتتى. شۇڭا، بۇ يەردە تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەمەدىن كۆزلىرى پارقىراپ، ھاياجاندىن يۈرەكلىرى سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. بولۇپمۇ، سەپنىڭ بېشىدا تۇرغان ئاتابېگى مىرزا سالىھ بەگ جوراس بىلەن چوڭ دىۋانبېگى مىرزاماناپ بەگلەرنىڭ تەمەسى چوڭ، ئىشەنچى قاتتىق ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ خانغا تەلمۈرۈپ تۇرغان

كۆزلىرىدە خۇشامەتگۇيلۇق، چىرايىدا غەلىتە بىر خىل تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇراتتى.

— ئى ئەزىزلەر، هەر كىشىگە دۆلەتنى خۇدايىتائالانىڭ ئۆزى بېرىدۇ، — دەپ سۆز باشلىدى مۇهەممەدئىمىن خان ۋەزمىن ئاۋازدا، — بىز بۇگۈن خۇدايىتائالانىڭ هىممەت - شاپائىتى بىلەن بۇ دۆلەت-نىڭ ساهىبى بولدۇق، لېكىن هاكىمىيەتنى باشقۇرۇش ئۇنداق ئوڭاي ئىش ئەمەس. ئۇ خۇددى دەهشەتلىك قىيانلار ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىگە ئوخشاش خەتەرلىك. سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا، كېمە يوشۇرۇن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، كۇكۇم - تالقان بولىدىغان گەپ! شۇڭا هەممىمىز بۇ سەلتەنەتنىڭ رەۋنەقى، راۋاجى ئۈچۈن هەر ۋاقىت قايىم تۇرۇشىمىز، هالاللىق ۋە سەممىيلىك بىلەن رەئىيەتكە خىزمەت قىلىشىمىز لازىم. ئەلۋەتتە، يۇرت سورىغۇچىلارنىڭ ياخشى - يامىنىنى تارىخ سىنايدۇ، ئاۋام خەلق ئۆلچەيدۇ! مەن هەممىمىزنىڭ بۇ سىناق ۋە ئۆلچەمدىن تولۇق رەقەم بىلەن ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇهەممەدئىمىن خان شۇ سۆزلەردىن كېيىن، نەزىرىنى تۆۋەنگە ئاغدۇردى ۋە ئەمىر - ئەركانلار سېپىنىڭ ئەڭ چېتىدە تۇرغان قۇبات مىرزابەگنى قول ئىشارىتى بىلەن ئالدىغا چاقىردى. قۇبات مىرزابەگ بۇ ئىشارەتتىن سەل - پەل هودۇققاندەك بولۇپ، ئارقا - ئالدىغا قارىدى ۋە قورۇنغان هالەتتە ئاستا قەدەملەر بىلەن خاننىڭ ئالدىغا كەلدى. خان تەختتىن چۈشتى، هۆدەيچىنىڭ قولىدىكى شاهانە تونىنى ئېلىپ، زەر قىياقلىرى جۇلالاپ تۇرغان يىپەك تونىنى قۇبات مىرزابەگكە كىيگۈزدى. قۇبات مىرزابەگ كۈتۈلمىگەن بۇ چوڭ ئىلتىپاتتىن هايا-جانغا چۆمۈپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ خىجىللىق ۋە قورۇنۇش ئىلكىدە مۆلدۈرلىگەن كۆزى مىرزا سالىھ بەگ جوراس بىلەن مىرزا ماناپ بەگلەرنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ كۆزلەردىن قانداقتۇر هەسەت ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ سوغۇق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. قۇبات مىرزابەگ بۇ توننىڭ ئۆزىگە بۇنچىلىك ئاداۋەتلىك قاراشلارنى پەيدا

قىلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ كاللىسىدا تۇيۇق-سىزلا «بۇ تونىنى كىيمەسلىك كېرەك» دېگەن پىكىر تۇغۇلدى. لېكىن، ۋاقىت ئۆتكەنىدى، خان ئۆز قولى بىلەن كىيگۈزگەن تونىنى ھەرگىز سېلىۋەتكىلى بولمايتتى. قۇبات مىرزا بەگ بۇ تونىنى كىيىشى بىلەنلا ئالىي ھوقۇق ـ مەنسەپ ئورنىغا ئولتۇرۇپ بولغانىدى. خانىنىڭ ھوشيار كاللىسى قۇبات مىرزابەگنىڭ ئىچىدىكى تەشۋىشلىق بىلەن ئوردا بەگلىرى ئارىسىدىكى داۋالغۇشنى سەزگەنىدەك، كەسكىن، ئەمما سىپايە ئاۋازدا مۇنداق دېدى:

— قۇبات مىرزا بەگ ھاكىمىيىتىمىزنىڭ بىر تۈۋرۈكى، ئۇ رەئىيەتنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن، سەلتەنەتكە سادىق بىر سەركەردە. مەن ھەممەيلەننىڭ ئاشۇنداق بولۇشى ئۈچۈن بىر دۇئا بېرەي: خۇدايىتائالا بارلىق سەلتەنەت ساھىبلىرىنىڭ دىلىغا پايدىلەر بەخش ئەتكەي، زەۋق بېغىشلىغاي، مەھكەم ئەمەل، شامىل دۇئا، كامىل تەۋپىق ئاتا قىلغاي، ئامىن ئالاھۇ ئەكبەر!

ھەممەيلەن دۇئاغا سادا قوشتى، مۇھەممەدئىمىن خان ئەمدى دۆلەتنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەشكە ئېغىز ئېچىۋىدى، ئوردا بېگى يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

— ئوردا ئالدى مالىمانچىلىق كەتتى، شاھىم، — دېدى ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، — بىر توپ ئادەملەر «خان بىلەن كۆرۈشىمىز» دەپ چۇقان سېلىشىۋاتىدۇ.

— نېمە گەپكەن؟ — سورىدى مۇھەممەدئىمىن خان بىر ئاز تەرىنى تۈرۈپ:

— خۇن دەۋاسى...، — دېدى ئوردا بېگى ئالدىراپ، — ئۇلار ئاپاق خوجىدىن خۇن داۋاسى تەلەپ قىلىدىكەن.

مۇھەممەدئىمىن خان ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى چۈشەندى. شۇ ئارىدا، ئەمىرلەردىن بىرى: «لەشكەر چىقىرىپ قوغلىۋېتەيلى» دېۋىدى، باشقىلارمۇ دەرھال ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ: «دۇرۇس، قوغلىۋېتەيلى، غوۋغاچىلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بىر ـ ئىككىنى تۇتۇپ ئەدىپىنى بېرىپ

قويايلى » دېيىشتى، لېكىن مۇھەممەدئىمىن خان ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئېرەن قىلماي بىر پەس ئويلاندى ـ دە، كېيىن تەختتىن لىككىدە تۇرۇپ :

ــ مەن ئۆزۈم چىقاي، ــ دېدى ئىشىككە قاراپ مېڭىپ، ــ ئۇلارنىڭمۇ تەلەپ ـ ئارزۇلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى.

بىرنەچچەيلەن خانغا ئەگىشىپ سىرتقا ماڭدى. ئوردا ياساۋۇل بېگى بىر توپ لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئارقىدىن كېلىۋىدى، خان ئۇنىڭغا :

ــ هاجىتى يوق، بىرمۇ لەشكەر چىقمىسۇن، ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

مۇھەممەدئىمىن خان ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا چىقىشى بىلەن ماللمان تىنچىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرنەچچەيلەن تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىراشتى :

ــ خان ئالىيلىرى، ئاپاق خوجىدىن خۇن تەلەپ قىلىمىز!

ــ ئاپاق خوجا نۇرغۇن ياخشى كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى!

ــ مېنىڭ دادامنى يەپ كەتتى...

ــ مېنىڭ ئوغلۇم قېنى؟!

ــ مېنىڭ قىزىمنى، نەۋرەمنى بىھۇدە كۆيدۈرۈۋەتتى، ئۇ زالىم!...

ــ ئۇلۇغ ئۇستاز، ئەللامىلىرىمىزنى بىر كېچىدە يوق قىلىۋەتتى ئۇ قانخور...

ــ خان ئالىيلىرى، ئاپاق خوجىنى تۇتۇپ كېلىپ، قانغا قان، جانغا جان ئېلىپ بەرگەيلا!...

ــ قانخورلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى ئەگۈنلەرگە ئېسىپ بەرگەيلە...

ئەتراپنى يىغا ـ زار، نالە ـ پىغان قاپلاپ كەتتى. مۇھەممەدئىمىن خاننىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، خېلى ۋاقىتقىچە سۈكۈتتە تۇردى، كېيىن يىغا ـ زار پەسەيگەندە، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى سۇپىغا چىقىپ، نەچچە يۈز ئادەم ئاڭلىغۇدەك ياڭراق ئاۋازدا مۇنداق دېدى :

ــ ئى خالايىقلار، شەرىئەت ۋە سەلتەنەت ئۇدۇمى بويىچە، ئاپاق

خوجىدەك ئادەملەرنىڭ جازاسىنى بېرىشكە تېگىشلىك! لېكىن، بۇ ئىشقا ھازىر ۋاقتى ئەمەس، سىلەر سەۋر قىلىڭلار، پەيغەمبىرىمىز «ئەسسەبىرۇ مىفتا ھۇلفەبىرەھ!»[1] دېگەن. بىز ھەممىمىز بىردىن، بىر مەزھەپتىكى ئادەملەردۇرمىز. خەقلەرنى يامانلىق قىلدى، دەپ بىزمۇ يامانلىق قىلىپ ئۆزىمىزنى بۇلغىمايلى. قېنى كېلىڭلار، ھەممىمىز قولىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاللادىن بۇنداق ئادەملەرنىڭ جازاسىنى بېرىشنى تىلەيلى، ئاللا ھەممىگە گۇۋاھ، ھەممىنى بىلگۈچى! بۇ دۇنيادا كىرەملىك كىشى قەيەردە بولسىمۇ ئەزىز ۋە مۇكەررەم بولىدۇ، سەتەمكار كىشى دائىم ئەلنىڭ لەنىتىگە گىرىپتار بولىدۇ...

ئاللانىڭ نامى، پەيغەمبەرنىڭ سۆزىنى شىپى كەلتۈرۈپ قىلىنغان بۇ سۆزلەر ھەر ھالدا كىشلەر ئىچىدە تەسىر قوزغىدى. ئۇلار دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئاللادىن ئاپاق خوجىدەك ئادەملەرنىڭ جازاسىنى بېرىشنى تىلەپ ئۇزاق تىۋىنىدى ۋە ئاستا ـ ئاستا ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدىن تارقاپ كەتتى.

مۇھەممەدئىمىن خان ئاقسارايغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، بايىقى كېڭەشنى داۋاملاشتۇرالمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسنى ئاپاق خوجا توغرىسىدىكى پىكىرلەر ئىگىلەپ ئالغانىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىگە تايىنىپ ھېسابسىز قان تۆككەنلىكى راست، نۇرغۇن گۇناھسىز كىشلەرنى بىھۇدە ئۆلتۈرگەنلىكىمۇ راست، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى ھېسابسىز قان تۆكۈش بەدىلىگە ئورناتقان. شۇڭا، بۇ ھاكىمىيەت بەر قارار تۇرالمىدى، ئۇزۇنغا بارمايلا خەلق تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ھازىر مۇھەممەدئىمىن خانىنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپە: يەنە قان تۆكۈپ، كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىشمۇ ياكى يۇرتىكى زېدە بولغان خەلقنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ، ۋەيران بولغان ئېگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ؟!

---

① «سەۋر ــ خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر.»

مۇبادا، قان تۆكۈشكە توغرا كەلسە، مۇھەممەدئىمىن خان ئۇچۇن ئاپاق خوجا بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە شېرىكلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈش ھېچقانچە ئىش ئەمەس، بىرلا پەرمان بىلەن ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك ئادا بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن جاھان تىنچىپ ئىشلار ئوڭشىلارمۇ؟

مۇھەممەدئىمىن خان ئاپاق خوجىنىڭ قەشقەرىيە تەۋەسىدىكى ئىناۋىتىنى، تەسىرىنى ياخشى بىلەتتى، ئۇ بۇنى بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇن ئاپاق خوجا بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىلا ھېس قىلغانىدى. ئۇ چاغدا، ئاپاق خوجا بىر بۆلەك مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى بىلەن ئاقسۇ سەپىرىدە ئۇچتۇرپانغا چۈشۈپ ئۆتكەنىدى. شۇ چاغدا، مۇھەممەدئىمىن خان بىر قېتىملىق كاتتا سورۇندا ئۇنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئۇنىڭ بىلىمىگە، ئەقلىگە، نۇتقىغا ھەيران قالغانىدى. سورۇندىكى نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ ئاجايىپ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، يىغا ـ زار قىلىشقان، ھەتتا بەزىلەر بىھوش بولۇپ كەتكەنىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئاپاق خوجا ئۇچتۇرپاندىن قايتقاندا، ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەنلەر ئۇچتۇرپاندىلا بىرەر يۈزگە يەتكەنىدى.

مۇھەممەدئىمىن خان بۇ ئىشلارغا ھەيرانۇ ھەس بولۇپ يۈرگەندە، ئۇچتۇرپاندىكى چوڭ بىر ئىشان ئۇنىڭغا روسۇلىللانىڭ مۇنۇ بىر ھەدىسىنى ئېيتىپ، ئاپاق خوجىغا باھا بەرگەنىدى: «مەن بىر قوۋمنى تونۇيمەنكى، ئۇلار خۇدا يېنىدا مېنىڭ دەرىجەمدىدۇر. ئۇلار پەيغەمبەر ئەمەس، شېھىتمۇ ئەمەس، لېكىن پەيغەمبەر بىلەن شېھىتلار ئۇلارنىڭ خۇدا ئالدىدىكى دەرىجىلىرىنى ئارزۇ قىلىشىدۇ، ئۇلار دوست تۇتقۇچىلاردۇر»[1].

مۇھەممەدئىمىن خان ئەنە شۇ چاغدا، ئاپاق خوجىنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ھەدىستە ئېيتقاندەك، خۇدانىڭ ئالاھىدە

① پارسچە «ھىدايەتنامە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 73 ـ بەت.

بەندىسى — ئاپتاپتەك نۇرلۇق، كەشپۇ كارامەتلىك ۋەلىيۇللا ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

كېيىن، ھېلىقى چوڭ ئىشان يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ، ئاپاق خوجىنى مۇھەممەدئىمىن خانغا تېخىمۇ سىرلىق، ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس زات قىلىپ كۆرسىتىۋەتكەنىدى: «بەرھەق، بۇنداق ۋەلىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئۈممەتلىرى ئىچىدە بەئەينى تاماقتىكى تۇزدەك بولىدۇ، تۇزسىز تاماقتا خۇش تەم بولمىغاندەك، ئۈممەتلەر تائىپىسىمۇ ۋەلىسىز قالسا يول تاپالمايدۇ، ھاياتى مەنىسىز بولىدۇ. ئادەم پىرىپەرەس بولمىسا، خۇداپەرەس بولالمايدۇ، پىر يول كۆرسىتىدۇ. دەۋزەخنىڭ كۆۋرۈكى تەرىقەت يولىدۇر، دۇنيادا كىمكى تەرىقەت يولىدا ماڭسا، سىرات مۇستەقىمىدە تۇرغان بولىدۇ، كىمكى خاتا قىلسا، ئۆز ھەقىقىتىنى يوقاتقان بولىدۇ...

> نۇرى خەلق چاچقاي قاچان نۇر، نۇرى ھەقنىڭ ئالدىدا،
> پارقىراپ كۆرۈنەرمۇ يۇلتۇز ئاپتاپنىڭ ئالدىدا.
> زەررىلەر ئۇ ئاپتاپتىن كەلتۈرەر دۇئا سالام،
> ئاپتاپ بۇ زەررىلەرگە دائىما دۇرلەر غۇلام![1]...»
> .....

مانا شۇنداق ئىچكى ۋە سىرتقى تەسىرلەر تۈپەيلىدىن، ئاپاق خوجىنىڭ ئوبرازى مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ قەلبىدە خېلى بۇرۇنلا يۈكسەك ئورۇنغا چىققانىدى. ئۇ ھەمىشە: «ئاپاق خوجا ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە، مۇسۇلمان مۆمىنلەرگە پىر ـ ئۇستاز بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيا ئىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ سۆلۈكىگە كىرگەن ئادەمنىڭ ئورنى ـ مەرتىۋىسى ئېشىپ، ئاللانىڭ زاتىغا ئۇلىشىدىكەن...» دەپ ئويلايتتى.

دەرۋەقە، كېيىنكى بەزى ئىشلار: ئاپاق خوجىنىڭ ئىسمائىل خان

---

① غۇلام — خىزمەتكار، مۇلازىم.

تەرىپىدىن قوغلىنىشى، نەچچە يىل چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشى، كېيىن جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئەل - يۇرتنى ۋەيران قىلىشى، خانلىق تەختكە ئولتۇرۇپ ھاكىمىيەت سورىشى ۋە ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە قانلىق قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشى قاتارلىق بىرمۇنچە زور ئىشلار مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ كاللىسىدا بەزىبىر چىگىش سوئال - سوراقلارنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق ئىشنى ئىلاھىي تەقدىرگە باغلايدىغان تەقۋادار بۇ مۇسۇلمان ھەممىنى «ئاللانىڭ ئىرادىسى»، «ئاللا ئىنايەت قىلغانلارنى ئازدۇرغىلى بولمايدۇ، ئاللا ئازدۇرغانلارغا ئىنايەت قىلغىلى بولمايدۇ!...» دېگەن ساددا قاراش بىلەن كاللىسىدىكى چىگىشلەرنى يېشىپ تاشلىدى. كېيىنكى قۇبات مىرزابەگنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، خەلقنى قوزغىشى ۋە ئۆزىگە خەت يېزىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئۈندىشى ۋە ئاخىر ئاپاق خوجىنىڭ تەختتىن غۇلاپ، ئۆزىنىڭ تەختكە چىقىشى قاتارلىق ئىشلارنىمۇ يەنە شۇ ئەقىدىگە باغلاپ شەرھلىدى.

بۈگۈن — ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا توپلىنىپ، ئاپاق خوجىدىن خۇن دەۋاسى تەلەپ قىلغان كىشىلەرنىڭ كۈچلۈك دەۋرىشى ئۇنى دەسلەپ بىر ئاز جىددىيلەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا شاھلارغا خاس تەمكىنلىك بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، غوۋغانى ئۆز جايىدا ئوڭۇشلۇق جىمىقتۇردى. ئەمما، بۇ ئىشنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دېيىشكە بولمايتتى، زەردىگۈش بولغان خەلق يەنە قوزغىلىشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر ئۇ خەلقنىڭ كۈچلۈك تەلىپى بىلەن راستتىنلا ئاپاق خوجىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرسە، چوقۇم يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «پىر - ئەۋلىيانى ئۆلتۈرگەن قاتىل!» دېگەن بەتنامغا قېلىپ، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئۆلتۈرمەي دېسە، خەلقنىڭ تەلىپى كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپاق خوجىنى كۆڭلىدىكى بىرىدە يەنە باش كۆتۈرۈپ چىقمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ؟!...

مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ راستتىنلا بېشى قاتتى، ئاپاق خوجا ھامان

ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇرۇنقى ئوبرازى بىلەن جانلىنىپ تۇراتتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاجىزلىتالمىدى. ئاخىر ئۇ، بۇ توغرىدا ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ پىكىر ـ قاراشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش مەقسىتىدە جىددىي كېڭەش چاقىردى، ھالبۇكى كېڭەشتىكى پىكىر ـ لەرمۇ بىر خىل بولمىدى، ھەتتا بەزى پىكىرلەر ئادەمنى چوڭقۇر ئويغا، ۋەھىمىگە سالاتتى.

— ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى ئاتا بېگى مىرزا سالىھ بەگ جوراس، — كەمىنىلىرىنىڭ قارىشىچە، قۇتبىل ئەقتاب ھەزرىتى ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنى قەتل قىلىشقا ھەرگىز بولماس! مۇبادا، ئول زات قەتل قىلىنـ سا، خانىدانلىقىمىزدىن نارازى بولغۇچىلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھازىر پۈتكۈل قەشقەرىيەدىكى نۇرغۇن ئەھلى مۇسۇلمانلار ئول كىشىنىڭ مۇرت ـ مۇخلىسى. ئالىمادىن، ئول زات پەتىۋا بېرىپ، مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى ئىشقا سالسا، چوڭ غەليان كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ ئىشتا سالماق، سەۋرلىك بولمىقىمىز، ئەقىل بىلەن ئىش كۆرمىكىمىز جائىزدۇر...

— پېقىر قۇللىرىمۇ شۇنداق قاراشتا، دانا شاھىم، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى مىرزا ماناپ بەگ، — ئەگەر بۇ ھەقتىكى غەلۋە ـ غەليانلار كۆپىيىپ كەتسە، ئۇ چاغدا، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ خانىدانـ لىقىمىزغا يېڭىۋاشتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ئوبدان باھانە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئاپاق خوجا مۇلكى قەشقەرىيىگە ئۇلارنىڭ قولى بىلەن تىكلەنگەن خان، شۇڭا ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىگە قاراپ تۇرمايدۇ. مەن بۇ پىر ـ ئەۋلىيا زات بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنى بىردىنبىر دانا تەدبىر دەپ قارايمەن.

— ھەيھات... ھەيھات! — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى يېڭىلا قەشقەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلەنگەن مىرزا مۇھەممەد شاھبەگ، — خان ئالىيلىرى، ئويلاپ كۆرگەيلا، سەلتەنەت ئۈچۈن دىندىن، ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈپ، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ھاياتىنى، مېھرىنى دوغا تىككەن

ئۇنداق تۇزكور بىلەن بىللە ياشاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئۇنى بىر كۈن يوقاتمىساق، خانىدانلىقىمىز ئۈچۈن بولىدىغان ۋەھىمە – تەھدىت بىر كۈن يوقالمايدۇ. شاھىم، ئادەمزاتنىڭ ئەڭ تۆۋەن، پەسكەشلىرى شۇكى، ئۇلار مال – دۇنيا ئۈچۈن، مەنسەپ – شۆھرەت ئۈچۈن ئەزىز يۇرتىنى، سۆيۈملۈك قوۋم – قېرىنداشلىرىنى خار قىلىدۇ. ئاپاق خوجا ئەنە شۇنداق بەتكار، بەتخۇي، ئاسىي مۇناپىق! دەريايى ئىسلام سۈيىنى لايلاتقۇچى بۇنداق زەھەرلىك يىلانلارنى قوينىلىرىدا ئاسراپ، غەپلەتتە قالمىغايلا، شاھىم!...

كېچە ش خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى قارىمۇ-قارشى پىكىرلەر كۆپىيىپ، كەسكىن بەھس تۇسىنى ئېلىپ كەتتى. مۇھەممەدئىمىن خان كېچە شكە قىسقىلا يەكۈن ياساپ يىغىننى توختاتتى. بىر – بىرىدىن كۈچلۈك، بىر – بىرىدىن يوللۇق مۇنازىرە ئورامىدىن مۇھەممەدئىمىن خان شۇنى ھېس قىلدىكى، ئوردا ئىچىدىكى ۋەزىر – ۋۇزرا، ئەمىر – ئۆمىرالار ئىچىدە ئاپاق خوجىنى يوشۇرۇن ئۇلۇغلايدىغان، ئۇنىڭ كەشپۇ كارامەتلىرىدىن ئەيمىنىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭغا چىن دىلى بىلەن چوقۇنىدىغانلار ئاز ئەمەس ئىكەن، بۇنداق خاھىش مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ كاللىسىدىكى ئەسلىي مۇددىئاغا ئۇيغۇن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز پىكىر – قاراشلىرىنىڭ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسى بىلەن رېئال ھەقىقەتكە يېقىنلاشقانلىقىدىن كۆڭلى تەسكىن تاپقاندى.

## 2

ئاشۇ كۈنى مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قۇبات مىرزا بەگنىڭ ئىسيانچى قوشۇنلىرى قەلئەگە باستۇرۇپ كىرگەندە، ئالاقزادە بولغان ئاپاق خوجا قىرىق – ئەللىكتەك مۇرىت – مۇخلىسلىـ

رىنى ئەگەشتۈرۈپ «مەسخىرە دەرۋازىسى» دىن قېچىپ چىققانىدى. ئەسلىدە، ئۇنىڭ ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن مۇھەممەد- ئىمىن خان ئاستىرتتىن قولايلىق يارىتىپ بەرگەنىدى.

ئاپاق خوجا شۇ قاچقانچە كېچە ـ كۈندۈز توختىماي يول يۈرۈپ، تەكلىماكاننىڭ گىرۋەكلىرىدىكى چۆل ـ جەزىرىلەرنى بويلاپ، مەكتىنىڭ شىھىتدۆڭ دېگەن يېرىگە كېلىپ چۈشتى. بىرنەچچە يۈز ئۆيلۈك ئاۋات، كۆجۈم بۇ يۇرت ئۆز ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مەرھۇم قېيناتىسى ــ چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەكتىلىك ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئوبۇل ھادىبەگنىڭ تارخانلىقى ئىدى.

ئاپاق خوجا مىلادىيە 1647 ـ يىلى، مۇرىت توپلاش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ، دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان خۇدايى ئىشان قىياپىتىدە سۈلۈك تەرغىباتىنى تەۋرەتكەنىدى. ئوبۇل ھادىبەگ ئىخلاسمەن ئىشقىيە مۇرىتى بولغاچقا، ئاپاق خوجىنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولغان ۋە بۇ جەريانىدا ياش، قابىل، زېھنى ئۆتكۈر ئاپاق خوجىغا كۆچلۈك ئەقىدە باغلاپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزغانىدى. ئوبۇل ھادىبەگ ئەسرا بولۇش، سىر دىيىش ئارقىلىق، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ «سۈلۈك تۇتۇپ ئىشقىيە تەرىقىتىنى تەۋرىتىش» يولىدا جان قىقىپ، تېخىچە ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان ۋە بويىغا يېتىپ قالغان ئوماق، ھايالىق قىزى قەمەربانۇنى ئۆز قولىچە ئۇنىڭغا ھالال جۈپ قىلىپ نىكاھلاپ بەرگەنىدى.

ئاپاق خوجا بۇ قېتىم شىھىتدۆڭدە پەيدا بولغاندا، بۇرۇنقىدەك ئىللىق قارشى ئېلىنىدى. كونا مۇرىت ـ مۇخلىسلار ئاپىغى ئۈزۈلمەي ئۇنى تاۋاپ قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىللار بۇرۇن ئۆزى سالدۇرغان ئاق خانىقادا بۇرۇنقىدىنمۇ چوڭقۇر، تەسىرلىك ھېكمەتلەر بىلەن مەسىلە ـ مەرۇپ قىلىپ، جەھرە ـ ساما سېلىپ، كىشىلەرنى

ئۆزىگە تېخىمۇ مايىل قىلدى. ئۇ تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا تەختتىن چۈشۈپ، قوغلاندى بولغان قاچاق پادىشاھ بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل، ساددا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، ئۇ يەنىلا خىزىر سۈپەت كاتتا ئىشان، مۇسۇلمانلارنى ھىدايەت يولىغا باشلايدىغان پىر ـ ئەۋلىيا ئىدى.

ئاپاق خوجا بۇ قېتىم مەرھۇم قېيناتىسىنىڭ ھۇزۇرىدا كۆپ تۇرمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى قەشقەرگە ـــ قەشقەردىكى «ياغدۇ»[①] زاراتگاھلىقىغا تارتاتتى. ئۇ يەردىكى بۇزرۇكۋار دادىسى مازار پادىشاھىمىنىڭ تەنھا مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىپ، كۆڭلىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ روھىدىن كۈچ ـ مەدەت ئالماقچىدى. شۇ نىيەت بىلەن ئۇ، بۇرۇنقى مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا مەكتىتىن قوشۇلغان بىرەر يۈزدەك دەرۋىشنى قوشۇپ، جەھرە ـ ساما بىلەن قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

*　　　*　　　*

تىمتاسلىقتا چۆمگەن كېچە، ئوچۇق دالىدىن سالقىن شامال ئۇرۇپ، باغ ـ ۋاران، ئېتىز ـ ئېرىقلاردىن نەمخۇش باھار ھىدىنى ئېلىپ كېلىدۇ. تولغان ئاي قارا بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، ئۇ يەر، بۇ يەردە نۇرسىز يۇلتۇزلار پىلىلدايدۇ. قېرى قارىياغاچلار بىلەن ئورالغان ياغدۇ قەبرىستانلىقىنى سۈر باسقان، ئاندا ـ ساندا سايرىغان ھۇۋقۇشلارنىڭ ئاۋازى بۇ يەرنى تېخىمۇ سۈرلۈك ۋە پىنھان ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى.

ئاپاق خوجا تۆت ـ بەش مۇخلىسىنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدى. ئۇ زەر چۈچىلىق يوپۇق بىلەن چۈمكەلگەن مەيىتنىڭ قارا مەخمەل پەردىسىنى قايرىپ سىرتقا قارىدى ۋە ئاللىقاچان ئۆزىنى يۆلەپ

① ياغدۇ ـــ ھازىرقى قورغان يېزىسىغا تەۋە ھەزرەتنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئاتىلىشى.

چۈشۈرۈشكە تەييار تۇرغان ئىسەن بۇقىنىڭ يەلكىسىگە تايىنىپ ئاستا يەرگە چۈشتى. ئۇ دەرۋىش خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئىسەن بۇقىنى ئۆز يېنىدىن ئاجراتماي كېلىۋاتاتتى. ئىسەن بۇقا ئۇنى قولتۇقلاپ، مازار تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا مازارغا قارايدىغان شەيخلەرمۇ چىراغ كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانىدى. شەيخلەر ئاپاق خوجىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئۇنىڭ پەشلىرىنى سۆيدى ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئامانلىق سورىدى، ئاپاق خوجا خۇددى كىچىك باللارنى پەپىلىگەندەك، ئۇلارنىڭ يەلكىسىگە يەڭگىلگىنە ئۇرۇپ قويدى.

ياغدۇ قەبرىستانلىقى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى، ئۇ يەر، بۇ يەردە چوقچىيىپ تۇرغان كونا - يېڭى قەبرىلەر بىلەن ئاغزى ئوچۇق بىر نەچچە شام گۆرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تىكەن بىلەن شىۋاق باسقان بىر پارچە يەردە خېلى چوڭ ھەيۋەتلىك بىر گۈمبەز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، كۆك كاھىشلىق بۇ گۈمبەز باشقا قەبرە - مازارلاردىن پەرقلىق ھالدا كەڭ دائىرىلىك ياغاچ رېشاتكا ئىچىگە ئېلىنغانىدى. ئويما نەقىش بىلەن بېزەلگەن بۇ ئىشىك، رېشاتكىلار ۋە گۈمبەز يېنىدىكى تىلاۋەتخانا ھېلىقى شەيخلەرنىڭ ھىمايىسىدە كېچە - كۈندۈز بىخەتەر تۇراتتى، شەيخلەر نۆۋەت بىلەن خەتمىقۇرئان قىلىپ، بۇ سۈرلۈك، خىلۋەت قەبرىستانلىققا بىر خىل ھاياتلىق سۈرى بېغىشلايتتى.

ئاپاق خوجا دەسلەپ تىلاۋەتخانىغا كىرىپ، ئۇزۇندىن ئۇزاق سۈرە - ئايەت ئوقۇپ، دۇئا - تىلاۋەت قىلدى. ئاندىن مەقبەرە ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى ۋە يۈزىنى سوغۇق، سىلىق كاھىشقا يېقىپ تۇرۇپ:

— ئى قۇتبىل ئەقتابى، سەئىددىل ھەزرىتى پەدەرى پىرىم! — دېدى دىلى ئۆكسۈگەن ھالدا پۈچىلىنىپ، — بىمەھەل تاشلاپ كەتكەن ئوغلىڭىزغا قەدرىڭىز ئەجەب ئۆتتۈلدى. روھىي يۆلەك - مەدىتىڭىز بىلەن سىز ئارزۇ قىلغان مۇراد - مەقسەتكە يەتكەنىدىم. ۋادەرىخا، غەددار پەلەك ئىشىمنى ئاخىرىغا يەتكۈزمەي ئارماندا قويدى، — ئەمدى

ئۆنىڭ يۈرىكىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرى كۆز يېشى ئىچىدە شېئىر ـ نەزمىگە ئايلىنىپ كەتتى :

دەريا مەۋج ئۇرماقتا، غەم ـ قايغۇ ئۇندا تۈگىگۈسىز،
زۇلۇمنىڭ كەلكۈنىدىن باشىمدا توپان تۈگىگۈسىز.
يۈرەكىمدە دەرد تولا، قىلماق داۋا مۇمكىن ئەمەس،
دەرۇ داۋاسىز، كىمگە دەيمەن قايغۇ، غەمدۇر تۈگىگۈسىز!

ئاپاق خوجا ئۆكسۈپ يىغلاپ ئىچ ـ قارنىنى بوشاتقاندىن كېيىن، بىردىنلا جانلىنىپ قەددىنى رۇسلىدى ۋە ئالدىدىكى قەبرىگە قەسەم بېرىۋاتقاندەك ئەلپازدا سۆزىنى داۋام قىلدى :

ـــ لېكىن، پەدەرى بۇزرۇك، خاتىرجەم بولغايسىزكى، ئوغۇل ئەرجۇمەندىڭىز ھاياتلا بولىدىكەن، سىز باشلاپ بەرگەن ھىدايەت يولىنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقماي قويمايدۇ! نامىم بىلەن قەسەمكى، بۇ يۇرتنى مەن سورىيالمىغانىكەنمەن، باشقىلارغىمۇ سوراتمايمەن! ئى بۇزرۇكۋار ئاتا، زامانىنىڭ ھادىسىلىرىدە، دەۋرنىڭ ئاپەتلىرىدە، پېقىر ئوغلىڭىزنىڭ ئاداۋەتلىك دۈشمەنلەردىن نىجات تېپىشىدا كامىل مۇرشىد ۋە مۇكەممەل پىر بولۇشىغا يۆلەك بولغايسىز. تەرىقىتىمىزنىڭ مۇستەھكەم بىناسى ئۈچۈن، سۇلۇكىمىزنىڭ ھەقىقىي راۋاجى ئۈچۈن، تەھقىق روھى مەدەتكار بولغايسىز!...

ئاپاق خوجا بۇ كېچىنى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، بىرىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى، بىرىدە ناماز ئوقۇدى، بىرىدە مۇناجات قىلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى نالە ـ زار قىلدى. تاڭغا يېقىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا گويا دادىسىنىڭ قەبرىسى ئىچىدىن چىققاندەك زەئىپ بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى :

يارەب، ساڭا بەخت كۆزى روشەن بولغاي،
خۇشلۇق بەزمى ھەمىشە گۈلشەن بولغاي.

دۆلەت قەسرى ساڭا تۇرار جاي بولغاي،
بۇ ھەممىسىدىن كۆزۈم نەسىپدار بولغاي!...

ئاپاق خوجا ھاياجانلاندى، جانلاندى ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۈمىدكە، كۈچكە تولدى. ئۇ جىمجىت، پىنھان تاڭ سۈبھىسى ئىچىدە تۇيۇقسىز قۇلىقىغا ئىشىتىلگەن بۇ ئاۋازنى ھەقىقەتەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى سوغۇق قەبرە ئىچىدە ياتقان «قۇتبى زامان، غەۋسى دەۋران» دادىسى مازار پادىشاھىمىنىڭ جەننەتتىن كەلگەن ئاۋازى، ئوغلىنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭغا كۈچ، مەدەت ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىش ئۈچۈن، روھىي زېمىندا پەيدا قىلغان كەشپۇ كارامىتى دەپ ئىشەنگە- نىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ بىردىنلا روھى تېتىكلىشىپ، جىسمى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولغانىدى. ئەمما ئۇ، «جەننەتتىن كەلگەن» بۇ ئاۋازنىڭ دەل ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھارغىنلىق بىلەن خامۇشلۇقتىن كېلىۋاتقان ئەكس سادا ئىكەنلىكىنى، يۈرىكىدىكى دەرد ـ ھەسرەت- لەرنىڭ يىغا بىلەن ئېرىپ تۈگەپ، ئۇنىڭ ئورنىدا پەيدا بولغان ئەسلىي نىيەت ـ مۇددىئانىڭ ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئاغزىدىن نەزم شەكلىدە چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي قالدى. چۈنكى، ئۇ قاتتىق چارچىغان، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوقۇپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلەپ كاللىسىمۇ گاراڭشىپ قالغاچقا، ئۆز ئاۋازىنى دادىسىنىڭ ئاۋازى دەپ بىلىپ، رېئال- لىق بىلەن ھېس ـ تۇيغۇنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنىدى.

ئاپاق خوجا تۈنۈگۈن كېچىدە ياغدۇ قەبرىستانلىقىغا روھسىز، ئۈمىدسىز ھالدا غەم ـ قايغۇغا پېتىپ چىققان بولسا، بۈگۈن سەھەردە، روھلۇق، ئۈمىدلىك ھالدا، شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈپ قايتىپ كىردى. ئەمما، ئۇنىڭ شاد ـ خۇراملىقى ئاران ئىككى كۈنگە پايلىدى.

ئاپاق خوجا دادىسىنىڭ مازىرىنى يوقلاپ كىرگەن كۈنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، ياغدۇ قەبرىستانلىقىدا قانلىق ۋەقە يۈز بەردى. ئاپاق خوجىنىڭ مەزھەپ رەقىبلىرى بىلەن خۇن دەۋاگەرلىرى خۇددى

«ئىشەككە كۈچۈك يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك پىچاق، كالتەك
بىلەن قەبرىستانلىقتا دەۋرەپ چىقىپ، بىردەمدە ئاپاق خوجىنىڭ
دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ مازار پادىشاھىمنىڭ ھەيۋەتلىك گۈمبە-
زى — «ھەزرىتى مازار» نى بۇزۇپ تاشلىدى، ياغاچ ئىشىك، ۋادەكلەر
بىلەن تىلاۋەتخانىغا ئوت قويدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز
زوراۋانلىقىغا قارشى چىققان ئۈچ شەيخنى باغلاپ، قەبرىستانلىق يېنى-
دىكى كاداك ئۈجمىلەرگە ئېسىپ بولۇشىغا ئۇردى ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنى-
مۇ ئۈجمە دەرەخلىرى بىلەن قوشۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى.

بۇ ۋەقە شۇ كۈنى كەچتە ئاپاق خوجىغا ئاڭلاندى، كۈتۈلمىگەن
شۇم خەۋەردىن گويا ئۇنىڭ روھى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك
ئازابلىنىپ كەتتى، تاج - تەختتىن ئايرىلىشنى ئاز دېگەندەك ئۈستىلەپ
قوشۇلغان بۇ خورلۇق، ئاھانەت شۇ ھامان ئۇنىڭ يۈزىگە، كۆزىگە
چىقتى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا، ئۇنىڭ گۆشلۈك قوۋۇزلىرى شىپىي-
دە چۆكۈپ، مۇڭ - ھەسرەتكە تولغان كۆزلىرى نۇرسىز پىلدىرلاپ
قالدى. ئۇ قاراڭغۇ ھۇجرىغا بېكىنىۋېلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى بوغۇ-
نۇقۇپ، پۇچىلىنىپ ياتتى. پەقەت ھەپتىدىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا ئەس
- ھوشىنى يىغىپ، ئەقىل - ئىدراكىنى ئىشقا سالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدىغانلىقىنى دەرھال ھېس قىلدى، بۇنداق
كېتىۋەرسە، ئاخىر ئۆزىنىمۇ قوغداپ قالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.
ئۇ ئەزەلدىن ئاجىزلىقىنى، پاراسەتسىزلىكنى يامان كۆرەتتى، بېشىغا
ھەرقانداق مالامەت تاشلىرى ياغقاندىمۇ، ئۆزىنى روھلۇق، ئۈمىدۋار
تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئالەمنى ئالغۇچى ھەمىشە ئەلەم
تارتىشقا تەييار تۇرۇشى، ئاشىق ئىكەن، مەشۇقىنىڭ جاپاسىنى
تارتىشقا، ئۇنىڭ تايىقىدىن لەززەتلىنىشكە تەييار تۇرۇشى لازىم ئىدى.
بولمىسا، ئىشق دەۋاسىدا سادىق بولغىلى، ۋىسال دەشتىدە زاھىت
بولغىلى بولمايتتى.

ئاپاق خوجا دەسلەپ مۇھەممەدئىمىن خاندىن خاۋاتىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئۇنىڭدىن كۆڭلى خاتىرجەم ئىدى. ئەگەر ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ ئىزىغا چۈشكەن بولسا، ئۇنى ئاللىقاچان تۇتۇپ قىلار ئىشنى قىلغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەزى كىشىلەرنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن مىش - مىشلارغا قارىغاندا، مۇھەممەدئىمىن خان ئاپاق خوجىنى پۈتۈنلەي ئەپۇ قىلىپ، ئۆز خاھىشىغا قويۇۋەتكەنىدى. بۇ ھال مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ ئاپاق خوجىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىكىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كاتتا ئىشانلىق ئورنى بىلەن پىر - ئۇستازلىق مەرتىۋىسىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مانا بۇ ئاپاق خوجىنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، دادىل ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت ۋە ئەۋزەل شارائىت ئىدى. شۇڭا ئۇ، بىر نەچچە كۈنگىچە بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ ئويلاندى، ئىزدەندى، ئاخىر كۆڭلىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنى پىشىلدۇرۇپ، يېقىن يارەنلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ موللامنى يېنىغا چاقىرتتى. ئۇلۇغ موللام ھايال بولماي ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى.

ياش جەھەتتە تەڭ دېمەتلىك كېلىدىغان، سىمىزرەك، مىجەزى ئېغىر، كەم سۆز، ئەمما كۆزلىرىدىن چېچەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەمنى كىشىلەر «ھەزرىتى ئىشاننىڭ سايىسى» دەيتتى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى موللا نەدىر بولۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ بىلىم جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە قاراپ، «ئۇلۇغ موللام» دەپ نام بېرىشكەنىدى.

بىر قېتىم بەزىلەر ئۇنى سىناش ئۈچۈن:

— موللام، بەندە خۇداغا قاچان يېتىدۇ، بىلەمدىلا؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ قىلچە دۇدۇقلىماستىن:

---

① فەنا — يوق بولماق، ئۆلمەك. تەسەۋۋۇپتا، ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ، ھەق ۋۇجۇدىدا ئېرىپ كېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

— بەندە بەندىلىكتە ئۆزىدىن فەنا① بولغاندا خۇداغا يېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە ئارقىدىنلا مەۋلانە رۇمىنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتىنى ئوقۇپ ئۆز پىكرىنى ئىسپاتلىغانىدى:

«بولمىغان چاغىڭدا سەن بولغانىدى ھەممە خۇدا،
قالمىغان چاغىڭدىمۇ قالغاي بولۇپ ھەممە خۇدا!»

ئاپاق خوجا ئۇلۇغ موللام بىلەن قىزغىن سالاملاشتى ۋە يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئادىتى بويىچە ئەمرىمەرۇپلەر بىلەن باشلىدى:

— موللام، بىز ئەزەلدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىپ كەلدۇق، — دېدى ئۇ سىپايە ئاۋازدا، — پەيغەمبىرىمىز بىزگە دۇشمەننى يېڭىش ئۈچۈن ئۈچ يول كۆرسەتكەن: توۋا قىلىش، كۆز ياش تۆكۈش ۋە سەدىقە بېرىش... ئىنسان توۋا قىلسا، ئاللائائالا ھەرقانداق گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ. لېكىن، بىز مەيلى خۇدا، مەيلى بەندە ئالدىدا توۋا - ئىستىغپار ئېيتقۇدەك گۇناھ قىلمىدۇق، تۇتقان يولىمىز خۇدانىڭ يولى، قىلغان سۆزىمىز خۇدانىڭ سۆزى بولدى. ئەمدى سەدىقە بېرىشكە كەلسەك، پۈتۈن ئۆمرىمىز ئاللا يولىدا، ئىسلام يولىدا سەدىقە بېرىش بىلەن ئۆتۈپتۇ. شۇڭا، ئاللامۇ ئۆز يولىدا بىزگە ئەبەدىي سائادەت، قابىلىيەت، لاياقەت ۋە ئاسمانىي تەۋپىق بېرىپ، كامالىي ئەقىل ۋە بىلىم بىلەن ئۇلۇغلاپ، چىرايلىق سۈپەتلەر، مۇبارەك لۇتفلار بىلەن مەرتىۋىگە يەتكۈزدى. لېكىن، ئى يارەن، بۇ جاھاننىڭ گۈلى تىكەن بىلەن، شارابى خۇمار بىلەن، راھىتى زەخمەت بىلەن ھەمخانە ئىكەن! شۇڭا، كۈتۈلمىگەندە، بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى. بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلماق كېرەك؟ مەن پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەن ئاشۇ «كۆز ياش تۆكۈش يولى» بىلەن بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قارارىغا

كەلدىم. بۇنىڭدىن باشقا يول كارغا كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ھەزرىتى غالدانىنىڭ ئالدىغا بارايلى دېسەك، ئۇ يېقىندىلا قازاقلاردىن يېڭىلىپ قايتىپ كەتتى، بۇ ھالدا ئۇنىڭ يەنە بىز گە قارىغۇدەك ماجالى بولماس- لىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆزىمىزنىڭ كۈچىمۇ چېچىلىپ ھالسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق، شۇڭا مەن ئاشۇ يولنى تاللىدىم. بۇ توغرىدا ئۇلۇغ موللامنىڭ پىكرى قانداقكىن، ئاڭلاپ باقاي دەيمەن.

ئۇلۇغ موللام ئاپاق خوجىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ شۇنچە ئەگىتىپ قىلغان گەپ - سۆزلىرىنىڭ پوسكاللىسى «گەپنى يېلىنىشتىن، ئىشنى دوستلۇقتىن باشلاپ، يۇرەككە سىڭىپ كىرىش» ھىيلىسى ئىدى. ئۇلۇغ موللام ئەزەلدىن ئاپاق خوجىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلغان ئەمەس، بەلكى ئۇنى خىزىر، ئەۋلىيا سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، ئاغزىدىكى ھورىنىمۇ زايە قىلمايتتى. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى، ئۇنىڭسىزمۇ ئاپاق خوجىنىڭ ئويلىغانلىرى ۋە تۇتقان يولى توغرا ئىدى، خاننى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن جەزمەن ئۇنىڭغا يېلىنىش كېرەك، بۇ خۇددى يۇمشاق قۇرتنىڭ قاتتىق ياغاچنى يېيىشىگە ئوخشاش ئىش ئىدى. خاننى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەندىلا، ئاندىن يۇرىكىنى ئىللىتىپ، قوينىغا كىرگىلى بولاتتى. قوينىغا كىرىۋالغاندىن كېيىن، باشقا ئىشلار ئۆز يولىدا يۇرۇشۇپ كېتەتتى...

شۇڭا، ئۇلۇغ موللام ئاپاق خوجىنىڭ پىكرىگە قايىل بولدى ۋە ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئالقىشلىدى. ئاخىرىدا، ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان يەنە بىر مەسلىھەتنى بەردى:

— ھەزرىتىم، كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ بى بى مۆھتەرەم خېنىم ئىسىملىك رەسىدە بولغان بىر ھەمشى- رىسى بارمىش، بىز ئۇنى ئۆزلىرىگە ھالال جۈپلۈككە تەلەپ قىلساق، ئىنشائاللا، تەلىپىمىز بەجا بولۇپ قالسا، ئىشىمىز تېخىمۇ ئوڭغا تارتات- تى، سۇلۇكىمىزنىڭمۇ جەمئىيەتتە زەرەرگە ئۇچرىغان نام - ئابرۇيى

كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمانى تەۋپىق تاپاتتى.

ئاپاق خوجا ئاغزىنىڭ ئۈچىدىلا مۇنداق دېدى:

— زاھىتلار دۇنيانىڭ غېرىبلىرىدۇر، موللام، ئادەمنىڭ نەپسى مۇسۇلمان بولمىغۇچە، شەيتان دىلىدە ئورۇن ئالىدۇ، قېنى كۆرەرمىز، ئاللاتائالا غېرىبلارنىڭ پاناھى...

ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگەنىبىلەن، كۆڭلىدە غايىبانە ھالدا بى بى مۆھتەرەم خېنىمنىڭ يېشىنى، تەقى - تۇرقىنى، رەڭگى - رۇخسارىنى ئويلاپ، ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى ۋە مۇنداق شېرىن مەسلىھەتنى بەرگەن ئۇلۇغ موللامنىڭ ئەقلىگە باريكاللا ئېيتىۋاتاتتى.

ئۇلۇغ موللام قايتىش ئالدىدا يەنە شۇ گەپنى تىلغا ئېلىپ:

— ھەزرىتى ئىشانەم، ئەگەر سىلى لايىق كۆرسىلە، مەن بۇ ئىشنى چوڭقۇرراق بىلىپ باقسام قانداق؟ — دېۋىدى، ئاپاق خوجا چوڭ سۈپەتلىك بىلەن:

— قېنى، ئۆزلىرى قاراپ بىر ئىش قىلالا، — دېدى ۋە ئۇلۇغ موللامنى ئۇزىتىپ قويۇپ، دەرھال پىكرىنى يىغىپ، مۇھەممەدئىمىن خانغا يازىدىغان مەكتۇپ ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

## 3

مۇھەممەدئىمىن خان ئوردىدا بېجىرگەن بىر كۈنلۈك ئېغىر ئىشتىن چارچاپ، ھاۋالىنىش ئۈچۈن باغقا چىقتى، ئەتراپنى كەچكى شەپەق قاپلىغانىدى. باغدىكى ھەممە نەرسە — ئاق، بىنەپشە ۋە ھال رەڭدە چېچەكلىگەن مېۋىلىك دەرەخلەر، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ تۇرغان گۈل - گىياھلار، گۈلزار ئوتتۇرىسىدىكى گۈمبەزسىمان ھاۋارەڭ شىپاڭ ۋە ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار شەپەق شولىسىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرە پەيدا قىلغانىدى.

خان سىلىق تاش ياتقۇزۇلغان، ئىككى تەرىپىدىكى قىرقىم ئارچىلار تەكشى كۆكىرىپ تۇرغان ئاياغ يولنى بويلاپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باھار پەيزىگە تولغان خۇشبۇي زېمىننى ھەر خىل قۇشلارنىڭ نەغمىسى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى.

مۇھەممەدئىمىن خان راسا راھەتلەندى، تەبىئەتنىڭ بۇ گۈزەللىكى ۋە سېخىيلىقى ئۇنىڭغا ھۇزۇر بېغىشلىغان، روھىنى كۆتۈرۈپ، ۋۇجۇدىغا كۈچ ۋە ئارام ئاتا قىلغانىدى. ئۇ قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ، بەستىلىك گەۋدىسىنى سەل ـ پەل ئېگىپ، بىردەم يەردىكى گۈللەرگە، بىردەم كۆكتىكى قۇشلارغا قارىغىنىچە ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى.

شۇ چاغدا، كىمدۇر بىرىنىڭ ئارقا تەرەپتىن شىپىرلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلانغاندەك بولدى، مۇھەممەدئىمىن خان گەۋدىسىنى يېرىم بۇراپ ئارقىغا قارىۋېدى، ئېگىز بوي، كوسا يۈز ھۆدەيچىنىڭ قولىدىكى كۈمۈش پەتنۇسنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، تەزىمدە تۇرغانلىقىنى كۆردى. پەتنۇستا قىزىل لېنتا بىلەن چىگىلگەن يۆگەكلىك بىر مەكتۇپ تۇراتتى. خان دەرھال ئارقىغا بۇرۇلۇپ:

— ھە، نېمە گەپ؟ — دەپ سورىدى ھۆدەيچىدىن.

— خان ئالىيلىرىغا ئاپاق خوجىدىن مەكتۇپ كەپتۇ، — دېدى ھۆدەيچى پەتنۇسنى خان تەرەپكە سۇنۇپ.

خان ئەندىككەندەك بىر دەقىقە تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن خەتنى ئالدى ۋە شەپەق نۇرىدا جۇلالىنىپ تۇرغان شىپاڭ تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

مۇھەممەدئىمىن خان خەتنى ئالدىراپ ئاچمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل پىكىرلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى. «ئاپاق خوجا نېمە ئۈچۈن خەت يازدى؟ خەتتە نېمە دېگەندۇ؟ ماڭا باش ئەگكەنمىدۇ ياكى مەن بىلەن سەلتەنەت ئۈستىدە سودىلاشماقچىمۇ؟...»

بۇ كۈتۈلمىگەن مەكتۇپ خاننىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، پەيزىنى قاچۇر-

غانىدى. بايىقى كۆڭۈل ئازادىلىكىنى ھەر خىل گۇمانىي پىكىرلەر ئىگىلەپ ئالدى. ئاخىر ئۇ، بىر خىل تىت ـ تىتلىق ۋە ئارىسالدىلىق ئىچىدە خەتنى ئاچتى. خەت مۇنداق سۆزلەر بىلەن باشلانغانىدى:

«ئۇلۇغ شاھىم، ئاللاتائالا ئۆزلىرىنى بىزنىڭ بۇ مۇقەددەس يۇرتقا ئاتا قىلغان. شۇڭا، ئۆزلىرى سەلتەنەت تەختىدە ھەقلىق ئولتۇرغۇچى ئۇلۇغ سۇلتان، زور قەھرىمان!

بۇ زاتنىڭ ۋەسفىنى قىلماققا مەندە نېمە ھەد بولسۇن،
ئېگىز ئاسماننى ئۆلچەشكە زېمىندا ئىقتىدار قايدا؟!

ئى پەزىلەتلىك شاھىم! ئاللانىڭ ئاشىقلىرىدىن، دەرگانىڭ تالىپلىرىدىن مەخپىي قالمىغايكى، بۇ ئالەم ھادىسىلىرىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قۇدرەتلىك ئاللا ئۆز بەندىسىگە نېمىنى ئىرادەت قىلغان بولسا، شۇنى كۆرمەي ئامال يوق. سەئىدلەرگە ئىتائەت مۇلازىمىتىدە بولماق، دۇئاسىنى ئالماق، نەزەر ـ ئېتىبارلىرىدىن ئۆتمەك — ئاللا رىزاھلىقىدۇر!

ئاللا بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ پېشىمنى تۇتقان ھەممە ئەھلى ئۇممەت تەھقىق بېھىش ساۋابىنى كۆرگەي، ھەر ئىككىلا ئالەملىك دەرد ـ ئەلەم، زەخمە ـ نادامەت، ھەسرەت ـ خۇسۇمەتلەردىن پاك، خالىي، بەتگۇمان بولغاي... قادىر ئاللاغا بولغان ئىشق تەقدىرى مەندەك بىر ناتىۋاننى ۋەيران ـ سەرسان قىلدى، مۇبادا، ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە، مېنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىم غېرىبلىق ئىچىدە ۋەيران بولۇش بولىدىغان بولسا، بۇنىڭغا مەن تەييار! ئەمما، كۆڭلۈمگە ئايانكى، مېھىر ـ شەپقەتلىك شاھ ئالىيلىرى بۇنىڭغا قاراپ تۇرمايدۇ، پېقىرنى غېرىب ـ مىسكىنلىك ئازابىدىن تارتىپ چىقىپ، ساخاۋەت ئاپتاپىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ. چۈنكى، جەننەت — كىشىلەرنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ

قىلغۇچىلارنىڭ جايىدۇر! مەن شۇ تاپتا ئىلتىجا قولۇمنى شاھ ھەزرەتلىرىنىڭ خاسىيەتلىك ئېتىكىنى تۇتۇشقا سوزدۇم، ناتىۋان ۋۇجۇدۇم سەردارلار بېشىغا تاج بولغان ئۇلۇغ ئاستانىنىڭ تۇپرىقىنى بۆسە قىلىش ئۈچۈن تەلپۈنمەكتە... پېقىر ئەنە شۇ ئاستانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا جانابىي ھەقنىڭ ئىبادىتىنى قىلىپ ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە رازىدۇرمەن. ئالىي خانىمىز ئۆزلىرى بولغايلا، قان تۆكمەك مۇتلەق جائىز ئەمەستۇر...

ھەق سۇبھانەھۇۋەتائالا ئۆز ياخشىلىقى ۋە ساخاۋىتى بىلەن ئالىي سۈپەت خان ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋۇجۇدىنى بارلىق بالايىئاپەتلەردىن ساقلىغاي، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر...»

مۇھەممەدئىمىن خان خەتنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئوقۇدى، خەتتىكى چىرايلىق مەدھىيىلەر، شېرىن ـ سۇخەن سۆزلەر گويا تاتلىق مېھرىگىياھ سۈيىدەك ئۇنىڭ ماختاشقا كۆنگەن يۈرىكىنى ئېللىتىپ، ۋۇجۇدىغا ھۇزۇر بېغىشلىدى. ئاپاق خوجىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدە بۇرۇنقى ئوبرازى بىلەن نامايان بولۇشقا باشلىدى.

«توغرا، رئېسىلدە خاتا يوق، بىئېسىلدە ۋاپا، — دېگەن گەپ جايىدا ئېيتىلغان، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئاپاق خوجىغا قايىل بولۇپ، — بۇنداق ئالىي نەسەبلىك، بىلىمى چوڭقۇر، ئەخلاقلىق ئادەملەر ئۆزىنى بىلىشكە، ئۆزىنى سوراشقا ماھىر بولىدۇ. ئاپاق خوجىمۇ بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتتىن ھوشىنى تېپىپتۇ. ئۇ راستىنلا سەلتەنەتنى تەرك ئېتىپ، تەرىقەتنى پاناھگاھ قىلىمەن دېسە، ئەلۋەتتە ئاستانىغا قايتىپ كېلىپ ئىشانلىقىنى قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، سەلتەنەت باشقا ئىش، تەرىقەت باشقا ئىش...»

ئۇ يەنە تۇرۇپلا ئۆز پىكرىدىن ئۆزى گۇمانلىنىپ قالدى. «مۇبادا، بۇ بىر ھىيلە ـ مىكىر، قىلتاق بولسىچۇ؟ — دېگەن خىياللارغا كەلدى ئۇ سەگەكلىشىپ، — ئۇ چاغدا ئوردىدىكى بەزى بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ئۇ توغرىدىكى پىكىرلىرى ھەق بولۇپ قالىدۇ، ئاخىر مەنمۇ لېۋىمنى

چىشلەپ قالىمەن. ياﺋاللا، مۇنداق غەپلەتتىن خۇدا ساقلىغاي...»

خان ئەنە شۇنداق گۇمان ۋە دىلغۇللۇق ئىچىدە ئاپاق خوجىنىڭ مەكتۇپىنى جىممىدە باستۇرۇپ قويدى، ئۇ ھەقتە ھېچكىمگىمۇ گەپ قىلمىدى، پەقەت ئۆزى ئويلاش، مۇلاھىزە قىلىش ۋە ئاپاق خوجىنى ئاستىرتىن كۆزىتىش بىلەن ئۆتتى. ئاپاق خوجىمۇ قەشقەردىكى «گۈلباغ» تۇرالغۇسىدا، خانغا يازغان خەتىنىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ، كىتاب مۇتائىلە قىلىش بىلەن جىم ياشىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە، يۇرىكى تۇيغۇن ئاپاق خوجا مۇھەممەد ئىمىن خانغا ئىككىنچى مەكتۇپىنى يازدى. بۇنى ئۇ «سىنچايدىن كېيىنكى مەززىلىك تائام» دەپ ئاتىدى. دېگەندەك، بۇ «مەززىلىك تائام» مۇھەممەدئىمىن خانغا بەكمۇ ياقتى. ئىككىنچى مەكتۇپتا مۇنداق گەپلەر يېزىلغانىدى:

«... ئۇلۇغ شاھىم! سەلتەنەتلىرى بەر قارار، ئەدلى ـ ئادالەتلىرى تىللاردا داستان بولسۇن! ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە ھەر ۋاقىت قايىم تۇرماق پېقىر ئۈچۈن شەرەپتۇر. ئاجىزە ھەمشىرىلىرىنى ئەمرىمگە ئېلىپ، ئۆزلىرىگە خۇدايى ھەمراھ بولماق ماڭا خۇدايىتائالا تەرىپىدىن زاھىر بولدى. پېقىر سابىت قەدەم، سادىق نىيەت، ساپ تەبىئەت ۋە پىتەرلىك ئىرادە بىلەن ئۆزلىرىگە بۇ تەلەپنى قويدى. ئىنشائاللا، سىلىنىڭ سەلتەنەت سايىلىرى باش ئۈستىمىزدە قىيامەتكىچە داۋام قىلغاي. بۇ كەلىمەلەرنىڭ زىكرى ۋە تەسىرى بىلەن دوستلار ۋە مۇخلىسلارنىڭ تىل ـ قۇلاقلىرى مۇنەۋۋەر[1] ۋە مۇئەتتەر[2] بولغاي!...»

بۇ خەت مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانلارنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئاپاق خوجىنىڭ دوستلۇق، بۇرادەرلىكتىن ھالقىپ، ئەمدى تۇغقان بولۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكى ئۇنى خېلى خاتىرجەم ھالەتكە

① مۇنەۋۋەر ــ نۇرلۇق، روشەن، پارلاق.
② مۇئەتتەر ــ خۇش پۇراق، خۇشبۇي.

كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇھەممەدئىمىن خان ئاپاق خوجىنىڭ
ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولىدىغانلىقى ئاللادىن كەلگەن بېشارەت ئىكەنلىكىگە
شۈبھى قىلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ سىڭلىسى بىبى مۆھتەرەم خېنىم
ئاللىقاچان ياتلىق بولۇش يېشىدىن ھالقىپ، يىگىرمە نەچچە ياشلارغا
بېرىپ قالغان، تۇرغۇن ئەلچىلەرنى ياندۇرۇپ، مۇھەممەدئىمىن خانىنـ
مۇ بىزار قىلغان، «ئەركەك جىنى بار» قىز ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئەرەنچە
ياسىنىپ شىكارغا چىقاتتى، قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلاتتى. ئۇنىڭ
تۇمشۇقى ئاق، يۈزى چىرايلىق بولغان بىلەن، مىجەزى ئوسال، قىلىقى
سەت ئىدى. ئۇ ئاچچىقى كەلسە، غەزەپلەنسە، خاپا قىلغان ئادەمنىڭ
كاللىسىنى ئېلىشتىن يانمايدىغان بەتخۇي، بىشەم قىز ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە، چاچ ـ ساقىلى ئاقىرىشقا باشلىغان ئاپاق خوجىنىڭ
ئەنە شۇنداق بىر قىزنى ئەمرىگە ئالىمەن دەپ چىقىشى — ھەقىقەـ
تەنمۇ ئاللانىڭ بېشارىتى، غايىبتىن كەلگەن نىكاھ ئىدى. شۇڭا،
مۇھەممەدئىمىن خان ئاپاق خوجىنىڭ بۇ مەكتۇپىغا تېزلا جاۋاب خەت
قايتۇردى ۋە بىبى مۆھتەرەم خېنىمغا ئەلچى ئەۋەتسە بولىدىغانلىقى
توغرىسىدا ئاغزاكى پەرمان چۈشەردى. لېكىن، بۇ خەۋەر ئوردىغا
تارقالغاندىن كېيىن، يەنىلا ئاز ـ تولا غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. بەزىلەر
بۇنى «ئاپاق خوجىنىڭ ھىيلە ـ مىكرى» دەپ نارازى بولۇشتى. قۇبات
مىرزابەگ ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىنى يىغىنچاقلاپ خانغا
يەتكۈزدى. خان ئۇنىڭ بىلەن ئاقسارايىنىڭ يېنىدىكى قوبۇلخانىدا
ئايرىم سۆزلەشتى.

— خان ئالىيلىرى، ئاقىل كىشى دۈشمەن ھىيلىسىگە ئىلتىپات
قىلماسلىق كېرەك، — دېدى قۇبات مىرزا بەگ ئوچۇق كۆڭۈللۈك
بىلەن، — دانا دۈشمەن ئۆزىنى ئوڭلاپ ئالماق ئۈچۈن يۇمشاقلىق
كۆرسىتىدۇ، شېرىن ـ سۇخەن سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ
ئاستىدا تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىر يوشۇرۇنغان بولىدۇ. شۇ مۇقەررەركى،

مىنىڭ دوست ئاز، بىر دۈشمەن كۆپتۇر، ئويلاپ ئىش قىلغايلا!...

مۇھەممەدئىمىن خان بىر پەس سۈكۈتتە ئولتۇردى، كېيىن خىيال بىلەن يۇمۇلغان كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ، قۇبات مىرزا بەگكە مۇنداق دېدى:

— مەن بۇ ئىشنى كۆپ ئويلاندىم، بۇ خەت ئاپاق خوجىنىڭ تۇنجى خېتى ئەمەس، بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن بىر خەت يازغان، مەن شۇ چاغدا ئۇنى نۇرغۇن گۇمانىي خىياللار بىلەن باستۇرۇپ قويغان. ئەمدى ئويلاپ قارىسام، گۇمانلىرىم بىھۇدە ئىكەن. ئاللانىڭ ۋەلىلىرىگە نىسبەتەن جاھىللىق ۋە نادانلىق بىلەن قىلغان ھەرقانداق ئىش ناھايىتى يامان ئاقىۋەت تۇغدۇرىدۇ. بىزنىڭ ئىچىمىزنىڭ يامانلىقى ھەقنىڭ خاسلىرىغا روشەندۇر. ئاللاتائالا: «مېنىڭ ئەۋلىيالىرىم پەردە ئىچىدە، ئۇلارنى مەندىن باشقىسى تونۇمايدۇ»[1] دېگەن. ئاپاق خوجا پەردە ئىچىدىكى ئەۋلىيالاردىن، ئۇنىڭ كۆڭلى نېمىنى خالىسا، شۇنداق بولىدۇ. شۇڭا، بۇنداق زاتلارغا گۇمان ۋە ھاقارەت كۆزى بىلەن قاراشقا بولمايدۇ، ئۇنداق ئادەملەرنى تەگلىكتە قويۇش مۇناسىپ ئەمەس، ئەۋلىيالارنىڭ تەك دىل بولۇشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك! ئى بۇرادەر ئەزىز، ئۇلۇغ ئادەملەرنى ھاياتلىق ئالىمىدە كىشىلەر ياخشى تونۇيالمايدۇ. چۈنكى، ئادەمنى تونۇش قىيىن، يۇرۇش - تۇرۇشتا، يەپ - ئىچىشتە ئوخشاش بولغانلىقتىن قارايدۇكى، ئۇلارمۇ يەپ - ئىچىدۇ، لېكىن يەپ - ئىچىشتە پەرق بار، ئۇلار يەيدۇ، ئىچىدۇ، نۇر بولىدۇ:

«ئۇ بىرى يېسە بولۇر نۇرى ئەھەد،[2]
بۇ يېسە بولغاي بوتۇن بوغزۇ ھەسەد...[3]»

---

① پارسچە «ھىدايەتنامە»، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 78 - بەت.

② ئەھەد — خۇدانىڭ نام، سۈپىتى.

③ ھەسەد — قىزغىنىش، كۆرەلمەسلىك.

دېگەن مەسنەۋى ئەنە شۇنىڭغا قارىتىلغان. بىر كىشىنىڭ كۆڭلى رەقىبتىن ئازار يېسە، كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئاداۋەت ئىزلىرى، غۇم ساقلاش باقىي قالىدۇ. ئۇلۇغلار ئېيتىپتۇ: «دوست قانچە كۆپ بولسا، بالايىئاپەتنىڭ ھۇجۇمى شۇنچە ئازىيىدۇ، ۋاپا ـ مېھىر نەدە كۆپ بولسا، شۇ يەردە ھۇزۇر سايا كۆپىيىدۇ...»

قوبۇلخانىدىكى سۆھبەت خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. قۇبات مىرزا بەگ خاننىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئەقلەن قوبۇل قىلالمىسىمۇ، لېكىن ئىتائەت ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا يول قويدى ۋە ئۆز پىكرىنى قايتا تەكىتلىمىدى. ئۇ خاننىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئاپاق خوجىغا بولغان ئېتىقادىنى، تەسىرىنى ۋە ئۇنى ھەقىقىي ئەۋلىيا دەپ چوقۇنىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندى. بۇ ھالدا ھەرقانداق يوللۇق، ياخشى گەپلەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلىشى ناتايىن ئىدى. شۇڭا، قۇبات مىرزا بەگ خان بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئۇنىڭ رايى بويىچە ئاخىرلاشتۇردى.

*　　　*　　　*

بى بى مۆھتەرەم خېنىمغا ئەلچى ماڭغۇزۇش تەرەددۇتى باشلاندى. ئاپاق خوجا بۇنىڭغا ئەڭ مۇۋاپىق دەپ، مەۋلانە موللا نەقىنى تاللىدى. قەشقەردە تۇغۇلغان، «تۆگە» لەقەملىك، مۇلايىم تەبىئەتلىك، يۇمشاق تىللىق بۇ ئادەمنى ئاپاق خوجا «قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ساھىب ماقام، كارامەت ئىگىسى» دەپ بىلەتتى. ئۇ «نەزمىي تەرىق»[1] دېگەن كىتابچىنىڭ مۇئەللىپى ئىدى.

ئاپاق خوجا بىلەن ئۇلۇغ موللام ئۇنى ياز ئايلىرىنىڭ چىرايلىق بىر ئەتىگەنلىكى ياخشى تىلەك ـ ئارزۇلار بىلەن قەشقەردىن يەكەنگە يولغا سالدى.

---

① نەزمىي تەرىق — تەرىقەت يولىنىڭ نەزمىسى.

مەۋلانە موللا نەقى ئۆلاردىن ئايرىلىپ، بەش كۈندىن كېيىن، بىبى مۆھتەرەم خېنىمنىڭ چار بېغىدا پەيدا بولدى. بۇ ئىشلاردىن ئاللـ-قاچان خەۋەر تاپقان قىزنىڭ چۆرە - دېدەكلىرى موللا نەقىنى مېھمان-خانىغا باشلاپ، مەلىكىگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن چۇرقىرىشىپ چىقىپ كەتتى.

بىر چاغدا، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، شوخ، مەغرۇر بىر قىز شەھلا كۆزلىرىدىن ئۇچقۇنلار چېچىپ، بويىدىن مۇشكى ئەنبەر پۇرد-تىپ مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئۆزى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان چىملدىق ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردى. موللا نەقى بىلەن قىزنى نېپىز شايى پەردە ئايرىپ تۇراتتى.

موللا نەقى ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغا سالام بەجا كەلتۈردى ۋە كۆزد-نىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا سەپسالدى. قىزنىڭ ئاپئاق بۇلۇت ئارىسىدا ئۆرۈپ يۈرگەن تولۇن ئايدەك قىزارغان يۈزى يىپەك رومال ئىچىدە ئوتتەك يېنىپ، ئەيمەنگەن كۆزلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ تارتاتتى. ئۇنىڭ بەش ئەزايى راۋۇرۇس، بىر جۈپ تىنىق كۆزى خۇددى بىر جۈپ جاۋاھىر تاشئالمىدەك، بويىدا چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت، مارجان ۋە يېشىل رەڭ جىلۋە قىلىپ تۇرغان ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈكى بىلەن رەڭ ۋە ھۆسن تالىشىپ تۇراتتى. زىننەت بۇيۇملىرىغا ئوخشاش، گىرىملىرىمۇ ئۆزىگە شۇنداق ياراشقانىدى : قاشلىرىغا كۆپكۆك ئوسما قويۇلغان، كۆزلىرى سۈرمىدىن قاپقارا، خېنە ياققان قوللىرى سېرىق ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن سىگىشىپ كەتكەنىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە چېھرىدىكى سىرلىق كۈلكىسى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى.

موللا نەقى دەرھال قىزدىن كۆزىنى ئۈزۈپ يەرگە قارىغان پېتى ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى قىسقىچە چۈشەندۈردى، ئاندىن قويىنىدىن قىزىل دۇخاۋىغا ئورالغان كىچىككىنە خەتنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ قىزغا سۇندى، قىز شايى پەردىنىڭ بىر چېتىنى قايرىپ ئامانەتنى

قولىغا ئالدى. بۇ ئاپاق خوجىنىڭ بىبى مۆھتەرەم خېنىمغا يازغان تۇنجى مۇھەببەتنامىسى ئىدى.

قىز خەتكە مەنىستىمىگەندەك نەزەردە كۆز يۈگۈرتتى. خەت ھە دېگەندىلا مۇنداق چىرايلىق گەپلەر بىلەن باشلانغانىدى:

«ئى قىبلەگاھ! ئاكىڭىز شاھ ئالىيلىرىنىڭ پېقىر نامىگە مېھرىبانلىق ۋە دىل سوراش يۈزىسىدىن يېزىلغان زوق ئارىلاش، شەۋق قوزغار مەكتۇپنامىسى يېتىپ كېلىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇندى، خۇشلۇق ئۈستىگە خۇشلۇق ھاسىل بولۇپ، غەملىك كۆڭۈللەر شادىمان بولدى... ئاللاتائالا سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزنى دىلىمغا سايتۇ. ھېچبىر بەندە ئەزىلىي قىسمەتتىن، ئاللانىڭ ئىرادىسىدىن غەيرىي ئىش قىلالمايدۇ. مەن سىزنىڭ ئاللا نېسىپ قىلغان بۇ يۈرەك سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئىستەر ئىدىم:

چۇشۇمدە روي زىباسى كۆرۈندى،
ئاشىق جاندىن سەبىر تاقەت ئېلىندى.
تېنىمدا تەپ، دىلىمدا تاب ئۇنىڭدىن،
كۆزۈمدۇر غەرقى بىر خۇناپ ئۇنىڭدىن.
ئالەمدىكى قىبلەگاھىم، جايىم ئۇدۇر،
جېنىم بولسۇن پىداسى، جانانىم ئۇدۇر...

بىبى مۆھتەرەم خېنىم خەتنى تۇتقان پېتى ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ قوللىرى سېزىلەرلىك تىترەۋاتاتتى، قەلبىنى مۇڭلۇق كۈيدەك ئىللىق بىر تۇيغۇ بەند قىلىۋالغانىدى. ئۇ شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆز تۇرمۇشى، تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى توغرىسىدا بۇنچىلىك تەسىرلىك گەپلەرنى، باشقىلارنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، موللا نەقىنىڭ چىرايلىق، سىپايە سۆزلىرى ئۇنى تېخىمۇ

مۇ ھاياجانغا سېلىپ قويدى :

— خانقىز ، بىزنىڭ ھەزرىتى ئىشانىمىز ئىشق ـ مۇھەببەتكە تولغان ئالىي نەسەب بىر زات ، — دېدى ئۇ ۋەزمىن ئاۋازدا ، — ھەممىشە بىزگە مۇنداق دەيتتى : مۇھەببەت جەۋھىرى بىر ئېسىل جەۋھەردۇر ، ئۇ ھەر دەريادا توختىمايدۇ ، ئۇ شۇنداق ئەزىز بىر رەيھانكى ، ھەر بوستاندا ئۈنمەيدۇ ، ئالىي ھىممەت بىر قۇشكى ، ھەر شاختا ئاشيانە قۇرمايدۇ . مۇھەببەتنىڭ شارابى زەھەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان ، جاپا تىكىنىگە چىدىيالمايدىغان ئادەم مۇھەببەت شارابى چۆرىسىگە يولىماسلىقى كېرەك ... ئاللاتائالا سىزنى ئۇ زاتقا چۈشىدە كۆرسىتىپتۇ . خانقىز ، بۇ سىزنىڭ بەخت ـ ئىقبالىڭىزدىن دېرەك بېرىدۇ . كىمكى بۇ پىر ـ ئەۋلىيالارنىڭ كەمتىرىن خادىملىرىغا ئۇلانسا ، ئىككى جاھانلىق مەقسەتلىرىگە يېتىدۇ . كىمكى مۇسۇلمان تۇغۇلۇپ ، مۇسۇلمان ئۆلۈشنى خالىسا ۋە ھەقنىڭ رەھمىتىگە يېتىشنى ئويلىسا ، مۇشۇ خانىدانغا ئېسىلىشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، ئۇلار ئەھلۇللانى تېپىپ ، يامان سۈپەتلىرى ياخشى سۈپەتكە ئۆزگىرىدۇ ، خۇدا ھەممە نەرسىگە دانا گۇۋاھتۇر ! ...

بى بى مۆھتەرەم خېنىم ئاپاق خوجا توغرىسىدا بۇرۇنمۇ نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدى . ئۇنىڭ نۇرغۇن ئادەملەر چوقۇنىدىغان كاتتا ئىشان ، كەشپۇ كارامەتلىك پىر ـ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى ئەقلەن ھېس قىلسىمۇ ، لېكىن ئۇنى كۆرۈپ باقمىغانىدى . شۇڭا ، دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ ساددا كۆڭلىدىن «بۇ كاتتا زات ياشمىدۇر ـ قېرىمىدۇر ؟ قاۋۇلمىدۇر ـ ئاۋاقمىدۇر ؟ ئېگىزمىدۇر ـ پاكارمىدۇر ؟ ...» دېگەندەك خىياللار ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ، ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلىدە ئويلاپ يۈرگەن گەپلەرنى ئېيتتى ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ، بۇ ئۇنىڭ ئاپاق خوجىغا قويغان سىنىقى ئىدى .

— مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەس قىلىپ ،

لېكىن ئۇنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازىدا بىر خىل لەززەت ۋە بېسىلغۇسىز خۇمارلىق بار ئىدى، — سىلى ئاپاق خوجامغا يەتكۈز سىلە. مۇبادا، قوبۇل تۇتسا، ئاندىن ئۇل زاتنىڭ خىزمىتىدە بولسام...

— قېنى، ئېيتقايلا خانقىز، — دېدى موللا نەقى، — قولىقىم سىلىدە، شەرتلىرىنى ھەزرىتى ئىشانغا ئەينەن يەتكۈزگەيمەن.

— بىرىنچى شەرتىم شۇكى، — دەپ گېپىنى باشلىدى بى بى مۆھتەرەم خېنىم، — بىرەر كىشىگە غەزەپ قىلسام، ئاسانلىقچە گۇناھىدىن ئۆتمەيمەن، بۇنداق چاغدا ئارىغا چۈشمىسە؛ ئىككىنچى شەرتىم، مېنىڭ پادىشاھزادە تۇغقانلىرىم بار، ئۇلارغا ھەر نەرسە بەرسەم، ئىنئام قىلسام، ئۇنى قىسسۇئال قىلماي بەرسە، كارى بولمىسا؛ ئۈچىنچى شەرتىم، پېشقەدەم ئۆلىما ـ ئالىملاردىن ئاڭلىشىمچە، بۇ دۇنياغا ھەزرىتى مۇھەممەد سەللاللاھۇئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ ۋەلىلىرى كېلەرمىش. ئەنە شۇ ۋەلىلەرنىڭ سۇلتانى، ئەۋلىيالارنىڭ ئۇۋۋەيسى[1] مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن زۆھۇر[2] غا كەلسە، جان ـ دىلىمنى، مال ـ دۇنيايىمنى شۇنىڭ يوللىرىغا سەرپ قىلسام، مۇرادىم ھاسىل بولىدۇ!...

بى بى مۆھتەرەم خېنىم شۇ گەپلەرنى قىلىپلا، موللا نەقىگە خوش ئېيتىپ مېھمانخانىدىن چىقتى، دەھلىزدە كۈتۈپ تۇرغان بىر نەچچە چۆرە قىزلار چۇرقىرىشىپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى ۋە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ئۇنى تەبرىكلەپ، توي خۇشاللىقى توغرىسىدا سۆزلىشىپ كەتتى.

— بولدى قىلىڭلار، قىزلار، — دېدى بى بى مۆھتەرەم خېنىم ئۇلارغا كايىغاندەك قىلىپ، — توي قىلىپ، ئۆي تۇتۇپ تويىمىز تېخى. ئەرنى كۆتۈش، بالا تۇغۇش، ئۆينىڭ تۆگمەس ئىشلىرى دېگەنلەر ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى، ياشلىق باھارىنى ئوغرىلاپ قاچىدـ

---

① ئۇۋۋەيسى — چوڭى، نوچىسى.
② زۆھۇر — تۆرىلىش، دۇنياغا كېلىش.

دىغان يالماۋۇز!

بۇ گەپلەر راستتىنلا ئۇنىڭ يۈرەك سۆزى ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق قاراش ۋە مۇشۇنداق ئەقىدە بىلەن نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى. ئەمدى بۇ قېتىمقى پۇرسەتنىمۇ ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ئاكىسى ئالدىدا پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئاپاق خوجىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتكە تولغان سۆيگۈ خېتى ئۇنىڭ يۇمران ۋە تەشنا قەلبىگە ئورنىشىپ، ئۇنى تۇرمۇشنىڭ ئۆزى تېخى كۆرۈپ باقمىغان سىرلىق ئالىمى ئىچىگە سۆرەپ كېتىۋاتاتتى...

مەۋلانە موللا نەقى ئەلچىلىككە بارغانىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى، بى بى مۆھتەرەم خېنىم سوۋغا قىلغان «ئۈچ شەرت» نى كۆتۈرۈپ قەشقەرگە قايتتى.

بۇ شەرتلەر، بولۇپمۇ، ئۈچىنچى شەرت ئۇنىڭ نەزىرىدە، خۇددى «بەرمەس قىزنىڭ تويلۇقى ئېغىر» دېگەندەك، بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان مۇشكۈل ئىش ئىدى. ئەمما، نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ بۇ ئامانەتنى ئەينەن يەتكۈزمىسە بولمايتتى.

مەۋلانە موللا نەقى ئالدى بىلەن ئاپاق خوجىغا بى بى مۆھتەرەم خېنىمنىڭ ھۆسن ـ جامالى جەھەتتىكى تەرىپىنى قىلىپ بەردى. بۇ چاغقىچە ئۆزى غايىۋانە تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەن قىزنىڭ ئۆزى ئويلىغاندىنمۇ گۈزەل، لېۋەن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاپاق خوجىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى، كۆزلىرى بولسا، يوشۇرۇن شەھۋانە تۇيغۇدىن پارقىراپ كەتتى. لېكىن، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىغان بۇ قاغدالما ئىشان دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، مۇخلىسلىرى ئالدىدا بۇرۇنقىدەكلا سۇرلۇك ۋە جىددىي قىياپەتكە كىرىۋالدى ۋە :

— ئالدىنقى ئىككى شەرتكە مەن رازى، قولۇمدىن كېلىدۇ، — دېدى بىردەملىك جىملىقتىن كېيىن تەمكىنلىك ئىچىدە، — ئەمما، ئۈچىنچى شەرتى مۇشكۈل، بۇنداق ئىشنىڭ ھەل بولمىقى تەستۇر، زۆھرەي ئەۋلىيا كەلمەك خۇدايىتائالانىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى بىلەن بولىدىغان

ئىش، مەن بۇنىڭغا ئاجىز، بى بى مۆھتەرەم خېنىمنىڭ بىزنى مۇنداق تەس كېچىككە سالغانلىقى نېمىسى؟!...

لېكىن، ئۇ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇلۇغ موللام بىلەن موللا نەقىگە ئاجايىپ بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى :

— ئىشقى بار دىل — بۇ دۇنيادا ئۇلۇغ دىلدۇر! — دېدى ئۇ مۇخلىسلىرىغا هاياجانلىنىپ، — بەندىگە تەس بولغان بىلەن خۇداغا ئاسان ئىكەن، تۈنۈگۈن كېچە هەزرىتى مۇهەممەد سەللاللاهۇۋەسسەلەمگە تەۋەججۇھ قىلىۋىدىم، سەللاللاهۇۋەسسەللەم كۆز ئالدىمدا هازىر بولدى ۋە : «ئەي پەرزەنت، مالال بولماڭ، بۇ ئىش سىزدىن مۇيەسسەر بولغۇسىدۇر » دەپ بېشارەت بېرىپ، ئالدىمدىن غايىب بولدى. ئەمدى بى بى مۆھتەرەم خېنىمغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈڭ، مەۋلانە موللا نەقى، زۆهۇرى ۋەلىيۇللا بىزدىن كەلگۇسىدۇر...

«خۇش خەۋەر » چاقماق تېزلىكىدە يەتكۈزۈلدى، بى بى مۆھتەرەم خېنىم موللا نەقىگە زەرباب تون كىيدۈرۈپ سۆيۈنچە بەردى، شۈكۈرانىسى ئۈچۈن ئىككى رەكەت ناماز ئادا قىلدى. مۇهەممەدئىمىن خانمۇ «ئىش ئېپىگە كەلگەندە، غەيرەتنى بوشاشتۇرماسلىق كېرەك » دېگەن ئەقىدىسى بويىچە، دەرهال تويغا تۇتۇش قىلدى ۋە بىر هەپتىدىن كېيىن، تەرەپ ـ تەرەپلەرگە قازان ئېسىلىپ، مىڭلىغان كالا ـ قويلارنىڭ كاللىسى كېسىلىپ، ناغرا ـ سۇناي، دەهۇل ـ دۇمباقلارنىڭ ساداسى ئىچىدە شاهانە توي ئۆتكۈزۈلدى...

## ئۈچىنچى باب

# قانغا بويالغان يىگىرمە بىرىنچى جۈمە

### 1

چوڭ خانىقا ئالدىدا ئالىمان كۆپ ئىدى. قارىغاندا، ئۇلار ئىچكىرىگە كىرەلمىگەن، شۇ سەۋەبتىن توپ ـ توپى بىلەن رۇخسەت كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. بىر تەرەپتە ھاجەتمەن پەرەنجىلىك ئاياللار، بىر ياندا شىپا تىلەپ كەلگەن كېسەللەر ئىچكىرىگە قاراپ ئىنتىلەتتى، ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى زىيارەتچىلەر ۋە ھەپتىسىگە ئىككى كۈن تارقىتىلىدىغان تاماقتىن ئۈمىدۋار ئاچ يېتىم ـ يېسىرلار بىتاقەت بولۇپ تۇرۇشاتتى.

بۈگۈن چارشەنبە خانىقانىڭ بەزمە كۈنى بولۇپ، ھەپتىنىڭ پەقەت شۇ كۈنىلا پىر ـ ئەۋلىيا ئاپاق خوجا قەدەم تەشرىپ قىلاتتى. شۇڭا، بۇ كۈنى يەرۇ كۆككە ئادەم سىغماي كېتەتتى.

ئاپاق خوجا بى بى مۆھتەرەم خېنىمغا ئۆيلىنىپ، مۇھەممەدئىمىن خان بىلەن قۇدا ـ باجا بولغاندىن كېيىن، پايتەختتىكى ئابرۇيى يەنە بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇھەممەدئىمىن خان بىلەن «ھاكىمىيەتكە ئارىلاشماسلىق، پەقەت ھەر جۈمە كۈنى جاماـ ئەتكە ئىماملىق قىلىپ، باشقا ۋاقىتتا ئۆز ئىبادىتىدە بولۇش» كېلىشىمى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۈلۈك پائالىيىتى يەنە جانلىنىپ كەتتى. كىشىلەر تەرىپىدىن «جۈمە كۈنى شەھەرنى شىرىك سوراش كېلىـ

شىمى » دەپ ئاتالغان بۇ كىيلىشىم ئۇنى خېلى چوڭ ئىمتىياز ۋە پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتكەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى، بولۇپمۇ چارشەنبە كۈنى خانىقالاردا بولىدىغان «ئۆز ئىبادىتى» نامىدىكى جەھرە ـ ساما پائالىيىتىدە، ۋەزخانلىق بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە مايىل قىلىش ۋە مۇرىت كۆپەيتىشنى جىددىي ئېلىپ باردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ سۆزمەن ۋائىز مۇخلىسلىرى ھەممە يەردە: «ھەزرىتى ئەۋلىيا ئىشانىنىڭ نەپسى ئەيسا پەيغەمبەردەك، ئۇنىڭ مۇبارەك نەپسىگە مۇيەسسەر بولغان ھەرقانداق كېسەل دەرھال شىپا تاپىدۇ. تەرىقەت ئۇلۇغلىرى شۇنداق بۈيرۈردۇرلەركى، ئارىق ـ ئەۋلىيالاردا ھەممە ئۆلۈكلەرنى بىر يولىلا تىرىلدۈرگۈدەك كۈچ ـ قۇدرەت باردۇر. ئەمما لېكىن، ئاللانىڭ سۈننىتى بۇنداق جارى بولمىغاندۇر! ۋادەرىخ... بىز قايسى تىل بىلەن پىر ـ ئۇستازنىڭ تەۋسىپلىرىنى سۆزلەپ تۈگىتەلەيمىز، قايسى ئىبادەت بىلەن ئۇنىڭ ئىشتىياق شەرھىيىنى ئادا قىلالايمىز؟!...» دەپ سۆزلىشىپ، نادان، ئاجىز خەلقنىڭ نەزىرىدە، ئاپاق خوجىنى گويا ھەممە پېشكەل، پالاكەتچىلىكتىن قۇتقۇزغۇچى نىجات يۇلتۇزى قىلىپ كۆرسىتىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ھەر يەر ـ ھەر يەردىن كەلگەن كېسەل، ئاجىز مېيىپلارمۇ بۇ «قۇتقۇزغۇچى ئەۋلىيا» نىڭ دەم سېلىپ قويۇشىنى، دەمىدە قىلىپ بېرىشىنى تىلەپ، كۈنلەپ ـ كۈنلەپ ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا باش قويۇپ ياتاتتى.

بۈگۈن چارشەنبە كۈنى بولغاچقا، خانىقادا ئادەملەر ئەنە شۇنداق كۆپ ئىدى. چوڭ ئاشخانا ئوتتۇرىسىدىكى تۆۋى ئالتۇندىن سوقۇلغان داش قازانغا ئوت يېقىلغانىدى. خانىقانىڭ كاتتا ھويلىسىدىكى ئۆرۈك، شاپتۇل ۋە گىلاس دەرەخلىرىنىڭ سايىسى ئاستىدىكى يېشىل مايسىلىق يەرلەرگە زىلچا ـ گىلەملەر سېلىنىپ، كۆرپە ـ يېكەندازلار يېيىلغانىدى.

ئاشخانىدىن تەرلەپ ـ پىشىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى مايلاپ كېكىرىشىپ چىققان سوپى ـ دەرۋىشلەر دەرەخلەر سايىسىدە

يانپاشلاپ، چىلىم تارتقاچ تاماق سىگدۈرۈۋاتاتتى.

پېشىن نامىزىدىن يانغان نامازخانلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ خانىقا ھويلىسىغا كىرىشكە باشلىدى. خانىقانىڭ كەڭتاشا جەھرە ـ ساماخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ تۆرىدىكى خىشتىن قوپۇرۇلغان شاھ سۇپىسىغا گىلەم سېلىنغانىدى.

بىر نەچچە خاس مۇرىتلىرىنىڭ «پوش ـ پوش» لىرى ئىچىدە زىكىرخانىدىن چىقىپ كەلگەن ئاپاق خوجا بىر تۇپ باراقسان ئۆرۈك دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان شاھ سۇپىسىدىكى تەتىللا يېكەنداز ئۈستىگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى.

ئۇ بۈگۈن ئىشانلىق كىيىمى ــ ئىخچام ھاۋارەڭ سەللە ۋە كىرتىك ياقىلىق ئاق شايە كۆڭلەك ئۈستىدىن كالتە يەڭ يېشىل خىرقە[1] كىيگەنىدى. ئۇ تۆت تەرىپىگە نەزەر تاشلاپ، شاھ سۇپىسىدا سالاپەت بىلەن گىدىيىپ ئولتۇراتتى. چاچ ـ ساقاللىرى چارلاشقان ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق يۈزلۈك بۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىن بەزىدە خۇشخۇيلۇقى چىقىپ تۇراتتى، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن بولسا، ھەمىشە بىر خىل ئويچانلىق ۋە ھۆكۈمرانلىق نەزىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ۋە ئارقىسىدا بىر تۈركۈم سادىق مۇرىتلىرى ئىتائەتكارلىق بىلەن قول باغلاپ تۇراتتى.

ئاپاق خوجا ئولتۇرۇشى بىلەن، دۈپۈرلەپ ئۆرە ـ تۆپە بولغان كىشىلەر بىر ـ بىرىنى قىستىشىپ ئالدىغا ــ ئاپاق خوجىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يېقىنلىششقا ئىنتىلەتتى. ئاپاق خوجا ئۆز ئەتراپىدا تۇرغان سانجاق ـ سانجاق كىشىلەر ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى:

ــ ئىلاھا ئامىن، ئاللاتائالا سۇلۇكىمىزگە مەدەت، ئىمانىمىزغا قۇۋۋەت بەرسۇن، ئاللاھۇ ئەكبەر!

يەر ـ ئاسماننى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك نەچچە يۈز ئاۋاز تەڭلا

[1] خىرقە ــ ئىشانچە كىيىم.

گۆرۈلدەپ، ئاپاق خوجىغا سادا قوشتى.

سورۇن جىمىغاندىن كېيىن، شاھ سۈپىسىنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان مىرزا شاھ خوجا بىرنەچچە قەدەم ئالدىغا كېلىپ، جامائەتكە يۈزلەندى، ئۇ ھاۋانىڭ شۇنچە ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي، چۇپۇر چاچ بېشىغا ئېگىز كۇلاھ كىيىپ، كۇلاھنىڭ ئۇستىدىن سارغۇچ سىماۋى سەللە ئورىۋالغانىدى. ئۇچىسىدا مەللەرەڭ ئىشانچە تون بار ئىدى. ئۇ ھەمىشە بۇنداق چوڭ سورۇنلاردا، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي شېئىرىي نەزم ئوقۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ ماختىشىغا، سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئىلھامى قوزغىلىپ ھاياجانغا كەلگەنىدى. جامائەتمۇ ئۇنىڭ شاھ سۈپىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان ئېگىز، ئورۇق بەستىگە ۋە قىزارغان كۆزلىرى بىلەن ئۆمەللىنىپ تۇرغان ئاغزىغا قاراپ بىرەر نەرسە ئوقۇيدۇ، دېگەن ئىشەنچ بىلەن جىم تۇرۇشاتتى. راست دېگەندەك، ئۇ ھايال ئۆتمەي گەۋدىسىنى كېرىپ، قوللىرىنى يايدى، ئاۋازىنى رىتىم ۋە قىرائەتكە كەلتۈرۈپ ياڭراق سادا بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ئوچۇق، سۆزلىرى راۋان، ئاۋازى يېقىملىق ۋە دولقۇنلۇق ئىدى:

مەسنەۋى ئېيتىپ ھىدايەت ئەيلىگەي ئاپاق خوجام،
قاتمۇ قات پايىدا[1] ياتقان بەندىلەر نالەندىدۇر.
سۈلۈكى ئىشراقى ئىشقىيە تۇتارلار روھىنى،
كاشىغەرۇ، ھىندى، خوتەننىڭ تەختى ئول خاقاندىدۇر.

شېئىر تۈگىشى بىلەن تەشەككۈر ـ تەسەننا سادالىرى تەر پۇراپ كەتكەن خانىقا ئىچىنى بىر ئالدى.

مىرزا شاھ خوجىنىڭ نەزمىسى گويا باشلىنىش بۇيرۇقىدەك، بىردىنلا كەڭرى سەينادا جەھرە ـ ساما باشلىنىپ كەتتى. سوپى ـ

① پايە ـــ پەلەمپەي، باسقۇچ.

دەرۋىشلەر باشلىرىنى ئالدى ـ ئارقىغا تاشلاپ، ھەۋەس ھەم جەزبە بىلەن ساما سالاتتى. بابايى زەڭگى ئىسىملىك قىرىسال بىر سوپى دوناي ھاسىسىنى يەرگە دوق ـ دوق ئۇرۇپ قويۇپ ھۆكمەت ئېيتاتتى. باشقىلار ئۇنىڭ نەقىراتىنى تەكرارلاپ ئوقۇيتتى ۋە «يائاللاھۇم، يائاللا » بىلەن بەزىسى چالا بوغۇزلانغان قۇشتەك داق يەردە يۇملايتتى، بەزىسى ئويۇنچى كەپتەردەك چەرخ ئۇراتتى، بەزىسى ھەسرەت ـ نادامەتتىن يېشىنى تۆكەتتى ۋە بەزىسى ياقىسىنى يىرتىپ نالە قىلاتتى...

ئاپاق خوجىمۇ ئۆزىنى باسالماي ساماغا چۈشتى، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا، بىر چەتتە تۇرغان چىلگە مەخسۇملارمۇ ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ، لەرزان تەۋرىنىپ جەھرە سېلىشقا باشلىدى:

ئۇشۇل تونى كىيەر بولساڭ،
ياقاسى يا يەڭلىرى يوقتۇر.
ئۇشۇل ئۆيگە كىرەر بولساڭ،
ئىشىكى يا تۈڭلۈكى يوقتۇر.
يائاللا ھۇم... يائاللا ... ھۇم... ھۇم يائاللا ...

ئاپاق خوجا بىرنەچچە دەۋر ئايلىنىپلا ئىسسىقتىن ھاسىراپ قالدى، كىيىملىرىمۇ تەردىن چۆپ ـ چۆپ بولۇپ كەتتى، ئىسەن بۇقا بىلەن موللا شاھباز ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ شاھ سۇپىسىغا چىقىرىپ قويدى. ئۇ تەرلىرىنى سۈرتكەچ ھاسىراپ تۇرۇپ، يېنىدىكى مۇخلىسلىرىغا مۇنداق دېدى:

ـــ ساما بەندىگە ھەقنىڭ نىداسىدۇر، بەزىلەر سامانى ئىنكار قىلىپ كاتتا خاتا قىلىدۇ. بىر ئادەم نىجاسەت بىلەن بۇلغانسا، ئۆزىدە پاسكىنىلىق ھېس قىلسا، ئەگەر يۈز يىل سۇنىڭ نامىنى ئېغىزغا ئالغان بىلەن پاك بولمايدۇ، ئەگەر كۆلنىڭ بېشىغا بېرىپ چۆرگىلىسە ۋە پۈتۈن ئۆمرىدە مۇشۇ ئىشنى قىلسىمۇ پاك بولمايدۇ. ئۇ پاك بولۇشى ئۈچۈن،

كىيىمنى سېلىپ، ئۆزىنى كۆلدىكى سۇغا تاشلاپ يۇيۇنۇشى لازىم. ئۇ ئاشۇ چاغدىلا پاك بولۇپ، ياكىزلىقنىڭ ئەسرىنى ئۆزىدە كۆرىدۇ. جەھرە ـ ساما ئەنە شۇ كۆلگە ئوخشاش كىشىلەرنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن پاكلايدىغان ئېسىل سورۇن!...

جەھرە ـ ساما ئاستا ـ ئاستا بېسىقتى، هارغان، هوشسىزلانغان ۋە ماداردىن كەتكەنلەر تەرەپ ـ تەرەپتە خىرقىراپ، ئېغىناپ يېتىشىپ كەتكەنىدى.

ئوتتۇرا ياشلىق بىر سوپى توپ ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ئاپاق خوجىنىڭ ئالدىغىراق كەلدى ۋە پۈكۈلۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن:

ـــ هەزرىتىم، بىزلەر كۆز يېشىمىزنى تۆتالماي، قاينا ـ قاينام ئىچىدە قېلىپ، بىھوش بولساق، تاهارىتىمىز سۇنۇپ كېتەمدۇ ـ قانداق؟ ـــ دەپ سورىدى.

توساتتىن سورالغان بۇ سوئال نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چۈنكى، ھەممىشە جەھرە ـ ساما سېلىپ تۇرىدىغانلار ئىچىدە نامازخانلار كۆپ ئىدى. بەزىلەر بولسا بۇ سوئالغا ئاپاق خوجىنىڭ نېمدەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تۇرۇشاتتى.

ـــ جەھرە ـ ساما بەزمىسىدە تۆكۈلگەن كۆز ياش ئاللاغا بولغان سېغىنىشنىڭ نىشانىسىدۇر، ـــ دەپ جاۋاب بەردى ئاپاق خوجا تېنەپ ـ تەمتىرىمەي، ـــ ئۇنىڭ نۇرى جىلۋىسىدىن ئاللاغا بولغان ئىشق تۇغۇلىدۇ. لېكىن، كۆزىگە ياش كەلمەيدىغان باغرى قاتتىق بەندىنىڭ ئالغان تاهارىتى هارام، ئاللا ئىشقىدا كۆيگەن ئاشىقنىڭ بولسا، هەق يولىدا تۆككەن هەر قەترە كۆز يېشى ئابىھاياتتۇر!

تەرەپ ـ تەرەپتىن:

ـــ يارەب!

ـــ تەسەننا!

— ئالەم بىلەن تەڭ ياشاڭ ھەزرىتىم...، — دېگەن سادالار ئاڭلىنىپ، ئاپاق خوجىغا ئالقىش ياغدى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئاپاق خوجا كۆپچىلىكنى ئىلھاملاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ تەرىقىتىمىز سۆھبەتتۇر. مېنىڭ ئىلمىمدىن سوراغلار، مەن يەنە بۇ ئالەمگە نازىل بولمىغان تۇرغۇن ھەدىسنى بىلىمەن، ھەرقانداق مۇشكۈل سۆزۈڭلار بولسا سوراڭلار، ۋەسىل قىلۇرمەن.

پىر ـ ئۇستازنىڭ بۇ سۆزى كىشىلەرگە مەدەت بولدى، ئەيمىنىپ، ئىككىلىنىپ تۇرغان بىرنەچچەيلەن دىدىللەشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، موللا ئەۋەز ئاخۇن ئىسىملىك بىر ئادەم خېلىدىن بېرى بىر سوئالنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى. ئۆزىنى يەكەن ئالىملىرى قاتارىدا سانايدىغان ئېگىز بوي، يوغان سەللە ئوراپ، چىرايلىق كىيىملەر بىلەن ئۆزىنى ياساپ يۈرىدىغان، ئەمىرلەر يوسۇنىدا ئالتۇن كەمەر باغلايدىغان بۇ ئادەم خېلى ئىنتىلىشچان، بىلىمگە تەشنا ئىدى. شۇغىنىسى، دىمىغى ئۈستۈن، مەمەدانىراق ئىدى. ئۇ ئۇزۇندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن بۇ سوئالى ئارقىلىق، ئاپاق خوجىنى دەڭسەپ باقماقچىدى.

— ھەزرىتىم، — دېدى ئۇ تەۋازۇ بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — بۇ ھەدىس ئۆزلىرىگە يەتكەنمىكىن: «ئۇممىتىمنىڭ بۇدەلا[1] لىرى قىرىقدۇر، ئون ئىككىسى ئىراقتا، يىگىرمە سەككىزى شامدا.»

— يەتكەندۇر، — دېدى ئاپاق خوجا ھودۇقماي، — يەتكەن.

— ئۇنداقتا ھەزرىتىم، ماڭا شۇ نەرسە مۇشكۈل، ھەل بولماي كەلمەكتىكى، — دېدى موللا ئەۋەز ئاخۇن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — نېمە ئۈچۈن بۇدەلا قىرىق بولۇپ، ئون ئىككىسى ئىراقتا، يىگىرمە سەككىزى شامدا بولىدۇ؟ ھەممىسىلا ئىراق بىلەن شامدا بولامدۇ؟

ئاپاق خوجا تەمكىن ئىدى، ئۇ ئەۋەز ئاخۇنغا مەڭستىمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، قول ھەرىكىتى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

---

① بۇدەلا — تەسەۋۋۇپتا كۆرسىتىلىدىغان ئۇلۇغ كىشىلەر.

— پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەمنى ئىككىگە ئايرىپ، يېرىمىنى ئىراق، يېرىمىنى شام دەپ ئاتىغان. ئىراقتىن خۇراسان، ھىندىستان، تۈركىستان، ياركەنت، كاشغەر ۋە باشقا مەشرىق شەھەرلىرى مەقسەتتۇر. شامدىن مىسىر، مەغرىب ۋە ھەممە شام ياقلىرى مەقسەتتۇر. يەرنىڭ بۇ يەتتە تەبىقىسىنىڭ تۆت قىرغاق، سەككىز گىرداپ دەپ نامى بار. بۇلار ناسىك، مەنسىك، ھابىل، بابىل، مەشرىق، مەغرىب، جابىلقا، جابىلسا دەپ ئاتىلىدۇ...

موللا ئەۋەز ئاخۇن قايىل بولدى، ئۇ بۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى بىلىۋېلىش ئۈچۈن سورىغانىدى. راستىنلا بىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئاپاق خوجىغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسى بۇرۇنقىدىن چەندان ئاشتى.

سوئال ـ جاۋاب داۋام قىلدى. ئاپاق خوجا بۇگۈن خۇشخۇي ۋە كەمتەر ئىدى. شۇڭا، زېھنى ئۆتكۈر، سۆزلىرىمۇ راۋان ۋە مەنىلىك بولۇۋاتاتتى.

* * *

شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىگە سېلىنغان ياسىداق بۇ ئىمارەت ئاپاق خوجىنىڭ بۇ ئاستانىدىكى يېڭى تۇرالغۇ جايى ئىدى. بۇ ئىمارەتنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۈستى ۋاسا جۇپ، ئاستى تاختايلىق ئىدى. مېھمانخانا، ساراي، قەپەس ئايۋان، تىلاۋەتخانا، ئىشان بىلەن خېنىمنىڭ خاس ئارامگاھى، چۆرە ـ دېۋەكلەر ھۇجرىسى، ئاشخانا، ھەتتا مۇستەھەپخانا دېگەنلەرنىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا ئاجايىپ نەپىس گەج نەقىشلەر ئويۇلغانىدى. ھويلا خېلىلا كەڭتاشا بولۇپ، قىرىق ـ ئەللىك سوپى ـ دەرۋىش بىمالال ھۆكمەت ئېيتىپ، جەھرە ـ ساما سالالايتتى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن، بىرمۇنچە ئالا يەكتەكلىك، مەللە چاپانلىق، بەقەسەم تونلۇق، چوڭ ـ كىچىك سەللىلىك ئادەملەر بۇ ھەشە-

مەتلىك بارگاھقا قەدەم تەشرىپ قىلىشقا باشلىدى.

ئاپاق خوجا پېشايۋاندا قات ـ قات كۆرپە ئۈستىدە پەر ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئالىم موللائاخۇن ياركەندى، مەۋلانە موللا نەقى، مىرزا شاھ خوجا ۋە ئىسەن بۇقا قاتارلىق خاس مۇخلىسلار قول باغلاپ، پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككى پارچە بورا سېلىنغان بولۇپ، بورا ئۈستىدە يىگىرمىگە يېقىن ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئادەملەر يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن دېھقان، ھۈنەرۋەن ۋە شەھەر تىجا-رەتچىلىرى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار بۈگۈن ئۆز رازى ـ رىزالىقى بىلەن ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولۇشقا كەلگەنلەر ئىدى. بۇنداق سۆرلۈك ۋە سىرلىق تۈس ئالغان غەيرىي رەسمىي مۇراسىملار بەزىدە خانىقادا، بەزىدە مۇشۇ ھويلىدا پات ـ پات ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى.

ئاپاق خوجا يېڭىدىنلەرگە «باشلايلى» دېگەندەك كۆز ئىشارىسى قىلدى. موللا نەقى پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ پېشايۋاننىڭ لېۋىگە كەلدى ۋە بورا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلار بىلەن ھويلىدا لىق تۇرغان جامائەتكە قاراپ مۇنداق دېدى:

ــ ئۇلۇغ پىرىمىزنىڭ تەۋەررۈك ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ، تاۋاپ قىلماق مۇسۇلمان بەندىلەرنىڭ كۈچىگە كۈچ، ئىمانىغا ئىمان قوشىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى تەرىقەتتە ھۆججەتتۇر ۋە ھەممە فىرقەلەرگە خاستۇر. ئۇنىڭ ھاياتى باشتىن ـ ئاخىر بارلىق خەلققە مەقبۇلدۇر![1] پىر تۇتۇش، ئىبا-دەتنى پەقەت پىر ئارقىلىقلا ئادا قىلىش، پىر ئۇچۇن ھاياتلىرىنى ئاتاش شەكسىز شەرتتۇر! بۈگۈن سىلەر سۈلكى ئىشقىيە سەردارلىرى ئالدىدا، ئەنە شۇ پىرى تەرىقەت خوجا ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىغا قول بېرىپ، مۇرىت بولۇشنى ئارزۇلاپ بۇ يەرگە كەپسىلەر، ئىنشائاللا، تىلىكىڭلار ئىجابەت بولغۇسى. ئاللا سىلەرنىڭ دىلىڭلارغا ئىشق ئوتىنى ساپتۇ، قايسىبىر ئەل ئوغلى ئەنە شۇنداق ئىشق ئوتى بىلەن يانسا، ئۇلارغا

① مەقبۇل ــ قوبۇل قىلىنغان، ئەرزىيدىغان، تەۋە بولغان.

ئۇلۇغ ئاستانىنىڭ تامامى دەرۋازىلىرى ئوچۇقتۇر. كەلمىش ئاشىقلارنى ئۆز تەمىناتىمىز ۋە ھىماتىمىز ئاستىغا ئالىدىغانلىقىمىزغا تەڭرى ئالدىدا گۇۋاھمىز!

مولىلا نەقى شۇ سۆزلەردىن كېيىن، قولىدىكى بىر ۋاراق تىزىم بويىچە بىر سىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى:

— سەئىد ئىسمائىل، قېنى پىر – ئۇستازنىڭ ئالدىغا بارغىن.

يەتتە ئەزايى ساق، تەن قۇرۇلۇشى بىجىرىم، يىگىرمە بەش ياشلار ئەتراپىدىكى بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى ۋە ئەدەپ بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز چۆكتى، ئاندىن ئۇنىڭ ئاپئاق يەكتەكىنىڭ پەشلىرىنى كۆزلىرىگە سۈرتتى.

— زاھىر كۆزنگىزنى يۇمۇپ، باتىن كۆزنگىزنى ئېچىڭ، بوتام، — دېدى ئاپاق خوجا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان يىگىتنىڭ سىدام بېشىنى سىلاپ قويۇپ ۋە يىنىدىكىلەرگە قاراپ داۋام قىلدى، — قېنى، بۇنى كىيىندۈرۈڭلار.

شۇ ھامان يىگىتنىڭ ئۇچىسىغا سوپى – دەرۋىشلەر كىيىدىغان ئالىبالداق مەللە يەكتەك، سىدام بېشىغا يېشىل شەيدايى دوپپا كىيگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن شائىر مىرزا شاھ خوجا قولىدىكى قەغەزلەردىن بىرىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى، چىرايلىق خەتلەر يېزىلغان بۇ قەغەز مىرزا شاھ خوجا تەرىپىدىن تەييارلانغان يېڭى مۇرىتلارنىڭ قەسەم ئېتىقاد يارلىقى ئىدى.

— بوتام، — دەپ يىگىتنىڭ بېشىنى يەنە سىلىدى ئاپاق خوجا يۇمشاق قوللىرى بىلەن، — سەن ھازىر سۆلكى ئىشقىيە بورىسىدا ئولتۇرىسەن، تىلىڭغا ھەرقانداق گەپ كەلسە، دىلىڭدىن چىقسۇن، ھەرگىزمۇ يالغانچىلىق ئوتى بىلەن ئاستىڭدىكى بورا كۆيۈپ كەتمىسۇن!

«پىرنىڭ قۇدرىتى — ئەل كۆزىدە مۇرىتىنىڭ ياۋايى ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆز ئىزىغا دەسسىتىشتە كۆرۈنىدۇ» دەپ ئويلىدى ئاپاق خوجا. ئۇ مۇرىتلارنى ھەمىشە ئەنە شۇنداق مىزان بويىچە

تەربىيىلەيتتى.

— ئۇقتۇم ھەزرىتىم، — دېدى سەئىد ئىسمائىل قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىر قولى ئاستىدىكى كىچىك بىر پارچە بورىنى تۇيدۇرماستىن قورقۇش ئىچىدە سىلاپ باقتى، بۇنى كۆرگەن ئاپاق خوجا كۆزلىرىنى ھەييارلارچە قىسىپ كۈلۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن كۈچ ئالغان سەئىد ئىسمائىل قەسەم يارلىقىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«بىسمىللاھىرراھمانىرراھىم:

مەنكىم ئىسمائىل بارلاس ئوغلى سەئىد، شەھرى ياركەنتنىڭ كىچىك ئالتۇنلۇق مەھەللىسىدىندۇرمەن. مۇرىتى سۇلكى ئىشقىيە بولماققا، ھەق ۋەسلىنى تىلەپ، مەقامىتى كۈللىيا سەھراسىدا بىتاقەت ئاشىقى سەرسەرى[1] يۈرمەككە، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانغا مۇرىت بولماققا مۇقەددەس ئاستانىگە باش ئۇرۇپ، قەسەم داخىل ئېتىمەن. مەللە يەكتەك، شەيدايى دوپپا كىيىش بىلەن قۇتلۇق دەرگاھ سوپىسى بولدۇم. بۇ كىيىملەر روھىمدا تۇغ ـ ئەلەم بولغاي، پىرىم ئېتەكىگە ئىخلاسى ئىتائەت يىپى بىلەن باغلانغايمەن. ھەرقاچان پىرىم ئۈچۈن جان تەسەددۇق قىلغايمەن. تەرىقەت يولىدا جىھاد قىلىپ، ئەھلى مۇنكىر، ئازغۇنلارغا قارشى تۇرىمەن ۋە ئىشقىيە ئاشىقلىرى شەنىنى ھىمايە قىلىمەن. نەدە بولسام، تەرىقەت يولىنى تۇتىمەن، كىشىلەرنى سۇلكى ئىشقىيە تۇغى ئاستىغا جەم قىلىش ئۈچۈن ئەجىر قىلىمەن، ئاللاتائالا ئاتا قىلغان بارلىق ئىقتىدارىمنى ئىشقا سېلىپ، شەھرى ياركەنت ۋە كاشغەر تەۋەسىدىكى سۇلكى ئىشقىيە نامى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان ـ تەر تۆكىمەن!

ئاللا نامى بىلەن قەسەم ئىچتىم.»

سەئىد ئىسمائىل قەسەمنامىنى سۆيۈپ كۆزلىرىگە سۈرتتى، ئاندىن ئىككى قوللاپ ئاپاق خوجىغا ئۇزاتتى. قەسەمنامىگە بىر قۇر كۆز

[1] سەرسەرى — يۇرتمۇ يۇرت ئېقىپ يۈرۈش.

يۈگۈرتكەن ئاپاق خوجا مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. موللا نەقى قەسەمنامىگە سەئىد ئىسمائىلنىڭ بارمىقىنى باستۇردى.

— كىمنىڭ دىلى بۇلاق كۆزىگە ئوخشاش پاك بولسا، ئۇنىڭ تىلى راۋان، يولى يورۇق بولىدۇ، — دېدى ئاپاق خوجا ھەممەيلەن ئاڭلىغۇدەك ياڭراق ئاۋازدا، — ئۈمىد ئاللادىن، ئاسايىشلىق بولسا، زىكىر ـ ساما بىلەن ئاللانى ياد قىلماقتىن كېلىدۇ، بوتىلىرىم.

مۇرىت قوبۇل قىلىش ئەنە شۇ يوسۇندا خېلى ۋاقىتقىچە داۋام قىلدى. ھەرقايسى خانىقالار بىلەن تەرەپ ـ تەرەپلەردە جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ پائالىيەت ئاپاق خوجىنىڭ تېخى ھېچكىمگە ئاشكارىلىمىغان «ئۇلۇغۋار» پىلانىنىڭ دەسلەپكى بىر قىسمى ئىدى.

## 2

خانلىق قەبرىستانلىقى ھېسابلىنىدىغان «ئالتۇنلۇقۇم» مازىرىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى «ئالتۇن مەسچىت» ھەقىقەتەنمۇ ئىسمىغا يارىشا ئازادە، كۆركەم ۋە رەڭدار ئىدى. ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىش بىلەن ئىشلەنگەن زەڭگەر كاھىشلار ۋە ھەر خىل نۇسخىدا ياسالغان ياغاچ پەنجىرىلەر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت ماھارىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

بۈگۈن جۈمە ئىدى. يىراق ـ يىراقلاردىن بۇ مەسچىتنى پاناھ تارتىپ كەلگەن ئادەملەر سانجاق ـ سانجاق ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، بۈگۈنكى جۈمە نامىزىغا ئاپاق خوجىنىڭ ئىماملىق قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاتايىن شۇنىڭغا ئىقتىدا قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى.

ئاپاق خوجىنىڭ ئىمامەتچىلىكىدە نەچچە يۈز نامازخاننىڭ جۈمە نامىزى ئادا بولدى. نامازخانلار ئىچىدە ئوردا ئەمەلدارلىرىمۇ بار ئىدى. نامازدىن كېيىن ھەممەيلەن قوزغالماي سۈكۈت ئىچىدە ئاپاق خوجىنىڭ خۇتبە ئوقۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. ئاپاق خوجىمۇ ئەزەلدىن

بۇنداق پۇرسەتنى زادىلا بوش كەتكۈزمەيتتى.
باشتىن ــ ئاياغ ئاپئاق كىيىنگەن ئاپاق خوجا سالاپەتلىك بەستىنى لەرزان تەۋرىتىپ مېھرابقا چىقتى ۋە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان نەچچە يۈز جۈپ كۆزگە بىر قۇر نەزەر ئاغدۇردى. ئۇنىڭ تەمەننا كۈلكىسى بىلەن جىلمىيىپ تۇرغان كۆزلىرىدە تەكەببۇرلۇق ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ سوغۇق نۇرى ئەلەڭگىپ تۇراتتى.
ئۇ دەسلەپ ئاۋازىنى ئەمرىسەرۇپقا كەلتۈرۈپ، ئەرەب ۋە پارس سۆزلىرى قويۇق ئارىلاشقان تىل بىلەن مازارى ــ ماشايىخلار توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلىدى ۋە ئاخىرىدا :
ــ ھەزرىتى شەيخ جونەيدىن باغدادى «ماشايىخلارنىڭ ھېكايەتلىرى خۇدانىڭ لەشكەرلىرىدىن بىر لەشكەردۇر » دېگەن، ــ دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، ــ يەنى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن : «ئۇلۇغلارنىڭ بۇ ھېكايەتلىرىنىڭ مۇرىتلارغا نېمە پايدىسى بار ؟ » دەپ سوراشتى. ئۇ جاۋاب بەردى : «خۇدا بۇيرۇيدۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسەلىرىنى ۋە خەۋەرلىرىنى ساڭا ئوقۇيمەن، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن سېنى خەۋەردار قىلىمەن، تا ئۇنىڭ بىلەن دىلىڭغا سۇبات بولغاي، كۆچ كۆپەيگەي، ئەگەر بەندە بولسا، ئازاد بولىدۇ، ئەگەر ئازاد بولسا، خوجا بولىدۇ، خاتۇن بولسا، ئەر بولىدۇ، مەرد بولسا، مەردان بولىدۇ، ئەگەر ساڭا بالا ۋە رەنج يەتسە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلىساڭ، ئۇيلىساڭ، بۇنداق بالا ۋە رەنجلەرنىڭ ئوخشىشى ئۇلارغىمۇ يېتىپتىكەن، دەپ سەۋر قىلىسەن!... » مانا شۇنىڭدەك، پىرلەر، ئۇلۇغلار سۆزلىرىنى ۋە ئۇلار ھالىدىن بولغان ھېكايە ــ نەقىللەرنى ئاڭلاش مۇرىت ــ مۇخلىسلار دىلىغا تەربىيەت بولىدۇ، قۇۋۋەت بولىدۇ. قۇۋۋەت بولسا ئىستىقامەتنى زىيادە قىلىدۇ. ئابدۇللا ئەنسارى ئۆز قوۋملىرىگە ۋەسىيەت قىلىدۇكى، ھەر ئۇلۇغدىن بىر سۆز ياد ئېتىڭلار، ئەگەر قادىر بولالىساڭلار، ئۇلارنىڭ نامىلىرىنى ياد قىلىڭلاركى، ئۇنىڭدىن پايدا تېگىدۇ...
ئاپاق خوجا سۆزدىن توختىشى بىلەن ئۇ يەر ــ بۇ يەردىن :

— ھەق راست...

— يارەب...، — دېگەن سادالار بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ۋە مشىلدىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ئاپاق خوجا «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش» روھى بىلەن سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى. بايىقى كۆپ سۆزلەشتىن ئۇنىڭ قوۋۇزلىرى بوشاپ، ئېڭەك گۆشلىرى خالتىلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ روھى تېتىك، ئاۋازى يەنىلا ياڭراق ئىدى:

— دۇنيادا دىنىي ئىسلامدىن پاك ئېتىقاد، ئاللادىن قۇدرەتلىك زات، سۈلكى ئىشقىيەدىن يارقىن يول يوق! ئاللاتائالا تەرىقەت ئەھلىنىڭ يىلتىزىنى يەردە مەھكەم، شېخىنى ئاسماندا بەلەند قىلغان! چۈنكى، بۇ تەرىقەت پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسساللام ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرىنىڭ تەرىقىتىدۇر، بۇ تەرىقەت چىڭ تايانچتۇر! شۇڭا، كىمكى بىزنىڭ تەرىقەت يولىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ چەتنىسە، ئۇنىڭدا كۇپپارنىڭ قورقۇنچىسى باردۇر! كىمكى خۇدانى دوست تۇتسا، رەسۇل-لىللانى دوست تۇتماي چارە يوق، رەسۇلىللانى دوست تۇتقان كىشى ئۆز پىرىنى دوست تۇتمىسا بولمايدۇ. بۇ كەمىنە بەندىنىڭ قولى يېتە-دىغىنى، پاك دىل بىلەن دۇئاگۇيلۇق ۋە ساناخانلىقتىن باشقا ئەمەس-تۇر! — ئاپاق خوجا بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ ئېغىر بىر تىندى، ئاندىن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ مۇراجىئەت تەرىقىسىدە داۋام قىلدى، — ئاللاتائالا مۇقەددەس زاتى ھۆرمىتى بىلەن بۇ زېمىنغا نۇر غۇن بۇزرۇكۋارلارنىڭ پاك روھىنى چاچتى. ئۇلار ئۇلۇغلۇق ئاسمىنىنىڭ كۈنى، كامالەت ۋە ساخاۋەت ئەۋجىنىڭ ئاپتىپى سۈپىتىدە بۇ گۇناھ-كار زېمىنىنىڭ باغرىنى بېسىپ ياتماقتا، ئۇلارغا سېغىنىش، ياد ئېتىش، ئۇلارنىڭ قەبرە ـ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىش، زىيارەتتە بولۇش — بىزنىڭ زىممىمىزدىكى مۇرىت ـ مۇخلىسلىق بۇرچىمىزدۇر! يالغۇز مەككە مۇكەررەم، مەدىنە مۇنەۋۋەرىمگىلا ئەمەس، ئەتراپىمىزدىكى مۇقەددەس چوڭ مازارلارغا بارماقمۇ پەرزدۇر!...

مانا بۇ، ئاپاق خوجىنىڭ تەشەببۇسى، دەۋىتى ۋە شوئارى ئىدى. ئۇ

ئۇزۇن يىللىق پائالىيىتى جەريانىدا، «مۇقەددەس مازارلار» نى تاۋاپ قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئۇدۇم - ئادىتىگە ئايلاندۇرغان ۋە ئۇ يەرلەردە سۈلۈك تەرغىباتى يۈرگۈزۈپ كۆپ نەپ ئالغانىدى. ئۇنىڭ تېخى ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنىمۇ چوڭ، ھەشەمەتلىك مازار قىلىپ تىكلەپ، پۈتكۈل قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ قەلبىدىكى «مۇقەددەس ئابىدە» قىلغۇزۇش نىيىتى بار ئىدى.

ئەمما، بۇگۈن كۈتۈلمىگەندە، ئۇنىڭ بۇ دەبدەبىلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇلۇغۋار نىيىتى ناھايىتى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كېلىپ قالدى.

— ئەي غاپىل بەندىلەر! — دېگەن ئاچچىق بىر ئاۋاز بىلەن ۋىجىك-كىنە بىر گەۋدە جامائەتنىنىڭ ئارىسىدىن لوككىدە كۆتۈرۈلدى، — نەقشە بەندى ھەزرەتلىرى: «ئۇلۇغلار قەبرىگە سېغىنغۇچە ئۇلارنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىل!» دېگەن. بۇ دۇنيادىكى سەجدە بىردۇر، ئۇ بولسىمۇ ئاللاغىدۇر! پىر - ئەۋلىيالارغا تېۋىنماق بىزگە شامانلاردىن[①] قالغان ئادەت. كىمدە كىم بولسۇن، ئىنسان زاتىغا سېغىنمايلى، ھەركىم ئۆزىگە - ئۆزى تەۋەررۈك، ھەزرىتى رۇمى:

«ھېچ نەرسە يوقكى غەيرىي بىر ئالەم ئىرۇر،
ھەرنە ئىستەرسەن ئۆزۈڭدە جەم ئىرۇر.»

دېگەن، بۇنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايلى!...

ئاپاق خوجىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، چىرايى ئالىپاساق بولۇپ كەتتى. ئەلەم ۋە ئىزادىن ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي، بۇرۇت - ساقاللىرى دىردىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ، بۇنداق كاتتا سورۇندا ئۆز رەقىبىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇنىڭ غەزەپ بىلەن چەكچەيگەن كۆزلىرى رەقىبىنىڭ

① شامان — تارىخىمىزدا ئەجدادلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەسخىرە ئارىلاش جىلمىيىپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە قادالغاندا، گويا كۆچلۈك چىقىنغا دۇچ كەلگەندەك ئۆزلۈكىدىن بوشىشىپ كەتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ ئالدىدا بىشىنى سىگارىيان قىلىپ سوغۇققىنە ھىجىيىپ تۇرغان بۇ ئادەم باشقا بىرسى ئەمەس، دەل ئۇنىڭ كونا رەقىبى — تېخى بىرەر يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلغان «قاچقۇن» ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئىدى.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ھازىر قۇبات مىرزابەگنىڭ ھىمايىسى بىلەن «كۆك مەدرىسى» نىڭ مۇدەررىس كالانى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

شۇ تاپتا، ئاپاق خوجىنىڭ يۈرىكىنى ئاچچىق پۇشايمان ۋە قىساس ھەسرىتى چۇلغىۋالدى. ئۇ ھەتتا، ئۆزى ئۈچۈن شىرىن جېنىنى قۇربان قىلىپ بەرگەن دەرۋىش خوجىنىڭ روھىنىمۇ قارغاپ كەتتى، ئۆز ۋاقتىدا دەرۋىش خوجا ئۇنى تۇتۇپ، تەقدىرىنى بىر ياقلىق قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ تىلى زەھەر «بۆرە سويىمىسى» بۈگۈن بۇ يەردە بۇ پىر — ئەۋلىيانىڭ ئالدىنى توسۇپ گەپ قىلالامتى؟! يەنە كېلىپ شۇنچە كۆپ جامائەتنىڭ ئالدىدا — ھە... ئەستاغپۇرۇللا... خەپ، خەپ!...

— تىلغا كەلگەن ھەر نېمىنى دېمەك دىۋانىلىكتۇر! — دېدى ئاخىر ئاپاق خوجا چالۋاقىغاندەك ئەلپازدا.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىمۇ بوش كەلمىدى:

— تىلغا كەلگەننى دېمەسلىك كاززاپلىق ئەمەسمۇ، ھەزرىتىم!

ئاپاق خوجىنىڭ يەنە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۆز پىكىرلىرىنىڭ تەستىقىنى ھەمىشە قۇرئان بىلەن تەۋرۈك كىتابلاردىن ئىزدەيتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاسا-سى كۈچلۈك، پىكرى چوڭقۇر، سۆزلىرى دەلىللىك ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئۆزىنى - ئۆزى چۈشەنگەن ۋە ئۆز شەخسىيىتىنى ئۇنتۇغان پاك ۋە ھالال ئادەم — كامىل، مۇكەممەل ئىنسان ئىدى، بۇنداق ئىنسان ئالەمنىڭ گۈلتاجى ھېسابلىناتتى. ئۇ شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ئۆزىدىكى ئازغىنە كەمتەرىن ھەقىقەتنى تاپالىغان كىشى ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنىمۇ

تاپالايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقەت — يۇرتنى ئەدلۇ ئادالەت بىلەن سوراش ۋە كىشىلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن سەممىي، غەرەزسىز مۇئامىلە قىلىش ئىدى.

— ئىشانەم، سىزگىمۇ ئايان، ھەرقانداق نەرسە تۈزەلسە، ئىلىمدىن تۈزىلىپ، بۇزۇلسا، ئىلىمداردىن بۇزۇلىدۇ، — دېدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمى غەزەپ بىلەن سۆزگە ئايلاندى، قولى ئېگىز كۆتۈرۈلدى، — ئەھلى كالام ۋە ئەھلى دانىش كىشىلەر ئىنسانىي كامىل بولماققا سازاۋەردۇر. ھەزرىتى جامى: «كامىل ئىنسان ئاللانىڭ ئىسمىدۇر» دېگەن. لېكىن، ھەزرىتىم، سىزنىڭ بەزى سۆز - كالاملىرىڭىز بۇنداق سۈپەتكە مۇناسىپ بولماي قالدى. سىز رەئىيەتنى ئۆزىگە ئوخشاش بەندىنىڭ مازار - گۈمبەزلىرىگە چوقۇنـ دۇرۇپ نېمە مۇددىئاغا يەتمەكچى؟! ھەرقانداق ئۇلۇغ، بۇزرۇكۋار بولسىمۇ، مازارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھۆكۈمى بىر. پەقەت زىيارەت قىلىپ بېرىشقا بولىدىغان ئۈچ يەر بار. بۇنى بىزگە مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز ئېيتقان: بىرى، مەدىنىدىكى مەسچىتى ئەلنەبى؛ ئىككىنچىسى، مەككىـ دىكى مەسچىتى ئەلھەرەم؛ ئۈچىنچىسى، قۇددۇس شېرىپتىكى مەسچىـ تىل ئەقسا. بۇ ئۈچ يەرگە سەپەر قىلىش ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش جائىز ۋە سۈننەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق مازار ۋە ئۇلۇغلار جايىنى تاۋاپ قىلىمەن، زىيارەت قىلىمەن دەپ بارسا بولمايدۇ، ئۇنداق قىلسا بىدئەتتۇر! ياخشىلىقنىڭ ياخشىسى — سۈننەتكە ئەگىشىشتە، يامانـ لىقنىڭ يامانى بىدئەتكە ئېسىلىشىشتا. بىدئەت كۆرۈنۈشتە ئىبادەت تەرىقىسىدە كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ زالالەتتۇر[1]، ئۇنى ئىبادەت دېگىلى بولمايدۇ!...

مانا شۇ سۆزلەردىن كېيىن، ئاپاق خوجا خۇددى رەقىبىدىن تېپىك يېگەن خورازغا ئوخشاش ھۈرپىيىپ بويىنىنى ئىچىگە تارتتى.

— خەير... خەيرىيەت!...، — دېدى ئۇ ئۆكسۈنگەن قىياپەتتە، —

① زالالەت — گۇمراھلىق، توغرا يولدىن ئېزىش.

ھەر نەرسىنىڭ ئېيتىداسى بولغانىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئىنتىھاسىمۇ بولىدۇ، مەۋلىۋى.

ئاپاق خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئۆچمەنلىك، قىساسخورلۇق ۋە يۇرسەتپەرەسلىكنىڭ كۈچلۈك ھەسرىتى يوشۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى دەردنى تېخىمۇ تىرنىلاپ ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى مۇنداق دېدى:

— شۇنچە ھەيۋەتلىك شارقىرىغان سۇلارمۇ ئاخىر بېرىپ، دېڭىز - ئوكيان باغرىدا تىنىدۇ، ئىشانەم!

* * *

نەچچە يۈز نامازخان «ئالتۇن مەسچىت» دىن كۈچلۈك غۇلغۇلا ئىچىدە قايتتى. بۇ غۇلغۇلا بەئەينى تارام - تارام تاغ سۇلىرىدەك، شەھەرنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئاقماقتا ئىدى.

ئاپاق خوجا ئەڭ ئاخىرىدا قالدى. بىر نەچچە خاس مۇرىت - مۇخلىسلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدا كۆكۈل ياساپ، تەسەللى بېرىپ، «بۆرە سويمىسى» ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى بىلەن غايىبانە ئېلىشىۋاتاتتى:

— ھۇ ئۆزىنى بىلمىگەن بىئەدەپ!

— ھەددىدىن ئاشقىنىنى ئۇ تۇزكورنىڭ...

— ئەدىپىنى يەيدۇ ئۇ....

— بېشىنى يەيدۇ ئۇ...

شۇ ئەسنادا، ئاپاق خوجىنىڭ يېنىدا سۆلەتلىك ئىككى ئادەم پەيدا بولدى، ئۇلار ئاپاق خوجا بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سورىدى، ئاپاق خوجىمۇ ئۇلارنى بۇرۇن كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپلا ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. دەرۋەقە، ئۇلار مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ يېنىدىكى سىپاھلاردىن مىرزاسالىھ بەگ جوراس بىلەن مىرزاماناپ بەگلەر ئىدى.

— ھەزرىتىم، ناھايىتى ياخشى خۇتبە ئوقۇغان ئىدىلە، — دېدى مىرزا سالىھ بەگ جوراس ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، — لېكىن، ھېلىقى قۇتلۇق مەۋلىۋى دېگەن بەتخۇي ئادەم تۈپەيلىدىن مەزىلىك ئاشقا چىۋىن چۈشكەندەكلا ئىش بولدى، ھەرگىز كۆڭۈللىرىنى غەش قىلمىغايلا...

— يوقسۇ ئەزىزلىرىم، يوقسۇ، — دېدى ئاپاق خوجا قوڭۇر كۆزلىرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى دەرد ئىچىدە چىقىۋاتقان ئازابلىق كۈلكە ئىدى، — ئاللانىڭ زاھىتلىرى بۇ دۇنيانىڭ غېرىبلىرىدۇر. شۇڭا، ئۇلار ئەپۇچان، كەڭ قورساق كېلىدۇ، ئۇنىچىلىك ئىشلارغا ھېچقىسى يوق. بەگ - سىپاھلارغا مەخپىي ئەمەسكى، بىزنىڭ تەرىقىتىمىز سۆھبەتتۇر، سۆھبەتتە شۆھرەتتۇر، شۆھرەتتە ئاپەتتۇر! بۇ خۇددى كاندىن گۆھەر كۆپ چىققانسېرى، كانچى ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە پارە - پارە قىلغانغا ئوخشاش ئىش. بىز بۇنداق مالامەتلەرگە كۆنۈپ قالغان، ئەزىزلىرىم.

— تەھسىن - تەھسىن، ئىشانىم، — دېدى مىرزا ماناپ بەگ ھاياجاندىن قوللىرىنى ئىشقىلاپ، — بۇنچە ئالىيجاناب، كەمىنە - كەمتەرىن ئىكەنلىكلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىگە بولغان ئەقىدە - ئىخلاسىم تېخىمۇ ئاشتى.

— ئاشۇرۇۋەتتىلە، جانابلىرى، — دېدى ئاپاق خوجا ئۆزىنى تېخىمۇ كىچىك پېئىل كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — خۇدايىتائالانىڭ ئاشىقلىرىكى، دىلى ساپ، ئائىنەسى جۇلالىقتۇر، ھەممە ئاۋازلاردىن، بەلكى ھەممە مەۋجۇداتتىن لەززەت تاپىدۇ. جانابىي ئاللا ھەممە مەخلۇقاتنى جۈپ ياراتقان. شۇڭا، مۇھەببەت نەشتەرسىز ئەمەس، ساپ مەيدىمۇ دۇغ بولىدۇ، خۇشلۇق غەم بىلەن ھەمخانە، باھار خازان بىلەن ئاشىيانە، دۆلەت كامالى زاۋال بىلەن ئالمىشىدۇ...

بۇ سۆزلەر ئىككى ئەمىرنىڭ كۆڭۈللىرىگە ناھايىتى ياقتى، ئۇلارنىڭ ئاپاق خوجىغا بولغان بۇرۇنقى غايىبانە قىزىقىش - ھۆرمىتى ئەمدىلىكتە چوڭقۇر ئەقىدە - ئىخلاسقا ئايلانغانىدى.

ئۇلار يىقىندىن بىرى ئوردا ئىشلىرىدىن، بولۇپمۇ، خان بىلەن قۇبات مىرزا بەگ ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق نارازى بولۇپ كېلىۋاتاتتى، قاچاندا، قۇبات مىرزا بەگ پەيدا بولدى، شۇنىڭدىن بېرى خان ئۇلارنى بۇرۇنقىدەك ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمىدى، ھازىر ھەممە ئىشتا قۇبات مىرزا بەگنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغانىدى، خانمۇ دۆلەتنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ، ئوۋ - شىكار، ئويۇن - تاماشا قاينىمىغا كىرىپ كەتكەنىدى.

تېخى بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىكى ئوردا كېڭىشىدە، قۇبات مىرزا بەگ تەپ تارتماستىن بۇ ئىككى ئەمىرنى «ئەل ئىشىدا سۇس، نەپسانىيەتچىلىكتە قىزغىن» دەپ، خاننىڭ كۆزىچە تەنقىد قىلىپ، ئوردىدىكى بەگ - سىپاھلار ئارىسىدا ئىناۋىتىنى تۆكتى. بۇنداق خورلۇقتىن كېيىن، ئىزا - ئەلەمگە قانداق چىدىغىلى بولسۇن؟! قۇبات دېگەن بۇ قاغدالما ھەمىشە ھىيلىگە بەتخۇي، زۇۋاندار قۇتلۇق مەۋلىۋى بىلەن ئۇچرىشىپ، يوشۇرۇن مۇقۇلدىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ھىيلە - مىكىر، سىر - ئەسرا بار كىم بىلىدۇ. ئۇلار بەلكىم ھاكىمىيەتنى ئۆزلىرى ئوگچە باشقۇرۇشنىڭ چوتىنى سوقۇۋاتامدۇ، تېخى... ئىشقىلىپ، جاھان تىنچ ئەمەس، ھەممىنىڭ كاللىسىدا بىر خىيال بار، غەپلەتكە پېتىپ قېلىشقا بولمايدۇ، غەپلەتتە قالساڭ ئۆزۈڭنىمۇ يوقىتىپ قويىسەن. دەرھال ھوشۇڭنى تاپ، ھەي، جوراس قوۋمىنىڭ بېگى مىرزا سالىھ!...

مانا شۇ ئۇچرىشىشتىن ئۈچ كۈن كېيىن، ئىسەن بۇقا ئاپاق خوجىنىڭ كەشمىر قەغىزىگە پۈتكەن بىر مەكتۇپىنى تۇمارچە پۈكلەپ قوينىغا سېلىپ، «نورۇز دۆڭ» سەيلىگاھىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يولنى تويتوغرا يۈرمەي، دەسلەپ ھۈنەرۋەن - كاسىپلار توپلانغان غۇژ - غۇژ بازارنى ئارىلاپ ئۆتتى، ئاندىن سودىگەرلەر، گەزمالچىلار باداشقان قۇرۇپ، چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقان ئۇستى يېپىق لاپاسلاردىن ئۆتۈپ، ۋاپۇرۇشلار رەستىسىگە چىقتى، ئۇ يەردە بىر ئاز ئايلىنىپ يۈرۈپ، كۈن قايرىلغان چاغدا «نورۇز دۆڭ» سەيلىگاھىغا كەلدى ۋە

بۇ يەردىكى ئاشپۇزۇل، چايخانىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك بىر كۆكنارخانىغا كىرىپ، قوينىدىكى ھېلىقى مەكتۇپنى شۇ يەردە كۆكنار ئىچىپ ئولتۇرغان مىرزا ماناپ بەگكە تاپشۇردى. شۇ ئىشتىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، مىرزا ماناپ بەگنىڭ چىغۋاندىكى① باغ ـ ھويلىسىدا ئۈچ كىشىنىڭ ئالاھىدە ئۇچرىشىشى بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئۇچرىشىش بۇرۇنقىدەك ئاشكارا ئەمەس، بەلكى ناھايىتى مەخپىي ھەم سىرلىق ئىدى. ئاپاق خوجىمۇ بۇ يەرگە بۇرۇنقىدەك ئىپسىل مەپىلەردە ھەشەم ـ دەرەم بىلەن ئەمەس، بەلكى قوتۇر ئات قوشۇلغان، لەمبۇق مەلەگزىلىك، شاتىۋار سايىۋەنلىك ئەبجەق مەپىدە ھېچكىمگە كۆرۈنمەي غىپپىدە كەلگەنىدى. باغ ھويلىنىڭ ئىچ ـ تېشىنىمۇ نۇرغۇن پىچاقچى سوپىلار مۇھاپىزەت قىلدى.

ئاپاق خوجا بىلەن مىرزا سالىھ بەگ جوراس ۋە مىرزا ماناپ بەگلەرنىڭ سۆھبىتى باغ ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئاددىي بىر ھۇجرىدا خېلى ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكىنىنى ھېچكىم بىلمىدى. پەقەت ئېغىر ئەلپاتقۇ ۋاقتىدا چىغۋاندىن قايتقان ئاپاق خوجىنىڭ قىياپىتى ۋە ئەلپازىدىن سۆھبەتنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ۋە ئۇنىڭ دېتىغا ياققانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. چۈنكى، ھېلىقى مەپە ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرغان ئاپاق خوجىنىڭ كەيپى چاغ، مىيىقىدا كۈلكە، كۆزلىرىدە بولسا، قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ ئەلەگسى ئويناپ تۇراتتى....

## 3

ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى لايقا سۇلارنىڭ يۈزىنى غازاڭ ـ غۇزاڭلار قاپلاپ ئاقىدىغان سۆرۈن شامالىلىق كۈز ئايلىرى باشلاندى. ئەنە، بۇگۈنكى كۈنمۇ ئون ئىككى قىيام سائەتلىك مۇشكۇل سەپىرىنى

① چىغۋان ـــ شەھەردىن ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يېزا.

ئاخىرلاشتۇرۇپ، ھەرەم دېرىزىلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى باغنىڭ كەينىگە ئاستا ـ ئاستا پاتماقتا. ئوردا تاملىرىدىكى يېشىل كاھىشلار كەچكى شەپەق نۇرى بىلەن قىزغۇچ ھال رەڭگە كىرگەندەك بولۇپ قالدى. باغقا ئۆگەنگەن كۆك كەپتەرلەر بىلەن شىپاڭ ئاراچىلىرىغا ئۇۋا سالغان پاختەكلەر ئېگىز گۈمبەزنىڭ ئەتراپىدا گۇگۇلىشىپ، كېچىلىك قونالغۇغا تەييارلىق قىلىشماقتا ئىدى.

ئاسمان تۇتۇق، ئاي خىرە ـ شىرە، يۇلتۇزلارمۇ ئاندا ـ ساندا پىلدىرلاپ تۇراتتى.

مۇھەممەدئىمىن خان دۆلەت ئىشلىرى بېجىرىلىدىغان چوڭ سارايدىن چىقىپ، كىشىلەرنى ئايرىم قوبۇل قىلىدىغان كىچىك ساراي ـــ سالامخانىغا كىردى. بېزىلىش جەھەتتە چوڭ سارايدىن پەرقلەنمەيدىغان بۇ كىچىك ساراي ناھايىتى جىمجىت بولۇپ، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. سالامخانىنىڭ بىر چېتىگە باغدات قىزىل ئۆچكىسىنىڭ يۇمران تېرىسى قاپلانغان كۆمۈش كۇرسىلار قويۇلغانىدى.

بۇ كۇرسىلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆتمەك ساقىلى قىتاتلانغان، بېشىغا ئاپئاق شايى سەللە يۆگىگەن، قارا كۆك تونىنىڭ مۇرىلىرىگە كالاۋۇتۇندىن نەقىشلەر چېكىلگەنىدى.

ھاتەم بەگ ئىسىملىك بۇ كىشى مۇھەممەدئىمىن خانىنىڭ ئۈچتۇرپاندىن كەلگەن مېھمىنى ئىدى. ئۇ تۈنۈگۈن كەلگەن بولۇپ، بۈگۈن بىر كۈن قۇبات مىرزا بەگنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەل ـ يۇرت ئارىلاپ، تېخى بايىلا سالامخانىغا قايتىپ كەلگەنىدى.

ـــ ساقلىتىپ قويدۇم، بۇرادەر ئەزىز، ـــ دېدى مۇھەممەدئىمىن خان سالامخانىغا كىرىپلا، ـــ كىم بىزنى خان بولسۇن دەپتۇ ـ ھە. بەئەينى يوغان كۆتەك ھارۋىنى سۆرىگەن ئورۇق ئاتتەك ھالىمىزغا ۋاي، ئەل ـ يۇرت ئىشى چوڭ ئىش ئىكەن، ئىشلىسەڭ ـ ئىشلىسەڭ تۈگىمەيدۇ...

ـــ شۇنىڭ ئۈچۈن خان ـ پادىشاھلارنى ئاللانىڭ يەردىكى سايىسى دەيمىزدە، ـــ دېدى ھاتەم بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ سالاملىشىپ، ـــ

ئەل ـ يۇرت، پۇقرا دېگەنلەر ئاللاتائالانىڭ پادىشاھلارغا تاپشۇرغان ئامانەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئوبدان ئاسراش ۋە ساقلاش ۋاجىپ. ئەگەر بۇ ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلىنسا، ئۇنداق ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ.

— پاھ ـ پاھ، قاتتىق يەردىن تۇتتىڭىزغۇ، ھاتەم بەگ، — دېدى مۇھەممەدئىمىن خان قايىل بولۇپ، — ئىنساننىڭ يىلتىزى ئىمان تۇرسا، ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلىپ بولامدۇ، دەيسىز...

ئۇلار ئەنە شۇنداق دوستانە، سەممىي كەيپىياتتا بىردەم سىرداشتى.

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، ھاتەم بەگمۇ بۇگۈن بىر كۈن ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يۇرت كەزگەچكە ھارغىن، ئېزىلەڭگۈ كۆرۈ-نەتتى. شۇڭا، ھەر ئىككىسى ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ ئۇخلاشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى. ئەمما، نېمە ئۈچۈندۇر مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ يۈرىكى بىر نەرسىدىن ئۈركىگەندەك، سول قاپىقى لىپىلداپ بىر ئىشتىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، ئىچىدە بىر نەرسە غىلدىرلاپ بىئارام قىلىۋات-قاندەك تۇيۇلۇپ، ھۇجرىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئايلىنىشقا باشلىدى.

شاھانە تۆشەكنىڭ يېپەك پەردىسى ئارقىسىدىكى كۈمۈش شامداندا بىر جۈپ شام پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ زەئىپ نۇرى پەنجى-رىدىن كىرىۋاتقان يۇمشاق شامالدا تىترەيتتى.

شام ئەنە شۇ يوسۇندا تىترە ـ تىترە ئاخىر بېرىپ خۇددى بىرى پۈۋلىگەندەكلا لاپپىدە ئۆچۈپ قالدى، ئۆچكەن پىلىكتىن كۆتۈرۈلگەن قاڭسىق ئىس ئۆيگە تارالدى.

مۇھەممەدئىمىن خان پۈتۈن بەدىنىدە قاتتىق ھارغىنلىق سەزدى. كاللىسىدا ھېس قىلغان بايىقى غەلىتە تۇيغۇلارنىمۇ ئەنە شۇ ھارغىنلىققا جورىدى ۋە كۇسۇر ـ كۇسۇر قىلىپ «ئايەتەلكۇرس» نى ئوقۇدى ـ دە، كېيىمىنى چالا ـ بۇلا يېشىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇ ھەقى-قەتەنمۇ ئىككى كۈندىن بېرى قاتتىق ئىشلەپ چارچىغانىدى.

شۇ دەقىقىدە، تاشقىرىقى ئوردىنىڭ بېدىشلىكى ئاستىدا ئىككى

گەۋدە پەيدا بولدى.

ــ ھەممە ئىشلار پۈتتى، ــ دەپ شىۋىرلىدى بىر گەۋدە يەنە بىرىگە يېقىنلىشىپ، ــ ئەمدى ھەرىكەتلەنسەك بولار.

بوغۇلۇپ، خىرقىراپ چىقىۋاتقان بۇ ئاۋاز ئىگىسى ــ چوڭ دىۋان بېگى مىرزا ماناپ بەگ ئىدى.

ــ خانىمۇ، مېھمانىمۇ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى، ــ دېدى يەنە بىر گەۋدە پۇشالداپ، ــ بۇ چاغقىچە ئۇخلىغاندۇ، ئەمدى باشلىساق بولار...

پۇشۇلدىغان بۇ ئاۋاز ئىگىسى ــ ئاتا بېگى مىرزا سالىھ بەگ جوراس ئىدى.

ــ ھېلىقى قۇبات دېگەن بىرنېمىچۇ؟ ــ ئەنسىرەپ سورىدى مىرزا ماناپ بەگ، ــ ئۇ بەكمۇ تۈيغۇن، ھىيلىگەر نەرسە...

ــ ياق، مەن ئالغان خەۋەرگە قارىغاندا، ئۇ بۈگۈن ھېلىقى مېھمان بىلەن بىر كۈن يۈرت كېزىپ ھالىدىن كېتىپتۇ، بۇ چاغقىچە لايدەك ئۇخلاپ كەتكەندۇ.

ــ ئەمىسە، مەن سىپىلنىڭ سىرتىدىكىلەرگە بەلگە بېرەي، ئۇلار ئوردىغا چۈشسۇن...

ــ لەشكەرلەرچۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىشىنى قانداق قىلدىڭىز؟

ــ ھەممىسىنى توغرىلاپ قويدۇم...

ــ ئىشنى يەنىمۇ پۇختىراق قىلايلى، بولمىسا، ئۆزىمىزگە چاشقاننىڭ ئىنى مىڭ تەڭگە بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ــ دېدى مىرزا سالىھ بەگ جوراس ۋە قويۇن يانچۇقىدىن تەتىللادا تىكىلگەن ھەميانىنى ئېلىپ، ئىچىدىن بىر سىقىم تىللانى ئالىقىنىغا تۆكتى، ــ سېخىي بول خىزىر بېرىدۇ، دېگەن گەپ بار. مانا بۇنى سەگەكرەك لەشكەرلەرگە تارقىتىپ بېرىڭ.

مىرزا سالىھ بەگ جوراس شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، بېدىشلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئوچۇقچىلىققا قاراپ قويدى. ئۇ يەردىكى بىر توپ قېرى چىنارنىڭ تېگىدە ئېگەرلەنگەن ئىككى ئارغىماق باغلاقلىق

تۇراتتى، بۇ ئۇلارنىڭ ھەر ئېھتىمالغا قارشى قىلىپ قويغان تەييار-لىقى ئىدى.

ۋاقىت ئېغىر جىملىق ۋە سوكۇت ئىچىدە ئۆتمەكتە. گىرىمسەن ئايمۇ بۇلۇتلار ئارىسىدا غايىب بولغان، ئەتراپنى قاپقارا زۇلمەت قاپلىغانىدى.

شەھەر ئىچىدىن جىبەكچىلەرنىڭ ئاندا - مۇندا تاقىلداقلىرىنى تاقىلدىتىپ «سەگەك ... سەگەك!...» دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. شۇ چاغدا، ئوردا سېپىلىنىڭ سىرتىدىن بىر تال ئارغامچا پەسكە تاشلاندى، ئارقىدىنلا بىر ئادەم ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئوردا ئىچىگە چۈشتى. ئەتراپتىكى ئارىلاپ قويۇلغان قاراۋۇللارنىڭ بەزىسى غەپلەت ئۇيقۇدا، بەزىسى بولسا، كۆزىنى يۇمۇپ، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ تۇگۈلۈۋېلىشقانىدى. بايا چۈشكەن ئادەمنىڭ ئارغامچا ئارقىلىق بەرگەن بەلگىسى بىلەنلا، ھەش - پەش دېگۈچە ئېگىز سېپىلنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ چۈشكەنلەرنىڭ سانى كۆپەيدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۈستىگە قارا كىيىم كىيىشىپ، يۈزىنى قارا لاتا بىلەن ئوراپ ئېلىشقانىدى. بىردەمدە ئەللىك نەچچە ئادەم سىركىچە-لەردەك چاققانلىق بىلەن ئوردا ئىچىگە چۈشۈپ بولدى. ئۇلار بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن، ئىككى بۆلەككە ئايرىلدى، چوڭراق بىر بۆلەكنى مىرزا سالىھ بەگ جوراس باشلاپ، مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قالغان بىر بۆلەكنى مىرزا ماناپ بەگ باشلاپ كەتتى.

مىرزا سالىھ بەگ ئادەملىرىنى ئېھتىيات بىلەن يېتىلەپ ئىچكىرى ئوردىغا كىردى، ئاقسارايىنىڭ ئەتراپىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت گۈلزار ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستى گۈمبەزسىمان ھاۋارەڭ شىپاڭدا ئىككى نۆكەر ئۈزۈن جۇۋىلىرىغا يۆگىنىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. مىرزا سالىھ بەگ باشلاپ كەلگەن قارا ئەرۋاھلار بۇ يەردىن تۈيدۈرماي ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى خاننىڭ ھۇجرىسى ئەتراپىدىكى نۆكەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىشلا قالغانىدى. بۇنىڭدا مىرزا سالىھ بەگ ئۈستىلىق ئىشلەتتى، ئۇ

پەقەت ئىككىلا ئادەمنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، قالغانلارنى ئەتراپتىكى دەرەخلىك بىلەن گۈلزارلىقلارغا بۆكتۈرمە قىلىپ قويۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى مىرزا سالىھ بەگ قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدىن تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تۇيدۇرماي كېلىپ ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئىدى.

مىرزا سالىھ بەگ ھۇجرىغا يېقىنلاشقاندا، ئىككى نۆكەر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— كىمسەن، نەگە بارىسەن؟

— مەن ... مەن، ئاتا بېگى مىرزاسالىھ بەگ جوراس، — دېدى ئۇ ئەمىرلىك تەلەپپۇزى بىلەن، — خانغا مەلۇم قىلىدىغان مۇھىم ئىش بار.

— جانابلىرى...، — دېدى قاراۋۇل سالام بەجا كەلتۈرۈپ، — خان تېخى بايىلا ئۇخلىغان... ئەتە مەلۇم قىلىشقا بولماسمۇ؟

— ئەتە مەلۇم قىلسا بولىدىغان ئىشنى بۈگۈن پالاقلاپ كېلىپ مەنمۇ ئەخمەق ئەمەس! — دېدى مىرزا سالىھ بەگ دوق قىلغاندەك، — بۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇھىم ئىش...

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپلا قولىنى سىلكىپ ھۇجرا تەرەپكە ماڭدى. ئىككى نۆكەر ئىلاجسىز شۈمشەرەپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئاشۇ بىخۇدلۇق ھالىتىدىن پايدىلانغان ھېلىقى ئىككى قارا كەۋدە ئۇلارنىڭ بويىنىدىن تولغاپلا ھەلقۇمىغا تىغ ئۇرۇۋەتتى، بىچارە نۆكەرلەر «ئاھ» دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي جان بەردى. بۇ چاغدا بۆكتۈرمىدىكىلەرمۇ ئالدىقاچان ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ، ئەتراپتىكى قاراۋۇللارغا ھۇۋقۇشتەك تاشلاندى.

مىرزا سالىھ بەگ خان ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى، ئۇنىڭغىچە ھېلىقى ئىككى قارا سايىمۇ ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— ھۇجرا ئىشىكى تاقاق ئىكەن، قانداق قىلىسىلەر؟ — سورىدى مىرزا سالىھ بەگ ئىككىسىگە شىۋىرلاپ.

— پەنجىرىچۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ بىرسى، — مەن بېرىپ قاراپ باقاي.

ئۇ ھايال بولماي قايتىپ كەلدى:

— پەنجىرىنىڭ بىر قانىتى ئوچۇق ئىكەن، مەن چۈشەي.

ئۇ پەنجىرە تەرەپكە كەتتى، مىرزا سالىھ بەگ بىلەن بىر قارا ئەرۋاھ ھۇجرا ئىشىكى ئالدىدا قالدى.

تاتلىق ئۇيقۇدا ياتقان مۇھەممەدئىمىن خان قانداقتۇر تىرىقشىغان بىر ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتى.

— كىم؟ قايسىڭ سەن؟ — دەپ ئۈندەرىگەندەك ۋارقىرىدى ئۇ ۋە خىرە - شىرە ئاي يورۇقىدا پەنجىرە تەكچىسىدە تۇرغان يوغان بىر گەۋدىگە كۆزى چۈشۈپ بىردىنلا سەگەكلەشتى، — پاسىبان! ھاي قايسىڭ بار؟!

سىرتتىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى، خان ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال ياستۇق ئاستىدىكى شەمشەرنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭغىچە پەنجىرىدىكى ھېلىقى يوغان گەۋدىمۇ سەكرەپ چۈشۈپ، خاننىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. ئۇلار يومىداقلىشىپ، ئېلىشىپ، تۆشەك-تىن يەرگە دومىلاپ چۈشتى. خاننىڭ يېرىم يالىڭاچ تېنى ھېلىقى يوغان گەۋدىنىڭ ئاستىدا قالدى. ئۇ تاقىر بېشىنى خاننىڭ ئېڭىكى ئاستىغا كەپلەپ، تىرەپ تۇرۇۋالغانىدى، خاننىڭ دېمى كېسىلىپ خىرقىراپ قالدى، شۇنداقتىمۇ سول قولى بىلەن رەقىبىنىڭ پىچاق تۇتقان قولىغا ئېسىلىپ، ئۇنىڭ بېغىشىنى ئامبۇردەك قىسىۋالدى ۋە ئوڭ قولىنى سەل - پەل بوشىتىپلا، ئۈستىدىكى ئېغىر گەۋدىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە خەنجەر ئۇردى، ئۇنىڭ قىسقا ئارىلىقتىن ئۇرغان خەنجىرى گەرچە رەقىبىنىڭ ساغرىسىغا كىرىپ، ئانچە زەخمەت يەتكۈزەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قاتتىق كىرىشكەن بەدىنىنى خېلىلا بوشاشتۇرۇۋەتتى، دېمى كېسىلگەن خانمۇ چوڭقۇر بىر نەپەس

ئېلىۋالدى. ساغرىسىدىن قان ئېقىپ، ئۆزىنىڭ بارغانسېرى بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن رەقىب بوغۇق ئاۋاز بىلەن خىرقىراپ تووۋلىدى :

— موللا ساقى... تېز... تېز... پەنجىرە بىلەن كىرسىلە...

خېلىدىن بېرى ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ، ھۇجرا بوسۇ-غىسىدا تۇرغان يەنە بىر قارا ئەرۋاھ — موللا ساقى ھەمراھىنىڭ خىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئۆزىنى پەنجىرە تەرەپكە ئاتتى. شۇ دەقىقىدە مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ كاللىسىدىن «موللا ساقى... ئاپاق خوجىنىڭ ئادەملىرى...» دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ مىيىقىدا ھىجىيىپ تۇرغان سۆرۈن تەلەتى قاراڭغۇلاشقان كۆز ئالدىدا نامايان بولدى.

«دەرىخا! خاتا قىلىپتۇرمەن... ھېيلىگەر مەلئۇن مېنى ئازدۇرۇپتۇ... ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ئۆزرىنى يازدىغانغا قەلەم، ئېيتىدى-غانغا ئادەم نەدە؟...»

خان ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، پەنجىرىدىن تاقلاپ چۈشكەن موللا ساقى ئۇنىڭ ماڭلىيىغا پىچاق ئۇردى. ئۇنىڭ ئۇستى-دىكى ئېغىر گەۋدىمۇ جان ئاچچىقىدا سوقا بېشىنى ئۇنىڭ ئېڭىكىگە تېخىمۇ قاتتىق تىرەپ، خاننىڭ نەپىسىنى قىسىۋەتتى.

شۇنچە كۆپ يۇرۇش، جەڭلەردە باھادىرلىق كۆرسىتىپ، سەلتەنەت تەختىدە نۇسرەت تاپقان مۇھەممەدئىمىن خان ئەڭ ئاخىر بىرەر ئادەم-گە بىر ئېغىزمۇ سۆز قالدۇرالماي، بۇ يورۇق دۇنيانىڭ بىرەر بۇرجە-كىگە ئاخىرقى نەزىرىنىمۇ ئاغدۇرالماي، ھەسرەت - نادامەت بىلەن جىممىدە ئۇ دۇنياغا كەتتى.

خان ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۇجرىسى بىلەن ئاقسارايغا نەچچە تۇلۇم ياغ چېچىلىپ ئوت قويۇلدى، قۇبات مىرزا بەگ بىلەن ھاتەم بەگلەر قەتل قىلىنغان ھۇجرىلارمۇ، خانىش بىلەن خاننىڭ ئۈچ

پەرزەنتىمۇ بۇ مۇدھىش ئوت يالقۇنىدىن ئامان قالمىدى.

«ئوت كەتكەن كېچە» دەپ ئاتالغان بۇ ۋەقە مىلادىيە 1681 ـ يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر جۈمە ئاخشىمى يۈز بەرگەنىدى. بۇ جۈمە ــــ مۇھەممەدئىمىن خان بىلەن ئاپاق خوجا ئەھدۇ پەيمان قىلىشقان «جۈمە كېلىشىمى» نىڭ دەل يىگىرمە بىرىنچى جۈمە كېچىسى ئىدى.

ئەتىسى، ئاپاق خوجا ئىككى ـ ئۈچ يۈزدەك سوپى ـ دەرۋىشلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئات بىلەن ئوردىغا گۈلدۈرلەپ كىردى ۋە ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك، پۈتۈن قەشقەرنىيە تەۋەسىگە: «ئالەمپاناھ شاھىمىز مۇھەممەدئىمىن خان كۈتۈلمىگەن ئوت ئاپىتى بىلەن ئەجىلى مۇئەللەق بولدى!» دەپ جاكارلىدى ۋە مىرزا سالىھ بەگ جوراس بىلەن مىرزا ماناپ بەگلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، خانلىق تەختىگە قايتىدىن ئولتۇردى...

# تۆتىنچى باب

## شانلىق قەبرە

### 1

بۈگۈن بازار كۈنى ئىدى، ئەمما گۈزەر ـ رەستىلەر بۇرۇنقىدەك ئاۋات ئەمەس، شالاڭ يۇرگەن كىشىلەرمۇ گويا بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك، چۆچۈگەندەك ئەنسىز يۇرۇشەتتى. بۇرۇنقىدەك سودا ـ سېتىقنى جانلاندۇرۇۋەتكەن ھىندىستانلىق، پاكىستانلىق، كەشمىرلىك، كابۇللۇق، ئەنجانلىق سودىگەرلەرنى، ئەرەب، پارس، پەرەڭ بايلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بازار ـ رەستىلەردىن بۇرۇنقىدەك گۈل پۇرىقى، قوغۇن پۇرىقى، ئىپار ـ ئەنبەر ھىدى، كاۋاپ ـ سامسا ھىدى ئەمەس، بەلكى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە پولۇ ئېتىش، ئېلىق پىشۇرۇش ئۈچۈن چۈچۈتۈلۈۋاتقان زاغۇن يېغى بىلەن، ئۆكلىنىۋاتقان كالىلا ـ پاچاقلارنىڭ ئاچچىق، قاڭسىق ھىدى بۇخسۇپ تۇراتتى. ساتار چېلىپ مۇقام توۋلاۋاتقان، دوست تارتىپ جەڭنامە سۆزلەۋاتقان مۇغەننىلەر بىلەن مەدداھلارغا قىزىقىدىغان ئادەملەرمۇ بۇرۇنقىدەك كۆپ ھەم قىزغىن ئەمەس ئىدى. بەزى ھەۋەسمەن دۇكاندارلارنىڭ ئۈنچە ـ مارجانلار بىلەن زىننەتلەنگەن قەپەسلىرىدىكى تۇمۇچۇق، بوز تورغاي ۋە شاتۇتىلارمۇ بۇرۇنقىدەك زوققا تولۇپ سايرىمايتتى. كوچا ياقىسىدىكى كانارىلارغا ئېسىلغان قوي، كالا ۋە ئۆچكە گۆشلىرىنى، غالتەك-

لەردە سۆرەپ يۇرگەن مەززىلىك توخۇ ۋە قىرغاۋۇل گۆشلىرىنى، كەپتەر ۋە كەكلىك كاۋاپلىرىنى بۇرۇنقىدەك چاپ ـ چاپ ئالىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، چىۋىن بېسىپ، ھەرە غوڭۇلداپ تۇراتتى. قىسقىسى، بازار بۇرۇنقىدەك غۇژ ـ غۇژ، قايىنام ـ تاشقىن ئەمەس، ئۆلۈك ھەم خاراموش ئىدى.

پېشىنگە يېقىن، ئوردا تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان چوڭ ئالىمان كۆرۈندى. ھايال ئۆتمەي، ئۇلار بازارنىڭ مەركىزىدىكى غولغۇن ئىچىگە كىرىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا كىشىلەر بۇ چوڭ ئالمان- نىڭ ئاپاق خوجىنى مۇھاپىزەت قىلىپ كېلىۋاتقان لەشكەر بىلەن سوپى ـ دەرۋىشلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. كاتتا ئىشاننى مۇھاپىزەت قىلغۇچى بۇ كىشىلەر ئىككىگە بۆلۈنگەن، بىر قىسمى ئالدىدا يۈرۈپ بازارنىڭ مەركىزىي كوچىسىدىن ئۆتۈپ، تاماشىچىلارنى قامچا، دەررە بىلەن ئۇرۇپ ھەيدەيتتى، قالغان قىسمى بولسا، ئاپاق خوجىنى ئوراپ ماڭغانىدى. ئۇنىڭ بوينى ئۇزۇن، كۆكسى كەڭ، پۇتلىرى يوغان ئاۋ- غان ئېتىنى ئىككى سوپى چۇلۋۇرىدىن يېتىلىۋالغانىدى. ئاتنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش يالىتىلغان ئېگەر ـ جابدۇقلىرى كۈن نۇرىدا يالتىرايتتى.

زەرباب تونغا ئورالغان ئاپاق خوجا ئارغىماق ئۈستىدە شاھانە سالا- پەت بىلەن گىدىيىپ ئولتۇراتتى. يولدا ئۇچرىغان ھەر بىر كىشى ئۇ- نىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلاتتى. ئۇلار سەئىدىيە خانىدانلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئاغدۇرۇپ، شاھلىق تەختىنى يەنە بىر قېتىم تارتىۋالغان بۇ ئۇ- لۇغ ھۆكۈمرانغا يېقىندىن تىكىلىپ قاراش ھوقۇقىدىن مەھرۇم ئىدى.

يېڭى خان ــ نامى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان ئاپاق خوجىنىڭ بۈگۈن ئوردىدىن چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرۈش ئۈچۈن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىغا توپلانغان شەھەر ئاھالىسى ئىچىدە ئاپئاق ساقاللىق قېرى بوۋايلار، تال ـ چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنىۋالغان ئۇششاق باللار، ھەر خىل ئەمەل تۇتقان بەگ ـ سىپاھلار، چېگرا ئاتلاپ تىجا-

رەت قىلىدىغان سودىگەرلەر، دىنىي قانۇن يۈرگۈزىدىغان قازىكالانىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ قولىدا خىلمۇخىل سوۋغا ــ سالاملار بىلەن تولغان كۆمۈش پەتنۇسلار بار ئىدى. بەزىلەر بولسا، توپ ــ توپ ئېسىل گەزلىمىلەرنى قۇچاقلاپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بېشىدىكى قازاندەك يوغان سەللىلىرى، ئۈستىدىكى ئېسىل تونلىرى ۋە رايىش قىياپەتلىرى ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىخلاسمەن سوپى، تەقۋادار موللا، ئەقىدىلىك ئىشانلار ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئاپاق خوجا ئۇلارنىڭ پۈكۈلۈپ قىلغان تەزىملىرى بىلەن قوش قوللاپ سۇنغان سوۋغىلىرىغا بەزىدە قول ئىشارىتى بىلەن، بەزىدە يەڭگىل باش سىلكىش بىلەن جاۋاب ياندۇرۇپ بىنەزەر ھالەتتە كېتىۋاتاتتى. لېكىن، سوۋغىلارنى بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوكۇلداپ كېلىۋاتقان بىر نەچچە خاس مۇرىتلار يىغىپ، تاغار ــ مىشكاپلارغا قاچىلاپ كېلەتتى.

ئاپاق خوجا ھېچ يەردە توختىمىدى، شۇ ماڭغانچە بەزىدە ئاستا، بەزىدە تېز مېڭىپ، ئاخىر رەستە ــ گۈزەرلەردىكى غولغۇن ئىچىدىن ئۈزاپ چىقتى. ئەمدى ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى ئوڭغا ــ شەھەردىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاۋات، كۆجۈم يېزا مىشا تەرەپكە بۇرىدى، ئۇ بۇگۈن شۇ يەردىكى «ھەزرىتى پىرىم خانىقاسى» غا بېرىپ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان يېڭى مۇرىت ــ مۇخلىسلىرى بىلەن زىكىر ــ سۆھبەت قىلماقچىدى.

قۇم توپىلىق يېزا يولى باشلاندى، تار يولغا غازاڭدىن قىزغۇچ پايانداز سېلىنغانىدى. يولنىڭ بىر تەرىپى ئاختارما قىلىنغان ئېگىز ــ پەس ئېكىنزارلىق، يەنە بىر تەرىپى ئەگرى ــ بۈگرى كەتكەن مىشا ئۆستىڭى ئىدى. كەچ كۈز پەيتى بولغاچقا، ئۆستەڭ تەرەپتىن سوقۇۋاتقان سوغۇق شامالدا يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخلەر نالە قىلغاندەك ھۇشقىيىتاتتى.

ئاپاق خوجا ئۆستەڭ بويىدىكى «چايخانا» دەپ ئاتىلىدىغان

كۆجۇم مەھەللىگە كىرىشى بىلەن ئاچچىق بىر ئەندىكىش ئىچىدە بىر قىسما بولۇپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، يېقىنلا يەردىن ئۇنىڭ سەگەك قۇلىقىغا مۇڭلۇق نەغمە ـ ناۋا بىلەن دىلكەش مۇقام كۈيى ئاڭلانغانىدى...

ئەگەر ئاشىقلىقىم ئېيتسام، كۆيۈپ جانۇ جاھان ئۆرتەر،
بۇ ئىشق سىرىن بايان ئەتسەم، تېخى ئۇل خانۇمان ئۆرتەر...

مۇقامچىنىڭ مۇڭلۇق، ياڭراق ناخشىسى ئىسسىق، ئازادە چايخانىدىكى ئوتلارنىڭ چاراسلاپ كۆيۈشى، ئاستا، رىتىملىق چېلىنىۋاتقان داپنىڭ ساداسى، سىرتتىكى ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى ئىچىدە ئاھاڭدە ئاڭلىنىپ، جىمىپ قالغان مەھەللىنىڭ ئۈستىدە ئەركىن پەرۋاز قىلاتتى. ساتار بىلەن تەمبۇرنىڭ قوشۇلمىسىدىن ئاجايىپ بىر دىلكەش ناۋا ياڭرىماقتا ئىدى:

ھېچكىمە مەلۇم ئەمەس ھالى پەرىشانىم مېنىڭ،
ئاسماننى پارە قىلدى ئاھۇپىغانىم مېنىڭ!...

ئاپاق خوجىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى بىردەم غۇژمەكلىشىپ، بىردەم يېيىلاتتى. ئۇ يېنىدىكى ئىسەن بۇقا بىلەن موللا شاھبازدىن دەرغەزەپ بولۇپ سورىدى:

— نەدىن چىقىۋاتىدۇ بۇ شۇم ئاۋاز؟!

— ئاۋۇ چايخانىدىن، — دېدى موللا شاھباز قولى بىلەن ئۆزلىرىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدىكى بىر ئۆينى كۆرسىتىپ.

دېگەندەك، ئۆينىڭ سىرتىدىنلا ئۇنىڭ خېلى خېرىدارلىق بىر چايخانا ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئىشىك ئالدى بورا بىلەن چەللە ـ باراڭ قىلىنىپ، چەللە ـ باراڭغا بىر غۇلاچ كەڭلىكتە كۆك

لەمبۇقتىن لەپلىمە تارتىلغانىدى. چەللە ـ باراڭنىڭ ئاستىغا بىر نەچچە كارىۋات قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن هازىر هاۋا سوغۇق بولغاچقا بوش تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ هەممىسى چايخانىنىڭ ئىچىگە تىقىلىشقانىدى. ئوچۇق ئىشىكتىن تۇرۇلۇپ ـ تۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان ئاپئاق هوردىن چايخانا ئىچىنىڭ هەقىقەتەنمۇ قىزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— چايخانىدا نەغمە ـ ناۋا، ئويۇن ـ تاماشا راسا قىزىپتۇ ـ دە، — دېدى موللا شاهباز خۇددى ئۇ يەرگە كىرگۈسى باردەك ئۈمىدلەنگەن تەلەپپۇزدا.

— بولدى، ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ چالۋاقىدى ئاپاق خوجا، ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلىپ، كۆز قارىچۇقلىرى چانىقىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك پولتايغانىدى، — نەغمە ـ ناۋا، ناخشا ـ غەزەل دېگەنلەر دەۋزىخى بەتبەختلەرنىڭ بۇ ئالەمدىكى كۆڭۈل خۇشى، شەيتاننىڭ چوڭى! بۇنداق ئادەملەر دەۋزەخكە چۇچۇلا بولىدۇ، شۇڭا ئۇلارنى بۇ دىياردىن قوغلاش كېرەك!

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپلا ئاتنى دېۋىتتى، سۆلەتلىك ئارغىماق يالىنى سىلكىپ، چايخانىغا قاراپ ماڭدى ۋە چەللە ـ باراڭ ئالدىغا كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن توختىدى. ئاپاق خوجىنىڭ قاش ـ قاپىقىغا قاراپلا ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ۋە نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان خاس مۇرىتلىرىدىن بىرنەچچىسى دۈكۈرلەپ چايخانا ئىچىگە كىرىپ كەتتى، هايال ئۆتمەي نەغمە ـ ناۋا توختىدى، ئارقىدىنلا ئۆرە ـ تۆپە بولغان، ۋارقىرىغان ـ جارقىرىغان، هەتتا قوپال تىللاشقان، مۇشت ـ تېپىك زەربىدىن چىرقىراپ ئاللا ـ توۋا كۆتۈرگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ هالەت ئۇزۇنغا بارمىدى، پىچاقلىرىنى يالىڭاچلاپ، كالتەك ـ چوماقلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان سوپى ـ دەرۋىشلەر چايخانىدىن بىرنەچچە ئادەمنى سۆرەپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ ئادەم ئالاهىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى، بايىز ئاخۇن بولۇپ،

يىراق - يېقىندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «بايىز مۇقام» دەيتتى. ئۇنىڭ قولىدا كونا ساتار بار ئىدى. يېشى قىرىقلاردىن ئەمدى ھالقىغان، ساقال - بۇرۇتلىرى قاپقارا بۇ ئادەم تولىمۇ رايىش، مېھرى ئىسسىق كۆرۈنەتتى. يەنە بىرى، تەمبۇر كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئاشۇ ئالاھىدىلىكى بويىچە «روزەك تەمبۇر» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ يېشى ئەللىككە ئۇلىشىپ قالغاچقا، شالاڭ چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىنچىسى، ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان ئون ئالتە ياشلاردىكى ئۆسمۈر بالا ئىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى كىچىك داپقا قارىغاندا، ئۇ مۇشۇ سورۇننىڭ داپچىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى ئەلى ئاشار بولۇپ، بايىز مۇقامنىڭ ئوغلى ئىدى. بايىز مۇقاممۇ ئاشۇ يېشىدا دادىسى ئابلا ساتارنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، دەسلەپ داپچىلىقنى، كېيىن ساتار بىلەن تەمبۇر چېلىشنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئوچۇق، راۋان ھەم ياڭراق بولغاچقا، كېيىنكى يىللاردا دادىسى ئۆزىنىڭ بارلىق ئۇدۇمىنى ئۇنىڭغا مىراس قالدۇرۇپ كەتكەنىدى.

پىچاقچى سوپىلار بۇ ئۈچەيلەننى گەجگىلىرىدىن بېسىپ يەرگە يۈكۈندۈرگەنىدى. لېكىن، ئۇلار باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سازلىرىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى. ئاپاق خوجا ئۇلارغا يىرگىنچ نەزىرى بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ قوڭۇر كۆزلىرى غەزەپلىك، تەلەتى سۆرۈن ئىدى.

— نېمە ئۈچۈن خانىقاغا كىرىپ، زىكىر - ساما قىلماي، بۇ يەردە شەيتاننىڭ ئىشىنى قىلىشتىڭ؟ — سورىدى ئاپاق خوجا ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

بۇ ئارىلىقتا، چايخانىدىكى ۋە مەھەللىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر بۇ يەرگە توپلىنىپ، بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

بايىز مۇقام ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى:

— ئۆزلىرى ئەھلىي تەرىقەتچىلەرگە رەھنەما، ھەزرىتىم. مەن بولسام، دەردمەنلەرنىڭ رەھنەمىسىمەن، شۇڭا قىلىدىغان ئىشىم ھاپىز-لىق، يۇرىدىغان جايىم بەزى شەھەر، بەزى سەھرا! مەن خانىقاغا كىرمىسەممۇ، مانا شۇ جەندە چاپىنىمنى جايناماز، سازىمنى تەسۋى قىلىپ، مۇسۇلمانچىلىقنى ئادا قىلىۋەرمەن...

— ھەي ناشۇكۇر بەندە، — دەپ توۋلىدى بىر سوپى ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تىخمۇ قاتتىق دۆشكەللەپ، — توۋا قىلىپ، ئۇلۇغ خانغا قۇللۇق قىل. شۇنىڭدا جېنىڭ ئامان قالىدۇ.

— يوقسۇ، تەقسىر، — دەپ باش سىلكىدى بايىز مۇقام، — پىقىر تىز چۆككەندىن كۆرە، ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرىمەن. چۈنكى، مەن ئەزەلدىن ئەركىنلىكنى، ھۆرلۈكنى كۈيلىگەن بۇلبۇلمەن. ئېگىز شاخلار ئارىسىدا ياشىغان بۇلبۇل ھەرگىز ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدۇ.

ئاپاق خوجا غەزەپتىن يېرىلاي دەپ قالدى. ئۇ ئەزەلدىن ئۆزىگە تىك قارىغان ۋە مەنمەنلىك بىلەن سۆز ياندۇرغان ئادەملەرنى بوش قويۇۋەتمەيتتى. لېكىن ئۇ، يەنە تۇرۇپلا بايىز مۇقامنىڭ جاسارىتىگە، غۇرۇرىغا قايىل بولغاندەك بولۇپ قالدى. ئەگەر مۇنداق ئادەملەرنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ، ئۆز ئىزىغا دەسسىتەلىسە، ئۇلاردىن ھەسسىلەپ ۋاپا ھەم ياخشىلىق كۆرگىلى بولاتتى.

شۇ خىياللار بىلەن ئۇنىڭ غەزەپ - ئاچچىقى سەل بېسىلغاندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، نەغمە - ناۋاغا ھېرىسمەن شۇنچە خالايىقنىڭ كۆزى ئالدىدا بايىز مۇقامغا ئېغىر جازا بېرىش تازا دانالىق بولمايدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، ئاپاق خوجا سۆز مۇقامنى دەرھال ئۆزگەرتىپ :

— بولدى، بۇگۈنكى ئىش مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، — دېدى ھەممەيلەنگە تەكشى نەزەر تاشلاپ، — بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق سورۇندا — مەيلى چايخانا، مەيلى رەستە - بازارلاردا بولسۇن نەغمە - ناۋا قىلىپ، ناخشا - غەزەل ئېيتىش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ. بۇگۈنكى ئىش ھەممەيلەنگە ساۋاق

بولسۇن!

ئاپاق خوجىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئارىدىن بىرسى يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خانىنىڭ ئەمرى پەرز! كىمدە كىم خىلاپلىق قىلىدىكەن، ياتار يېرى زىندان بولىدۇ!

كىشىلەر توپى تەۋرەندى، ئۇلار ئېغىز يېرىپ بىر نەرسە دېيەلمىدى- مۇ، لېكىن كۆڭۈللىرى غەزەپكە تولدى. ئۇلار جاھىل ھۆكۈمدار ئاپاق خوجىنىڭ قىلىۋاتقان شۇنچە قىڭغىر ئىشلىرى ئاز كەلگەندەك، ئەمدى كېلىپ خەلق دىلىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە مۇھەببەتكىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن چاڭ سالغانلىقىدىن قاتتىق نارازى بولدى. لېكىن، ئاپاق خوجا بىر نەرسىنى بىلەلمەيتتى، ئۇنىڭ چاڭگىلى خەلقنىڭ ئاغزىنى ئېتىشكە يەتسىمۇ، لېكىن ھۆرلۈك ۋە سۆيگۈ ماكانى بولغان يۈرەكنى مەڭگۈ ئىشغال قىلالمايتتى!...

## 2

ئوردا ئىچىدىكى ئازادە بىر خانىدا ئاپاق خوجىنىڭ يېقىن يارەنلىرى- دىن بولغان موللا ئالىم ياركەندى ئولتۇراتتى. ئۇ ھەمىشە ئاپاق خوجى- غا ئەگىشىپ يۈرگەچكە، كىشىلەر ئۇنى «پىرنىڭ سايىسى» دەپ ئاتايتتى. بۈگۈن ئۇ كىمخاب تون كىيىپ، قولىغا كەھرىۋا تەسۋى تۇتۇپ، ئۆيىنىڭ تۆرىدىكى قات - قات يېكەنداز ئۈستىگە يانپاشلىغا- نىدى. پەگاھ تەرەپتە قوللىرىنى تىزىغا تىرەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان بەش - ئالتە سوپى - دەرۋىش دىققەت بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇراتتى.

موللا ئالىم ياركەندى تەسۋىنى بىر ئايلاندۇرۇپ قويۇپ، بايا ئۈزۈ- لۈپ قالغان ۋەز - نەسىھەتنى داۋام قىلدى:

— قەشقەردىكى ۋاقتىمىز ئىدى، بىر كۈنى ناماز خۇپتەن ۋاقتىدا،

ھەزرىتى ئىشانەمنىڭ يېنىدىن مېنى چاقىرىپ بىر دىۋانە كەلدى، بارـ
دىم. خىلۋەت خانىغا يەتكىنىمدە خاس ھۇجرىنىڭ دەھلىزىدە جىنلارـ
دىن بىرقانچىسىنى كۆردۈم. ئۇلار ئىززەت بىلەن سالام قىلدى، مەن
ھاسامنى كۆتۈرۈپ ھەملە قىلىپ ئېيتتىم: «ئى جىن ـ پەرىلەر، بۇ
يەر سىزلەرنىڭ جايىڭلار ئەمەس، نېمىشقا كەلدىڭلار ؟!» ئۇلار تەۋازۇ
بىلەن دېدى: «بىز مۇسۇلمانلاردىنمىز، رەسۇلۇللاغا ئىمان ئېيتقانمىز.
بىز بىرقانچە تەندۇرمىز، ھەر ئايدا بىر مەرتىۋە قۇتبىنى① زىيارەت
قىلىشقا كېلىمىز، كەلمىسەك مۇسۇلمانچىلىققا خىلاپ قىلغان بولىمىز.
بىز بىرقانچە تائىپە، بەزى تائىپە تەرسا، بەزىسى جوھۇد، بەزىلىرى
كاپىر. بىز مۇسۇلمان تائىپىسىدىن، بىزنىڭ چوڭلىرىمىز ھازىرقى
كۈننىڭ قۇتبىسى ھەزرىتى ئىشان دەپ خەۋەر بەرگەنلىكتىن بىز
كەلدۇق. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن ھەزرىتى ئىشاندىن باشقىسىنىڭ
خەۋىرى يوق!...»

جىن كۆزۈمگە كۆرۈنگەندىلا، مەن كۆزۈمنى ئۇنىڭدىن ئۈزمىگەنىـ
دىم، شۇڭا ئۇلار كۆزۈمدىن غايىب بولۇپ كېتەلمىدى، مەھبۇستەك
ئۆز جايىدا توختىدى. ئىلگىرى ھەزرىتى ئىشاندىن شۇنداق قىلىشنى
ئاڭلىغانىدىم. جىنلار بىلەن خوشلىشىپ، ھەزرىتى ئىشان قېشىغا كىرـ
دىم. ئىشان: «تاشقىرىدا نېمە كۆردىڭىز ؟» دەپ سورىدى. مەن
كۆرگەنلىرىمنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئىشان جىن ـ پەرىـ
لەر توغرىسىدا بىرمۇنچە مەرىپەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «جىننىڭ
ئىبلىس (شەيتان) نەسلىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر.
ھەقىقەت شۇكى، جىن ئىبلىستىن غەيرىيدۇر. ئىبلىس ئۇلاردىن بىرىـ
دۇر. جىننىڭ دادىسى خۇنسا② دۇر. ئىككى يوتىسىنى بىر ـ بىرىگە
سۈركەشتىن پەرزەنت تۇغۇلدۇ. ئۇلارنىڭ تەركىبى ئوتتىندۇر. ئوت

① قۇتبى ــ تايانچىسى، كاتتىسى.
② خۇنسا ــ ئەر ـ ئايال ئارىسىدىكى مەخلۇق.

يېنىك جىسىم بولغانلىقتىن، ئۇلارمۇ يېنىك جىسىمدۇر. بولۇپمۇ، روھ ئۇنىڭغا قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ناھايىتى يەڭگىل، تېز ھەرىكەت بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. ئازغىنە ئازار بىلەن ئۆز - ئۆزىدىن تۆكۈلۈپ ھالاك بولىدۇ. جىن يارىتىلىشتا ئادەمدىن ئىلگىرىدۇر. جىنلار ئارىسىدا ئىلىم - بىلىم كەم، مەنىۋى ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئىدراكى ناھايىتى چولتا، بولۇپمۇ خۇدانى تونۇشتا شۇنداق. ئۇلارنىڭ تولىسى پەلىد[①]، بىپەھىم بولىدۇ، ئۇلار بىلەن ئارىلىششتا ئانچە پايدا يوق، ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئۇلاردىن كىبىر ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئوت - ھاۋادىن ئاپىرىدە بولغاچقا، تەركىبىدە ئوت غالىب، ئوت يۇقىرىغا ئۆرلىگۈچىدۇر. ئۇلار ئۆلسە، ئالىمى بەرزەخكە[②] يۆتكىلىدۇ، ئۇ دۇنياغا قايتالمايدۇ. ئۇلارنى ئۇ يەردە سوغۇقلۇق بىلەن ئازابلايدۇ...»

موللا ئالىم ياركەندى ئىشكىنىڭ تۇيۇقسىز ئېچىلىشى بىلەن سۆزدىن توختىدى. بوسۇغىدا موللا شاھباز پەيدا بولدى، ئۇ بېشىغا تۆلكە تۇماق، ئۇچىسىغا كۆك يوللۇق مىسىر بەقەسىمدىن تون، پۇتىغا قىزىل كۆندىن تىكىلگەن غاس - غاس ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى.

— خوش، موللا شاھباز، نېمە گەپ؟ — سورىدى موللا ئالىم ياركەندى سەل - پەل ئۆرىدەپ.

— تەقسىر، مۇھىم بىر خەۋەر كېلىپ قالدى، — دېدى موللا شاھباز ھولۇقۇپ، — ھېلىقى قۇتلۇق مەۋلىۋى دېگەننىڭ ئەمدى پەيمانى توشقان ئوخشايدۇ. بۇگۈن كەچقۇرۇن ئۆيىدە نەغمە - ناۋا قىلىپ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن. بۇ قىلمىشى ھەزرىتى خان ئالىيلىرىنىڭ مۇقەددەس پەرمانىغا تۈپتىن خىلاپ، بىز ئۇنى مۇشۇ نەق جىنايەت ئۈستىدە

---

① پەلىد — پاسكىنا، ئىپلاس.

② بەرزەخ — ئىككى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسى، پانىي دۇنيا بىلەن باقىي دۇنيا ئارىلىقىدىكى يەر.

قولغا چۇشۇرسەك دەيمەن...

بۇ گەپلەر موللا ئالىم ياركەندىنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىسا، ئاپاق خوجىنىڭمۇ خۇش بولىدىغانلىقىغا ئۇ ئىشىنەتتى. چۈنكى، ئۇ ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنى خەلقئالەم ئالدىدا بىرەر يوللۇق باھانە سەۋەب بىلەن قولغا چۈشۈرۈپ ئۇجۇقتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، قەۋەتلا ئۆكۈنۈپ، پۈچىلىنىپ يۈرەتتى. شۇڭا، موللا ئالىم ياركەندى ھېلىقى سۆھبەتنى شۇ يەردىلا توختىتىپ، موللا شاھبازنى باشلاپ ئاپاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا كىردى.

دېگەندەك، ئاپاق خوجىنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، موللا شاھباز، — دېدى ئۇ قولىدىكى ئالتۇن سەۋلىجاننى ئوينىتىپ، — قۇۋ تۈلكە بۇرنىدىن ئىلىنار، دېگەن شۇ. قۇتلۇق دېگەن بۇ بۆرە سويىمسىنىڭ ئايىغى تەگكەن يەردىن شۇمبۇيا، ئاغزى تەگكەن يەردىن تىكەن ئۈنۈپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇنى تۈپ يىلتىزى بىلەن يۇلۇپ تاشلاش كېرەك! بېرىڭ، موللا شاھباز، قانچىلىك ئادەم لازىم بولسا شۇنچە ئېلىپ، ئۆز پىلانىڭىز بويىچە ئىشلەڭ، سىزگە دۇئايىم مەدەت بولىدۇ!

* * *

يوغان ئايۋاندا ئادەم جەم، ھەممىنىڭ دىققىتى تۆردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان بايىز مۇقام، روزەك تەمبۇر ۋە ئۇلارغا تەڭكەش قىلىپ داپ ئۇرۇۋاتقان مەسۇم يىگىتتە. ھاپىزنىڭ كۈچلۈك ۋە يېقىملىق ئاۋازى ھەممىنى لەرزىگە كەلتۈرگەن. تەمبۇرنىڭ چىرىتمە زەربىسى يۈرەك تارىلىرىنى يۇلقۇپ ئۆتسە، ساتارنىڭ شىۋىرلىغان نالىسى غەمكىن كۆڭۈللەرنى ئەللەيلىتىدۇ.

ساز ۋە ناخشا ساداسى تۇتاش ھويلىلاردىن، گۈللۈك شىپاڭلاردىن، لاي كۈمىلاچ ئېگىز تاملاردىن ھالقىپ يىراقلاردا ئەكس سادا

پەيدا قىلماقتا.

بۇگۈن ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئـۆزىگە تەئـەللۇق مانـا شۇ ئۆيـدە بىر نەچچە دوست ـ بۇرادىرىنىڭ تەلپى بىلەن بەزمە ـ باراۋەت ئـۆتـكۈزۈۋاتاتتى. ئۇ بايىز مۇقام بىلەن كونا تونۇشلاردىن ئـىدى، ئۇنىـڭ بىلەن كۆپ سورۇنلاردا ھەمداستىخان بولۇپ، ئۇنىڭ سـاتارى بىلـەن ناخشىسىغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدى. تونۇگۈن ئۇ بايىز مۇقامنى ئىـز ـ دەپ تېپىپ ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلغاندا، بايىز مۇقام خانـىنىڭ بۇيـرۇ ـ قىنى ئەسكەرتىپ ئۆزرە ئېيتتى. لېكىن، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى كەسـ ـ كىن تۇردە:

ـــ خاتىرجەم بولۇڭ، بۇرادەر، نەغمە ـ ناۋا مېنىڭ ئۆيۈمدە بولىدۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىم دەخلى ـ تەرۇز قىلالمايدۇ، ـــ دەپ ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى رەت قىلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ نەچچە كۈندىن بېرى ساز چالمـاي، ناخشا ئوقۇماي، ئىچى سىقىلىپ، بىتاقەت بولۇپ يۈرگەن بايىز مۇقامغا ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ بۇ مەدەتكارلىقى خوپ ياققانىدى.

شۇڭا ئۇ، ئىچ ـ ئىچىدىن پىغان بولـۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتـقان مانا شـۇ سېغىنىش ۋە سۆيگۈ ئىستىكىنى مۇقامنىڭ مۇڭلۇق، مەيۇس ئاھاڭلـىـ رىغا يۇغۇرۇپ، قـولىدىكـى سـاتار تـارلىرىنـى گويا يىغلىتىشقا باشلـىـ غانىدى.

خۇش قالىڭ، مەن ئەمدى كەتتىم، ئەي يارەنلەر، ئەلۋىدا،
چۇشۇپ شامى غېرىبلىق، دىلدا ئارمانلار، ئەلۋىدا!

ئۇ ساتارىنى سايرىتىپ، ئەتراپىدىكىلەرگە يېڭى ـ يېڭى غەزەللـەر ـ نى، يېڭى ـ يېڭى ھېكمەتلەرنى تەقدىم قىلاتتـى، مۇقام توۋلاپ ئـۆزىـ نىڭ ئادەملىكىنى، ئادەملىك ھېس تۇيغۇسىنى نامايان قىلاتتى.

پۇتكۇل ۋۇجۇدى كۆز ۋە قۇلاققا ئايلانغان ئاڭلىغۇچىلارمۇ ئۆزلـىـ رىنى ئۇنتۇغان ھالدا مۇقامغا بېرىلگەنىدى.

بايىز مۇقامىنىڭ بېشى ئېگىلگەن، تاشتەك قاتقان ۋۇجۇدىدا ھېچبىر ھەرىكەت سېزىلمەيتتى. بەلكى، بۇ سورۇندا پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ تەمكىن جىسمىلا مەۋجۇت، روھى بولسا، ئەرشئەلاغا پەرۋاز قىلىپ، ھېچقانداق پىر ـ ئەۋلىيالارمۇ يېتەلمىگەن ھۆر ـ غىلمانلار ئارىسىدا ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى.

ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە كىمدۇر نىگاھىنى يىراق ـ يىراقلارغا تىككەن، كىمدۇر بېشىنى ئەگكەن، كىمدۇر كۆزلىرىنى ھاپىزغا تىكىپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش تولغانغان، يەنە كىمنىڭدۇر كۆزلىرى ياش يۇقى...

غەزەل ئەۋجىگە چىقىپ، ئەتراپقا ئاجايىپ بىر مەردانە، ھاياجانلىقىدا تارالماقتا ئىدى:

ئەجەب مەجنۇندۇرمەن، ھەردەشتۇ، ھەرسەھراغا سىغماسمەن،
دىلىم دەريايى نۇردۇر، مەۋج ئۇرۇپ دۇنياغا سىغماسمەن!...

بۇ نالە كىشىلەر ۋۇجۇدىنى تېشىپ ئۆتكەندەك بولدى. بەزىلەرنىڭ قولى ئىختىيارسىز كۆكسىگە بېرىپ، قامىتى ئېگىلىپ تىترىدى.

ساز ۋە غەزەل سېھرى پاراكەندە دىللارنى ئاستا ـ ئاستا ئۆز پەنجىرىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ روھى ۋە جىسمىنى تەڭلا ئويغاتتى. تىك تۇرغان گەۋدىلەر تولغىنىپ، باشلار تەۋرەنمەكتە ئىدى. سازنىڭ دىلكەش ناۋاسى بىلەن غەزەلنىڭ مۇڭلۇق ئاھاڭى ھەربىر ئاتەش دىللارنى سىلكىپ ئويغىتىپ، كۆڭۈللەرگە غۇرۇر ئوتىنى ياقاتتى.

ناخشا تۈگەپ، ھاپىزنى ئالقىشلاش باشلىنىشى بىلەن تەڭ، سالاپەتلىك بىر ئادەم توپنى يېرىپ ئۆتۈپ، بايىز مۇقامىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى. بۇ ھالەتتىن جىددىيلىشىپ قالغان بايىز مۇقام لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ قوللىرىدىن تۇتتى.

ـــ سىلىگە تەشەككۈر، ـــ دېدى ھېلىقى ئادەم، ئاندىن ئەگنىدىكى ياقا ۋە پەشلىرىگە زەر تۇتۇلغان كىمخاب توننى سېلىپ، بايىز مۇقام-

نىڭ يەلكىسىگە يايتى ۋە تەكەللۇپ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەزۇر تۇتقايسىز، تەقسىرىم، قوللىرىڭىز دەرد كۆرمىسۇن، دىلىمىزنى غۇباردىن پارىخ① ئەتتىڭىز. ئاللا سىزگە بۇلبۇل ئاۋازى بىلەن ئارسلان نەرەسىنى ئاتا قىلغانىكەن. پىقىرنى ئانىدىن تۇغما ئەتتىڭىز، زىكىر - ساما، جەھرە - سۆھبەت قۇيۇنى ئىچىدىن تاپالمىغان دىدارغا يەتكۈزدىڭىز...

— توغرا، بەرھەق توغرا، — دەپ بۇرادىرىنى قۇۋۋەتلىدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى، — سەنئەتنىڭ قۇدرىتى شۇ يەردىكى، ئۇ تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ، گۈزەل ئاۋاز جاننى روشەنلىتىدۇ. ساز بىلەن سۆز بىرلەشكەن ھامان، ئادەم بىھوش بولۇپ، ئىككى ئالەمگە سىغماي قالىدۇ...

مانا شۇ چاغدا — ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىپ، سەنئەتنىڭ قۇدرىتىنى ئۇلۇغلاۋاتقان شۇ دەقىقىدە، موللا شاھباز باشلاپ كەلگەن ئون نەچچە لەشكەر بىلەن پىچاقچى سوپىلار ئۆينى پۈتۈنلەي قورشاپ، ھويلىغا بېسىپ كىرگەنىدى. ھويلىنى بىر نەچچە يەرگە يېقىلغان پانۇسلار خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۇلار بايا ھويلىغا كىرىشتە، چوڭ دەرۋازىنى ئاچقان بىر تالىپ بىلەن تۇتىشىپ قالدى. تالىپ بەستلىك، تەپسە تۆمۈرنى ئۈزگۈدەك قۇۋۋەتلىك يىگىت ئىدى. ئۇ دەرۋازا قېقىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئىشىكنى ئاچتىيۇ، لېكىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ يامان غەرەزدە ئىكەنلىكىنى بىلىپلا، ئىشىكنى تاقىۋالماقچى بولدى، ئەمما ئۈلگۈرەلمىدى، بىر سوپى قولىدىكى چوماق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى، چوماق تەگكەن يەردىن قان بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى. تالىپ خۇددى ئېيىقتەك قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جان ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى - دە، بەئەينى ئوق يىلاندەك ئېتىلىپ بېرىپ، ھېلىقى سوپىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى. سوپى قولىدىكى چوماق بىلەن بىللە ئۇنىڭ كەڭ كۆكسى

---

① پارىخ — ئادالاش، بوشىتىش، بىكار قىلىش.

ئاستىدا خۇددى باسماقتا چۈشكەن قۇشقاچتەك بولۇپ قالدى. تالىپ بار كۈچىنى ئاغزىغا يىغىپ، سوپىنىڭ يۈز ـ كۆز، باش ـ قۇلاقلىرىنى قاساشقا باشلىدى. سوپى دەسلەپ توگگۈزدەك چىرقىرىدى، كېيىن خىرقىراشقا باشلىدى، ھېچكىم ئۇنى تالىپنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇپ چىقالمىدى، سوپىنىڭ يۈزى تالىپنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىدا قىيمىلىنىپ قانتالاش بولۇپ كەتتى. تالىپ ئەڭ ئاخىرىدا كۈچلۈك قوللىرى بىلەن سوپىنىڭ ۋارقىراۋاتقان ئاغزىغا ئۇردى، ئۇنىڭ چويۇندەك مۇشتى سوپىنىڭ ئاغزىدا قالدى، تالىپ شۇ ھالەتتە قانسىراپ جان بەردى، سوپى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندا، چالا ئۆلۈك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى...

بۇ ئىشلاردىن ئايۋاندا نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئولتۇرغانلار پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. موللا شاھباز ھويلىغا شەپىسىز بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، قوللىرىدىكى قوراللىرىنى يالىڭاچلاپ، سۈر ـ ھەيۋە بىلەن ئايۋانغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە پوقىقى يېرىلغۇدەك ئاۋازدا :

— ھەزرىتى ئالەمپاناھ خاننىڭ ئەمرىگە قارشى چىققان ھەرقانداق ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپ ۋارقىراپ، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ بوغۇزىغا تىغ تەڭلىدى.

ئۆي ئىچى ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتتى، ئىچكىرى ئۆيدىن ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ قىيا ـ چىيا قىلىشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. موللا شاھباز ئادەملىرىگە بۇيرۇپ، ناھايىتى تېزلىكتە بايىز مۇقام بىلەن روزەك تەمبۇرنى باغلاتتى، ئۆزى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىنىڭ قولىنى باغلاپ، بوينىغا ئارقان سېلىپ تالاغا سۆرەپ ماڭدى.

تېخى ھېلىلا ناخشا ـ ساز بىلەن شادلىققا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تولغان قاينام ـ تاشقىنلىق قورۇ ئىچى ئەمدىلىكتە قايغۇ ـ ئەلەم، يىغا ـ زار بىلەن چۆلدەرەپ قالدى...

## 3

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ھامان بىر كۈنى ئاپاق خوجا بىلەن مانا

شۇنداق ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئاپاق خوجىنىڭ ئاداۋەتچى، قىساسخور پەيلىدىن بۇ ئىش ھامان بىر كۈنى يۈز بېرەتتى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، قېچىپ يۈرۈشنى ئويلىمىدى، قېچىپ يۈرۈشنىڭمۇ ئورنى يوق ئىدى، قېچىپمۇ نەگە باراتتى؟! شۇ كۈنلەردە قەشقەرىيىنىڭ ھەممە يېرىدە ئاپاق خوجىنىڭ تەلۋە سوپى ـ دەرۋىشلىرى چۈمۈلىدەك ئاۋۇپ كەتكەنىدى.

ئۆتكەندە، مۇھەممەدئىمىن خانغا ئەل بولغان جۇڭغار لەشكەرلىرىمۇ ھازىر قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، يەنە ئاپاق خوجىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا ئايلانغانىدى. شۇڭا، ئەمدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۈچۈن باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ھەزرىتى جالالىدىن رۇمى توغرا ئېيتقان:

ئالدىمدا تۇرسا قاچامدا قېتىق،
جاھان شەربەتلىرى نە كېرەك ماڭا.
گەرچە مەن ئاچ، قىينار ئۇ مېنى،
تېگىشمەسمەن ئەركىمنى قۇللۇق ساڭا!

شۇنداق، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ئۆزىنى بىلەتتى، ئۆز تەقدىرىنى، ئىستىقبالىنى چۈشىنەتتى. ئىستىقبال ئۇنىڭغا ھەمىشە قاراڭغۇ كېچىدەك خىرە ھەم ۋەھىمىلىك تۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇ، تېخى يېقىندىلا بىرنەچچە ئىخلاسمەن تالىپلىرىغا ساۋاق ئارىسىدا قايسىبىر ئۇلۇغنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى نەقىل قىلىپ، ئۆز تەقدىرىدىن بېشارەت بەرگەنىدى:

مەن ئۆلگەن كۈنى ھەرگىز قىلماڭلار غەم،
ئۇنى ھىجران كۈنى دەپ ئويلىماڭلار ھەم.
بۇ ھىجران ئەمەس ئەسلا، ۋەسلى ـ ۋىسالدۇر،
ۋىسالدا غەم يېيىش — كۇپرى ـ ئۇۋالدۇر.

قۇياش پاتسا يەنە بولغۇسى پەيدا،
تۆكۈلسە يەرگە دان ـــ بولغاي هۇۋەيدا①.

هاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى تۇتۇلۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاپاق خوجا بىلەن يۈزلەشتى. ئاپاق خوجا شاھانە كىيىملەر بىلەن ئالتۇن تەختتە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدىن تەكەببۇرلۇق، چىرايىدىن سۈر ـ ھەيۋە چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇلۇغ موللام، موللا ئالىم ياركەندى، مەۋلانە موللا نەقى، موللا باقى سەمەرقەندى قاتارلىق خاس مۇرىت ـ مۇخلىسلار قول باغلاپ تۇرۇشاتتى.
ئاپاق خوجا گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ سۆز باشلىدى:
ـــ ئاللاتائالا تۇنجى ئاتا ـ ئانىمىز بولغان ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىغا ياخشى ـ يامانىنى پەرق ئېتىش كۈچىنىڭ مېۋىسىنى يېمەسلىكنى بۇيرۇغانىدى، بۇ كۆچەت خۇدانىڭ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ئۈچۈن بىنا قىلغان ئەدەن باغچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى، ئەگەر ئۇلار ئىتائەتسىزلىك قىلىپ بۇ مېۋىنى يېسە، ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما، باغچىغا يىلان شەكلىدە كىرگەن شەيتان ھاۋا ئانىنى ئازدۇرۇپ مېۋىنى يېيىشكە كۆندۈردى، ھاۋا ئانا ئادەم ئاتىغا بەردى ۋە ئۇمۇ يېدى. تۇنجى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئاددىي بىر خاتالىق، چۈشەنمەي ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ ئەمرىگە قارشى ئاگاھلىق ھالدا قىلىنغان بىر ئىسيان ئىدى. ئۇلار خۇدانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشنى خالىمىدى، نەتىجىدە قانداق بولدى؟ ئاللاتائالا ئۇلارنى جازالىدى ۋە جەننەتتىن قوغلاپ چىقاردى. ئۇلار چەكسىز جەننەت ھۇزۇرىدىن مەھرۇم بولۇپ، دۇنيا تارلىقىغا كەلدى، سالامەت ساھىلىدىن مالامەت گىردابىغا يۈز تۇتتى، خۇشلۇق گۈلشىنىدىن غەم گۈلخىنىغا يۈزلەندى، نېمەت گۈلزارىنى مۇشەققەت يانتاقلىقىغا تېگىشتى، راھەت

① هۇۋەيدا ـــ زاھىر بولماق، ئۇنۇپ چىقماق.

چوققىسىدىن جەبىر - جاپا ئازگىلىغا غۇلاپ چۈشتى...

ئاپاق خوجا سۆزدىن توختىدى ۋە كۆزلىرىنى ئۈچبۇرجەك قىسىپ، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىگە قادالدى. ئۇنىڭ بۇ ئۆتكۈر نەزىرىدىن «قانداق، سۆزۈمنىڭ تېگىگە يېتىۋاتامسەن؟!» دېگەن مەنىلەر چىقىپ تۇراتتى. ئاپاق خوجا ھەقىقەتەنمۇ، ئۇستىلىق بىلەن سۆز ئويۇنى قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئاللىقاچان چۈشىنىپ يەتكەن ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋىمۇ بوش كەلمىدى، ئۇمۇ گەپنى دەل ئاپاق خوجىنىڭ سۆز ئىزىدىن باشلىدى:

— تەقسىر، بىلىش كېرەككى، ئادەم ئاتىنى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن توسۇغان دەرەخ — مۇھەببەت كۆچىتى ئىدىكى، مېۋە دەرىخى سۈرىتىدە جىلۋىلەندۈرۈلگەنىدى. ئاللاتائالا ئەسلىدە ئۇنى ئادەم ئاتا ئۈچۈن ئەگكەنىدى. ئىشق - مۇھەببەتنى ئەنە شۇنداق مەنئى قىلىنغان، توسۇلغان دەرەخ سۈرىتىدە ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، ئادەم ئاتا ئۇنىڭ جامالىغا شەيدا بولدى، ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال ئەھدە باغلاشنى ئىستىدى؛ چۈنكى، ئىنسان توسۇلغان نەرسىگە ھېرىسمەن بولىدۇ، ئىنساننىڭ تەبىئىتى مەنئى قىلىنغان نەرسىگە ھېرىسلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن توسمىغان بولسا، ئادەم ئاتىمىز نەفس مۇراتلىرىدىن بىھاجەت، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرى كامىل بولغانلىقىدىن، مۇھەببەت مېۋىسىگە پەرۋا قىلماس ئىدى. ۋەھالەنكى، مۇھەببەت روھىي غىزادۇر، ئۇنىڭ ماكانى — ئاللانىڭ شەۋقى گۆھىرىگە سەدەپ بولغان ۋاپادار دىلدۇر! ئاللانىڭ ئارىفلىرى سۆزىدە ئېيتىلىشىچە، ئەبجەد ھېسابىدا — «ئىلىف» بىردۇر، «ب» ئىككىدۇر، ئەمما ئىشق ھېسابىدا «ئىلىف» ئۇدۇر، «ب» سەندۇرسەن، ئەبجەد ھېسابى بارماق بىلەندۇر، ئىشق ھېسابى مۇشتدۇر!...

ئاپاق خوجىنىڭ تەرى تۈرۈلدى، تەختىنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇۋالغان قولى سېزىلەرلىك تىترەپ كەتتى.

— ئەي مەۋلىۋى، سېنىڭ ئەيىبىڭ دىلىڭدە، زەھىرىڭ تىلىڭدە! —

دېدى ئۇ ئاخىر قولىدىكى سەۋلىجاننى نوقۇپ تۇرۇپ.

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى يىپەك سەللىسىنىڭ پەتتىسىنى ئارقىغا سىلكىپ تاشلاپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— توغرا، زەھىرىم تىلىمدا بولسا، ھەقمەن! ئىشانەمگە ئوخشاش، دىلىدىكىنى پىنھان تۇتىدىغان ھۈنەردىن بىخەۋەرمەن! — ئاندىن ئۇ يېنىدىكى بايىز مۇقام بىلەن زورەك تەمبۇرگە قارىدى ۋە ئۇلارنى ئىشارە قىلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مېنى تۇتۇش سىلەرنىڭ ئەسلىي مۇددىئايىڭلاردىكى ئىش. لېكىن بۇلارچۇ؟ بۇلارنىڭ گۇناھى زادى نېمە؟

— بۇلار خانىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدى، — دەپ ئالدىراپ چۈشەندۈردى موللا باقى سەمەرقەندى، — ئۇلار ساز چېلىپ، ناخشا توۋلاپ، شەيتاننىڭ ئىشىنى قىلدى، ئۇلار دوزاخقا لايىق...

— قىزىق!...، — دەپ مىيىقىدا كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى، — ئەمدى كېلىپ ساز چېلىپ، مۇقام ئېيتىشمۇ گۇناھ بولدىمۇ؟ بۇ دۇنيادا ئادەمزات ياراتقان مۆجىزىلەرنىڭ بىرى ساز بولسا، يەنە بىرى كىتابتۇر! ئىنسان بالىسى دۇنياغا يالغۇز يېيىش ـ كىيىش ئۈچۈن كەلمەيدۇ. دۇنيادا ئىلىم دەيدىغان، ساز ۋە سەنئەت دەيدىغان روھىي نەرسىلەر باركى، ئۇلارغا ئېرىشمەك كىشىلەرگە بەخت كەلتۈرىدۇ. سىلەر ھەمىشە ئاغزىڭلاردىن چۈشۈرمەيدىغان شەيخ ئوبۇلھەسەن خەرقانى مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى نەغمە قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خۇدانى دىسە، قۇرئان ئوقۇپ ھەقنى دېمىگەندىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى، نەغمە ئىشقنىڭ قامچىسىدۇر، گۈزەل ئاۋازلار خۇدانىڭ بەندىگە قىلغان خىتابلىرىدىندۇر.» بۇ سۆزلەرنى ئىشانەمنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟ شۇنچە كاتتا پادىشاھنىڭ مۇشۇنداق چوڭ يۇرتتا قىلىدىغان ئىش تاپالمىغاندەك، كىشىلەرگە روھىي غىزا، تۇرمۇشغا شادلىق ۋە شادىمانلىق ئېلىپ كېلىدىغان مۇشۇنداق رايىش، ئاددىي، لېكىن خىسلەتلىك ئادەملەرنى تۇتۇپ خانىۋەيران قىلىشى

ئادىللىق بولارمۇ!؟...

ئاپاق خوجىنىڭ تاقىتى ـ تاق بولدى، غەزەپتىن ساقال ـ بۇرۇت-لىرى دىردىيىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ــ زەھەر تىلىڭنى يىغ! ــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ، ــ ئاشۇ زەھەر ئاقىۋەت ئۆزۈڭنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان بولدى!

ــ ئادەم ھامان ئۆلىدۇ، ئىشانەم، ــ دېدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىـۋى ئۆزىنى تەمكىن، مەردانە تۇتۇپ، ــ لېكىن ئۇنىڭدىن باقىي قالىدىغان نەرسە ــ سۆزدۇر. سەن ھازىر چوڭ ھۆكۇمدار، نېمە قىلىمەن دېسەڭ قىلىسەن. سەن مېنى مەيلى ئاس، مەيلى چاپ، بەرىبىر مەقسىتىڭگە يېتەلمەيسەن. چۈنكى، ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى بۇ ئالەمدىن بەھرىسىز، نام ـ نىشانسىز كەتمەيدۇ!...

ــ ئۇنداقتا، سەندىن نېمە قالىدۇ بۇ دۇنيادا؟ ــ سورىدى ئاپاق خوجا مەسخىرىگەندەك قوپاللىق بىلەن.

ــ مەندىن يەر ـ زېمىن، مال ـ دۇنيا ئەمەس، بەلكى ئادىمىيلىك، ھالاللىق، غۇرۇر ۋە ئادالەت قالىدۇ! ــ دېدى ھاجى قۇتلۇق مەۋلىـۋى ۋە ئارقىدىنلا خىسراۋ دېھلىۋىنىڭ:

«تېنىڭمۇ كېتىدۇ، بارۇ يوقىڭ ھەم،
بەختلىكتۇر ياخشى نام قالدۇرغان ئادەم.
كىمنىڭ ياخشى نامى قالسا يادىكار،
ئەرزىيدۇ دۇنيادىن كەتسە بەختىيار!»

دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ، «قانداق، ئاڭلىدىڭمۇ؟» دېگەندەك قولىنى شىلتىپ قويدى.

ئاپاق خوجىنىڭ چىرايى قارىداپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ئۇ خامۇش كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قولىدىكى ئالتۇن

سەۋلىجاننى پۇلاتكىلىتىپ:

— يوقال، يوقىلىش! — دەپ ئەلەم بىلەن ۋارقىرىدى.

*　　　*　　　*

ئەتىسى كەچتە، خانىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن، ئۈچ «مەھبۇس» — ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى، بايىز مۇقام ۋە روزەك تەمبۇرلەر ئوردا سىپىلىنىڭ يېنىدىكى كىچىك بىر ئۆيگە يالىڭاچلىنىپ سولاندى. ئىشەنچلىك تۆت سوپى كىچىككىنە ئۆينىڭ ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىنى مەھكەم ئېتىپ، ھەممە يېرىنى سامانلىق كاكىل لاي بىلەن قات - قات سۇۋاپ چىقتى. ئۆي بەئەينى قەبرىستاندىكى گۈمبەزلەرگە ئوخشاپ قالدى.

ئۇلار تىرىك پېتى ئەنە شۇ قەبرە - گۈمبەزگە دەپنە قىلىندى. ئۇلار ئاچلىق ۋە سوغۇق ئىچىدە ھەسرەت - نادامەت بىلەن بۇ دۇنيادىن ئايرىلدى. بۇ ئايرىلىش — مەڭگۈلۈك ئادا - جۇدالىق ئىدى. ئەرك ۋە ھۆر پىكىر تەرەپدارلىرى بىلەن جاھالەت ۋە زالالەت تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەبەدىلئەبەدلىك مەسلەك ئۇزۇلۇشى ئىدى!

كېيىنچە، كىشىلەر زىندانغا، تۇزاققا ۋە دوزاخقا ئايلانغان ئاشۇ ئۆيدىن كۆزلىرىنى ئالالماي قالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە ئاپئاق بىر نۇر يالتىراپ ئوينايتتى ۋە شۇ نۇر ئىچىدە ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى بىلەن بايىز مۇقامنىڭ نەرە تارتقان ئوتلۇق سىيماسى جىلۋە قىلغاندەك بولاتتى...

ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى ھەمىشە ئاللاتائالاغا ئىلتىجا قىلىپ: «ئاللا سەندىن ئۈمىد قىلىمەنكى، جانابىي پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغۇ ئاتمىش ئۈچ يېشىدا پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغانىكەن. مەنمۇ شۇ ئۇلۇغ سۈننەتتىن ئېشىپ قالمىسام» دەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ مۇنداق شۈكۈر - قانائەتكە تولغان، كەمىنە -

كەمتەرىنلىك بىلەن قىلغان ئىلتىجاسىمۇ ئاللاغا يېتىپ بارالمىدى. ئۇ ئاشۇ باغرى تاش خۇنخورلارنىڭ قولى بىلەن سولانغان لەھەتتەك ئۆيدە ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن ئازابلىنىپ جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا، تېخى ئاتمىش ياشقىمۇ توشمىغانىدى...

بەشىنچى باب

# سەرمازار ھاشىرى

## 1

قىشنىڭ چىللىسى ئەۋجىگە چىقىپ، جۇدۇن كۆتۈرۈلگەنىدى. شامال ئۇچۇرغان قار ئۇچقۇنلىرى خۇددى يىلاندەك ۋىشىلداپ، سويلاپ ئەتراپقا چېچىلاتتى.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە، بۇرۇنقى ئاۋات رەستە ـ بازارلار خۇددى «ھۇۋقۇشلارغا ئۇۋا، جىن ـ پەرىلەرگە ماكان» بولغاندەك چۆللىشىپ كەتكەنىدى.

مانا شۇنداق بىر كۈندە، خۇددى چىدىمىساڭ ئۆلۈۋال دېگەندەك، ئاپاق خوجا ئاجايىپ بىر ھەيۋەتلىك خان يارلىقىنى جاكارلىدى. «سەرمازار ھاشىرى» دەپ ئاتالغان بۇ يارلىق ئاران ـ ئاران كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىتەلەي خەلقنىڭ ھاياتلىق دېمىنى ئۈزۈپ قويۇشقا تاس قالدى.

ئۆتكەن ئايدا، ئاپاق خوجا قەشقەرگە بېرىپ، ئۇدۇل «ياغدۇ» غا چىقتى ۋە دادىسى «مازار پادىشاھىم پەيزىلئەنۋار» نىڭ قەبرىستانلىقىغا چۈشتى.

بۇ چاغدا، قەشقەردە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى يەھيا خوجا سەلتەنەت تەختىدە ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر تېپىپ، ھەممە تەييارلىقلارنى تەق قىلىپ قويغانىدى. ئاپاق خوجا دادىسى مۇھەممەد

يۈسۈپ — مازار پادىشاھىمنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۆزى يالغۇز ئۇزاققىچە قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. ئەتىسى يوغان داش قازان ئېسىپ، يۇرتقا نەزىر بېرىپ، دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزدى. بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن، ئاپاق خوجا يېرىم كۈنگىچە قەبرىستانلىقنى ئايلىنىپ، خىيال سۈرۈپ، ئاخىرىدا يەھيا خوجىغا مۇنداق دېدى:

— ئەي پەرزەند ئەرجىمەند، دۇنيا مەيدانى فەنا ھويلىسىدۇر، بۇ خارابىدە تۇرغۇچىلار ھەمىشە يۆتكىلىش ئالدىدىدۇر. ئەبەدىي ئۆمۈر ھېچ كىشىگە بېرىلگەن ئەمەس، ھاياتلىق لىباسى بەندىلەر ئۈچۈن ئارىيەت، شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرلار:

«مۇشۇ تۇپراقتا بىلگىلكىم ئامانلىق بۇلۇڭى يوقتۇر،
مۇشۇ ئۇسقان ئىچىدە بىل ۋاپانىڭ مەغزىلىرى يوقتۇر!»

دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان، كىمكى يوقلۇق دەرۋازىسىدىن ۋۇجۇد سەھراسىغا قەدەم قويسا، شۈبھىسىز ئۇ فەنا گورىغا قەدەم قويىدۇ. كاتتا سۇلتانلاردىن تارتىپ تاكى پاسىق پېقىرغىچىلىك بۇ ئالەمدە باراۋەردۇر. شۇڭا، تىرىكلىكىمىزدە ئاخىرەتلىكىمىزنى ئويلىماي بولمايدۇ. مەن بۇ يەرلەرنى ئايلىنىپ كۆرۈپ چىقتىم. بۇزرۇكۋار ئاتام ياتقان بۇ يەر ھەممە يەردىن ئوبدانراق بىلىنىۋاتىدۇ. سىز بۇ يەرگە كاتتا بىر گۈمبەز بىنا قىلىڭ، بۇ گۈمبەز تاكى دەۋرى قىيامەتكىچە بۇزۇلمايدىغان، كىشىلەر ئۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە تاۋاپ قىلىدىغان بولسۇن، ئۇنىڭ نامىنى «مازارى شاھان» دەپ قويايلى.

يەھيا خوجا دادىسىنىڭ سۆزىنى ئەدەپ بىلەن زېھىن قويۇپ ئاڭلىدى. ئۇ ئېگىز بوي، شۇدى بار، ئەلپازىدىن كىشى ئەيمىنىدىغان قەھرلىك يىگىت ئىدى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇ، بېشىنى ئېگىپ، رايىش، بىچارە قىياپەتتە تۇراتتى، ئەسلىدىكى ھەيۋىسىدىن، قەھرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ سۆزىگە تەزىم بىلەن قۇللۇق بىلدۈردى. ئۇ دادىسىنىڭ بۇ سۆزلەرنى قىلىشتىكى مۇددىئاسىنى تولۇق چۈشەنگە-

ندى. دادىسى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن بۇ يەردە ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بىر ئابىدە تىكلەشنى كۆزلەۋاتاتتى. شۇڭا، بۇ سۆزلەر يەھيا خوجىغىمۇ ناھايىتى ياقتى. چۈنكى، كەلگۈسىدە ئۇنىڭمۇ بۇ يەردە بىر كىشىلىك ئورنى ۋە نامى بولاتتى. شۇڭا ئۇ، خان دادىسىنى خاتىرجەم قىلىپ:

— سىلىنىڭ سۆزلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈش مەن ئۈچۈن پەرز، خان ئاتا. خاتىرجەم بولغايلا، بۇ يەردە ئۇزۇنغا قالماي، ئالەمدە يېگانە كاتتا بىر مازار پەيدا بولىدۇ، — دېدى ئىشەنچ بىلەن.

— ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئاپاق خوجا ئوغلىنىڭ ئىرادىسىدىن خۇشال بولۇپ، — چىللە كۆتۈرۈلۈش بىلەن ئىشنى باشلاۋېرىڭ، پۇل لازىم بولسا، ئادەم لازىم بولسا، خانلىق يارلىقى بىلەن ئالۋان ـ سېلىق قىلىپ يىغىمىز. بۇ ئىشتا ئېسىلزادىلەر ئەقلىنى ئىشلەتسۇن، تېگى پەسلەر قارا كۈچىنى ئىشلەتسۇن، مەھكۇملار ھاكىملارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ئۆتسۇن... تەقدىر دېگەن مانا شۇ، ئوغلۇم.

ئاپاق خوجا قەشقەردە ئوغلىغا مانا شۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن ۋەز ـ نەسىھەتلەرنى ئېيتىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى. يەكەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھېلىقى «سەرمازار ھاشىرى» يارلىقىنى — يەنى، «پۇلى بارلار پۇل، ئاشلىقى بارلار ئاشلىق، كۈچى بارلار كۈچىنى» چىقىرىدىغان خان پەرمانىنى چىقارغانىدى. بۇ پەرماننىڭ ئېغىرلىق نۇقتىسى يەنىلا شەھەردىكى ئۇششاق ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار بىلەن يېزىدىكى كاچ تەلەي دېھقانلارغا چۈشتى. بىر تەرەپتىن، زىمىستان قىشنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن يوقسۇللۇق، قەھەتچىلىكنىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان بىچارە خەلقنى بۇ پەرمان بەئەينى «چايان قىسماق» قا ئوخشاش قاتتىق ۋە زەھەرلىك قىسقانىدى...

بۇ ھاشاردىن ئاپاق خوجىنىڭ يېقىن ئادىمى، ياش مۇرىتى ئىسەن بۇقىنىڭ دادىسى يۇنۇس تامچىمۇ خالىي قالمىدى. ئاپاق خوجا ئىسەن

بۇقا ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئالاھىدە خەۋەر يەتكۈزدى: «سەرمازار قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۇرپاندىن سالىم ۋە سەلىم ئىسىملىك ئىككى ئۇستا نەققاش كېلىدۇ، دادىڭىزغا ئېيتىڭ، ئىسەن سوپىم، ئۇ كىشى مۇشۇلارغا باش بولۇپ، مازارنىڭ بېزەكچىلىك ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالسۇن، مۇنداق خەيرلىك ئىشقا قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، يۇنۇس ئۇستامنىڭ نامى مۇبارەك بولۇپ، كاتتا ئىنئاملارغا ئىگە بولغۇسى!...»

يىراق ـ يېقىندىكى ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىغا تولا قاتنىشىپ ھاردۇق يەتكەن يۇنۇس تامچىغا ئاپاق خوجىنىڭ بۇ ئىلتىپاتى تازا ياقمىدى، يەنە شۇ ئىسسىق ئۆيدىن ئايرىلىپ، ئاشۇ لاي ـ پاتقاقلارغا مىلىنىپ يۈرۈش ئېغىر كەلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ خاننىڭ لەۋزىنى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئوغلىنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىنى ئويلاپ، بۇ ئىشقا نائىلاج قاتنىشىش قارارىغا كەلدى ۋە قېرىلىق يەتكەن پۇتلىرىنى تەسلىكتە سۆرەپ قەشقەرگە يۈرۈپ كەتتى.

بۈگۈن ئاپاق خوجا ئوردا سالامخانىسىدا، ئۇلۇغ موللام بىلەن سەرمازار ھاشىرى ۋە قۇرۇلۇشى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— ئۇ زاتنى قانچە ئۇلۇغلاپ يادلىساق ئەرزىيدۇ، — دېدى ئۇلۇغ موللام خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن، — ئۇ ياخشى پەزىلەتلىك، تۇرۇقى سائادەتلىك، مۇھەممەد خۇيلۇق، ئوسمان ھىلىم لىك ①، ئەلى تەبىئەتلىك ②، ھاتەم سۇپەتلىك كىشى ئىدى، ئۇلۇغلۇق تەختىگە لايىق ئىدى. لېكىن بىمەھەل، بىئەجەل كېتىپ قالدى...، — ئۇلۇغ موللام ئېغىر بىر تىنىپ، پۇشۇلداپ بىر پەس سۈكۈتتە ئولتۇردى، گويا شۇ تۇرۇقى بىلەن ئۇ زاتقا يەنە بىر قېتىم تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقاندەك مىسكىن ھالەتتە ئىدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سوئال نەزىرىدە ئاپاق خوجىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — خان ھەزرەتلىرى، مەن ئويلايمەن، بۇ كاتتا مازار قەشقەردە ئەمەس، خانلىق ئاستا-

① ھەزرىتى ئوسماندەك مۇلايىم، يۇمشاق تەبىئەتلىك دېمەكچى.

② ھەزرىتى ئەلىدەك باتۇر، قەيسەر تەبىئەتلىك دېمەكچى.

نىسى بولغان ياركەندە ياسالسا، تېخىمۇ ياخشى بولماسمىدى؟ مەرھۇمنىڭ ياركەندە نام - ئابرۇيى قەشقەردىن كىچىك ئەمەس ئىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئاپاق خوجا باش لىڭشىتىپ، — مەرھۇم بۇزرۇكۋار ئاتامنىڭ مۇبارەك نامشەرەپلىرى پۈتۈن قەشقەرىيەگە تارالغان، ئۇ بۇ دىياردىكى قەدىمىي مۇخلىسلارنىڭ قۇتبۇل ئەقتابى، غەۋسى دەۋرانى ئىدى. لېكىن موللام، سەرمازارنىڭ قەشقەردە ياسىلىشى ئاتامنىڭ ئىرادىسى ھەم ۋەسىيىتى بىلەن بولدى...

— مۇنداق دېسىلە، خان ھەزرىتىم، — دېدى ئۇلۇغ موللام ئاپاق خوجىغا ئىلتىجالىق نەزىرى بىلەن تىكىلىپ.

— شۇنداق، — دېدى ئاپاق خوجا ۋە ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — سەتەمكار، نابىكار، تۈزكورلار ئاتامنى قەستلەپ زەھەر بەرگەندە، مەن قەشقەردە ئىدىم، ئاتام ياركەنتتىن يولغا چىقىپ، توپلۇققا① كەلگەندە بولالماي قاپتۇ. ئول كېچە توپلۇقتا يېتىپتۇ، مەن ئەتىسى ئۆلگۈرۈپ باردىم، ئاتام ئاخىرقى تىنىقلىرىدا مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ: «ئەي پەرزەنت ئەرجىمەنىم، ھەقتائالادىن سىزنىڭ جامالىڭىزنى كۆرۈۋېلىشقا مۆھلەت تىلەپ ئىردىم، ئىنشائاللا، كۆرۈشتۇق، مېنىڭ ۋەسىيىتىم ۋە نەسىھەتىم شۇلدۇركى، مۇستاپا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مېنىڭ يەرلىكىم توغرىسىدا يارمۇھەممەد باي بىزگە نەزىر قىلىپ بەرگەن يەرنى بېشارەت قىلدى. ئۇ كىشى ئۇن ئىككى پەرسەڭلىك② يەرنى ماڭا بېغىشلىغان ئىدىلەر. مەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىم بىلەن شۇ يەردىن قوپقايمەن، مېنى يارمۇھەممەد باينىڭ خامىنىنىڭ ئورنىدا — ئەرشىدىن نۇر تەجەللى بولغان يەردە قويۇڭلار. ماڭا شۇنچە قەدىر - كارامەت بېرىلدىكى، قەبرەمنىڭ ھەر تەرىپىدىن يۈز پەرسەڭ جايغىچە دەپن قىلىنغانلارغا مەن شاپائەت قىلىمەن!» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ، توپلۇقتا ئالەم پانىيدىن ئالەم باقىيغا رىھلەت قىلدى.

---

① توپلۇق — يېڭىسارنىڭ بىر يېزىسى.

② بىر پەرسەڭ — يەتتە كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

مەن مېيتنى توپلۇقتىن قەشقەرگە ئېلىپ بېرىپ، ياغىدۇدىكى ئاشۇ يەرگە ــ پەلەكتىن نۇر ئەپشان تەجەللى قىلغان خامان ئورنىغا دەپنە خاك قىلدىم، بۇ ئالەمدە خۇدا ئۆز دوستلىرىغا كۆپ ئىنايەتلەرنى قىلغان، ھەربىر سائادەتمەن كىشى مېھىر ـ شەپقەت، ئادالەت ئۇرۇقىنى رەئىيەت كۆڭلىنىڭ بوستانلىقىغا تېرىيالىسا، ئۇ ئەبەدىي سەرمايىغا ئىگە بولىدۇ. ئاتامغا شۇنىڭ ئۇچۇن يۈز پەرسەڭلىك شاپائەت مەرتىۋىسى بېرىلگەن...

ئاپاق خوجا بىردىنلا سۆزىدىن توختاپ خىيالغا چۆمۈپ قالدى. دادىسى توغرىسىدا سۆزلەۋېرىپ، خىيالى ئۆتكەن ئىشلارغا كېتىپ قالغانىدى، ئاخىر سۆزدىن سۆز، خىيالدىن خىيال تۇغۇلۇپ، يىراق ئۆتمۈشتىكى خىرە خاتىرىلەر بىردىنلا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا جانلىنىپ كەتتى...

## 2

ئاپاق خوجا بوۋىسى مۇھەممەدئىمىن خوجا ــ ھەزرىتى ئىشان كالاننى كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ ئادەم مىلادىيە 1542 ـ يىلى سەمەرقەندە، ئۆزىنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئىنىسى ئىسھاق ۋەلى تەرىپىدىن ھوقۇق، نام ـ ئابروي تالىشىش يولىدا زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئوغلى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپكە :

ــ ئەي پەرزەندى ئەرجىمەند، زىنھار بۇ دىياردا تۇرماڭ، تاغىڭىز ئىسھاق ۋەلى خوجىنىڭ ئاداۋىتى، ھەسىدى بىزدىن تاكى دەۋرى قىيامەتكىچە كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. سىز موغۇلىستان دىيارىغا بېرىڭ، ئۇ دىيارنىڭ ھىدايەت ئاچقۇسىنى ھەق سۇبھانەۋەتائالا سىزنىڭ قولىڭىزغا بەرگەن، ئول دىيارنىڭ خەلقلىرىنى خۇدايىتائالا تەرىپىگە ئۈندەش سىزنىڭ نەسىۋىڭىزدۇر. سىزنىڭ ئەۋلادىڭىز ۋە ئەسھابىڭىز ئول دىياردىن چىقىدۇ، ياتىدىغان سەرخاك، مازاراتلىرىڭىزمۇ موغۇلىستان دىيارىدا بولۇر...

خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ بۇ دۇنيادىن ۋاقىتسىز كەتكەن ئاتىسىنىڭ ئەنە شۇ ۋەسىيىتى بويىچە، مىلادىيە 1620 ـ يىلى سەمەرقەندنىڭ دەھبىت دېگەن يېرىدىن قەشقەرىيە زېمىنىگە كىرىپ، ئاۋۋال قۇمۇلغا ئورۇنلاشتى. ئۇنىڭ قۇمۇلغا كېلىپلا تونۇشقان ئادىمى مىر سېيىد جېـ ـلىل قەشقەرى دېگەن ئادەم بولدى.

مىر سېيىد جېلىل ئەسلىدە، قەشقەر بەشكېرەم قاراساقاللىق بولۇپ، يۇرت كاتتىلىرى بىلەن چىقىشالمىغانلىقى ئۇچۇن، ئــۆي ـ مـاكـان، يەر ـ زېمىنلىرىنى تاشلاپ، قۇمۇلغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىدى. خوجا مۇھەممـەد يۇسۇپ بۇ ئـادەمنى ئۆزىـگە پاناھ قـىلىپ، نـاھايىتـى تېزلا سوپى ـ ئىشانلىق ھەرىكىتىنى باشلىۋەتـتى. ئۇ ياش بـولۇشىغـا قارىماي، بىلىدىغان نەرسىلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ناتىقلىقى ۋە مۇناسىۋەتـ ـتىكى رايىشلىقى بىلەن ئۇزۇنغا قالماي يىراق ـ يېقىنـدا نام چىقـاردى. نـۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ پىر ـ ئەۋـ لىياسى قىلىۋالدى. مىر سېيىد جېلىلمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا قايىل بوـ لۇپ چوقۇندى ۋە ئاخىر ئۆزىنىڭ گۈزەل، ئەتـىۋارلىق قىـزى زىلەيخـا بېكىمنى ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك جورا قىلىپ قوشۇپ قويدى.

زىلەيخا بېكىم ئۇزۇنغا قالماي، يەنى مىلادىيە 1626 ـ يىـلى تۇنجـى پەرزەنتى خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ـــ ئاپـاق خوجىنـى تۇغدى. خوجـا مۇھەممەد يۇسۇپ بۇ تەۋەللۇتتـىن خۇشال بـولۇپ، ئۆز ئەتـراپىدىكـى سوپى ـ دەرۋىشلەرگە ۋە يىراق ـ يېقىندىـكى مۇرىت مـۇخلىسـلىرىغـا كاتتا نەزىر ۋە سەدىقە بېرىپ، ئوغلىغا ئۆمۈر ۋە كامال تىلىدى...

ئاپاق خوجا ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى خوجا مۇھەمـ ـمەد يۇسۇپنىڭ كۆڭلىدە قەشقەرگە بېرىش ئىستىكى تۇغۇلۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ، قۇمۇلدا يۇرگۈزۈپ راۋاج تاپقان ئىشقىيە «سۇلۇك» تەرغىـ ـباتىنى ئەمدى قەشقەر تەرەپلەرگە كېڭەيتىش خىيالىغا كېلىپ قالغانـ ـدى. بۇ ھەقتە، ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغـا مۇھەممـەد پەيغەمبەرنى شىپى كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ـــ ئـۆتكەن جـۇمـە كېچـىسى بـۇ ئـۇلۇغ زاتنىـڭ روھىناتـلىرىنـى

چۈشۈمدە كۆردۈم. ئۇ ماڭا : «ھەي پەرزەنت ئەرجىمەند، ئەمدى قەشقەرگە بارسىڭىز بولىدۇ. نۇرغۇن مۇسۇلمان سىزگە مۇرىت ــ مۇخلىس بولىدۇ. ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاڭ، ئۇلار كامالەت ھاسىل قىلىدۇ، نەچچىلىرى ئەھلى ۋىلايەت بولىدۇ، نەچچىلىرى ئەۋلىيا، كامىل بولىدۇ. ئىسلامى تەرىقەتنى ئاباد قىلۇرسىز، تەخىر قىلماي بارغايسىز!...» دەپ بېشارەت بەردى. ئەمدى كېچىكسەم بولمايدۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم ماڭا قەشقەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ قويدى!...

خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ بۇنداق ئالدىرىشى بىكار ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، قەشقەر ـــ دىن بىلەن ھاكىمىيەت گىرەلىشىپ كەتكەن، سوپى ـ ئىشانلىق ئەۋجىگە چىققان، كىمنىڭ نام ـ ئابرۇيى يۇقىرى بولسا، شۇ دەۋران سۈرىدىغان، تەسىرى كۈچلۈك، قايىنام شەھەر ئىدى. بۇ يەردە پۇت تىرەپ تۇرۇش ـــ ئەڭ چوڭ ھوقۇق، ئىمتىيازدىن، ئەڭ يۇقىرى نام ـ ئابرۇيدىن دېرەك بېرەتتى. شۇڭا، خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ قېيناتىسى مىرسېيىد جېلىلنىڭ رازى ـ رىزالىقىنى ئېلىپ، مىلادىيە 1638 ـ يىلى قەشقەر سەپىرىگە ھازىرلاندى.

ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدا، يىغا ـ زار بىلەن ئۇزاتقىلى كەلگەن توپ ـ توپ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا ئۆزىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئىشلىتىپ كەلگەن ئىشانلىق ھاسىسى بىلەن جايىنامازنى تەۋەررۇك ئورنىدا قالدۇرۇپ :

ـــ ئازنا ۋە دۈشەنبە كۈنى يىغىلىپ، بۇ ھاسا بىلەن جايىنامازنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسنەۋى شېرىفنى ئوقۇساڭلار، گويا مېنىڭ سۆھبىتىمدە بولغاندەك بولىسىلەر، ـــ دەپ، نادان خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئاشۇ دوناي ھاسا بىلەن كونا جايىنامازغا باغلاپ قويۇپ كەتتى.

ئۇ ئات ـ ئۇلاغ بىلەن بىر نەچچە ئاي يول يۈرۈپ، شۇ يىلى كۈز پەسلىدە قەشقەرگە كېلىپ، قېيناتىسى مىرسېيىد جېلىلنىڭ بەشكېرەم قاراساقالدىكى ئۆي ـ ئىمارىتىگە چۈشۈپ، ئىستىقامەتتە بولدى، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان نۇرغۇن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن تاۋاپ ـ زىيارەتكە كەلدى.

بۇ چاغدا، سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ تەختىدە ئابدۇللاخان ئولتۇر- غان بولۇپ، سەككىز ياشلىق ئوغلى يولۋاس خاننى قەشقەرنىڭ نايىبى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى. مىرزا شاھباز بەگ ئىسىملىك بىر كىشى ئۇنىڭ ئاتىلىقى ئىدى. ئوغلى يولۋاس خان تېخى كىچىك بولغاچقا، ئاب- دۇللاخان ئاستانە يەكەندىن پات - پات قەشقەرگە كېلىپ، خىزمەت- لەرنى كۆزدىن كەچۈرەتتى ۋە ھەر كەلگەندە نەچچە كۈنلەپ تۇرۇپ قالاتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە — ئېرىقلارغا ئەگىز سۇلىرى تولۇپ، يەرلەر ئەكچىپ، ئۆرۈكلەر قىزىل كوس بولغان بىر مەزگىلدە، ئاب- دۇللاخان قەشقەر بولاقبېشىدىكى ئېگىز راۋاق ئۈستىگە چىقىپ، كۆكۈل خۇشى ئۈچۈن بىر سورۇن تۈزدى. سورۇنغا قەشقەردىكى ئەھلى - ئۆلىمالارنى يىغىپ، زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا ئۆزى خوجا ھاپىز شىرازىينىڭ پارسچە ئىككى مىسرا بېيىتىنى ئوقۇپ:

— كىمكى مۇشۇ بېيىتكە كۆڭلۈم قانائەتلەنگۈدەك مەنە ئېيتىپ مېنى رازى قىلسا، ئۇنىڭغا كاتتا ئىنئام بېرىمەن، — دەپ ئويۇن چىقاردى.

ئابدۇللاخان ئوقۇغان بېيىت مۇنداق ئىدى:

«تازە مەيخانە ۋەھى پەرمىغان خۇاھەد بود،
سەما خاكىرە پەرمىغان خۇاھەد بود.»

بىر نەچچە موللا، ئۆلىمالار بېيىتكە خىلى چوڭقۇر مەنە ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇللاخاننىڭ كۆڭلى دېگەندەك قانائەت ھاسىل قىلمىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۈمىدسىزلىك، خامۇشلۇق چىقىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ئوردا مۇلازىملىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، بەشكېرەم تەرەپتىن دەرۋىش سۈپەت ئۆلىما، پازىل بىر كىشى ھەر جۈمە كۈنى شەھەرگە نامازغا كې- لىدۇ، مەن بۇ كىشىنى ئالىيلىرىغا كۆرسىتەي، بۇ بېيىتكە شۇ كىشى

كۆڭۈلدىكىدەك مەنە ئېيتىپ بەرسە ئەجەب ئەمەس، ــــ دەپ مەلۇمات بەردى.

شۇ كۈنلەردە، ئابدۇللاخانمۇ ئوردىدىكى بەزى ئۇزۇن قۇلاق سىـ-پاھلاردىن «بەشكېرەم تەۋەسىگە كۆزلىرىدىن نۇر ياغدۇرۇپ، ئاغزىدىن ئوت ـ ئاتەش چېچىپ، تىللىرىدىن دۇرۇت، قوللىرىدىن تەسۋى چۇشۇرمەي، ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى تاشلىماي، بىتاھارەت يەرگە دەسسىمەي، دۇنيانىڭ جىمى مەئىشەتلىرىدىن خالىي تۇرۇپ، پەقەت مۆمىن بەندىلەرنىڭلا ئىككى ئالەملىك غېمىنى يەيدىغان بىر ئۇلۇغ زات پەيدا بوپتۇ...» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھېلىقى مۇلازىمنىڭ مەلۇماتىغا قىزىقتى. ئەتىسى جۈمە ئىدى.

دېگەندەك، خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ شەھەرگە كىرىپ جۈمە نامىـ-زىنى ئادا قىلدى، ئاندىن ئادىتى بويىچە، ئاپاق خوجىنى ئاتنىڭ ئارقىـ-سىغا مىنگەشتۈرۈپ، تۆمەن دەريا بويىنى بويلاپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئابدۇللاخان راۋاق ئۈستىدە شەھەرنىڭ جۈمە نامىزىدىن كېيىنكى قايـ-نام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى، ھېلىقى مۇلازىم قوللىرىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى:

ــــ خان ئالىيلىرى، مەن ئۆزلىرىگە دېگەن ھېلىقى ئۆلىما، پازىل كىشى ئەنە ئاۋۇ مەللە چاپان كىيگەن، مەركەب[1] مىنىۋالغان كىشى شۇ!

ئابدۇللاخان بىر قولىنى سايىۋەن قىلىپ تۆۋەنگە ــــ تۆمەن دەرياـ-سى تەرەپكە كۆز تىكتى. ئۇنىڭ كۆزىگە خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنىڭ ئات ئۈستىدىكى تەقۋادار كۆرۈنۈشى ــــ قولىدا تەسۋى سىيرىپ، ئاغزىدا نېمىلەرنىدۇر ئوقۇپ، ھۆرۈپ كېتىۋاتقان ئۆلىما سۈپەت ھالىتى تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈندى، شۇڭا ئۇ دەرھاللا مىراخورنى[2] چاقىرىپ بۇيرۇدى:

---

① مەركەب ــــ ئات، ئۇلاغ.

② مىراخور ــــ ئات باققۇچى.

— مېنىڭ ئالتۇن ئېگەر ـ جابدۇقلىرىمنى توفىچاق ئىراقىغا[1] تـو-قۇپ، ئاۋۇ ئادەمنى مىنگۈزۈپ كېلىڭلار!

ھايال ئـۆتمەي بىر نەچچە مۇلازىم خوجا مۇھەممەد يۇسـۇپنى ئىـز-زەت ـ ئېكراملار بىلەن خاننىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىرىشتى.

قىزغىن سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، ئىختىيارىي زىكىر ـ سۆھبـەت باشلاندى.

سۆھبەت ئارىلىقىدا، يولۋاس خاننىڭ ئاتىلىقى مىـرزا شەھباز بـەگ خوجا مۇھەممەد يۇسۇپتىن سورىدى:

— نېمە سەۋەبتىن خـان سارايلىـرىغا چۈشـمەي، سەھرادا تـۇرۇپ قالال، تەقسىر؟

— بىز مۇساپىر ئالىمدۇرمـىز، — دېـدى خوجا مۇھـەممەد يۇسـۇپ جاۋابەن، — مۇساپىر ئالىم خانىقا ياكى مەدرىسىگە چۈشىدۇ. بىزنـىڭ پادىشاھقا ھاجىتىمىز يوق، ئەگەر بىۋەجە پادىشاھنىڭكىگە بارسام، پادى-شاھ مالال بولۇر.

مىرزا شەھباز بەگ گەپنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن، ئاسـماقچىـلاپ سورىدى:

— پادىشاھنىڭ نېمىسى كەم، نېمىگە مالال بولۇركىن، تەقسىر؟

— مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئۈچ پەزىلەت بار، — دېدى خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ كـۆڭلىدىـكىنى يـوشۇرماي، — بىرى، ئەۋلادى پـەيغەمـبەر-دۇرمەن؛ ئىككىنچى، ئالـىمدۇرمەن؛ ئۈچـىنچىسى، خوجازادەدۇرمـەن. مۇبادا، پادىشاھ قەدرىمنى بىلمىسە، كىچىك چاغلاپ ھۆرمەت قىلمىسا، زەھى ھەر ئىككى تەرەپكە مالالدۇر. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىمۇ، باشقىـلار-نىمۇ مالال قىلىشنى خالىمايمەن.

مىرزا شـەھباز بـەگ بېشىنـى لىڭشىتىپ قايىللىقنى بىلدۈردى، سو-ئال ـ جاۋابمۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاز جىملىقتىن كېيىن، ئۆ-لىما سۇپەت بىر ئادەم خوجا مۇھەممەد يۇسۇپنى چاقىرىپ كېلىشتىكى

① توفىچاق ئىراقى — ئىراقنىڭ پاكار، چىرايلىق ئېتى.

ئەسلىي مۇددىئانى ئېيتىپ، ھېلىقى بېيىتنى ئوقۇدى.

— غەلىتە ئوقۇدىڭىز، تەقسىر، دۇرۇس ئوقۇغايسىز، — دېدى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ جىددىي تەلەپپۇزدا ۋە بېيىتنى ناھايىتى چىرايلىق ئاھاڭ بىلەن قايتىدىن ئۆزى ئوقۇدى:

«تازە مەيخانە ۋە مەيى پىر مىغان خۋاھەد بود،
سىر ما خاك پەرى مىغان خۋابەد بود.»

بېيىتتىكى «تازە مەيخانە» دىن مۇراد — بۇ ئالەمدۇر؛ «ۋەمەيى» دىن مۇراد — كالامۇللا (قۇرئان) دۇر؛ «پەرى مىغان» دىن مۇراد — ھەزرىتى مۇھەممەد رەسۇلىللا سەرۋەرى ئالەمدۇر. بۇلارنىڭ مەنىسى شۇكى، مەن بۇ ئالەمگە كەلدىم، قۇرئاننى ئوقۇدۇم، قۇرئان شارائىتىدىن سەرۋەرى ئالەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنى تاپتىم، ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرىنىڭ دەرگاھىغا بېشىمنى قويدۇم!...

خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئابدۇللاخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بېيىتكە ئېيتقان مەنىسى خاننىڭ كۆڭلىگە ياققانىدى. بولۇپمۇ، خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ مىجەزىدىكى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن گەپ - سۆزىدىكى پاساھەتى خاننى قايىل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاس - ئېتىقادىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى.

خان ئەنە شۇ قايىللىق ۋە ھاياجان بىلەن شۇ كۈنى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ ئەجرى ۋە كەلگەن قەدەملىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن، كەڭ ۋە گۈزەل بەشكېرەم يېزىسىنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىپ بەردى، بۇ كاتتا ئىلتىپات ئۈچۈن خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ خانغا ئۇزۇندىن ئۇزاق دۇئا قىلدى.

ئابدۇللاخان بىلەن بولغان مانا شۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن كېيىن، خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ نام - ئابرۇيى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، ئىشلىرى تېخىمۇ راۋان يۈرۈشۈپ كەتتى.

بۇ چاغلاردا، ئۇنىڭ ئۆز قولىچە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ئوغلى

ھىدايىتۇللا ئىشان ــ ئاپاق خوجىمۇ خېلى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ يارام-
لىق يانتاياقلىرىدىن بولۇپ قالغانىدى. ئۇغلى توغرىسىدا ئۇ ھەمىشە
مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىغا مۇنداق دەيتتى :

ــ مەن تەلەپ قىلغان پەرزەنت شۇ ئىدى. مېنىڭ بۇ پەرزەنتىم ھە-
لىم ـ ھايادا ھەزرىتى ئوسمانىغا ئوخشايدۇ، ئۇ بۇ خانىدانىنىڭ يېڭى
چېچەكلىگەن شېخى، خوجىلارنىڭ يېڭى غۇنچىلىك بېغى، دانىشمەن-
لىك زەنجىرىنىڭ ئۇچى، ئاقىللىق ئاساسىنىڭ سەر ھەلقىسى بولۇپ
قالدى. ئىنشائاللا، مېنىڭ بۇ ئوغلۇم شەرىئەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەرى-
قەتكە رەۋنەق بەرگەي، ھەممە ئۇنىڭ پەرمانىغا باش قويغاي، ئۇنىڭدىن
ئىلگىرىكى ئۇلۇغلاردىن كەلمىگەن ئىشلار ئۇنىڭدىن ۋۇجۇدقا
كەلگەي...

مانا شۇ سۆزلەر بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مىلادىيە 1667 ـ يىلى
خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ــ مازار پادىشاھىم ئۆزىنىڭ بىر نەۋرە تۇغقى-
نىنىڭ قولىدا زەھەرلىنىپ ئۆلدى. دادىسىدىن قىرىق بىر يېشىدا ئايرى-
لىپ روھى پۈچىلانغان بولسىمۇ، ئاپاق خوجا دادىسى باشلىغان ئىشنى
جان ـ جەھلى بىلەن داۋاملاشتۇردى. ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ئۇ
ھېچ نەرسىدىن باش تارتمىدى، قان كېچىپ يۈرۈپ، ئاخىر بۇگۇنكى
سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى
يەردە قويمىدى. بۇلارنى ئويلىسا، ئۇ ھەمىشە دادىسىدىن پەخىرلى-
نەتتى، دادىسىنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق، بىلىملىك، ساھىبى دىل
دەپ ئۇلۇغلايتتى، دادىسى بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى «قۇياش نۇرىغا
چۆمۈلگەن خاسىيەتلىك كۈنلەر» دەپ ھېسابلايتتى. شۇڭا، ئۇ بەزى
چاغلاردا ئۆز ئەتراپىدىكى يېقىنلىرىغا بەخت تۇيغۇسى بىلەن مۇنداق
دەيتتى : «مەن ھېچبىر ئۇستاز ئالدىدا ساۋاق ئوقۇمىغان، ھېچكىمنىڭ
مېنىڭ گەدىنىمدە ئۇستازلىق ھەققى سابىت ئەمەس، مەن ھەقىقەتتە
ئۆز ئاتامنىڭ شاگىرتى ئىدىمكى، بارلىق بىلىمنى ئۇنىڭدىن ئۆگەن-
گەنمەن. ئۇزۇن كېچىلەردە، دەرىيادەك بولغان تەسەۋۋۇپ كىتاب-

لىرىدا، ئاتام مېنى غەۋۋاسلىق قىلدۇراتتى، ھەر دەريادىن بىر دۇر، ھەر گۈلزاردىن بىر گۈل ئېلىشمغا ياردەم قىلاتتى...».

## 3

ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپنىڭ قەبرىگاھىنى مەركەز قىلىپ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان «مازارى شاھان» قۇرۇلۇشى خەلقنىڭ جېنىغا پاتتى، «سەرمازار ھاشىرى» ئۇلارنى ھالىدىن كەتكۈزدى، پاختا ـ يىپەك توقۇمىچىلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ خەلقنىڭ ئەمدى دەستىگاھلىرى توختاپ، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرغان شايى ـ ئەتلەس، كىمخاب، بەقەسەم، تاۋار ـ دۇردۇنىلار ئورنىدا ئارغامچا ـ توقۇناق، پىچاق ـ خەنجەر قاتارلىق قاتىللىق، خۇنخورلۇق تاۋارلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇنى ئاز دېگەندەك، زىرائەت تېرىلىدىغان يەرلەرمۇ چۆل ـ جەزىرىگە ئايلىنىپ، دېھقانلار تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى، داللار ھۇۋلاپ، باغلار قاقاسلىققا ئايلاندى...

ئەلنىڭ جان ۋە مېلىنى ئوۋلاش — ھۆكۈمدارلارنىڭ ھۇزۇرى ۋە مۇرادى بولۇپ قالدى. ھەقىقەتەنمۇ، ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك يىللار باشلانغانىدى. بۇ ھەقتە پىغانى ئۆرلىگەن بىر شائىر مۇنداق يازدى:

ئېكىنزارلىق بولدى ئاتقا چارۋا مەيدان،
يەر، مەھەللە ھالى كېتىپ بولدى ۋەيران.
قەھەت بېسىپ، ئەل ـ جامائەت بولدى سەرسان،
ئەتراپ چۆل، ھۆكۈم سۈردى مۇندا بوران!

## ئالتىنچى باب

# چۆلدىكى يالغۇز كەپە

### 1

يازنىڭ ئۇزۇن كۈنى پاتقانىدى، ئەمما يىراقتىكى ئۇپۇق يۈزىدە شەپەق تېخى ئۆچمىگەن، پايانسىز چۆل ـ جەزىرىنىڭ تاش ـ داڭگال-لىرىلا ئەمەس، ھەتتا ياۋا گۈل ـ گىياھلىرىمۇ ئالتۇندەك جۇلالىنىپ مەيىن تاۋلىناتتى. كۆكتە ـــ كۆز يەتمەيدىغان ئېگىزلىكتە سوپتور-غايلار ۋىچىرلايتتى، دۆڭلۈكلەر ئۈستىدە كەكلىكلەر سايرايتتى، يول-غۇن، شىۋاقلىقلار ئارىسىدىن گاھى ـ گاھىدا قىرغاۋۇللار پۇر ـ پۇر ئېتىلىپ چىقاتتى.

قۇياش پاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قۇرغاق چۆلگە سىڭىپ كەتكەن ھىل ـ ھىل تەپتى يەنىلا بەدەننى قىزدۇرۇپ، يۈزلەرنى يې-لىنجىتاتتى.

مانا شۇ پايانى يوق، سۇرلۇك چۆلدە ئىسسىقتىن ھۆپۈلدەپ كەتكەن قەلەندەر سىياق بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسكەن، يۈزى ئاپتاپ ۋە شامالدىن قارىداپ پۈچۈلغان، لەۋلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن گەز باغلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ يەلكىسىدە كونا، مايلىشاڭغۇ تورۋا، قولىدا دوناي ھاسا، ئۇچىسىدا پىششىق كاناپتىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆڭلەك بار ئىدى، كۆڭلەكنىڭ ئەسلىدىكى ئاق سېرىق رەڭگى ھازىر مەينەتچىلىكتىن قارا رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكە-نىدى. ئۇ باش ـ ئاخىرى كۆرۈنمەيدىغان مۇشۇ چۆلدە ئۈچ كۈندىن

بىرى بىرلا نىشانىنى — جەنۇب تەرەپنى كۆزلەپ كېتىۋاتـاتتى. ئۇ، بـۇ نىشانىنى كېچىسى ھۆكەرگە، كۈندۈزى قۇياشقا قاراپ پەرق ئېتەتتى.

مانا بـۇگۈنمۇ كـۈن پاتتى، ئـۇ تېخى ئـادەمزات ياشايـدىغان بـىرەر مەنزىلگە يېتىپ كېلەلمىدى. ئادەمنى غەم ۋە غېرىبلىق بىلەن قىينايدى-غان كۆڭۈلسىز كېچە باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ تـۇلۇمغا ئـې-لىۋالغان سۈيى بۈگۈن چۈشتىلا تۈگىگەن، ئەگەر ئۇ ئەتىگىچە بـىرەر ھاياتلىق بىلەن ئۇچرىشالمىسا، بـۇ پايانسـىز چۆل ـ دالـىدا ئۆلۈمدىـن باشقا يول قالمىغان بولىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ زادىلا ئۆلگـۈسى يوق، بىـر ئايدىن بېرى شۇنچە ئېغىر، مۈشكۈل يوللارنى بېسىپ، گـۆر ئازابىنـى تارتىپ، ئەمدىلا يۇرتىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندا ئۆلۈپ كەتسـە، كۆزى ئوچۇق كەتمەمدۇ؟! ئـۇنىڭ يـىگىرمە يـىلدىن بـېرى كۈتكـەن ئارزۇ ـ ئارمانى، يۈرەك قېتىدا ساقلـىغان سۆيـگۈ ـ مۇھەبـبىتى، شـۇ تۈپەيلى تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتـلىرى مۇشـۇنداق يول ئۈسـتىدە —— ئادەمسـىز چـۆل ـ جـەزىرىدە، نـام ـ نىشـانسـىز ئـۆلـۈپ كېتىـش ئۈچۈنمىدى؟!

ياق، ھەرگىزمۇ ياق! ئۇ يىگىرمە يىلدىن بېـرى، بېشـىغا ھەرقانـداق ئېغـىر قىسـمەتلەر چـۈشسىمـۇ، پەقەت مۇشـۇ بىر كۈن —— تۇغۇلـۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرت باغرىغا قەدەم قويىدىغان ئاشۇ ۋىسال كۈنى ئۈچۈن ياشىدى!

ئۇ ئېغىر مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن يـىگىرمـە يىلدىـن بېرى، بەزىـدە چۈشىدە، بەزىدە خىيالىدا بولسىمۇ، ئەنە شۇ ئانا يۇرت تۇپرىـقىنى تـۇ-تىيادەك كـۆزلىرىگـە سـۈرتـتى، ئـۇنـىڭ ھـۇزۇر بەخـش ھاۋاسىدىـن قېنىپ ـ قېنىپ نەپەسلەندى، ئۇنىڭ ئابىزەمزەم سۇلىرىنى دۇم يېتىپ ئىچتى، ئۇنىڭ گۈزەل باغۇ ئېرەملىرىدە قىيغىتىپ ئوينىدى، ئانا يـۇرت ئۇنىڭ ئۈچۈن گـويا بىر ـ بىرىگــە تەلپـۈنۈپ تۇرغان تـەشنا قەلـب، بىر ـ بىرىسىز تۇرالمايدىغان ئاشىق دىل، بىر ـ بـىرىدىن ئـايرىلـىش ئازابىنى سىغدۇرالمايدىغان مەيتۇن كۆڭۈلگە ئوخشاش، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىغا ۋە ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، يىگىرمە يىللىق مۇساپىرلىق، تەنھالىق، يىگىرمە يىللىق خارۇ زارلىق، يىگىرمە يىللىق ئەركسىزلىك ئۇنى ھېچنېمە قىلالمىدى، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئېغىر، مۇدھىش پەيتلىرىدە، ئۇنى ئەنە شۇ ئارزۇ - ئارمان، ئەنە شۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت بىلەن ھاياتلىق ئۈمىدىنى تاپتى، ياشاشقا ئىنتىلدى، زۇلمەت ئىچىدىن يورۇقلۇق ئىزدىدى...

بۈگۈن ئۇ ھېچقاچان ھېس قىلىپ باقمىغان ھارغىنلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى تارتىۋاتاتتى. ئاچلىق ئۇنى ھېچنېمە قىلالمايتتى، كېتىۋېتىپلا بىرەر توشقان، كەكلىك ياكى قىرغاۋۇلنى پەم بىلەن تۇتۇۋېلىپ، خالتىسىدىكى چاقماق تاش بىلەن ئوت يېقىپ، مەززىلىك قۇش كاۋاپلىرىنى يېيەلەيتتى، بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئورنىدا ئىدى، ئۇ يول بويى ئەنە شۇنداق جان بېقىپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئۇسسۇزلۇق...

تاسادىپىي ئۇنىڭ كۆزىگە ئالدى تەرەپتىن ئاسمانغا لەيلەپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۇس، ئىنچىكە تۈتۈن كۆرۈنگەنەدەك بولدى. ئۇ قەدىمىنى چىپپىدە توختاتتى، ئوڭ قولىنى ماڭلىيىغا تىرەپ، كۆزلىرىنى قىستى ۋە زەن سېلىپ ئۇزاق قارىدى. دەرۋەقە، كۆزلىرى ئۇنى ئالدىمىغانىدى، قارىغانسېرى، تۈتۈن ئۇنىڭ كۆزىگە يوغان ھەم قويۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قارىداپ، يىرىكلىشىپ كەتكەن چىرايى بىردىنلا يۇمشاپ، كۆزلىرىدە ئۈمىد ۋە خۇشاللىق جىلۋىلىرى پەيدا بولدى. ھارغىن پۇتلىرىغا يېڭىۋاشتىن جان كىردى، يۈرىكى يۇرت ھىدىنى، ھاۋاسىنى سەزگەنەدەك خۇشال تېپچەكلەپ كەتتى، ئىشقىلىپ، ئۇ قاراڭغۇ چۈشكۈچە قانداقلا بولمىسۇن، بىر ھاياتلىق نىشانىنى، ئارام مەنزىلىنى — پايانسىز بۇ چۆلدىكى بىردىنبىر ئۈمىد ساھىلىنى تاپقانىدى!

ئۇ ئىت قوغلايدىغان ھاسىسىنى يەرگە دوق - دوق ئۇرۇپ، قەدەملىرىنى يوغان - يوغان ئېلىپ ئاشۇ نىشانغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. كۆپ يۈرمەيلا — بىر دۆمبەلدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە ئەمدى

تۇتۇنلا ئەمەس، ئەسكى ـ تۇسكىلەر بىلەن قۇراشتۇرغان ئاددىيغىنە بىر كەپە كۆرۈندى. ئۇ تېخى كەپىگە يېقىنلاشماي تۇرۇپلا، سالپاڭ قۇلاق، تاغىل بىر ئىت ئۇنىڭ ئالدىغا ھۆرۈپ كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەلەندەر سىياق تەقى ـ تۇرقىغا، قولىدىكى دوناي ھاسىغا قاراپ، ئىتمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي توختاپ قالدى.

ئىككىسى ئون نەچچە قەدەم ئارىلىقتا بىر ـ بىرىگە خىرىس قىلىشىپ تۇرۇشاتتى. شۇ ئارىلىقتا، كەپىدىن دەسلەپ ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز بالا يۈگۈرۈپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ پۇت ـ قوللىرى قاسماق، ئۇستۋاشلىرى جۇل ـ جۇل ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇستۋېشى يېرىم يالىڭاچ دېگۈدەك بىر ئادەم ئۆزۈن ساپلىق بىر ئايپالتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئىككى ئوتتۇرىدا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئىت يەنىلا خىرىس قىلىپ تۇراتتى. ئايپالتىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئادەم بالىلىرىنى ئارقىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، يەنە ئىككى ـ ئۈچ قەدەم ئالدىغا ماڭدى. شۇ چاغدا قەلەندەر سىياق ئادەم ناھايىتى سەمىمىي ۋە رايىشلىق بىلەن مۇنداق دېدى:

— ئىنىم، يىراق سەپەردىن كېلىشىم، بۇگۈن چۆلدە سۇسىز قالدىم، ماڭا ئازراق سۇ بەرسىڭىز، يۇرتقا سالامەت يېتىۋالاي...

— سەن زادى كىم، نەدىن كېلىپ، نەگە بارماقچى؟ — ئايپالتىلىق ئادەم قوپال ۋارقىرىدى.

— ئىسمىم دوستمۇھەممەد، تىبەتتىن كېلىپ، ئارسلانباغقا بارماقچى، — دېدى قەلەندەر سىياق ئادەم مۇلايىم ئاۋازدا.

— دوستمۇھەممەد؟! — ئايپالتىلىق ئادەم خىيال بىلەن تۇرۇپ قالدى، بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا تونۇش بىلىندى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە گۇمان بىلەن ئاسماقچىلاپ سورىدى، — داداڭ كىم، ئاناڭچۇ؟

بۇ سوئال ـ سوراقلارغا دوستمۇھەممەد ئېرىنمەي، بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى:

— دادامنىڭ ئىسمى ھارۇن، يۇرتتىكىلەر ھارۇن ئىمام دەيتتى،

ئانامنىڭ ئىسمى شەرۋانىخان...

بۇ گەپلەرنى قىلغۇچە دوستمۇھەممەدنىڭ چىرايىدا چوڭقۇر بىر ئىچكى ئازاب نامايان بولدى، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئايپالتىلىق ئادەممۇ كۆرۈپ يەتتى.

— ئارسلانباغدىكى توختى تارغاق ئىسىملىك بىرىنى بىلەمسەن؟ — دەپ يەنە سورىدى ئايپالتىلىق ئادەم ئاۋازىنى بۇرۇنقىدىن سەل سىلىقلاشتۇرۇپ.

دوستمۇھەممەد دۇدۇقلىمايلا جاۋاب بەردى:

— بىلىمەن، ئوبدانلا بىلىمەن. ئۇ مەندىن ئىككى ـ ئۈچ ياشلا كىچىك ئىدى، بىز بىللە پادا باقاتتۇق، زەرەپشان دەرياسىغا بىللە چۆمۈلەتتۇق، كەچتە مەنسۇر شەيخنىڭ قولىدا بىللە ھەپتىيەك ئوقۇيتتۇق... سىز... سىزمۇ ئۇنى تونۇمسىز؟

ئايپالتىلىق ئادەمنىڭ پۇت ـ قوللىرى بوشىشىپ كەتتى، قولىدىكى پالتىمۇ ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ يەرگە چۈشتى. بۇنداق تۇيۇقسىز، تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەنىدى.

— دوستمۇھەممەد! ... ئاكا... دوستۇم!...، — دېدى ئۇ ئالدىغا بىر ـ ئىككى قەدەم چامداپ، لېكىن ھاياجاندىن پۇتلىرى لاكاسلاپ دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، دوستمۇھەممەد تېزلا كېلىپ ئۇنى يۆلىۋالدى، خېلىدىن بېرى خىرىس قىلىپ تۇرغان ئىتمۇ بۇ ھاياجانلىق كۆرۈنۈشتىن تەسىرلەندىمۇ قانداق، غىڭشىغىنىچە يەرگە زوڭزىيىپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتتى.

دوستمۇھەممەد ئايپالتىلىق ئادەمنى يۆلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە يېقىندىن سەپسالدى. قويۇق ساقال باسقان، چۆلنىڭ ئىسسىقى بىلەن قۇرغاق شامىلىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن بۇ غەمكىن يۈز بىلەن مۇڭ باسقان ئەنسىز كۆزلەردىن ئۇ ئاستا ـ ئاستا بىر خىل يېقىنلىق بىلەن ئىللىقلىقنى سەزدى. توغرا، يىگىرمە يىل بۇرۇنقى قاپقارا، دۈگىلەك، چېچەن كۆزلەر شۇ ئەمەسمۇ؟! ئاۋۇ رەتسىز ئۆسكەن، يىرىك بۇرۇتلار ئاستىدىكى «توشقان كالپۇك» چۇ؟! ئۇ

چاغلاردا، بۇ كالپۇك تېخى يۇمران، قىزىل ۋە ئوچۇق ئىدى، بۇنداق يېرىك ۋە قويۇق يۇڭلار ئاستىغا يوشۇرۇنمىغانىدى. شۇڭا، تەڭتۇشلىرى بىلەن ئەل - ئاغىنىلىرى ئۇنى ئىسمىنى ئاتاشتىن كۆرە، «توشقاق كالپۇك» دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇمۇ بۇنىڭغا كۆنۈك ئىدى.

دوستمۇھەممەد مانا شۇ چاغدىلا، ئۇنىڭ بايا ئىسمى ئاتالغان يۇرتدىشى ۋە دوستى توختى تارغاقنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە ئۇنى تېخىمۇ چىڭ باغرىغا بېسىپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇلار شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، بىر - بىرىنى يېتىلىشىپ كەپىگە كىردى.

كەپە دەپ ئاتالغان بۇ يەر بەئەينى تۆت تەرىپىنى ئەسكى - تۈسكىلەر بىلەن توسۇپ قويغان ۋەيرانە مال قوتىنىغىلا ئوخشايتتى. بىر چېتىگە ئەسلىي رەڭگىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر پارچە ياغاق تېرە سېلىنغانىدى، قالغان يېرىگە بولسا، چۆلنىڭ قۇرۇق ئوت - چۆپلىرى سېلىنچا قىلىپ تاشلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى سامان تەكىيە بىلەن ئىككى قۇراق كۆرپە ۋە يوغان بىر ئاشلانغان جۇۋا قاتلاپ قويۇلغانىدى. كەپە ئىشىكىنىڭ يېنىدا كىچىك بىر قازان بىلەن ئۈچ - تۆت ھېجىر تاۋاق ۋە چەيچەكلىرى پۇچۇلۇپ كەتكەن بىر قارا چۆگۈن قىڭغىيىپ تۇراتتى.

دوستمۇھەممەد توختى تارغاقنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ھېلىقى ياغاق تېرىنىڭ ئۈستىگە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى ۋە ئۆشنىسىدىكى خالتا بىلەن ئىت قوغلايدىغان ھاسىسىنى يېنىغا قويدى. كەپە ئىشىكىدىن ھېلىقى قاسماق باسقان ئىككى بالا قىزىقسىنغان ھەم ئەندىككەن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ماراپ تۇرۇشاتتى.

يېشى ئوتتۇزغا بارمايلا ئىككى چېكىسىگە ئاق كىرىپ كەتكەن كەپە ساھىبى — ئازغىن بىر ئايال ئۇلارغا دەسلەپ ئىسسىق چاي بەردى،

كېيىن يۇلغۇن ياغىچىغا ئۆتكۈزۈپ، سۆكسۆكتە پىشۇرغان كەكلىك گۆشى كاۋىپى بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دوست كەپە ئالدىدىكى تۆپىلىككە چىقىپ، داق يەرگە يانپاشلىغىنىچە پاراڭغا چۈشتى. بۇ چاغدا، چۆل ئاسمىنىدىكى تولۇن ئايمۇ بىر پارچە بۇلۇت ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ، بەختلىك قىزلارنىڭ نۇرلۇق يۈزىدەك پارقىراشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا — ئاستا - ئاستا يۈز ئاچقان ئاسماننىڭ ھەممە يېرىدە يۇلتۇزلارمۇ چاقناشقا باشلىغانىدى. ئىسسىق چۆل شامىلى ئاستا سوقۇپ، يىراقلاردىن دىماغنى غىدىقلىغۇچى گۈل - گىياھلارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى.

— نېمىدېگەن بەختلىك كېچە بۇ، — دېدى توختى تارغاق چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ قويۇپ، — يۇرتتا بىزگە بۇنچىلىك ئازادىلىك، بۇنچىلىك ئەركىن نەپەس ئېلىش نەدە؟! يۇرتتا بىزگە ئۆلۈمدىن باشقا ھېچقانداق چىقىش يولى قالمىغانىدى. خانلىقتا پەشۋا، شەرىئەتتە دۇمبا! بۇنداق باش - ئاخىرى يوق ئازابقا كىم چىدايدۇ؟! شۇڭا، بۇ ئىگە - چاقىسىز چۆل - دالىغا چىقىۋالدۇق، ئاكا. خۇداغا شۈكۈر، قۇلىقىمىز تىل - ھاقارەتتىن، بەدىنىمىز تاياق - توقماقتىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئاچ قالساقمۇ، ئەركىن، ئازادە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن خۇشالمىز، — ئۇ بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ، يەنە شۇنداق ئىچكى ئازاب ۋە بىزارلىق تۇيغۇسى بىلەن داۋام قىلدى، — بابا مەن ئايپالتىنى كۆتۈرۈپ چىققاندا، سېنى دەمچىلەر[①] نىڭ دورغىسى ئوخشايدۇ، دەپ چانىۋەتكىلى تاس قالدىم ئاكا، ئۇلار بىزنى جېنىمىزدىن جاق تويغۇزدى. ئاپاق خوجا دېگەن بۇ بالاخورنىڭ نەپسىنى تويغۇزالمىدۇق. مەن بىر باجگىرنىڭ دورغىسىنى ئۇرۇپ قويۇپ قورقۇپ بۇ يەرگە قېچىپ چىقتىم. باج - سېلىق، سەيسە - ھاشار دېگەنلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن باش كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. بىردەم «ساھىب جام»، «سەرمازار»، «خانىقا»، «سەرانە»، «قۇتبىخانا»؛ بىردەم «قوش پۇلى»، «سامان

① دەمچى — باجگىر، خانلىقنىڭ باج - سېلىق يىغقۇچى خادىمى.

پۇلى »، «دېيەك پۇلى »، «تاناپ پۇلى »، «تەركە پۇلى »، «ئوتۇن پۇلى »، «يول پۇلى »؛ بىردەم «مۆھۈر ھەققى »، «تەرى قارا »...[1] ئاھ خۇدا، ساناۋەرسەك ئايىغى يوق بۇنىڭ! مانا شۇ قاتمۇقات دەرد ـ ئازابلارغا چىدىمىغان كىشىلەر ئاخىر يۇرت ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، بېشى قايغان، ئۇشۇقى تايغان تەرەپلەرگە چۇراپ چىقىپ كەتتى. يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر ئاپاق خوجىغا مۇرىت بولدۇق، دەپ بالا ـ چاقا، ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ، خۇدايى ئاشىق سىياقىدا يۇرتمۇ يۇرت مازار كېزىپ يۈرۈيدۇ... يەرلىرىمىزنىڭ مۇنبەت خۇۋەينىلىرى خانىقالارنىڭ ۋەخپىسى بولۇپ كەتتى، بۇ ئىشلارغا پالان ـ پۇستان دەپ، ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىپ قويغانلارنىڭ ھالىغا ۋاي... ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاپاق خوجىنىڭ «خوجا پاششاپ، خوجا مىرشاپ» دەيدىغان پەسەندى غالچىلىرى تەرىپىدىن تىلى كېسىلىپ، كۆزى ئويۇلۇپ، پۇت ـ قولى چېقىلىپ، كېرەكسىز بەدەنگە ئايلاندۇرۇۋېتىلدى، بەزىلەر بولسا، «غالچا يىگىت »، «غالچا چوكان » نامى بىلەن يۇزلەپ ـ مىڭلاپ ئىلىغا پالاندى قىلىندى، بەزىلەر بولسا، «ئەلگە ئىبرەت » ھۆكمى بىلەن چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈلدى! ھەي... دوستمۇھەممەد ئاكا، بۇلارنى ساڭا سۆزلەپ نە قىلاي، ئۇنىڭسىزمۇ سېنىڭ دەردىڭ ئازمىتى؟! ئاناڭنىڭ، داداڭنىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدىڭ، ئۇلار سېنىڭ بۇ دۇنيادا بار ـ يوقلۇقۇڭنى بىلەلمەي، ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن كەتتى...

— دادام قانداق ئۆلدى؟ — دىلى قاتتىق پۇچىلانغان دوستمۇھەممەد ناھايىتى تەسلىكتە سورىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، كۆز چانىقىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياش ئاي نۇرىدا يالتىرىدى.

توختى تارغاق ئەينەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى:

— داداڭنىڭ بېشىغا ھېلىقى «سەر مازار ھاشىرى» دېگەن جان ئالغۇر ھاشار زامىن بولدى. يۇرتتىكىلەر داداڭنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى-

---

[1] ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتى قەشقەرىيىدە يولغا قويغان باج ـ سېلىقلارنىڭ نامى.

نى، ئۇ كەتسە، جامائەتكە ئىمامەتچىلىك قىلىدىغان تۇزۇكرەك ئادەم قالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ جىق ھەپىلەشتى. لېكىن، ئوردىدىن چىققان ئەمەلدارلار : «سەرمازار قۇرۇلۇشى ھارۇن ئىمامدەك تەقۋادار ئادەملەر قاتنىشىدىغان خاسىيەتلىك قۇرۇلۇش، بۇ ھەزرىتى ئاللەمپاناھ ئاپاق خوجامنىڭ ئەمرى!» دەپ مەجبۇرىي ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، داداڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى، ئاڭلىشىمىزچە، يېڭىلا ياسالغان گۈمبەزنىڭ ئۈستى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى بېسىۋاپتۇ. داداڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يالغۇز قالغان ئاناڭمۇ بولالماي قالدى، ئىككىنچى يىلى ئۇمۇ داداڭنىڭ ئارقىدىن كېتىپ قالدى. ھازىر يۇرتتا ئاناڭنىڭ ئىنىسى بابا قازى بار. مەن بۇ يەرگە چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئۇ يەر تېرىپ قالغان. دوستمۇھەممەد ئاكا، مەن بەك جىق سۆزلەپ كەتتىمغۇ دەيمەن، ئەمدى سەنمۇ ئۆز بېشىڭدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ باققىنە، يىگىرمە يىلدىن بېرى نەلەردە يۈرۈپ، نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟! — ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك، ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى دوستمۇھەممەد، — مەن نېمە ئىشلارنى قىلاتتىم؟! يىگىرمە يىللىق ئۆمرۈم پۈتۈنلەي تۇتقۇنلۇق، قۇللۇق، مۇساپىرلىق ئىچىدە ھايۋاندىن بەتتەر ئۆتتى. مەن ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەشنىمۇ، سۆزلەشنىمۇ خالىمايمەن، ئۇكام... ئۇ كۈنلەر مەن ئۈچۈن قاباھەتلىك بىر چۈش!... مەن ھەمىشە ئۇيقۇدىن ئويغانساملا، ئەسلىمگە كېلىمەن دەپ ئويلايتتىم، لېكىن قاراڭغۇ تۈن بەكمۇ، بەكمۇ ئۇزۇن بولدى، بۇ قاباھەتلىك چۈشمۇ ئاسان تۈگىمىدى...

دوستمۇھەممەد ئۈچۈن «قاباھەتلىك چۈش» تەك بىلىنگەن بۇ يىگىرمە يىل ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ئەسلىشىگە ۋە سۆزلىشىگە ئەرزىمەيتتى. چۈنكى، تۇتقۇنلۇق، قۇللۇق — ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ پاجىئە. پەقەت ئۆز ئەركى ئىچىدە ھۆر ياشايدىغان ئىنسانلار پاراغەتلىك، غەيرەتلىك ۋە شىجائەتلىك بولالايدۇ. ئىنسان ئەركىنلىك سايىسىدىلا ئۆزىگە كېلىدىغان ھەرقانداق زەرەر ۋە زۇلۇمدىن پاناھ تاپالايدۇ، يىللار

يۇكى يەلكىسىگە ئارتىلغان ئادەمگە پەقەت ئەركىنلىكلا قانات بولالايدۇ! قۇللۇقنى بويىنغا ئالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن خورلانغان ئادەم ۋەتەنسىز، ئېتىقادسىز، ھىمايىسىز بىچارە جاندەك، مىسكىن ۋە ناتىۋان بولىدۇ...

دوستمۇھەممەد يىگىرمە يىلنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزدى.

مىلادىيە 1665 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تاڭغۇتلار[1] قاراڭغۇ تاغنى[2] بېسىپ ئۆتۈپ، خوتەننىڭ كېرىيە تەۋەسىگە بېسىپ كىرگەندە، ئۇ تېخى يىگىرمە ئۈچ ياشلىق باتۇر لەشكەر بېشى ئىدى. ئەينى چاغدا، سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇللاخان يەكەندىن ئۆزى لەشكەر تارتىپ كېلىپ جەڭگە قوماندانلىق قىلدى. دوستمۇھەممەد بۇيرۇققا بىنائەن، ئۆزىنىڭ ئەللىك كىشىلىك ئالدىن يۈرەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ، كېچىلىك جەڭگە كىردى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى تۇيۇقسىز ئالىچۇقان كۆتۈرۈپ دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىش ئىدى. ئۇ ۋەزىپىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇندىدى، كېيىن ئىككى تەرەپتىن كەلگەن چوڭ قوشۇننىڭ ياردىمى بىلەن تاڭغۇتلارنى چېكىندۈردى، ئەمما ئۇ يېنىك يارىدار بولۇپ، چېكىنىۋاتقان تاڭغۇتلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالدى، ئۇنى جەڭ ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ تىبەتكە ئېلىپ كەتتى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭ تۇتقۇنلۇق، قۇللۇق ھاياتى باشلاندى.

ئۇ دەسلەپ، تىبەتنىڭ بىر تاغلىق رايونىدا لەشكەرلەرنىڭ ئات باقارى بولدى، بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. تۆت تەرىپى ئۈچىما چوققىلىق قىيا تاغ ۋە تۇۋۋى قاراڭغۇ كۆرۈنىدىغان چوڭقۇر جىرا ئىدى. تىل بىلمىگەچكە ھېچكىم بىلەن سۆزلەشمەيتتى، پەقەت ئىما ـ ئىشارە بىلەنلا جان باقاتتى.

مانا شۇ كۈھىقاپتەك يەردە، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنىڭ ئالتە ـ يەتتە يىللىق ئۆمرى ئۆتۈپ كەتتى. كېيىن لەشكەر بېشى ئۇنى لاسا-

---

① تاڭغۇت ــــ تىبەتلىك زاڭزۇلار.

② قاراڭغۇ تاغ ــــ قاغىلىقنىڭ غەربىدىكى تاغ.

دىن كەلگەن بىر تىجارەتچى سارايۋەنگە خېلى كۆپ پۇلغا سېتىۋەتتى، سارايۋەن ئۇنىڭ ئىشچان، ياۋاش ھەم چەبدەسلىكىگە قىزىققانىدى.

ئۇ لاساغا كەلگەندىن كېيىن، بىرنەچچە قېتىم قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرىيە تەرەپتىن كېلىدىغان بىرەر سودا كارۋىنىنى ئۇچرىتالمىدى، ئۇ چاغلاردا، پات ـ پات بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇش ۋە جەڭگە ـ جېدەل تۈپەيلىدىن، سودا يوللىرى تاقىلىپ، بېرىش ـ كېلىش ئۈزۈلۈپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ، يول بىلمىگەنلىكى ۋە خوجايىنىنىڭ قۇل ئورنىدا قاتتىق تۇتقانلىقى سەۋەبىدىن، قېچىپ كېتىش خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. ئۇزۇن ۋاقىت يۇرتتىن ۋە يۇرتداشلىرىدىن ئايرىلىپ، گويا باشقا بىر دۇنيادا ياشاۋاتقاندەك، مەھكۇم، لۇق ۋە غېرىبلىق ئىچىدە، ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. پەقەت، مىلادىيە 1677 ـ يىلى ئاپاق خوجا دالايدىن نىجاتلىق تىلەپ تىبەتكە بارغاندىلا، تاسادىپىي ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، يۇرتىدە يۇرت ـ ماكان، ئەل ـ جامائەت دېگەن مۇقەددەس تۇيغۇ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ۋۇجۇدى ۋەتەن ئىشقى بىلەن يانغانىدى...

يىگىرمە يىللىق ئېغىر جۇدالىق بىر ـ بىرىنى تونۇغۇسىز قىلىۋەتـ كەن ئىككى دوست شۇ كېچە كەپە ئالدىدىكى تۆپىلىكتە ئۇزاق پاراڭلاشتى، توختى تارغاق يۇرتىدە يىغىلىپ زەردابقا ئايلانغان دەرد ـ ئەلەملىرىنى بىراقلا تۆككەچكە، يېنىكلەپ قالغاندەك، تۇن ھەسسىسىدىن ئۆتكەندە، شۇ يەردىلا سوزۇلۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن دوستمۇھەممەد ئۇخلىيالمىدى، تاڭ ئاتقۇچە كىرپىك قاقماي خىيالغا پېتىپ چىقتى. ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدى، ئەسلىدى، ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى ناھايىتى ئەركىن ۋە تېز پەرۋاز قىلاتتى. بىردەم دادىسى ھارۇن ئىمامنىڭ خۇش پېئىل، سەممىي، جاپاكەش قىياپىتى كۆز ئالدىدىن ئۆتسە، بىردەم ئانىسى شەرۋانىخانىنىڭ تۇرمۇش مۇشەققىتى بىلەن ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچلىرى، جىرىم ـ جىرىم قورۇق چۈشكەن نۇرانە يۈزلىرى خىيال ئېكرانىدا گەۋدىلىنىپ، ئۇنى ئوغۇللۇق بۇرچىنى ئادا قىلالمىغانلىق ھەسرىتى بىلەن ئازابلايتتى.

ئۇ يەنە تۇرۇپلا، لاسادىكى ئاپاق خوجا بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغلىرىنى — ئۇ ئادەمنىڭ شۇ چاغدىكى بىچارە، مىسكىن قىياپىتىنى، ئۆزىگە قىلغان نۇرغۇن ئەھدۇ پەيمانلىرىنى، ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا ئېيتقان ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى ئەسلەپ قاتتىق ئۆكۈنەتتى. ئاپاق خوجىنى «ۋاپاسىز، تۇزكور، بەتنىيەت...» دەپ ئىچ - ئىچىدىن قارغايتتى...

ئىشقىلىپ، ئانا يۇرتقا قەدەم قويغان بۇ تۇنجى كېچە دوستمۇھەممەدنىڭ يىگىرمە يىللىق قارا ھىجراندا ئۆرتەنگەن يۈرەك - باغرىنى تېخىمۇ ئەزگەن، ھايات، تۇرمۇش ۋە ئادەملەر توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالغان ھەسرەتلىك، ئەمما ئۇنتۇلماس بىر كېچە بولدى...

## 2

دوستمۇھەممەد چۆلدىكى يالغۇز كەپىدىن ئايرىلىپ ئارسلانباغقا يەتكۈچە، يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى، نۇرغۇن گەپلەرنى ئاڭلىدى، نۇرغۇن خىياللارنى سۈردى.

ئۇ يىگىرمە يىلدىن بېرى ئارزۇلاپ، ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ، مىڭ بىر جاپادا كەلگەن بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرى تولىمۇ ئەنسىز، قالايمىقان ھەم نامرات ئىدى. ھايات ھەممە جايدا گويا لېيىغان دەريا سۈيىگە ئوخشاش مىسكىن ئاقاتتى. ھەتتا، بىر زامانلاردا بوران دەك گۈركىرەپ ئۆركەشلەپ، شادىمان ئاقىدىغان ئانا دەريا زەرەپشانمۇ ھازىر خۇددى بېشىغا قارا كۈنلەر چۈشۈپ، ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمگەن ئادەمدەك ئېغىر - بېسىق ھەم يىغلاڭغۇ كۆرۈنەتتى...

دوستمۇھەممەد دەريا بويلاپ كېتىۋاتاتتى. قۇياش پېتىپ، ئاي چىققاندى. ئۆز ئېقىنى بىلەن تاغ ھىدىنى ئېلىپ كەلگەن دەريا يۈزىدىن سالقىن، ئارامبەخش شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. كەڭ يېيىلغان دەريا سۈيى ئاينىڭ كۈمۈش رەڭ نۇرىدا تاۋلىناتتى، سۈتتەك ئاي يورۇقىدا

سۇر بىلەن تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى يىراقتىكى ئېكىنزار ــ داللارغا قاراپ سوزۇلغانىدى.

ئاي نۇرىغا پۈركەنگەن جىمجىت زەرەپشان ساھىلىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ مۇڭغا تولۇپ ئېيتقان لەرزان ناخشىسى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

خۇدانىڭ بەندىسى كۆپتۇر،
مېنىڭدەك بولغىنى يوقتۇر.
مېنىڭدەك بولغىنى بولسا،
كۆيۈپ كۈل بولغىنى يوقتۇر...

دەريا شاۋقۇنى گويا بۇ ناخشىغا جور بولغاندەك ھەسرەتلىك شارقىرايتتى.

دوستمۇھەممەد ئېغىر ئەلياتقۇ بىلەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. قىشلاقتا ھۇۋۇلدىغان خارابە ئۆيلەرنى ماكان قىلغان لالما ئىتلاردىن باشقا تىرىك جان كۆرۈنمەيتتى. ئاي نۇرىدا زومەچەك ــ زومچەك كۆرۈنىدىغان قىڭغىر ــ سىڭغىر يېزا ئۆيلىرى تىمتاس ۋە خامۇش ئىدى.

دوستمۇھەممەد تاغىسى بابا قازىنىڭ ئۆيىنى تېنىمەيلا تېپىۋالدى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئىشىك ئالدىدا نىشان بولۇپ تۇرىدىغان بىر تۈپ نۆۋەي ئۈجمە دەرىخى ھازىر كاداڭشىپ، غول شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. بابا قازىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى قوش قاناتلىق ئازادە دەرۋازىسى ھازىر ئادەم ئېگىلىپ كىرىدىغان كىچىك بىر ئىشىككە ئۆزگەرتىلگەنىدى، ھويلىنىڭ تاملىرىمۇ تۆكۈلۈپ كەتكەچكە، بىرنەچچە يېرىدىن غوجا تام سېلىنغانىدى.

دوستمۇھەممەد قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشتى، يىغا ــ زار قىلىشتى، يېرىم كېچىگىچە ھال ــ ئەھۋال ئېيتىپ ئولتۇرۇشتى.

دوستمۇھەممەد ئەتىسى يۇرت ئارىلىدى، يۇرتداشلىرى بىلەن

كۆرۈشتى. بىرنەچچە كۈن ئەنە شۇ يوسۇندا تېزلا ئۆتۈپ كەتتى.
بۇگۈن دوستمۇھەممەد تاغىسىنىڭ بۇغداي خامىنىدا ئىشلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدىكى قوشنا خامانىدىمۇ بىر تۇل ئايال ئون بەش ياشلىق ئوغلى بىلەن خامان سورۇپ، چەش تەييارلاۋاتاتتى.
چۈشتىن كېيىن، خاماندا خۇددى باغاق يېزىپ چىللىغاندەك چەش ئېلىشقا ئۈلگۈرۈپ مەككە خوجا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئارقىدا ئۆكۈز قوشۇلغان كۆتەك هارۋا بىلەن ئىككى دورغىسى بار ئىدى.
يېشى قىرىقلارغا يېقىنلىشىپ قالغان، خاپان باش، رېپىدە قۇلاق، كىرپە تۇمشۇق، كوسا يۈز مەككە خوجا ھەزرىتى خان ئاپاق خوجىنىڭ مۇشۇ تەۋەلىككە قويغان زاكاتچىسى ئىدى. ئۇ بېشىغا ئىشانچە بۆك، ئۇچىسىغا خارەزم شايىسىدىن تىكىلگەن يەكتەك، سالقىن يەكتەك كىيۋالغانىدى.
ئۇ بىر يىلدا ئىككى قېتىم — يازلىق يىغىم بىلەن كۈزلۈك يىغىم ۋاقتىدا، ئاشلىقلار تەييار بولۇپ، تاغارلارغا ئۇسۇلىدىغان چاغدىلا، گويا يەردىن ئۈنگەندەك خامانلاردا پەيدا بولاتتى. ئۇ يېتىپ كەلمىگىچە، دېھقانلارمۇ تەييار بولغان چەشلىرىنى بۇزۇشقا پېتىنالمايتتى. ئۇ خۇددى قېچىرغا ئوخشاش جاھىل، غەلۋىخور ئادەم ئىدى. ئاچچىقى كېلىپ تەرسالىقى تۇتسا، ئاتا ـ ئانىسىغا تىل سېلىشتىنمۇ يانمايتتى.
ئۇ تۇل ئايال زۆبەيدىخانىنىڭ خامىنىغا كىرىپ، ئاتتىن چۈشمەيلا ۋارقىرىدى:
— ھەي خوتۇن، خامىنىڭ تەييار بولدىمۇ؟ خان خوجام ئۈچۈن خامانىڭ چەش بۆرنى ئايرىپ قويۇلمىسا، خاماندىن چىققان ئاشنىڭ ھالال بولمايدىغانلىقىنى بىلسەڭمۇ؟
— بىلىمەن، زاكاتچى بېگىم، بىلىمەن، — دېدى ئايال قورققىنىدىن تىترەپ، — مانا، خان خوجامغا چەش بۆرنى شۇ يېتى ئايرىپ قويۇلدى، ئۆزلىرى ئىلتىپات قىلغايلا...
مەككە خوجا ئاتتىن چۈشمەيلا دورغىلىرىغا بۇيرۇدى:
— قېنى، چەشنى ئايرىڭلار، بەشتىن ئىككىسى قالماق خوجامنىڭ

ھەققىگە، يەنە ئىككىسى ھەزرىتى ئاپاق خوجامنىڭ دۆلەتخانىسىغا، بىرى ئۆزىگە!

دورغىلار يۈگۈرۈپ كېلىپ، چەشنى كۆرە بىلەن ئالمان ـ تالمان ئايرىشقا باشلىدى، چەش بىردەمدە ئۇچكە بۆلۈنۈپ، زۇبەيدىخانغا ئايرىلغىنى بىر تاغار كەلمەيدىغان بۇغداي بولدى. ئايالنىڭ يۈرەكلىرى تارتىشىپ، كۆزىگە ئاچچىق ياش كەلدى.

ـــ زاكاتچى بېگىم، بىزگە ئىچىلىك ئاغرىسۇن، ـــ دېدى زۇبەيدىخان مەككە خوجىنىڭ ئۆزەڭگىگە تىرىۋالغان پۇتىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، ـــ تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلغا ئىچىلىك ئاغرىسۇن، بۇ ئاشلىق بىز ئىككى جاننىڭ بىر يىللىق قان ـ تەرىمىز، بىزگە كۆپرەك قالدۇر، بولمىسا، بۇ يىل قىشتا ئاچلىقتىن ئۆلىمىز...

ـــ نېمە! ـــ دەپ ۋارقىرىدى مەككە خوجا قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ، ـــ ھەي شۇم ئېغىز خوتۇن، سەن تېخى ھەزرىتى ئۇلۇغ خان ئاپاق خوجىنىڭ دەۋرىدە ئاچلىقتىن ئۆلىمىز دەۋاتامسەن؟! بۇ گەپ ئاغزىڭدىن قانداق چىقتى؟ بىلىپ قوي، خان خوجام پۇقرالىرىغا شۇنداق مېھرىبانكى، ئۇنىڭ پاراغەتلىك دەۋرىدە، كىيگىنىمىز تاۋار بىلەن دۇردۇن، يېگىنىمىز گۆش بىلەن ياغ، مىنگىنىمىز يورغا دۇلدۇل بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ھەزرىتى خان خوجام ساڭا ھىممەت قىلىپ، شۇنچە ئاشلىقنى قالدۇردى، ئەگەر بۇنىڭغا شۈكۈر قىلماي يەنە كوتۇلدىساڭ جازاغا تارتىلىسەن...

زۇبەيدىخان يىغىدىن ھېقىق تۇتۇپ، گەپ قىلالماي تۇرغاندا، ئۇن بەش ياشلىق ئوغلى ـــ ئورۇق، لېكىن بۇلجۇڭلىرى تارمۇشتەك قېتىپ كەتكەن، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدىغان خۇدايار گەپكە ئارىلاشتى:

ـــ بىزنىڭ ھەققىمىز ئۇچتىن بىرى تۇرسا نېمە ئۇچۇن بۇ گۈن توتتىن بىرى بولۇپ قالىدۇ؟

مەككە خوجا خۇدايارغا قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

ـــ سەن ئۆلۈمتۈككە نېمە گەپ! تېرىغان يېرىڭ خاننىڭ يېرى،

سۇغارغان سۆيۈك خانىنىڭ سۆيى، شۇنداق ئىكەن، خان قانداق ئالمەن دېسە شۇنداق ئالىدۇ. بۇ يىل قالماق خوجامغا تۆلەيدىغان ئولپان ـ سېلىق كەملەپ قالدى، شۇڭا زاكاتنى ئاشۇرۇپ ئالىمىز، قانداق؟ يەنە گېپىڭ بارمۇ؟...

خۇدايارنىڭ قېنى قىزىدى، يىگىتلىك غۇرۇرى تۇتتى، ئۇ بىر يىل تارتقان جاپاسىغا چىدىماي ۋارقىرىدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقمايدۇ» دېگەندەك، ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالغانىدى:

— شۇنچە يوغان خان گېپىدە تۇرمىسا، بىزمۇ گېپىمىزدە تۇرمايمىز. مەن ئاشلىقنى بەرمەيمەن.

خۇدايار خۇددى ئوق يىلاندەك ئېتىلىپ بېرىپ، دورغىلار تاغارلارغا قاچىلاۋاتقان بۇغداينىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى، ئۇنىڭ كەڭ يېيىلغان ئىككى قولى تاغارلارنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى.

كىچىككىنە بالىنىڭ تۇرگۇنلۇكىدىن غەزىپى ئۆرلىگەن مەككە خوجا دورغىلىرىغا ۋارقىرىدى:

— ئاۋۇ شۇمتەكنى كۆزۈمدىن يوقىتىش! ئۇر، توۋا قىلغۇچە ئۇر!

كالامپاي بىر دورغا ھارۋا ھەيدەيدىغان زەي قامچا بىلەن خۇدايارنى قورقۇتماقچى بولۇپ، بوشراق ئىككى ـ ئۈچنى سالدى، لېكىن خۇدايار بۇرۇنقىدىنمۇ بەك كىرىشىپ تاغارلارغا مەھكەم يېپىشتى. ئەزەلدىن ھېچقانداق قارشىلىققا ئۇچرىماي، ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋاتقان مەككە خوجىغا بۇ كىچىككىنە «شۇمتەك» نىڭ ھەرىكىتى ئەلەم قىلدى بولغاي، ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ، يىلان تىللىق قامچىسى بىلەن خۇدايارنىڭ باش ـ كۆزىگە قاتتىق سالدى. بالا چىرقىراپ تولغىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ بېشىدا، يۈزىدە قامچىنىڭ ئىزى شەلۋەرەپ چىقتى. مەككە خوجا يەنە ئۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، زۇۋەيدىخان يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئوغلىنىڭ ئۇستىگە ياتتى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— خۇدادىن كەلسە جانغا كېلىدۇ، سەن نېمىتىڭ؟! ھېلىمۇ ئېرىمنى

ھاشارغا تۇتۇپ «قازا يولى»[1] دا ئولتۇرۇشتۇك. ئەمدى بىزنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، خامانىنى بۇلاپ كەت! قۇرۇسۇن بۇنداق دەۋزىخىلەر خانلىقى، تويدۇق بۇ جاندىن!...

ئوغلىنىڭ جەسۇرلۇقى زۇبەيدىخانغىمۇ جاسارەت بېغىشلىغانىدى. ئۇ شۇ تاپتا، ھەقىقەتەنمۇ بۇنداق قەدرى يوق، خورلانغان جاندىن تويغان، بېشىغا نېمە كەلسە شۇنى كۆرۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

بۇ خاماندا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە قىيا - چىيالار قوشنا خامانچىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئالدى بىلەن، بۇ ئىشلارنى خېلىدىن بېرى كۆزىتىپ تۇرغان دوستمۇھەممەد زۇبەيدىخان قامچا يېيىشكە باشلىغاندا چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ قولىدىكى ئارىنى تاشلاپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، تاغىسى بابا قازى ئالدىنى توستى:

— ئىنىم، ئۇنداق بەتخۇي، مۇتتەھەم ئادەملەر بىلەن ھەپىلەشمەڭ. ئۇلار سىزنىڭ ھەرقانچە چىشىڭىزغا تېگىپ، قوۋۇرغىڭىزنى ئەگسىمۇ كارىڭىز بولمىسۇن. ھازىر زامان زورنىڭ. ئەگەر ئۇنداق ئادەملەر بىلەن تۇتىشىپ قالسىڭىز، ئۆزىڭىزنى نەس باسىدۇ.

لېكىن، دوستمۇھەممەد تاغىسىنىڭ رايىغا بارمىدى. ئۇ ئەسلىدىنلا ئەرلىك غۇرۇرى كۈچلۈك، ئىنتىلىشچان، قەيسەر ئادەم ئىدى.

— تاغا، مېنى توسماڭ، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ، — ھەرقانچە بولۇپ كەتسەكمۇ، ئاشۇ كىچىككىنە بالا بىلەن ئاشۇ ئاجىز ئايالچىلىك بولالماسمىزمۇ. بۇ دەيۈزلەرنى ئۆز خاھىشىغا قويۇپ بەرسىڭىز بېشىمىزدا ياڭاق چاقىدۇ. بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ قۇل ئەمەس، ئادەملىكىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇشىمىز كېرەك!

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپلا قوشنا خامانغا بۇرۇلدى. بۇ چاغدا، مەككە خوجا زۇبەيدىخاننى بىر تەرەپتىن تىللاپ، بىر تەرەپتىن ئۇرۇۋاتاتتى:

— گەپ قىلە، تۈزكور ئازغۇن، خانغا تىل تەگكۈزگەنلىكىڭ

---

① قازا يولى — كىشىلەر تەرىپىدىن شۇنداق دەپ ئاتالغان يول ياساش ھاشىرى.

ئۈچۈن، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ...

تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قامچا تۇتقان قولى ھاۋادا لەيلەپ قالدى، قولىنىڭ بىغىشىمۇ زىڭڭىدە ئاغرىپ كەتتى. ئۇ قايرىلىپ قاراپ، يېنىدا تۇرغان پالۋان قامەت بىر ئادەمنى كۆردى.

— سەن كىم؟ ساڭا بۇ يەردە نېمە بار؟ — دەپ چالۋاقىدى مەككە خوجا.

— بىلىپ قــوي، مېنىڭ ئىسمىم دوستمۇھەممەد، مۇشۇ يەرلىك-مەن، — دېدى ئۇ مەردانە قىياپەتتە، — سېنىڭ بۇ ئىشىڭ قاملاشمى-دى، مۇشۇ كىچىك بالا بىلەن ئاجىز خوتۇننى ئۇردۇڭمۇ، نوچى! ئىت جېنىدا ئەركىكى قانجۇقنى تالىمايدۇ، جۇما، سەن ئاشۇ ئىتچىلىكمۇ بولالمىدىڭ!

بۇ گەپ مەككە خوجىغا قاتتىق ھار كەلدى، بىر ئەبگار دېھقاننىڭ ئۇنى ئىتقا ئوخشىتىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ ھارسىنغان قىياپەتتە چىچاڭشىدى :

— ھەي قەلەندەر، يالاڭ تۆش، مەن كىم، بىلەمسەن؟

— بىلسەم - بىلمىسەم، تايىنلىق سەنمۇ ئاپاق خوجا دېگەن ھېلىقى بىر نېمىنىڭ تىرناقچىلىك غالچىسىغۇ، شۇ! — دېدى دوستمۇھەممەد مەنىستىمىگەندەك ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

مەككە خوجىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى :

— سەن ... سەن چوڭ گۇناھكار بولدۇڭ... سېنى «كور بەندە»[1] ھەپسىلىرىدە چىرىتىۋېتىش كېرەك...

بۇ چاغدا، ئەتراپقا خېلى كۆپ ئادەم ئولاشقانىدى، كىشىلەر قامچا زەربىسىدىن بەدەنلىرى قانتالاش بولۇپ كەتكەن ئانا - بالىغا قاراپ ھەسرەت چېكىپ تۇرۇشاتتى. دوستمۇھەممەد ئۇلارغا ئىسيانكارلىق بى-لەن يانغان كۆزلىرىنى تىكىپ بىرمۇبىر قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغان

① كور بەندە — «پىر - ئەۋلىيانى تونۇمىدى» دېگەن گۇناھ بىلەن ئەيىب-لەنگەن گۇناھكارلار.

بۇ بىر تۇپ كىشىلەر تولىمۇ نامرات، مىسكىن ۋە ناتىۋان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى قوڭىدا تۇزۇكرەك تامبال بولمىغاچقا، ئەۋرىتىنى ئەسكى تاغار - پالاس پارچىلىرىدا يۆگىۋالغانىدى. بەزىسىنىڭ ئۇچىدىسىدىكى كۆڭلەك - چاپانىنىڭ نەرى ياقىسى، نەرى پەش - يېڭى، ماتامۇ - تېرىمۇ بىلىپ بولمايتتى.

ئۇلارغا قارىغانسېرى، دوستمۇھەممەدنىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى، يۈرىكىدە كۆتۈرۈلگەن غەزەپ - نەپرىتى تېخىمۇ ئۇلغايدى.

— مەن گۇناھكارمۇ، سەن گۇناھكار؟ — دېدى ئۇ مەككە خوجىدىنىڭ قولىدىكى قامچىنى يۇلۇپ تارتىۋېلىپ، — سەنلەر دېھقانلارنى گالۋاڭ كۆرۈپ، نېمە شۇملۇقلارنى قىلىشمىدىڭ؟! ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قان - تەر تۆككەن دېھقاننىڭ ئېرىشكىنى ئاخىر زەھەر - زوققۇم. سەنلەر بولساڭ، تەييارغا ھەييار بولۇپ، دېھقاننىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىشىۋاتىسەن. سەنلەرنىڭ جېنىڭ جان، دېھقاننىڭ جېنى جان ئەمەسما؟ سەنلەر خۇدانىڭ بەندىسى، دېھقان دېگەن ياغاچچىنىڭ رەندىسىما؟...

— ھەي، قېنى سىلەر، — دەپ ئىككى دورغىسىغا ۋارقىرىدى مەككە خوجا، — ماۋۇ زۇۋانىدارنى تۇتۇپ ئاغزىنى بېسىقتۇرۇڭلار!...

ئىككى دورغا ئالچاڭلاپ كېلىپ دوستمۇھەممەدنى تۇتماقچى بولۇۋېدى، دوستمۇھەممەد قولىدىكى قامچىنى ئىككى تەرەپكە بىردىن سىلكىپلا ئىككىسىنى ۋايجانلىتىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىدە تەپسە تۆمۈرنى ئۈزگۈدەك بىر خىل كۈچ ۋە جاسارەتنى سېزىۋاتاتتى.

— ھەي، ئاشۇ بىر ئۆلەرمەندىنمۇ ئەيمىنىپ تۇرۇۋاتامسەن! — دەپ ئالتاغىل ۋارقىراشقا باشلىدى مەككە خوجا دورغىلىرىغا، — تازىمۇ بىر قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدىغان لاييۇس نېمىلەركەنسەن.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئاتنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ، دوستمۇھەممەدنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. دوستمۇھەممەد چاققانلىق بىلەن

ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، غەزەپ بىلەن بىر نەچچە قامچا ئۇردى، قامچىنىڭ بەزىسى مەككە خوجىغا، بەزىسى ئاتقا تەگدى. ئەزەلدىن بۇنداق قاتتىق قامچا يەپ باقمىغان شاش ئات مۆكگەكلىگىنىچە ئالدىغا قاراپ چاپتى، مەككە خوجا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ئۇ ئاتنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋالدى، تۆيىقى قىزىغان ئات بارغانسېرى تېز چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ئەمدى كىشىلەر توپى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ھېلىقى ئىككى دورغىنىمۇ هارۋىسى بىلەن بىللە قوغلىۋەتتى.

شۇ كۈنى، كىشىلەر دوستمۇھەممەدنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن تەييار بولغان ئاشلىقلىرىنى ئۆيلىرىگە توشۇپ، بىر قىسمىنى قازناق ۋە ھويلىلىرىغا كۆمۈۋەتتى. يۇرت بىرنەچچە كۈنگىچە تىنىچ ۋە ئاسايىش بولۇپ قالدى.

## يەتتىنچى باب

# ئەۋلىيانى چۆچۈتكەن خەۋەر

### 1

مەككە خوجا ۋەقەسى ئوردا ئىچىنى خېلى پاراكەندىچىلىككە
سالدى.

«دوستمۇھەممەد» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاش بىلەن ئاپاق خوجا
سوغۇق بىر ئەندىكىش ئىچىدە چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۆز ئابرۇيى، تەق-
دىرى ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن خەتەرلىك بولغان بۇ ئادەمنىڭ تۇيۇقسىز
بۇ تەرەپلەردە پەيدا بولۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئاپاق
خوجا ئۇنىڭ ئاشۇ يىراق، يات ئىقلىمدىكى تاغ - جىرالار ئارىسىدا ئۆ-
لۈپ، ئەبەدىلئەبەد ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.
قېرىشقاندەك، ئۇنىڭ ئاپاق خوجا ئۇلۇغ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ،
راسا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە بۇ دىياردا تاسادىپىي پەيدا بولۇشى
گويا سۈتكە چۈشكەن چىۋىندەك بىر خىل كۆڭۈل غەشلىكىنى ئېلىپ
كەلدى. ئۇ دوستمۇھەممەدنىڭ يۇرت ئارىلاپ، پۇقرالار ئارىسىدا يۈ-
رۈشىنى خالىمايتتى، ئۇنىڭ ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلار توغرىسىدا
كىشىلەرگە بىر نەرسىلەرنى دەپ يۈرۈشىنى تېخىمۇ خالىمايتتى. لې-
كىن، ئۇ ھازىر ئەركىن ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ كىشىلەرگە بىر نەرسىلەرنى
دەپ يۈرمەيدىغانلىقىغا كىم كاپالەتلىك قىلالايتتى؟! ئۇ كىمگە نېمە
دېگۈسى كەلسە، شۇنى دەۋەرمەمدۇ...

ئاپاق خوجا ئۆز - ئۆزىگە بۇ سۆزنى دېدىيۇ، تىلى تارتىلغاندەك

بولۇپ، قوللىرىنى يۈرىكى ئاستىغا باستى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئىختىيار-سىز «ئەستاغپۇرۇللا » كالامى ئىتىلىپ چىقتى. ئاھ خۇدا، مۇبادا، بۇ شۇم ئىغىزنىڭ ئاغزىدىن ئۇ ئىشلار ئەھلى جامائەتكە يېيىلىپ كەتسە، مەندەك ئىمان دىگىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا قايىم تۇرغان بىر زات ئۇ-چۈن قاتتىق سەتچىلىك ئەمەسمۇ ؟! مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىم ئارىسىدا ئۆز پىرىغا بولغان ئىشەنچ ـ ئىخلاس سۇسلىشىپ كەتمەمدۇ ؟!...

لېكىن ئۇ، يەنە تۇرۇپلا ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بەردى : «خۇدايا تووۋا، پۈتۈن بىر مۇلكى قەشقەرىيەنى ئالىقىنىمدا پىرقىرىتىۋاتقان پادى-شاھ تۇرۇپ، ئاشۇنچىلىك ئىشتىنمۇ ئەنسىرەمدىمەن. ناھايىتى ئۇنىڭ جاجىسى ئاغزىمنىڭ بىر يېلىغۇ. توغرا، خان ئاغزىنىڭ كىچىككىنە يې-لى، ئۇ ئاغزىنى ئاچقۇچە، مەن ئۇنىڭ ئاغزىنى يەملىۋېتىشىم كېرەك! قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى... »

ئاپاق خوجا شۇ خىياللار بىلەن ئىشەنچىلىك، باتۇر مۇرىتى ئىسەن بۇقىنى ئالدىغا چاقىرتتى. دەرۋىش خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئىسەن بۇقا ئۇنىڭ مۇشۇنداق يوشۇرۇن ئىشلارغا سالىدىغان يېقىن ئادىمى بو-لۇپ قالغانىدى.

ـــ ئىسەن سوپىم، ـــ دېدى ئۇ خانلىق سۆز ـ ھەيۋىسى بىلەن تەختتە ئولتۇرۇپ، ـــ ئارسلانباغ تەرەپتە دوستمۇھەممەد ئىسىملىك بىر ئىسيانچى ئازغۇن پەيدا بوپتۇ، ئۇ دېھقانلارنى قۇترىتىپ، خانلىقنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا قارشى چىقىپتۇ. ئەگەر ۋاقتىدا ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرمىسەك، دېھقانلاردىن ئۆشرە ـ زاكات، باج ـ سېلىق يىغىشىمىز مۇشكۈلگە توختايدۇ. ئۇنىڭ ئىشىنى يوشۇرۇن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، بولمىسا پۇقرانى چۆچۈتۈپ قويىمىز. بۇ ۋەزىپىنى سىزگە تاپشۇردۇم، قانداق قىلىشنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، بوتام...

ئاپاق خوجا دوستمۇھەممەدنى ئۇجۇقتۇرۇشتىكى ئەسلىي مۇددىئانى يوشۇرۇپ، مەككە خوجا ۋەقەسى تۈپەيلى ئوتتۇرىغا چىققان ئومۇمىي گەپلەرنىلا قىلدى. ئىسەن بۇقىمۇ بۇنى شۇنداق چۈشەندى، شۇڭا خان بۇيرۇقىنى خۇشاللىق ۋە ئىنتائەمەنلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ ئوردىدىن

چىقتى.

*　　　*　　　*

ئىسەن بۇقا بۇگۇن ئەتىگەندىلا يولغا چىقىش تەرەددۇتىنى قىلدى. كەڭ شايى تامبىلىنىڭ پۇشقىقىنى قىسىپ باغلىدى، بىلىگە يوللۇق دۇردۇن بەلۋاغ ئورىدى ۋە ئۇنىڭغا كۇمۇش غىلاپلىق ئۆتكۈر شەمشىرىنى قىستۇردى. ئاندىن ئاتنىسى بىلەن خوشلىشىپ، ئىشىك ئالدىدا باغلاقلىق چىپار ئاتنى مىنىپ يولغا چىقتى.

ئۇ قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ياللىق چىپار يورغىنىڭ تەكشى تەۋرىنىشىگە ئۆزىنى تەڭكەش قىلىپ، رەستە ـ بازارلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا شەھەر سېپىلىدىن چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئېگىز ـ پەس يېزا يولى قۇچاق ئاچتى. ئىككى قاسنىقىدا ئېگىز سۆۋادان تېرەكلەر ئۆسكەن، ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ سۇ ئېقىپ تۇرغان، سېغىز توپىلىق بۇ يول سالقىن ھەم ئازادە ئىدى. ئىسەن بۇقا ئاتنىڭ تىزگىنىنى قويىۋەتتى، ئات تەكشى تۇيىاق تاشلاپ، قويۇق چاڭ توزۇتۇپ يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ يول ئۇزۇنغا قالماي ئىسەن بۇقىنى ھەيۋەتلىك زەرەپشان دەرياسى بويىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئەمدى دەريا بويىلاپ ئېقىنغا قارشى يۇقىرىغا يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ دەريانىڭ تاشقىنلاپ ئېقىۋاتقان لايقا سۈيىنىڭ گاھىدا كۆۋەجەپ ئوقچۇشىغا، گاھىدا ئۆرىدەپ تۇرمەل ئېتىشىغا، گاھىدا ۋەھىملىك قاينام ھاسىل قىلىپ ۋىشىلدىشىغا قاراپ كېتىۋېتىپ خىيالغا چۆمدى. خىيالىدا ئۆزى ئۇجۇقتۇرماقچى بولغان ناتونۇش رەقىبىنىڭ تەقى ـ تۇرقىنى، خۇي ـ پەيلىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ تۈنۈگۈن مەككە خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ، دوستمۇھەممەدنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقاندا، مەككە خوجا ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغا: «تازا بىر جېدەلخور، ياۋا توڭگۈزدەك نەرسە ئىكەن، پەخەس بولارسىز، سوپىم» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى.

بۇ كۈنلەردە، ئىسەن بۇقا كۈچ ــ قۇۋۋەتتە ئۆزىنى ھېچكىمگە تەڭ قىلمايتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ياشلىقى ۋايىغا يېتىپ، بەدىنى تولۇپ، بۇلجۇڭلىرى پىشقانىدى. شۇڭا ئۇ، ئۆزىدە قولىنى ئۇزارتسا ئاسماندىكى ئاينى يۇلۇۋالغۇدەك بىر خىل كۈچ ۋە جاسارەتنى سېزەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، دوستمۇھەممەددەك بىرەر ئادەمنى نېرى ــ بېرى قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئەگەر، بۇ ئاشكارا ئېلىشىش بولغان بولسا، ناھايىتى ياخشى بولاتتى. دوستمۇھەممەدنى ئۆز ئاجىزلىقىغا قايىل قىلغۇزۇپ، جان ئۈزۈش ئالدىدا شاھادەت ئېيتقۇزۇپ، چىرايلىقچە ئۇزىتىپ قويغان بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئىسەن بۇقا ئۈچۈن قىيىن بولۇۋاتقان ئىش رەقىبىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن بىرەرسىگە ئارقا تەرەپتىن پىچاق ئۇرۇپ باقمىغانىدى، مۇنداق قىلىشنى ئۇ نامەردلىك ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ھەرقانداق بىر ئۆلگۈچى ئۆزىنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىشى ۋە ئۆلۈم ئالدىدا كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇپ، ئىمان بىلەن كېتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ، بۇ قېتىم ئۆز ئەقىدىسىگە پۈتۈنلەي خىلاپ ھالدا، دوستمۇھەممەدنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى! بۇ، خانىنىڭ پەرمانى، پىرنىڭ بۇيرۇقى! شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنى كۆڭلىدە ھەرقانچە خالىمىسىمۇ، ئەمەلدە كەم ــ كۈتىسىز بېجىرىش كېرەك. پىرنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش ــ ئاللانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانغا ئوخشاش...

ئىسەن بۇقا ئۆز خىيالىدىكى زىددىيەتلىك پىكىرلەرنى ئەنە شۇنداق ئېتىقاد ۋە ئىخلاس كۈچى بىلەن يەڭدى. ئەمدى ئۇ دوستمۇھەممەدنى قانداق كۆزىتىش ۋە قانداق ئۆلتۈرۈشنىڭ پىلانى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى.

ئىسەن بۇقا شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە ئارسلانباغقا يېتىپ كەلدى ۋە دوستمۇھەممەد تۇرۇۋاتقان مەھەللىدىن بىرەر چاقىرىم يىراقلىقتىكى دەرۋىشلەر خانىقاسىغا چۈشتى. تاملىرى قارىداپ، كاكۇللىرى ئۆركۈپ، ھەممە يېرىدىن ئىسرىق پۇراپ تۇرىدىغان بۇ كىچىككىنە

خانىقادا بىرنەچچە دەرۋىش ـ زاھىتلارنىڭ بەزىسى چىلىم تارتىپ، بەزىسى كۈن بويى ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ تاپقان داچەن ۋە مىس يارماقلىرىنى ساناپ، ئىس ـ تۈتەك ئارىسىدا ھەرىدەك غوڭۇلدىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئىسەن بۇقىنى قىيقاس كۆتۈرۈپ قارشى ئالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئىسەن بۇقىنىڭ ئوردىدىن — پىر ئۇستازىنىڭ يېنىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىشەتتى. ئىسەن بۇقا ئۇلار بىلەن ئاددىيلا سالاملاشتى ۋە ئاتنى ئۇلارنىڭ قاراپ قويۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى خانىقانىڭ خالىيراق بىر ھۇجرىسىغا كىردى ـ دە، بورا ئۈستىگە سوزۇلۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى.

## 2

يۇلتۇزسىز ئاسماندا پارقىرىغان ئاي ئاستا ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ھەر خىل قىياپەتتىكى قوڭۇر رەڭ بۇلۇتلار ئۈزلۈكسىز كۆچەتتى، ئاي گەردىشىگە يېقىنلاشقان بۇلۇتلار خۇددى ئۇنىڭ يۈزىنى سىيىپاپ ئۆتمەكچىدەك، ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالىنى بىر پەس توسۇپ تۇراتتى ـ دە، يەنە ھايال قىلماي نېرىغا سىلجىپ كېتەتتى.

بابا قازى مەھەللىسىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى جاڭگالغا تۇتاشقان بىر پارچە يەرگە قوغۇن تېرىغانىدى. دوستمۇھەممەد كەلگەندىن كېيىن تاغىسىغا ياردەملىشىپ، قوغۇنلۇقنى ئوبدان پەرۋىش قىلدى، جاڭگالدىن كۆك يانتاق چېپىپ چىقىپ، چۆنەكلەرنىڭ ئالدى ـ ئارقىغا كۆمدى، كېچىسى نەلەردىن سۇ ياقىلاپ كېلىپ، بىر ـ ئىككى قېتىم سۇغاردى، شۇنىڭ بىلەن قوغۇنلار بىراقلا پەلەك تارتىپ، يوغىناپ، شىرنە يىغدى.

دوستمۇھەممەد ھازىر كېچە ـ كۈندۈز ئاشۇ قوغۇنلۇقتا قاراپ ساتمىدا ياتاتتى.

تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا، يوغان بىر گەۋدە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە چوقچىيىپ تۇرغان جىگدىلەرنى دالدا قىلىپ ساتمىغا قاراپ

سىلجىدى.

بۇ تېخى بايىلا خانىقادىن چىقىپ، مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى سوقماق يوللار بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىسەن بۇقا ئىدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى دوستمۇھەممەدنى كۆزىتىپ، يوشۇرۇن پېيىگە چۈشۈپ، بۈگۈن قول سېلىشقا تەييارلانغانىدى.

ئۇ ھايال بولماي قوغۇنلۇققا كەلدى، قوغۇنلۇقتىن ئەتراپقا پىششىقلاشقان قوغۇنلارنىڭ ــ ئاق ناۋات، كۆكچى، بېشەكشۈن ۋە سەۋزە نازۇكلارنىڭ خۇشبۇي ھىدى تارايتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى بىلەن چېكەتكىلەرنىڭ چىرىلداشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئىسەن بۇقا ساتمىغا يېقىنلاشقاندا، بىر پارچە قارا بۇلۇت ئاينى تو- سۇپ، جاھاننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئىسەن بۇقا غىپىلا قىلىپ ساتمىغا كىرىۋالدى. بۇ چاغدا بۇلۇت تۆۋەنگە سۈرۈلۈپ، ئاينىڭ يۈزى ئېچىلغان، ساتما ئىچىمۇ خىرە ـ شىرە يورۇ- غانىدى. ئىسەن بۇقىنىڭ كۆزى ساتمىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ئەسكى كارىۋاتقا چۈشتى. كارىۋاتتا بېشىغا ياغاق تۇماق كىيىپ، ئۇستىگە پاختىلىق سەرگەز چاپاننى يېپىنىۋالغان بىرى ياتاتتى. ئۇنىڭ قىمىر قىلماي بەخىرامان يېتىشىدىن ساتمىغا كىرگەن ئىسەن بۇقىنى قىلچە تۇيمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ئىسەن بۇقا ئۆزىنى توختاتتى، نەپەس ئېلىشى جايىغا چۈشۈپ، پۈت ـ قولى دىدىللەشتى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن خەنجىرىنى سۇغۇردى ۋە بىرلا قەدەم بىلەن كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، خەنجەرنى ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ زەرب بىلەن ئۇردى. لېكىن، ئۆتكۈر خەنجەر بوشلا بىر نەرسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇچى كارىۋاتنىڭ تاختىسىغا قادىلىپ قالدى. ئىسەن بۇقا كۈتكەندەك بىرەرىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا «ۋايجان» دېگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى.

ئىسەن بۇقا سوغۇق بىر ئەندىكىش ئىچىدە، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ خەنجىرى بۆسۈۋەتكەن تەكىيىنىڭ توزغاقلىرى ئۇنىڭ

باش ـ كۆزىدە ئۇچۇپ ئويناپ يۈرەتتى.

ئۇ بىرنەچچە دەقىقە ئەلەم ئىچىدە تۇرۇپ قالدى، ئالدىنىش، بىھۇدە
ئاۋارىچىلىك ئۇنىڭغا قاتتىق ھار كەلگەندى. ئۇ ئۆز رەقىبىنىڭ بۇنچە-
لىك سەزگۈر ۋە ھىيلىگەرلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى. ئۇ بۇ قېتىم
ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ھەم كۆچلۈك، ھەم پەم ـ پاراسەتلىك بىر رە-
قىبكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇنداق رەقىبلەر بىلەن ئېلى-
شىش ھەم كۆڭۈللۈك، ھەم قورقۇنچلۇق ئىدى...

ئىسەن بۇقا غەزەپ ۋە ئاچچىقتىن چىشلىرىنى قاتتىق چىشلىدى،
ئېغىز چىشلىرى غۇچۇرلاپ، جاغ سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقتى. «خەپ
توختا، دوستمۇھەممەد! ـــ دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، ـــ سې-
نىڭ قانچىلىك كارامىتىڭ بار بىر كۆرەي. بۈگۈن كېچە نەدە بولما-
سۇن سېنىڭ قېنىڭنى ئىچمەي قويمايمەن. بولمىسا، پىرىمغا قانداق يۈز
كېلىمەن!؟ ئۇ سېنىڭ ئۆلۈشۈڭنى خالىغانىكەن، سەن چوقۇم ئۆلۈ-
شۈڭ كېرەك!...»

ئۇ شۇ گەپلەر بىلەن ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئەمدى ساتمىدىن چىقىشىغا
نەدىندۇر تاشلانغان كەمەنباغ بىلەن كانىيى بوغۇلۇپ غىققىدە بولۇپ
قالدى.

ـــ ئىنىم، بىز ئەزەلدىن تونۇشمايمىز، نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرمەكچى
بولدۇڭ؟ قېنى، ئەمدى قولۇڭدىكى خەنجەرنى تاشلىغىن! ـــ بۇ
دوستمۇھەممەدنىڭ سەمىمىي ۋە مۇلايىم ئاۋازى ئىدى.

بۇ گەپلەر ئىسەن بۇقىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ خۇددىي قاپقانغا
چۈشكەن شىردەك بىر ـ ئىككى قېتىم قاتتىق يۇلقۇندى، ئۇنىڭ
ھەدېمەيلا رەقىبىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ، ئۆلۈم گىردابىغا كېلىپ
قالغانلىقىنى زادىلا ئېتىراپ قىلغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ قولىدىكى
خەنجەرنى تاشلاش تۈگۈل، ئۇنىڭ بىلەن كەمەنباغنى كېسىپ، ئۆزىنى
قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇندى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىمۇ بىكارغا كەتتى.
رەقىبى كەمەنباغنى مۇنداقلا بىر سىلكىپ تارتىۋىدى، شۇ ھامان ئىسەن
بۇقىنىڭ دېمى كېسىلىپ، كۆزلىرى پولتايدى، جىمى تومۇرلىرى

كۆپۈپ، ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىگقىلىپ كەتتى.

— ئەخمەقلىق قىلما، يىگىت! — دېدى دوستمۇھەممەد يەنىلا سەمىمىي ئاگاھلاندۇرۇپ، — بۇ كەمەنباغ نۇرغۇن ئۇرۇشلاردا پىشىپ چىققان، خالىسا ھازىرلا جېنىگنى ئالالايدۇ، ئەمما مەن سېنىڭ تېگى - تەكتىگنى ئۇقمايلا، بىھۇدە جېنىگنى ئېلىشنى خالىمايمەن، سەن بىلەن سۆزلەشكۈم بار. ئاۋۋال خەنجەرنى تاشلا، بىز چىرايلىق سۆزلىشىپ باقايلى.

ئىسەن بۇقىنىڭ قولىدىكى خەنجەر يەرگە چۈشتى. بۇنى ئۇ ئۆزى تاشلىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ بوشىشىپ كەتكەن قولىدىن خەنجەر سىرغىپ چۈشۈپ كەتتىمۇ، بۇنىڭغا رەقىبىمۇ دىققەت قىلمىدى. دوستمۇھەممەد كەمەنباغنىڭ بىر ئۇچىنى ئاستا - ئاستا تارتىپ، ئىسەن بۇقىنى ئۆزىگە يېقىن ئەكەلدى. ئىككى ناتونۇش رەقىب يېرىم غۇلاچ ئارىلىقتا بىر - بىرى بىلەن يۈزلەشتى. ھەر ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق، چىرايىدىن سەمىمىي - راستچىللىقى، بوي - بەستىدىن باتۇر ۋە مەردانىلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— سەن بىلەن مەن تونۇشمىسام، ئۇكام، — دەپ بايىقى سۆزىنى تەكرارلىدى دوستمۇھەممەد، — ياكى ئارىمىزدا بىرەر ئاداۋەت بولمىسا، نېمىشقا مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بولىسەن؟

كەمەنباغ ئىسەن بۇقىنىڭ كانىيىدىن خېلى قاتتىق قىسقاچىقا، ئۇنىڭ دېمى كېسىلىپ دەرمانى كەتكەن، گەپ قىلىشقىمۇ ماجالى قالمىغانىدى.

دوستمۇھەممەد كەمەنباغنى سەل - پەل بوشاتتى، ئىسەن بۇقا قېيىنىپ - قېينىپ نەپەس ئالدى.

— سېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش — پىرىمنىڭ پەرمانى! — دېدى ئاخىر ئىسەن بۇقا راست گەپنى ئېيتىپ.

دوستمۇھەممەدنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى:

— سېنىڭ «پىرىم»دېگىنىڭ ھېلىقى ئاپاق خوجا دېگەن ئىمانسىز، بەتنىيەت مۇناپىقمۇ؟

— هاي ـ هاي... گۇناھكار بولدۇڭ، ئازغۇن بەندە! — دەپ غەزەپ بىلەن خىرىلدىدى ئىسەن بۇقا. بۇ گەپلەرنى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىدىكى تومۇرلار كۆپۈپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېرىلىپ كەتتى.

— ئەگەر، ئۇنى تىللاش بىلەن ئادەم گۇناھكار بولىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادا ھەقىقەت قالمىغان بولىدۇ، ئۇكام، — دېدى دوستمۇھەممەد ۋەزمىنلىك بىلەن، — ھەقىقەت شۇكى، ئاپاق خوجىنىڭ ئىمانسىزلىقى راست، بەتنىيەت، مۇناپىقلىقىمۇ راست، مەن بۇنىڭغا ئاللا ئالدىدا گۇۋاھ! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش قەستىگە چۈشتى. ئەگەر مېنىڭ گۇناھىم بۇ يەردىن زاكاتچى مەككە خوجىنى ئۇرۇپ قوغلاپ، باج ـ سېلىقنى بەرمىگەنلىكىم بولسا، نېمە ئۈچۈن ئاپاق خوجا مېنى تۇتۇپ ئوردىغا ئاپىرىپ، سوئال ـ سوراق قىلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئاشكارا جازا بەرمەيدۇ؟ چۈنكى، ئۇ مەن بىلەن يۈزلىشىپ قىلىشتىن قورقىدۇ. مېنىڭ ئىپلاس ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىۋېتىشىمدىن قورقىدۇ، جىنايى قىلمىشلىرىنى خەلقئالەمگە يېيىۋېتىشىمدىن قورقىدۇ!...

— سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ — دېدى ئىسەن بۇقا ئەمدى رەقىبىنى سىزلەپ، — مەن گاڭگىراپلا قالدىمغۇ.

— سەن تېخى ياش، نۇرغۇن ئىشلارنى بىلمەيسەن، يىگىت، — دېدى دوستمۇھەممەد ئىسەن بۇقىنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا شەرەتلەپ، — «پىرىڭ شەيتان بولسا، مەزھىپىڭ مەلۇم» دېگەن بىر گەپ بار. سېنىڭ ئۇ پىرىڭ ئادەم ئەمەس، دەل شەيتاننىڭ ئۆزى، ئۇكام. ئىنسانىنىڭ يىلتىزى ئىمان دېيىلىدۇ. لېكىن، سېنىڭ ئۇ پىرىڭدا ئىمان دېگەندىن قىلچە ئەسەر يوق. ئۇ بۇتقا چوقۇنۇپ، بۇتپەرەسلەرگە باش ئۇرۇپ، شۇلارنىڭ قولى بىلەن ئۆز قېرىنداش، يۇرتداشلىرىنىڭ بېشىغا بالا ياغدۇرغان مۇناپىق! سەن ئويلاپ كۆرگىنە، دوزاخ، پىلسىرات دېگەنلەر ھازىر مۇشۇ زېمىننىڭ ئۆزىدىلا مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟! مانا شۇ جاپاكەش دېھقانلارنىڭ بېشىغا ئۇ زالىمنىڭ سالغان ئازاب ـ ئوقۇبەت-

لىرى قايسى دوزاخ قىيناقلىرىدىن كەم؟! ئەتراپىڭغا قارىغىنە سوپىم، دوزاخ شۇ يەردە مەۋجۇت ئەمەسمۇ؟! ھەربىر ئادەم تىترەپ، ئۇ پەيدا قىلغان پىلسىراتتىن ئۆتۈشكە مەجبۇر ئەمەسمۇ؟! بۇ دۇنيا پەقەت ئادالەت ۋە ئېھسان بىلەن روناق تاپىدۇ. مۈلۈك ئادەم بىلەن، ئادەم مال بىلەن، مال ئابادلىق بىلەن، ئابادلىق ئادالەت بىلەن بولىدۇ. لېكىن، بۇ يۇرتتىكى ئادالەت قېنى؟ ئۆز ۋاقتىدىكى گۈللەنگەن، ئاۋات شەھەرلەر قېنى؟ سۇلتان ۋە شاھلارنىڭ شۆھرەتلىك، سەلتەنەتلىك پايتەختى قېنى؟

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئىسەن بۇقىنىڭ نۇرلۇق قارا كۆزلىرى قايغۇلۇق تۇس ئالدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپاق خوجا ھاكىمىيەت ئىگىلىگەن دەسلەپكى چاغدىكى ئاشۇ مۇدھىش مەنزىرىلەر قايتا كۆرۈنگەندەك بولدى: ئاھ ئۇرۇپ، چۇقان سېلىپ يىغلىشىۋاتقان ئاجىز ئاياللارنىڭ نالىسى، ئاپئاق ساقاللىرىغا كۆز ياشلىرى تۆكۈلگەن ناتىۋان بوۋايلار، يىغلاپ، نالە ـ پەرياد ئۇرۇپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلغان جىگەر ـ پارىلەر...

— مەن ئاپاق خوجىنىڭ بۇنچە قۇۋ، رەزىل ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەپتىمەن، ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇنىڭ كۆپۈرانە، ساتقۇنلۇق قىلمىشلىرىنى بىچارىلىكتىن، ئىلاجسىزلىقتىن قىلىۋاتىدۇ، ئادالەت ئۈچۈن قىممەتلىك بەدەل تۆلەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەمدى بىلسەم، بۇ زەھەرلىك يىلاننىڭ نەشتەر ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى مۈگلۈق كۈشۈلدىشى ئىكەن! — دەپ ئۆكۈنۈش بىلەن يەنە سۆز باشلىدى دوستمۇھەممەد، — ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا، مەن ئۇنىڭ بۇنداق ۋاپاسىز، بەتنىيەتلىكىنى بىلگەن بولسام، ھەرگىز ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلماسكەنمەن. مەن لاسادا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا، يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ تىلماچلىقىنى قىپتىمەن. ئەمدى بىلسەم، مەنمۇ خەلقىم ئالدىدا گۇناھكار بوپتىمەن. ئۇ شۇ چاغدا، «زالىم، قانخور ئىسمائىل خاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالسام، يۇرتنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقىمنى جەننەت ھۇزۇرىغا چۆمدۈرىمەن، مېنىڭ ئادالەت ۋە شەپقىتىمدىن كەپتەرلەر قارچىغا

بىلەن، بۆرىلەر قوزا بىلەن بىللە يۈرىدىغان بولىدۇ » دەپ قەسەم ئىچكەنىدى. نەدىكىنى، ئۇ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىپلا، يۈرتنى دوزاخقا، خەلقنى قۇلغا ئايلاندۇرۇپتۇ! تېخى ماڭمۇ يۇرتقا قايتىپلا سىزنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ ئالدۇرۇپ كېتىمەن، بىز بىلەن بەختىيار ياشايسىز، دەپ ۋەدە قىلغانىدى. نەدىكىنى، ئالدۇرۇپ كېتىش تۇگۇل، پۈتۈنلەي ئۇنتۇدى. ئاخىر ئۆزۈم جېنىمنى ئالقىنىمغا ئېلىپ قاچتىم ۋە يولدا ئۇچرىغان سودا كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ يۇرتقا كېلىۋالدىم. ئەمدى ئۇ مېنى قارشى ئېلىش تۇگۇل، يوشۇرۇن ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ! دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ يۈزسىز، تۇزكور ئادەم بولامدۇ؟!...، — قاتمۇ قات ئاچچىق يۇتقان دوستمۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى ئىسەن بۇقىنىڭ بېشىغا بەئەينى تۆكمە يامغۇردەك ياغقىلى تۇردى، — ئۇكام، ئىسەن سوپىم، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ يىقىلىپ چۇشۇشى ھېچ گەپ ئەمەس. لېكىن، ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ، مەرتىۋىلىك سانايدىغان ئادەملەر ئېگىز جايدىن، ئۆزلىرى مۇناپىقلىق بىلەن ئېرىشىپ كۆتۈرۈلگەن سامادىن غۇلاپ چۇشسە، پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدۇ. ھىدايىتۇللا ئىشان — ئاپاق خوجا مانا شۇنىڭدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشىكى مۇددىئاسىمۇ ئەنە شۇ، ئۇكام. تەقدىر بۇگۇن بىزنى ئۇچراشتۇردى، تونۇشتۇردى، بىز ماماتلىق ئىچىدىن ھاياتلىق تاپتۇق، ئەگەر ئاڭلىغۇڭ كەلسە، مەن ساڭا ھەممىنى بىر باشتىن ئېيتىپ بېرەي، شۇنىڭدىن كېيىن مېنى ئۆلتۈرىمەن دېسەڭمۇ يەنە ئۆلگۈرىسەن. قانداق، دەريا بويىغا بېرىپ مۇڭدىشامدۇق؟ — ئۇ رەقىبىنىڭ بويىندىكى كەمەنباغنى بوشىتىۋەتتى.

— ماقۇل، سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى خالايمەن، — دېدى ئىسەن بۇقا بىر خىل قىزىقىش ۋە رايىشلىق بىلەن.

ئىسەن بۇقا شۇ تاپتا، قانداقتۇر مۇرەككەپ ھېسلارنىڭ ئالاڭچىلىقى ئىچىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە دوستمۇھەممەدكە نىسبەتەن خۇددى تۇتۇن ئارىلاشقان ئوت يالقۇنىدەك بىر خىل غەيرىي ئىللىقلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى.

ئۇلار بىر بىپسىپ، ئىككى بىپسىپ دەريا بويىغا كەلدى. ئەتراپ تۇپ تۇز كەتكەن ئايدالا ئىدى. دەريا سۇيى خۇددى غەرىپى ئۆرلىگەن ئادەمدەك شارقىراپ، تۇرمەللەپ ئاقاتتى. بىردەمدە ھەممە يەرنى قاغا قانىتىدەك قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، ئارقىدىن يەنە ئاي كۆرۈندى. ئۇنىڭ سىمابتەك يالتىراق نۇرى سۇ ئۇستىگە تەكشى يېيىلىپ، دەريا بايىقىدىن مۇلايىم، رايىش بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى.

ئۇلار تەبىئەتنىڭ كىشى كۆڭلىنى مەھلىيا قىلغۇچى بۇنداق سىرلىق ئۆزگىرىشلىرىگە قىزىقىپ، دەريانىڭ سىزىندى سۇيىدىن ھاسىل بولغان كىچىككىنە قۇمساڭغۇ كۆلچەك يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئاي نۇرى بۇ توختام سۇ ئۇستىدە تېخىمۇ چىرايلىق جىمىرلاپ تۇراتتى.

ئۇلار كۆلچەك بويىدىكى ئايازلىقتا چوقچىيىپ تۇرغان خەرساڭ تاشلار ئۇستىدە يانمۇ يان ئولتۇردى. دەريا سۇيىنىڭ ئەنسىز گۇرۇلدىشمۇ، ئۇدۇل تەرەپتىن سوقۇۋاتقان سالقىن شامالنىڭ يېقىمسىز ھۇشقىيتىشمۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە دەخلى قىلالمىدى.

— مەن دۇنيا كۆرگەن ئادەم، — دېدى دوستمۇھەممەد ئىچ كۆيەرلىك بىلەن ئىسەن بۇقىغا، — سۆزلىرىم گەرچە ئاچچىق تۇيۇلسىمۇ، لېكىن ساڭا شىپاسى بولار. ھاياتنىڭ ئۆزى غايەت بىر ئېغىر تاش، ئۇ كام، ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش ھەقىقەتەن مۇشكۇل!

ئارىغا بىر مەھەل جىمجىت چۈشتى. زەرەپشان دەرياسى گويا كېچە جىمىقىدىن پىغانى ئۆرلىگەندەك قەھرلىك شارقىرايتتى.

دوستمۇھەممەد سۆزىنى باشلىدى، ئۇنىڭ سۆزى ئۇزۇن ۋە قىزقارلىق بىر ھېكايە ئىدى...

# سەككىزىنچى باب

## دىيانەت تەزكىرىسى

### 1

ئاپاق خوجا مىلادىيە 1677 ـ يىلى، بادەخشان، ھىرات، سەمەرقەند، خۇراسان، پەرغانە، كاسان، ۋاخان، شىغنان ۋە بۇخارالاردا ئۆتكەن ئالتە يىللىق سەرگەردانلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىرەر باشپاناھ بولغۇدەك جاي ۋە كىشى تېپىش ئۈچۈن كەشمىرگە كەلدى. بۇ چاغدا، كەشمىر بابۇرىيلار خاندانلىقىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا شاھ مۇھەممەد راجا دېگەن كىشى ھۆكۈمران ئىدى.

ئاپاق خوجا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، كۆرۈشۈپلا كۆز يېشى ۋە شېرىن ـ سۇخەن سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. شاھ مۇھەممەد راجانىڭ راستىنلا ئاپاق خوجىغا رەھىمى كەلدى، شۇڭا، ئۇ، ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكەندە، ئۇنىڭغا ئەقىل كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ كۈنلەردە قەشقەرىيە تەۋەسىگە بېرىپ، سىز ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ، ئىسمائىل خاندىن ئىنتىقامىڭىزنى ئېلىپ بېرىدىغان بىرەر ئالىي ھىممەت كىشىنى تاپماق تەس. سىز ئىستەيدىغان باشپاناھ بۇ ۋىلايەتتىمۇ يوق، مەن سىز ئۈچۈن ئىستىغپار قىلدىم، ھەممە ئۇلۇغلار ئەرۋاھى سىزنى تىبەت تەرەپكە ھاۋالە قىلىۋاتىدۇ. سىزنىڭ كامال تېپىشىڭىز

شۇ جايدىدۇر. مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار، ئەگەر قوبۇل كۆرسىڭىز، مەقسىتىڭىز ئەمەلگە ئېشىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەمما، بۇ ئۆزى قىيىن ئىش ــ ئەھلى كۈيپار بىلەن بولىدىغان مۇشكۇل، نازۇك ئىش!...

ــ ھەرقانچە قىيىن، مۇشكۇل ئىش بولسىمۇ، قىلىشقا تەييار-مەن، ــ دېدى ئاپاق خوجا يىلىنغاندەك بىچارە قىياپەتتە، ــ قېنى ئاكلاپ باقاي، دانا مەسلىھەتىڭىزنى ئايىمىغايسىز.

ــ مۇراد ـ مەقسىتىڭىزنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، بۇ يەردىن تېـ-بەتنىڭ پايتەختى لاساغا بارىسىز. بۇ يەر بىلەن تىبەتنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس، ئاز كۈندە بارالايسىز. سىزنى مەقسىتىڭىزگە يېتـ-كۈزىدىغان كىشى شۇ يەردە. ئەمما، سىز سەللە، چاپان ئورنىغا ئۇستـ-ىڭىزگە براخمانلارنىڭ كىيىمىنى كىيىشىڭىز، ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنىڭ بۇتلىرىغا باش ئۇرۇشىڭىز كېرەك!...

ئاپاق خوجا دەسلەپ چۆچۈپ گاڭگىراپ قالدى، كېيىن شاھ مۇھەممەد راجانىڭ: «بۇنىڭ ھەممىسى ۋاقىتلىق ئىشلار، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، كۆرۈنۈشتە شۇنداق قىلىش كېرەك» دېگەن ئىزاھاتىدىن كېيىن سەل ـ پەل ئەسلىگە كېلىپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ئەتراپقا ھۈرۈپ قويدى.

ــ مېنىڭ ئېيتقانلىرىم بىر مەسلىھەت، ئويلىشىپ كۆرەرسىز، ــ دېدى شاھ مۇھەممەد راجا خۇشلىشىدىغان چاغدا، ــ بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى بەدەلسىز بولمايدۇ، بەزىدە جانانغا يېتىش ئۈچۈن، جاندىن كېچىشكە توغرا كېلىدۇ...

ئاپاق خوجا ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپ قايتىپ چىقتى. سارايغا كېلىپ، ئۆز ھەمراھلىرىغا خاننىڭ مەسلىھەتنى يەتـ-كۈزدى. بۇنى ئاڭلاپلا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ غۇلغۇلا بولۇپ كەتتى...

ئاپاق خوجا مىلادىيە 1671 ـ يىلى ئىسمائىل خان تەرىپىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بابا خوجا ئاخۇن، مەۋلانە موللا نەقى، موللا باقى سەمەرقەندى قاتارلىق بەش ئادەم بىللە چىقىپ

كەتكەنىدى. بۇ قېتىم ئۇلارغا ئەنجاندىن موللا مۇھەممەد شەفئى ئاخۇ-نۇم ئىسىملىك بىر مۇخلىس قوشۇلۇپ ئالتە بولدى. بۇ ئادەمنىڭ ئەنجاندا ئاپاق خوجا بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىمۇ ناھايىتى تاسادىپىي بولغانىدى. ئۇ بىر جۇمە كېچىسى مەدرىسىدە، بىرىنىڭ ناھايىتى چىرايلىق، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن نەزم ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلاپ قالىدى. باشقىلاردىن سۈرۈشتۈرۈپ، بۇ نەزمكەشنىڭ قەشقەرىيەدىن چىقىپ قالغان خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان ئىسىملىك بىر مۇساپىر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ غەزەللىرىدىن مۇنۇ بېيىتنى نالە - پىغان بىلەن ئوقۇغانىدى:

دىلىم بۇ شەۋق كۆيەكىدىن كاباب يىراق ياردىن،
ھەمىشە خۇنى جىگەر يەيمەن پىراق داستىخانىدىن.
پىراق - ھىجرنى كەلتۈردى جاھانغا كىم؟ يارەب!
كى ھىجر كۈنى قارا بولسۇن پىراق خانىمانىدىن...

بۇنى ئاڭلاپ موللا مۇھەممەد شەفئى ئاخۇنۇمنىڭ ھالى ئۆزگەردى، ئۇ ئىلگىرى ئەنجاندىكى كاتتا ئىشانلاردىن ئاپاق خوجىنىڭ تەرىپىنى كۆپ ئاڭلىغان ۋە بىرقانچە قېتىم بۇ كەشپۇ كارامەتلىك ھەزرىتى ئىشاننى چۈشىدىمۇ كۆرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ بىتاقەت بولۇپ، خوجا ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇش ئارزۇ-سىنى ئېيتىپ، ئۆزىچە كامال تاپتى. ئۇنىڭ بۇنداق پىداكار روھىغا خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ ئەنە شۇ بېيىتى بىلەن ئىشاننىڭ خۇش نەپەس ئاۋازى سەۋەب بولغانىدى...

ئاپاق خوجىنىڭ سىرداش، سەپەرداش بۇ ئالتە مۇرىتى ئۆزئارا غۇل-غۇلا قىلىشىپ، زادىلا بىر پىكىرگە كېلىشەلمىدى.

بەزىلەر: «بۇتقا باش ئۇرۇپ، كۆپپاردىن مەدەت تىلەش — ئاللا

ئالدىدا چوڭ گۇناھ بولىدۇ. بۇ يولغا مېڭىپ بولماس » دېسە، بەزىلەر : «پۈتۈن بىر ئەل ـ يۇرتنى ھىدايەت يولىغا باشلاش، ئەھلى تەرىقەتنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ روھىي بەدەل تۆلىشى ھېچ گەپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۆرۈنۈشتىكى شەكلەن ئىشلار، ئىمان، دىيانەت ۋە ئېتىقاد دىلىمىزدا يەنە ساقلىنىدۇ » دېسە، بەزىلەر يەنە ئۇنىڭغا ئۆكتە قىلىپ : «خۇدا ئۆز ھۇزۇرىدا مۆمىن بەندىلىرى ئۈچۈن كاتتا جەننەت ھازىرلىغان. ۋەھالەنكى، خۇداغا سادىق بولمىغان بەندىلەرنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، دوزاخ دېگەن خۇدانىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلار كىرىدىغان يەر! بەندە ئۇ يەردە خۇدانىڭ نۇرىدىن، مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىدۇ. بىزنىڭ ئاللا ئىشقىدا چەككەن بىر ئۆمۈرلۈك رىيازىتىمىزمۇ بىكار كېتىدۇ... » دېيىشەتتى.

تالاش ـ تارتىش ئىككى كۈنگىچە بېسىقمىدى، بىرەر ئەھمىيەتلىك پىكىرمۇ ھاسىل بولمىدى. بۇ جەرياندا، ئاپاق خوجا ھېچنېمە دېمەي، مۇرىتلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى مۇلاھىزە قىلدى، قاتتىق ئويلاندى. ئۈچىنچى كۈنى، تالاش ـ تارتىشتا بىر باشقا چىقالمىغان مۇرىتلىرى ئاخىر ئاپاق خوجىنىڭ ئاغزىغا قارىدى، دېمىسىمۇ ئاداققى ھۆكۈمنى شۇ چىقىرىشى كېرەك ئىدى.

— كىمكى يارىدىن مەھرۇم بولسا، شۇ پىراق چۆللىرىدە سەرگەشتە بولغانلارنىڭ ھالىنى بىلىدۇ، — دېدى ئاپاق خوجا گەپنى يىراقتىن ئەگىتىپ، — بۇ كۈنلەردە كىم بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتىپ، بېشىمىزنى سىلىسا، شۇ بىزنىڭ ماشايىقىمىز بولىدۇ. ئى يارەنلەر، مېنىڭ بۇ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىم گەرچە ئاڭلىماققا ئاچچىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەريايى شورغا① ئوخشايدۇ. دەريايى شورنىڭ سۈيى ئاچچىق، ئەمما ئاستىدا گۆھەر جىق، غەۋۋاس سۇنىڭ ئاچچىقلىقىغا قارىمايدۇ، خۇددى

① دەريايى شور — قىزىل دېڭىز، (شور دەريا).

شۇنىڭدەك، ئاسىي مۆمىن گەرچە گۇناھنىڭ ئاچچىق سۈيىگە پاتسىمۇ، لېكىن دىل ئاستىدا قىممەتلىك گۆھەر ساقلايدۇكى، ئۇ گۆھەر خۇدانى تونۇشتۇر! خۇدا ئۆز كەرەمى بىلەن ئۇنىڭ گۇناھىغا قارىمايدۇ، بەلكى دىلىدىكى مەرىپەتكە قارايدۇ. سەجدە، رۇكۇ ۋە كىچىلىرى ئۆرە تۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى بەدەن ئىبادىتىدۇر. ئەمما، دىلدىكى مەرىپەت، ئىمان باشقا نەرسىدۇر. سىلەر مۇنداق بىر رۇبائىينى ئاڭلىمىغانمۇ:

بۇ باھالىق لەئلىنىڭ بىلگىلكى كانى باشقىدۇر،
بۇ يىگانە ئۈنچىنىڭ بىلگىل نىشانى باشقىدۇر.
كەلتۈرمە ھەرگىز خىيالىڭگە خاتا ئەندىشەنى،
ئەقلىنىڭ ئەپسانىسىنىڭ بىل زامانى باشقىدۇر.

ساھىبدىللارنىڭ مەدھىيىسى ۋە تەئرىفى ئۈچۈن بىر نەپەس باركى، ئۇنىڭ دىمى يوق، ئەقلىنىڭ تىل تېگىدە شۇنداق بىر سۆزى باركى، ئۇنىڭ لىبى يوق. ھەزرىتى ئەلى ئېيتىدۇ: «ئاقىلنىڭ قەلبى تىلىنىڭ ئارقىسىدا، ئەخمەقنىڭ تىلى قەلبىنىڭ ئارقىسىدا.»

مۇھەممەد ئۆمەر ئىتابى ئۆز تەپسىرىدە شۇنداق دېگەن: «خۇدا قەلەمنى ياراتقاندا، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئىلمىمنى لەۋھەگە ياز دەپتۇ. تەقدىرلەر قەلەمگە روشەن بولۇپ يېزىشقا باشلاپتۇ. شۇ جايغا يېتىپتۇكى، پالان قوۋم مۇنداق گۇناھ قىلىدۇ، ئۇنى سۇغا غەرق قىلىۋېتىمەن؛ پۇستان قوۋم ئانداق گۇناھ سادىر قىلىدۇ، ئۇنى قاتتىق بوران بىلەن يوقىتىۋېتىمەن؛ پالان قوۋم بىزنىڭ بەندىلىرىمىزگە ئازار بېرىدۇ، نابىكارلىق ئۇرۇقىنى زېمىنغا چاچىدۇ، ئۇلار ئاخىر زامان ئۈممەتىدۇر... قەلەم بۇ يەرگە كەلگەندە، ھەيران بولۇپ توختاپ قالدىكى، بۇ قوۋمگە قانداق ئازاب بېرىلەر، دەپ. شۇ چاغدا پەرمان يەتتىكى، ياز، ئى

قەلەم، ئۇ گۇناھكار ئۈممەت، مەن بولسام، مەغپىرەتلىك خۇدا. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەلەم ھەيرەتتىن يېرىلدى. بىز ئىشلىتىۋاتقان قەلەمدىكى[①] يېرىق شۇدۇر!...»

مۇھەممەد ئۆمەر ئىنابى يەنە ئېيتىپتۇركى :«قىيامەت كۈنى ئەھلى بېھىشت بېھىشكە بارىدۇ. پەرمان بولىدۇكى، بۇ كۈن مېنىڭ ئەھدۇ ۋاپا كۈنۈمدۇر، بېشىڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، دىدارىمنى كۆرۈۋالىسىلەر، لېكىن ئۇلار شەرمەندىلىكتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. يەنە پەرمان كېلىدۇ :بۇ كۈن سەجدە كۈنى ئەمەس، بارلىق گۇناھىڭلارنى كەچۈردۈم. ئۇلار دېيىشىدۇ : لېكىن ئۇيات كۆڭلىمىزدىن كەتمىدى... خۇدا شامالغا بۇيرۇيدۇ، شامال چىقىپ، ئۇلارنىڭ دىلىدىن ئۇياتنى ئېلىپ كېتىدۇ...»

مانا بۇنىڭدىن روشەنكى، تەۋبە قىلسا، ئاللاتائالا ھەرقانداق گۇناھنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ئاللاتائالا بىزلەرنى ھەر دائىم : ھەي،كېچىسى گۇناھ قىلغان بەندە كەل، تەۋبە قىل دەپ كۈندۈزى چاقىرىدۇ؛ ھەي، كۈندۈزى گۇناھ قىلغان بەندە كەل، تەۋبە قىل دەپ كېچىسى چاقىرىدۇ. ئەگەر، مېنىڭ گۇناھىم ناھايىتى چوڭ، ئاللا قانداق ئەپۇ قىلىدۇ، دېسەك، ئاللاتائالانىڭ كەرەملىك ۋە ئەپۇچان سۈپىتىگە شەك كەلتۈرگەن بولىمىز! ئاللاتائالانىڭ رەھمىتى ھەرقانداق يوغان تاغدەك گۇناھلاردىنمۇ يوغاندۇر! مۇنداق بىر قىسسىنى ئاڭلىمىغانمۇسىلەر : بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۆمرىدە ياخشى ئىش قىلماپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، توقسان توققۇز ئادەمنى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈپ، ئەمدى مەن تەۋبە قىلسام قانداق بولار؟ دەپ بىر قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە : «مەن توقسان توققۇز ئادەمنى بىگۇناھ ئۆلتۈردۈم، ماڭا تەۋبە بارمۇ؟ مەن تەۋبە قىلسام تەۋبەمنى ئاللا قوبۇل قىلامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى قازى ئېيتىپتۇكى : «ھەي، ئەخمەق، سەن توقسان توققۇز ئادەمنى بىگۇناھ

① قومۇش قەلەمنىڭ يېرىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۆلتۈرسەڭ، ساڭا قانداق تووْا بولىدۇ؟!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم: «مانا ئەمسە، سەن بىلەن يۈز بولسۇن!» دەپ قازىنىمۇ ئۆلتۈرۈپتۇ. ئاندىن بىر ئالىم كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «تەقسىر، مەن يۈز ئادەمنى بىگۇناھ ئۆلتۈردۈم، ماڭا تووْا بارمۇ؟» دېگەندە، ھېلىقى ئالىم جاۋاب بېرىپ: «سېنىڭ تووْا قىلىشىڭنى، ئاللاتائالانىڭ مەغپىرىتىنى كىم توسۇيالايدۇ. سەن بۇ يەردە تۇرما، پالان شەھەرگە بار، ئۇ يەردە ياخشىلار بار، شۇلار بىلەن بىللە بول، ئۇ يەردە تووْا قىلىپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بول، ئاللاتائالا گۇناھلىرىڭنى ئەپۇ قىلىدۇ» دەپتۇ. بۇ گۇناھكار شۇ سۆز بويىچە ھېلىقى شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا، ئەجەل كېلىپ ئۆلۈپتۇ. ئۇ يەرگە رەھمەت پەرىشتىسى بىلەن ئازاب پەرىشتىسى تەڭلا ھازىر بوپتۇ. ئىككىسى ئۇ ئادەمنى تالىشىپ قاپتۇ، رەھمەت پەرىشتىسى: «مەن ئالىمەن، بۇ ئادەم تووْا قىلغىنى كېتىپ بارغان» دەپتۇ. ئازاب پەرىشتىسى بولسا: «مەن ئالىمەن، بۇ ئادەم تېخى تووْا قىلمىغان، يولدا ئۆلدى» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالا ئۈچىنچى بىر پەرىشتىنى قازى ھەكىم قىلىپ، بۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشىنى ئاجراتماق ئۈچۈن ئادەم سۈرىتىدە ئەۋەتىپتۇ ۋە ئېيتىپتۇ: «ئۆلچەپ كۆرۈڭلار، ئەگەر تووْا قىلىش ئۈچۈن كېتىپ بارغان تەرىپى يېقىنراق بولسا، ئۇنى رەھمەت پەرىشتىسى ئالسۇن، ئۇنداق بولماي، ئۆزىنىڭ يامان يېرى ـــ گۇناھ قىلغان شەھىرى يېقىنراق بولسا، ئازاب پەرىشتىسى ئالسۇن!»

ئۇلار ئۆلچەپ كۆرسە، دەل يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا قازا قىلغانىكەن، لېكىن يېقىلىشىدا تووْا قىلىش ئۈچۈن ماڭغان تەرەپكە يېقىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى رەھمەت پەرىشتىسى ئېلىپ، جانابىي ھەقتائالانىڭ رەھمىتىگە چۆمدۈرۈپتۇ...

بۇ دۇنيادا قاتىللىق، خۇنخورلۇق، بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ ئارتۇق گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاتائالا ئاشۇنىمۇ كەچۈرگەن يەردە، بىزنىڭ ئادالەت ئۈچۈن، تەرىقەت ئۈچۈن ۋە رەئىيەتنىڭ سائادىتى ئۈچۈن

ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىز نېمىگە ئەرزىيتتى؟!... بىز ئەل - يۇرت ئىچىدە ئادالەت ئورنىتىش، پۇقرانى تىنچ، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش بىلەن ئاللانىڭ ھىممىتىگە، ئىنايىتىگە ئېرىشىمىز، ھەرقانچە قارا يۈز بولساقمۇ، ئاخىر ئۇنىڭ جامالى نۇرىدىن ئاقىرىمىز، ھەزرىتى جالالىدىن رۇمى توغرا ئېيتقان:

كۇپرىيەت ئۇممانىدىن تاپتىڭ ئەجەب دۇرى ئىمان،
جەننەتسەن، بولسىمۇ دوزاختا گەر ماكانىڭ...

ئاپاق خوجا سۆزدىن توختىدى، ئۇ جىددىي ھالەتتە زورۇقۇپ، ئۇزاق سۆزلىگەچكە، ئېڭەكلىرى خالتىلىشىپ، ياڭاق بۇلجۇڭلىرى تارتىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تارىختىن، ئۇلۇغلار ھېكمەتلىرىدىن ۋە تۇرمۇش قىسسىلىرىدىن مىسال ئېلىپ سۆزلىگەن جانلىق، قىزىقارلىق سۆزلىرى مۇرىتلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيران قالدۇردى، ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن «ھەق راست»، «بەرھەق» دېيىشىپ قايىللىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئەزەلدىن پىرىنىڭ ھۆكمىنى قەتئىي ھۆججەت، يۈزلىنىدىغان قىبلە ۋە كەھبە دەپ بىلىشىدىغان بۇ ئىتائەتمەن مۇرىت - مۇخلىسلار ئۈچۈن، ئۇنىڭ تارىختىن، ئۇلۇغلار نامىدىن، تۇرمۇش ھېكمەتلىرىدىن نەقىل قىلىپ سۆزلىگەن ۋەز - نەسىھەتلىرى گويا ئايەت ۋە ھەدىستەك مۇقەددەس ھەم شەكسىز تۇيۇلغانىدى.

ئاپاق خوجا كەشمىر خانى مۇھەممەد راجانىڭ مەسلىھەتىدىن كېيىن، ئۈچ كۈن ئويلىشىپ، ئاخىر «نېمە بولسام بولاي، پەيلىمدىن يانمايمەن!» دەيدىغان كۇپۇرانە قارارغا كەلگەنىدى. مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ تالاش - تارتىشى بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ توقۇلغان بىرلا ۋەز - نەسىھەتى بىلەن ھەرقانداق دەتالاش ۋە غوۋغالارنى دەرھاللا ئۆز ئىزىغا سالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دېگەندەك، ئۆزلىرىنى خېلى ئەقىللىق، بىلىملىك ھەم تەقۋادار ھېسابلايدىغان بۇ ئالتە مۇرىت ئاپاق خوجىنىڭ ئاشۇ «دەريايى شوردەك ئاچچىق» سۆزلىرىنىڭ كارامىتى بىلەن سېھىرلىنىپ، پىر ـ ئەۋلىياسى ماڭماقچى بولغان زالالەت يولىغا ئالقىشلار ياڭراتتى...

ئاپاق خوجا ئەتىسىلا يولغا چىقىش تەرەددۇتىنى قىلدى.

ئۇ ئالتە مۇرىتىدىن مەۋلانە موللا نەقى بىلەن موللا باقى سەمەرقەندىنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ تىبەتكە بېرىشقا تەيىنلەپ، قالغان تۆتەيلەننى كەشمىردە قالدۇردى. مۇرىتلار سەپەر تەييارلىقىنى جىددىي ئېلىپ باردى. ئۇلار چىداملىق ئافغان ئېتىدىن ئۈچنى تەييارلىدى، كەشمىرلىك يول باشلىغۇچىدىن بىرنى تاپتى، بىر تۆگە بىلەن بىر ئۆكۈزگە يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن كىيىم ـ كېچەكلەر ئارتىلدى، يېتەرلىك ئالتۇن ـ كۈمۈش غەملەندى، يولغا چىقىدىغان ۋاقىتتا ئاپاق خوجا ئۇزاتقۇچىلار ئالدىدا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئاللاغا ئىلتىجا قىلدى:

— ئىلاھا، ئازغۇنلۇق، جاھالەت يولىدىن يىراق تۇتقايسەن! مەرىپەت ھىدايەتچىسى شەمئىنىڭ نۇرى، ئىمان چىراغىنىڭ رۇشنالىقى① بىلەن دۇنيا سائادىتىنى، ئاخىرەت نىجاتلىقىنى ئاتا قىلغايسەن! ئى خۇدا، بىزلەرنى مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىش يولىدا كامىل، يۇقىرىغا ئۆرلەش يولىدا بەردەم قىلغايسەن! بارلىق ئىشىمىزدا ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار كارامىتىنى رىزىق ئەتكەيسەن، ئامىن!...

دۇئادىن كېيىن، ئاپاق خوجا كىچىك بىر كارۋان بولۇپ يولغا چىقتى. كەشمىردىن تىبەتكىچە بولغان يول ھەم ئۇزاق، ھەم جاپالىق ئىدى. لېكىن، بۇ ۋاقىت قاتتىق ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس، دەل ئەتىياز مەزگىلى بولغاچقا، تاغ قاپتاللىرىدا بىخ يېرىپ چىققان ياپيېشىل مايسىلاردا، غۇنچىلىرى ئېچىلىشقا باشلىغان رەڭگارەڭ چۆل

① رۇشنالىق — يورۇقلۇق، نۇرلۇق.

گۈللىرىدە، ئەگەر سۇلار تېشىپ چىققان ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردا، ھارغىنلىقتا سولاشقان، كۆكسىدە مۇساپىرلىق ھەسرىتى ئاھ ئۇرۇپ تۇرغان كارۋانلاردا كۆكلەم جىلۋىسى تەنتەنە قىلاتتى. پۈتۈن تەبىئەت زىمستان قىش بىلەن خوشلىشىپ، چىرايلىق، ئىللىق باھار پەسلىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇشال ھەم جەزبىدار ئىدى.

ئۇلار باھار پەيزىگە چۆمگەن ئەنە شۇ يوللاردا تاغ ئايلىنىپ، داۋان ئېشىپ، چۆل كېزىپ، يىگىرمە بىر كۈن بولدى دېگەندە لاساغا يېتىپ كەلدى. دېڭىز يۈزىدىن ئۈچ ـ تۆت مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ ئۆزگىچە، قەدىم تۇپراققا ئاياغ قويۇش بىلەن ئاپاق خوجا ئۆزىنى گويا باشقا بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك غەلىتە ھېس قىلدى، ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆزىنى ھاۋا يېتىشمەي دېمى سىقىلغاندەك، ئېغىرلىقىنى يوقىتىپ، يەڭگىللەپ قالغاندەك بىر قىسما سەزدى. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ قوپال يۇرۇش ـ تۇرۇشى، يېمەك ـ يارتا كىيىم ـ كېچىكى، ھەتتا كىشىلەرگە قانداقتۇر بىر خىل سوغۇق نەزەر بىلەن گۇمانسىراپ قاراشلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تاڭغۇتچە ۋىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا تېخىمۇ غەلىتە ئاڭلاندى. لېكىن، كىيىكىدىن تارتىپ ماسلىششچانلىق ئىقتىدارى بىلەن زېرەكلىك قابىلىيىتىنى ئۇبدان يېتىشتۈرگەن ئاپاق خوجا دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ: «قايسى تاغدا بولساڭ، شۇ تاغنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشىڭ كېرەك، خوجا ھىدايىتۇللا، سەن بۇ يەرگە ئەل ـ يۇرت كۆرۈش، ساياھەت قىلىش ئۈچۈن كەلمىدىڭ، سەن مۇراد ـ مەقسەتكە يېتىش يولىدا، ھەرقانداق رىيازەتكە، بېسىمغا ۋە ھاياتىنىڭ رەڭگارەڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىشىڭ كېرەك، بۇ زاھىر ئالەمدە، ھەق سۇبھانەۋەتائالانىڭ ھەقىقەت ئاپتىپىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە جىلۋىگەر ئەمەس! سەن ھازىر ئەنە شۇ جىلۋىگەر ھەقىقەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاسى، مەرىپەت دەرياسىنىڭ دۇرى، تەرىقەت مەيدانىنىڭ سەپ يارغۇچىسى، ئىززەت تەختىدە ھەقلىق ئولتۇرغۇچى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بۇ

يەرگە كەلدىڭ! شۇڭا، سەن دوست ـ يارەنلەرنىڭ ئۈمىد ـ ئىشەنچ ناغرىلىرىنى پەلەك ئەرشى ئۈستىدە شۇنداق چېلىشىڭ كېرەككى، ئۇنىڭ ساداسى ئەزەلدىن ـ ئەبەدكىچە ياڭراپ تۇرسۇن...» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

ئاپاق خوجا لاسانىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئوتتۇراھال بىر سارايغا چۈشكەنىدى. بۇ ساراي بۇددالا سارىيىغا خېلى يېقىن ئىدى. ئۇ بۇگۈن ئەتىگەندە، ئۆزلىرى تەييارلاپ كەلگەن يېمەكلىكلەر بىلەن ناشتىلىق قىلدى ـ دە، مەۋلانە موللا نەقىنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا چىقتى. ئۇلارنىڭ ھە دېگەندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆرگىنى ـــ مابورى تېغى ئۈستىگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك بۇددالا سارىيى بولدى. «بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى، شەپقەتچى مەبۇدلار ئالىمى» دەپ تەرىپلىنىدىغان نەچچە قەۋەت ئېگىزلىكتىكى كۆركەم، ئازادە بۇ ساراي مابورى تېغىغا يۆلەپ، قورغان شەكلىدە سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مىڭغا يېقىن ئۆي ـ ھۇجرىسى، بەش مىڭدىن ئارتۇق راھىبخانىسى، ئون مىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل بۇتى بار ئىدى. بۇددالا سارىيى قىزىل ساراي ۋە ئاقساراي دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، قىزىل ساراي دالاينىڭ ئىبادەت قىلىدىغان سورۇنى، ئاقساراي بولسا، ھۆكۈمەت ئىشلىرى بېجىرىلىدىغان ئورۇن ئىدى. لامالارنىڭ تەلىماتلىرىدا، تۆر ساراي بىلەن مۇنارلار ئاق بولۇشى، راھىبخانىلار قىزىل بولۇشى، قىزىل تاملار ئاق ۋە پورەك بىلەن زىنىنەتلىنىشى، ئاق تاملارغا قارا رەڭلىك دېرىزە، قىزىل ئىشىك ئورنىتىلىشى، ئۆيلەردىكى مۇنارلار بىلەن بۇددا سارىيىنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرىغا ئالتۇن ئىشلىتىلىشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەچكە، بۇددالا سارىيىنىڭ رەڭلىرى تولىمۇ ماسلاشقان بولۇپ، كۆپكۆك ئاسمان ئاستىدا جۇلالىنىپ تۇرغان ئاق، سېرىق، قىزىل رەڭلەر كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. پۈتكۈل ئاسىيا تەۋەسىدىكى بۇددىستلارنىڭ تاۋاپ قىلىدىغان دىنىي مەركىزى ھېسابلىنىدىغان بۇ قۇرۇلۇش بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇن سېلىنىشقا

باشلاپ، بار ا- بارا كېڭەيتىلگەن، تولۇقلانغانىدى.
شۇ تاپتا، ئەتىگەنكى قۇياش شەرق تەرەپتىكى ئۇچما چوققىلىق قد-
يا تاغلاردىن كۆتۈرۈلۈپ، بۇددالا سارىيىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئالتۇن
سۈيى بىلەن نەقىشلەنگەن مۇنار ۋە راۋاقلارنى يورۇتۇۋەتكەنىدى.
نۇرغا چۆمۈلگەن، نۇر بىلەن تېخىمۇ جىلۋىدار بولۇپ كەتكەن بۇ
ھەيۋەتلىك ساراي ئاپاق خوجىنىڭ كۆز ئالدىدا گويا مۇئەللەقتە تۇر-
غان ساماۋى بىر قەسىردەك سىرلىق ۋە يېگانە ھالەتتە گەۋدىلەندى.
ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ ئۆتمەي ئاشۇ سىرلىق يەرگە كىرىپ، دالاي لاما ٧
بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ئۆزىنى قانداق تەقدىر - قىس-
مەتلەرنىڭ كۈتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئېغىر خىيالغا چۆمدى. بىر
چاغدا، راۋاقتا چېلىنغان قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق
تۈۋىدە ئەكس سادا چىقىرىپ، ئۇنى خىيالدىن سەگىتتى. بۇ ئەكس
سادا ئەمدى تاغلار ئارىسىدا داۋاملىق ياڭراپ، يىراق - يىراقلاردىن
زىل ھەم مۇڭلۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
ئۇلار خېلىغىچە ئۆز خىيالى بىلەن جىمجىت ھالەتتە بازار - كو-
چىلارنى، بۇددالا سارىيى ئالدىدىكى چوڭ مەيداننى ئايلاندى، ئۇزاق
جىملىقتىن كېيىن، مەۋلانە موللا نەقى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ
سۆز باشلىدى:
— بۇ بىر باشقا ئىقلىم ئىكەن، ھەزرىتىم، ھەممە نەرسە ئۆزگىچە،
ئادەملەردىن تارتىپ تاغۇ تاشلارغىچە ئۆزگە رەڭ، ئۆزگە ھال! ئاللا
بىزنى يەنىمۇ قاتتىقراق سىناش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كېلىشىمىزنى ئىرا-
دە قىلغان ئوخشايدۇ.
— توغرا ئېيتتىڭىز، مەۋلانەم، — دېدى ئاپاق خوجا ئۇنىڭغا يۈزلە-
نىپ، — دۇنيا ئاسايىش ئورنى ئەمەس، بەلكى سىناق ئورنى! ئاللانىڭ
نەبىلىرى، ۋەلىيلىرى، ئەۋلىيا - ئەنبىيالىرى بۇ سىناق مەيدانىدا
شۇنداق جاپا تارتىشى لازىمكى، جاپا - مۇشەققەت ئۇنىڭ تەرەققىيات
خۇرۇچى، ئۆرلەش پايىسى بولسۇن! ۋاپاسىز پەلەك، جاپاكار زامانىدا،

ئەقىل ۋە تەپەككۇر يولى بىلەن قىلىنغان ھەرقانداق ئىجتىھات «بەندە تەدبىر قىلىدۇ، خۇدا تەقدىر » دېگەن سۆز ھۆكمى بىلەن مۇشەققەت ۋە مەھرۇملۇققا ئېلىپ بارىدۇ! ئۇلۇغلار توغرا ئېيتقان : «زامان مۇشكۇللۇكىدىن سوك ئاسانلىق، كېچىنىڭ ئارقىسىدا سۇبھى، نۇر بار!»

ـــ دېگەنلىرى بەرھەق، ھەزرىتىم، ـــ دېدى مەۋلانە موللا نەقى تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ، ـــ پىراق خەستىلىرىنىڭ ئارزۇسى ۋىسال دەرىخى مېۋىسىدىن باشقا ئەمەستۇر. دەرھەقىقەت، كىمكى مەشۇقىنىڭ جاپاسىنى تارتمىسا، ۋىسال لەززىتىنى بىلمەيدۇ؛ كىمكى مەشۇق دەشنامىنى لۇتپ بىلمىسە، مەشۇقىدىن يىراق قالىدۇ...

ئاپاق خوجا بېشىنى لىڭشىتىپ، «شۇنداق » دېگەن مەنىنى بىلدۈردى، ئاندىن قۇياش نۇرىدا تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، جەزبىلىك تۇسكە كىرگەن بۇددالا سارىيىغا يەنە بىر قېتىم ئۇزاق تىكىلگەندىن كېيىن، گويا ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك، بوش، ئەمما خوش نەپەس ئاۋازدا :

ئىرادىمىز سارايى دوست ئاستانەسىدۇر،
نېمە كى كەلسە بۇ باشقا ئۇنىڭ ئىرادەسىدۇر...

دېگەن بېيىتنى ئوقۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

مەۋلانە نەقى پىر ـ ئۇستازىنىڭ كۆڭلىدىكى دەريادەك چوڭقۇر خىياللارنى ـــ قايغۇ بىلەن خۇشاللىق، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك، ئىمان بىلەن كۇپۇرلۇق ۋە يەنە قانداقتۇر غېرىبلىق، ياتسىراش، دىلغۇللۇققا ئوخشاش مۇرەككەپ تۇيغۇلۇق خىياللارنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ پىكرىنى چالغىتماسلىق ئۇچۇن، يېنىدا خېلى بىر يەرگە بارغۇچە بېشىنى ئېگىپ جىم ماڭدى. پەقەت سارايغا يېقىنلاشقاندىلا :

ـــ ھەزرىتىم، ئۆزلىرى سەپ سالدىلىمىكىن، سارايىنىڭ بىر قارا

خىزمەتچىسى كۆزۈمگە باشقىچە ئىسسىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ، — دېدى ئاپاق خوجىنىڭ سەمىگە سېلىپ، — ئۇنى بىز خەقتىنمىكىن دەيمەن، رەڭگىروي، يۈرۈش - تۇرۇشى بۇ يەردىكىلەرگە ئوخشمايدۇ.

— مەن دىققەت قىلماپتىمەن، — دېدى ئاپاق خوجا دەرھال قەددىمنى ئاستىلىتىپ، — ئەگەر ئاشۇنداق بولسا، بەك بەلەن ئىش بولىدۇ. مېنىڭ بىر تىلماچتىن بېشىم قېتىپ يۈرەتتى. ئەمما... بىز خەقتىن بولسا، قانداق بولۇپ بۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالدى؟ — ئاپاق خوجا قاشلىرىنى يىمىرىپ، كۆزلىرىنى قىسىپ بىر پەس ئويلاندى ۋە ئارقىدىنلا مەۋلانە موللا نەقىگە جېكىلىدى، — تۇرمۇشنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە، سىر، بۇ كەڭرى ئالەمنىڭ ھەممە يېرى ئادەملەر ئۈچۈن ھاياتلىق مەيدانى! بەلكىم تەقدىر - قىسمەت بورانلىرى قاچانلاردۇر ئۇنى بۇ يەرگە تاشلاپ كەتكەن بولغىيدى. سىز ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ كۆرۈڭ، مەۋلانەم. ئاللا ئۇنى بىزگە يەتكۈزگەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

— خوپ ھەزرىتىم، مەن دەرھال ئۇقۇشاي.

ئۇقۇشۇشقا كۆپ ۋاقىت ھەم ئەجىر كەتمىدى. مەۋلانە موللا نەقى ئۆزى سەپسېلىپ يۈرگەن ئۇ ئادەمنىڭ تېگى - تەكتىنى ئىككى كۈنگە قالماي بىلىپ يەتتى. ئۇ مۇشۇ سارايىنىڭ خوجايىنىغا قۇل قىلىپ سېتىلغان دوستمۇھەممەد ئىدى. ئۇ يۇرتلۇقلىرى بىلەن قۇچاق ئېچىپ، باغرىنى - باغرىغا يېقىپ كۆرۈشتى ۋە ئون نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆز ئانا تىلىدا سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن يۈرەكلىرى يايراپ، ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى بۇلدۇقلاپ كەتتى. ئۇ ئاپاق خوجىغا ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتلىرىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ:

— مەن ئاشۇ يۇرتنىڭ پۇقراسى، ھەرقاچان ئانا تۇپراقنىڭ خىزمىتىنى قىلىش، ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش بۇرچۇم بار، — دېدى بىر خىل ئېيتىنخارلىق تۇيغۇ بىلەن.

ئاپاق خوجا كۈتۈلمىگەندە، ئۆزىگە يېڭى بىر ھەمراھ تاپقانلىقىدىن

خۇشال بولدى. بۇ ئادەتتىكى ھەمراھ ئەمەس، بەلكى تاڭغۇتچە تىلنى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە بىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - نىزاملىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن، ئۇزۇن يىل ئەسىرلىك، مۇساپىرلىق، قۇللۇق تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، بۇ دۇنيانىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى يەتكۈچە تېتىغان ئەقىللىق، تەجرىبىلىك، پىشقان ھەمراھ ئىدى. شۇڭا، ئاپاق خوجىمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. لېكىن ئۇ، پۈتۈن توقىلەنەتنى ئىسمائىل خانغا ئارتىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچى بىردىنبىر گۇناھسىز بىچارە قىلىپ كۆرسەتتى. بۇنى ئاز دېگەندەك، مەۋلانە موللا نەقىمۇ سۆزگە ئارىلىشىپ:

— ئىسمائىل دېگەن بۇ تۇزكور مەلئۇن پىر - ئەۋلىيالارنىڭ مەدىتى بىلەن تەختكە چىقىۋېلىپلا، ئەل - يۇرتنى ۋەيران قىلدى، پۇقرالارنىڭ بېشىغا بالا ياغدۇردى، مۇسۇلمانلارغا يېغى بولدى. ئۇلۇغلارغا ھاقارەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلۇغلار قەدرىنى، ئۇلۇغزادىلار ئىززىتىنى بىلمىدى، — دەپ، ئەڭ قەبىھ تىللار بىلەن ئىسمائىل خاننى تىللاپ سېستتى، دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق تىللار بىلەن ئاپاق خوجىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈردى، ھەتتا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئەگەر بىر كىشى پەيغەمبەر بولۇش راۋا بولسا، بىزنىڭ ھەزرىتى ئىشانىمىز راۋا بولاتتى...» دەپ، پەيغەمبەر دەرىجىسىدە ئۇلۇغلىدى...

بۇ گەپلەر دوستمۇھەممەدكە غەلىتە تۇيۇلمىدى، چۈنكى ئۇ، يۇرتىنىڭ ئەھۋالىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن ئاپاق خوجىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئابرۇيلۇق، بىلىملىك، رايىش ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ئىسمائىل خانغا نىسبەتەن كۆڭلىدە مۇشۇنداق ئەۋلىيا سۈپەت كاتتا ئىشانغا بىھۇدە جەبىر - زۇلۇم سالغانلىقى ئۈچۈن، غايىبانە نەپرەت تۇيغۇسى ئويغانغانىدى...

ئاپاق خوجا سارايىۋەنگە نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش بېرىپ،

دوستمۇھەممەدنى ئۆزلىرى لاسادىن قايتقۇچە بولغان ئارىلىقتا، ئۆزىگە ھەمراھ بولۇش ۋە تىلماچلىق قىلىش ئۈچۈن ياللىۋالدى. دوستمۇ-ھەممەد ئەمدى كىچە ـ كۈندۈز ئۇز يۇرتلۇقلىرى بىلەن بىللە بولالايدىغان، موللا باقى سەمەرقەندى ئەتكەن مەززىلىك تائاملارنى بىللە يەپ، يۇرت ھىدى، يۇرت پۇرىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان بولدى. شۇڭا، ئۇ بۇ كۈنلەردە، ئەزەلدىن ئۆزىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان خۇشاللىق، پاراغەت تۇيغۇسى بىلەن ئەركىن ـ ئازادە يۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ شادلىق چۇلغىغان كۆزلىرىگە ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بەئەينى ئەرشتىن چۈشكەن پەرىشتىلەردەك شۇنداق مېھرى ئىسسىق، يېقىملىق ۋە مېھرىبان كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئاپاق خوجا قانداق قىلغاندا دالاي لاما بىلەن تېزرەك كۆرۈشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىر-دىنلا كەشمىر خانى شاھ مۇھەممەد راجانىڭ ئۇ يولغا چىقىدىغان كۈنى ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسكە ئالدى: «دالاي لاما ئۇ خەقنىڭ خۇدا-دەك كۆرىدىغان پادىشاھى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئاسانغا چۈش-مەيدۇ. ئالدى بىلەن ئىخلاس ۋە ئېتىقادتا ئۇلارنى ئىشەندۈرۈش ۋە تەسىرلەندۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، براخمانلارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، لاماسۇن بۇتخانىسىدىكى بۇرھانىنىڭ[1] ئالدىدا تىزلىنىپ، چىن ئىخلاس بىلەن باش ئۇرۇش كېرەك. بۇ ئىش مەلۇم ۋاقىت داۋاملاشقاندىن كېيىن، ئۇلار تەسىرلىنىپ، دالاي لاما بىلەن ئۇچراش-تۇرۇشى مۇمكىن...»

شاھ مۇھەممەد راجانىڭ ئېيتقانلىرى ھەق ئىدى. ئاپاق خوجا ئۆزى-مۇ لاساغا كەلگەندىن كېيىن، شۇنداق قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇ بۇگۈن قەتئىي قارارغا كېلىپ، دوستمۇھەممەد-كە بۇيرۇدى:

---

① بۇرھان ــ بۇددا دىنىدىكى ئىلاھ بۇتساتۋانىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى.

— سىز ئەتە بازاردىن ماڭا مۇشۇ خەقنىڭ راھىبلىرى كىيىدىغان براخمانچە كىيىمدىن بىر قۇر ئەكىلىپ بېرىڭ، مەن ئەمدى ئىشنى باشلىسام بولمايدۇ.

ئەتىسى كىيىم ئېلىپ كېلىندى، ئاپاق خوجا سەللە ـ تونلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، سېرىق رەڭلىك، يەڭسىز راھىبچە كىيىمنى كىيدى، ئاندىن لاماسۇن بۇتخانىسىغا كىرىپ، ئەڭ چوڭ بۇت بۇرھانىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرۇشقا باشلىدى...

بۇ ئىش ئەنە شۇ يوسۇندا — بۇتخانىغا كىرىش، بۇت ئالدىدا يۈكۈنۈش، بۇتقا باش ئۇرۇش بىلەن ھەر كۈنى داۋام قىلىپ، كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار بىر خىل رىتىمدا ئۆتۈشكە باشلىدى... بۇ ھەقتە زاماندىش بىر شائىر مۇنداق يازدى:

«كۆرۈڭ ئەۋلادى پەيغەمبەر يۈرۈپ جۇڭغار ئارا ئۈچ ئاي،
مۇسۇلمان قەتلىچۈن قاتراپ، يۈگۈردى زادىلا تىنماي!»

ئاپاق خوجا راھىبچە كىيىنىپ، لاماسۇن بۇتخانىسىنى سەجدىگاھ قىلىپ، بۇتلار شاھى بۇرھانغا باش ئۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چىن ئىخلاس ـ ئېتىقادىنى نامايان قىلغان توقسىنىنچى كۈنى دالاي لاما V نىڭ نەزىرىگە چۈشتى.

بۇ كۈنى براخمانلارنىڭ كاتتا يىغىلىشى بولغانىدى. يىغىلىشتا، دالاي لاما ئەھۋال سۈرۈشتۈردى. لاماسۇن بۇتخانىسىنىڭ ساقاللىق باش راھىبى ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— بىزنىڭ لاماسۇنغا يېڭى بىر براخمان كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىدۇق. ئۇ توقسان كۈندىن بېرى، بۇرھانىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى چىڭ ئېتىقاد بىلەن باش ئۇرۇپ ئىبادەت قىلدى.

— ئۇنىڭ بىرەر تەلەپ ـ ئارزۇسى بارمىكىن؟ — سورىدى دالاي لاما.

باش راھىب ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— ئۇ بىزگە بىرنەچچە قېتىم: باشپاناھىم دالاي لاما ھەزرەتلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈڭلار، دەپ ئىلتىماس قىلغانىدى.

دالاي لاما V قانداقتۇر قىزىقسىنغان، تەسىرلەنگەن قىياپەتتە مۇنداق دېدى:

— ئۇنداقتا، ئەتە ئۇنى ئالدىمغا باشلاپ كىرىڭلار.

— خوپ، — دېدى باش راھىب ئېگىلىپ.

ئەتىسى، باش راھىب ئاپاق خوجىنى ئەگەشتۈرۈپ، بۇددالا سارىيىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى بېجىرىلىدىغان ئاقسارايغا باشلاپ كەلدى. دوستمۇھەممەد ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. سارايىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سەينا ناھايىتى پاكىز ۋە ئىمتاس ئىدى، ئېگىز راۋاقلار بىلەن بوي تالىشىپ تۇرغان قارىغاي ۋە شەمشاد دەرەخلىرى ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇراتتى.

دالاي لاما ئاپاق خوجىنى ئۆزىنىڭ پادىشاھلىق ئوردىسىدا قوبۇل قىلدى. مىلادىيە 1653 ـ يىلىدىن بېرى «ئەرشىئەلادىكى ئاق كۆڭۈل بۇرھان ھىمايىسىدىكى ۋاجرا دولا دالاي لاما»[①] دېگەن يۇكسەك نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن بۇ چوڭ ھۆكۈمدار ھازىر يېشى ئاتمىشتىن ھالقىپ، چاچلىرى ئاقارغان، ۋىجىك، ئازغىن بىر بوۋاي ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ تېخىچە زېھنى ئۆتكۈر، كۆزىنىڭ نۇرى ئۆچمىگەنىدى.

باش راھىب ئاپاق خوجىنى شاھنىشىنغا باشلاپ كىرگەندە، بېشىغا ئالتۇن دېدىم[②]، ئۇچىسىغا سېرىق زەربابتىن براخمانچە يەڭسىز تون كىيگەن دالاي لاما شاھلىق سالاپەت بىلەن ئالتۇن چىرگىندا[③] غادىيىپ ئولتۇراتتى.

---

① «دېڭىزدەك كەڭ قورساق نوم بىلىك ئاچارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

② دېدىم — شاھلار كىيىدىغان براخمانچە تاج، بۆك.

③ چىرگىن — تەخت، ئالتۇن كۇرسى.

شاھىنشىننىڭ بوسۇغىسى يەردىن بىر گەز ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، بوسۇغىدىن ئالتۇن چىرگىن قويۇلغان شاھ سۇپىسىنىڭ ئالدىغىچە يەتتە غۇلاچتەك بوش ئارىلىق بار ئىدى. ئاپاق خوجا خۇشاللىق ۋە ھاياجاندا ھولۇقۇپ، تەمتىرەپ، ئېگىز بوسۇغىغا پۇتلىشىپ يىقىلغىلى تاس قالدى. دوستمۇھەممەد چاققانلىق بىلەن ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى.

ئاپاق خوجا شاھىنشىن ئىچىگە كىرىپ، بۇتپەرەسلەرنىڭ قائىدە ـ نىزامى بويىچە، يۈزىنى يەرگە يېقىپ، دالاي لاماغا يەتتە قېتىم سەجدە قىلدى ۋە يەتتە غۇلاچ بوش ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتكۈچە، يەنە يەتتە قېتىم يۈزىنى يەرگە يېقىپ، يەتتە قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆملەپ دېگۈدەك شاھ سۇپىسىنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلدى.

ـــ خۇش، سەن كىم بولىسەن؟ ـــ دەپ سورىدى دالاي لاما ئاپاق خوجىنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئىشارە قىلىپ، ـــ نەدىن كەلدىڭ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىڭ نېمە؟

ئاپاق خوجا ئورنىدىن تۇردى ۋە يېلىنغان، خۇشامەت قىلغان تەلەپپۇزدا:

ـــ ئىلاھا خۇشالدۇرمەنكى، ھەزرىتى دالاي خوجام ئىنايەت نەزىرىنى مەن پېقىر تەرەپكە تاشلاپ، مېنى ئىلتىپات ھەم قوبۇل شەرىپىگە مۇشەررەپ قىلدى، ـــ دېدى پۇكۇلۇپ تەزىم بىلەن، ـــ خۇدا بۇ پەرىشتە سۈپەت پادىشاھنىڭ پاك ھاياتىنى ئاسمان پەرىشتىلىرى بىلەن ياندىش قىلىپ ئۇلۇغلىغان...

بۇ سۆزلەر گەرچە دوستمۇھەممەدكە بىر ئاز غەلىتە تۇيۇلغان، ئۇنىڭ غۇرۇرىغا، ئىمانىغا بىر ئاز قاتتىق تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خوجايىنى ئاپاق خوجىنىڭ ھۆرمىتى، يۈزى ۋە كەلگۈسىدىكى خاسىيەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن، ئۇنى تولۇق ۋە چۈشىنىشلىك تەرجىمە قىلىپ بەردى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، دالاي لامانىڭ چىرايىغا بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى. ئاپاق خوجا سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ئى مېھرىبان، ئادىل پادىشاھ، مەن مۇسۇلمان پىرقىسىنىڭ خوجىسى، پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىدىم. نامىم شەرىپىم خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان، مۇلكى قەشقەرىيەدىكى ياركەند، كاشغەر خەلقى ماڭا مۇرىت - مۇخلىس ئىدى. ئەلھال، بۇ پاراۋان، باياشات ئەل - يۇرتنى ئىسمائىل خان ئاتلىق بىر زالىم مەندىن تارتىۋېلىپ، مېنى ئۇ تەۋەدىن قوغلاپ چىقاردى، ئۇ ھىيلىگەرلىك كانىنىڭ داشقىلى، خۇدانىڭ دوستلىرىنى ئۆلتۈرگۈچى، تۆۋەن پايىدە تۇرغۇچى، ئاداۋەت ئاشيانىسىنىڭ ھۇۋقۇشى، دەۋزىخىيلەرنىڭ جايى - ماكانى، دۇنيا ۋە ئاخىرەت زىيانكارى بولغان ئەزىلى مەلئۇن ھازىر مېنىڭ خەلقىم ئۈستىدە زۇلۇم - سەتەم قامچىسىنى ئويىنىتىپ خۇنخورلۇق قىلىۋاتىدۇ. مەن بۇ يەرگە تاغلار ئېشىپ، چۆللەر كېزىپ، سېنى پاناھ تارتىپ كەلدىم، سېنىڭ زامانىڭدا ئادالەت ھۆكۈمران بولغاي! ساڭا ئوخشاش سائادەتمەن كىشى لۇتۇف - ئادالەت ئۇرۇقىنى بىزدەك دەردمەنلەر كۆڭلىنىڭ بوستانلىقىغا تېرىيالىسا، ئەبەدىي سەرمايىگە ئىگە بولىدۇ، باتۇرلۇق مەيدانىدا مۇراد ئېتى چاپىدۇ، بۇرھانىنىڭ ھىممىتىگە، ئىنايىتىگە ئېرىشىدۇ...

دالاي لاما مۇلكى قەشقەرىيە توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ئاپاق خوجىغا قىزىقىپ قالدى.

— ھەي خوجا، سەن دەۋاتقان بۇ ئەل - يۇرت بىر زامانلاردا بىزنىڭ سەلتەنەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ تەسەررۇپلۇقىدا بولغانىدى...، — دېدى ئۇ ئىپتىخار بىلەن بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تارىخنى ئەسلەپ، — ئەمما، كېيىنكى ئۇرۇش، يېغىلىق، قوشۇلۇش - بۆلۈنۈش، گۈللىنىش - يىمىرىلىش قاتارلىق ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن، نۇرغۇن يېڭى - يېڭى ئەل - يۇرت ۋە خان - پادىشاھلىقلار پەيدا بولدى. سېنى ئۆز يۇرتۇڭدىن قوغلاپ چىقارغان ئەنە شۇ خانلىق بىر چاغلاردا بىزنىڭ تەۋەلىكتىمۇ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەرنى سالغان!...

شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، دالاي لامانىڭ چىرايى تۇتۇلدى، ئاۋاز-

دىمۇ بىر خىل قوپاللىق ۋە نارازىلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئۇ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى تاڭغۇتلار ئۈچۈن ئار - نومۇس بىلىنىدىغان مەغلۇبىيەتلىك بىر ئۇرۇش مەنزىرىسىنى خىيالىغا كەلتۈردى...

مىلادىيە 1647 - يىلى، سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئونىنچى سۇلتانى ئابدۇللاخان ئىمىرغىياسىدىن ئىسىملىك بىر سەركەردىنىڭ قوماندانلىقىدا، تىبەتكە خىللانغان ئون مىڭ لەشكەرلىك چوڭ بىر قوشۇن ئەۋەتكەنىدى. بۇ قوشۇن تىبەتتە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ئۇرۇش قىلدى، تاڭغۇتلار سان ۋە سۈپەتتە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن بولغان سەئىدىيە قوشۇنلىرىدىن يېڭىلىپ چېكىندى. بۇ چاغدا ئابدۇللا خاننىڭمۇ يارلىقى يېتىپ كەلدى: «تىبەتلىكلەرنىڭ دىن، مەزھەپ، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە چېقىلماڭلار، ئۇلار ئولپان بېرىشنى قوبۇل قىلسىلا، ئۇرۇشنى بولدى قىلىڭلار...» مانا شۇ يارلىق بويىچە، سەركەردە ئىمىرغىياسىدىن باج - ئولپان ئېلىش شەرتى بىلەن ئۇرۇشنى توختاتقان ۋە تىبەتلىكلەر ھەر يىلى سەئىدىيە خانلىقىغا باج - سېلىق تۆلەش ھېسابىغا يۇرت - ماكانلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى...

بۇلارنى ئويلىسا دالاي لامانىڭ كونا ئۆچ - ئاداۋىتى قوزغىلىپ، «سەئىدىيە، قەشقەرىيە» دېگەن گەپلەر قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك سوغۇق ئاڭلىناتتى. لېكىن، بۈگۈن بۇ گەپلەرنى ئاپاق خوجىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ، باشقىچە ئەھمىيەتلىك ۋە يېقىملىق ھېس قىلىپ قالدى. چۈنكى، ئاپاق خوجىنىڭ بۇ تەرەپلەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ نەزىرىدە، كونا تارىخىي ئار - نومۇسنى يۇيۇپ، ياخشى بىر ئۆچ ئېلىش پۇرسىتىنى ئېلىپ كەلگەن نۇسرەت ئەلچىسىدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، ئالاھىدە ئىلتىپات بىلەن ئاپاق خوجىنى ئالدىغا چاقىرىپ، يانىدىكى كۆمۈش كۇرسىغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئاپاق خوجا ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشكە باشلىدى:

— نىجاتكاردىن ئۈمىد شۇكى، ئىخلاس سۆيى بىلەن پەرۋىش تاپقان ۋاپا كۆچىتى نائۈمىد قايتمىغاي! مۇبادا، تارىختىكى ئاشۇ سەلتە-نەتلىك دەۋرانىڭنىڭ يەنە قايتىپ كېلىشىنى خالىساڭ، پىقىر سېنىڭ باھادىر قوشۇنلىرىڭنى سەئىدىيە خانلىقى ئۈستىگە باشلاپ بارغايمەن. ئەل - يۇرتنى ئىسمائىل خاندىن قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەڭگۈ ساڭا ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپ، سېنىڭ ھەققىڭگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە قىلغايمەن...

ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلدى. ئۇلارنىڭ ئوي - خىيالى، نىيەت - ئىقبالى بىر يەردىن چىقتى. ھەر ئىككىسى سەئىدىيە خاندانلىقىغا چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ساقلىغان كونا ئاداۋەتچى-لەردىن ئىدى. ھازىر، بىرسى - بىرسىنىڭ قولى بىلەن ئىش تەۋرەت-مەكچى بولۇۋاتاتتى. ئىشقىلىپ، دالاي لاما ئاپاق خوجىدەك ئۆز پۇتى بىلەن مېڭىپ كەلگەن نۇسرەت ئەلچىسىنى چىڭ تۇتۇش، شۇ ئارقىلىق مۇددىئاغا يېتىش قارارىغا كەلدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، خوجا، — دېدى ئۇ ئاخىر ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ، — ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، سىز چوقۇم مۇرادـ مەقسىتىڭىزگە يېتىسىز. ئەمما، بىز بۇ جايدىن لەشكەر ماڭغۇزساق، يول ئۇزۇن، دىشۋارچىلىق كۆپ بولىدۇ، مەن جۇڭغارىيىدىكى جۇڭغار مۇخلىسلىرىمنىڭ تۆرىسىگە نامە پۈتۈپ، يۇرتىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇيمەن!

ئاپاق خوجا يەنە بىر قېتىم تىزلىنىپ، رەھمەت - تەشەككۈر ئېيت-تى، خۇشاللىقىدىن دالاي لامانىڭ ئاياغلىرىغا باش قويدى، ئۇزۇن سېرىق پەرىجىسىنىڭ پەشلىرىنى يۈزىگە سۈرۈپ سۆيدى...

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن، ئاپاق خوجا بىر ھەپتىگىچە دالاي لامانىڭ ئەتىۋارلىق مېھمىنى بولدى، زىياپەتلەرگە قاتناشتى، «ئەركتە» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس لاما ئۇنىڭدىن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ

كۆچ ـ قۇدرىتى، ئىچكى ماجىرالار، تىبەت ـ قەشقەرىيە چېگرىسىدىكى تاغ ـ داۋان، يول ـ جوداق[1] لار توغرىسىدا ۋە ئىسمائىل خان ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ئىشلار توغرىسىدا بىرنەچچە قېتىم مەخپىي ۋە ئاشكارا سۆھبەتلەشتى...

بىر ھەپتىدىن كېيىن، دالاي لاما پادىشاھلىق مۆھۈرى بېسىلغان بىر پارچە مەكتۇپنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە كاتتا داغدۇغا بىلەن جۇڭغارىيىگە ئۇزاتتى. يولغا چىقىش ئالدىدا، ئون بەش قوتاز بىلەن نۇرغۇن يېمەك ـ ئىچمەك، دورا ـ دەرمەكلەرنى سوۋغا قىلدى ۋە ئۈچ نەپەر بېجىرىم يول باشلىغۇچىنى ھەمراھ قىلىپ بەردى.

ئاپاق خوجا بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن، لاساغا بىر خىل دېلىغۇللۇق، تەڭلىك ۋە ياتسىراش تۇيغۇسى بىلەن غەمكىن ھالەتتە كەلگەن بولسا، مانا بۈگۈن لاسادىن بىر خىل ئۈمىدلىك، قەتئىيلىك ۋە دوستلۇق تۇيغۇسى بىلەن خۇشال ـ خۇرام ھالەتتە قايتتى.

يۇرتداشلىرىدىن ئايرىلىپ، دىلى ئۆكسۈگەن دوستمۇھەممەدمۇ ئۇنى ئالەمچە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن ئۇزىتىپ قالدى:

— قارىغۇنىڭ نىيەت ـ ئارزۇسى ئىككى كۆزى بولغانغا ئوخشاش، مەن ناتىۋان مۇساپىرنىڭ ئارمىنى يۇرتقا قايتماقتۇر. مەرھەمىتىڭىزنى دەرىخ تۇتمىغايسىز، ھەزرىتىم. سىزدىن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيالىق ئىلتىماسىم شۇ...

— سىزنى ماڭا بۇ مۇشكۈل، خاسىيەتلىك سەپەردە ئاللا يولۇقتۇردى، ئىنىم، — دېدى ئاپاق خوجا ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان قىياپەتتە، — نۇرغۇن مۇشكۈلاتلىرىمنى ئاسان قىلدىڭىز، ئاللا گۇۋاھ بولسۇنكى، ئۆز ئىشىمنى ئىزىغا سالغاندىن كېيىن، سىزنى چوقۇم يۇرتقا قايتۇرۇپ كېتىمەن، تەخت ـ بەخت ھۇزۇرىنى بىللە سۈرگەيمىز!...

① جوداق — بۇتخانا.

دوستمۇھەممەدنىڭ ئۇزۇن يىلدىن بېرى يورۇپ باقمىغان غەمكىن، چۈشكۈن كۆڭلى ئاپاق خوجىنىڭ مانا شۇ چىرايلىق گەپلىرى بىلەن بىردىنلا ئۈمىد ۋە خۇشاللىققا تولدى...

## 2

ئاپاق خوجىنىڭ جۇڭغارىيىگە كەلگەن ۋاقتى — دەل غالداننىڭ خۇددى تۈيىقى قىزىغان ئاتتەك چاپچىپ تۇرغان ۋاقتىغا توغرا كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ كىچىك كارۋىنى مىلادىيە 1677 ـ يىلى يازدا لاسادىن يولغا چىقىپ، كۆككۆل① ئارقىلىق كۈزدە قۇمۇلغا كېلىپ، شۇ يەردە قىشلاپ قالدى.

مىلادىيە 1678 ـ يىلى باش ئەتىيازدا ئىلىغا كېلىپ، غالداننىڭ ئىرەن قابىرغىدىكى قارارگاھىغا چۈشتى.

ئاپاق خوجا بۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە، غالدان سېرىن بىلەن كۆرۈشتى. تېخى قىرىق ياشلارغا بارمىغان ئېگىز بوي، كۈچلۈك، كۆزلىرىدىن ئۆكتەملىك، ھۆكۈمرانلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، قىزىق قان بۇ ئادەم ئاپاق خوجىنى خېلى چوڭ ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى. چۈنكى، ئۇ تونۇغۇن ئۆز يېنىدىكى خاس مۇلازىمدىن ئاپاق خوجىنىڭ لاسادىن دالاي لاما V نىڭ مەكتۇپىنى ئەكەلگەن ئالاھىدە مېھمان ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپلا، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغانىدى.

ئاپاق خوجا غالداننىڭ ئوردىسى ھېسابلىنىدىغان كەڭتاشا، ئۇستىدە تۇغ ـ شەددىلىرى لەپىلدەپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ئاق ئۆيگە كىرىپلا، ئۇنىڭ ئايىغىدا تىزلاندى ۋە چوقۇنۇپ تۇرۇپ:

---

① كۆككۆل — ھازىرقى چىڭخەي.

— هۆرمەتلىك ئالەمپاناھ سەركەردە، سىزگە ئۇلۇغ تاڭغۇت شاھى، دېڭىزدەك كەڭ قورساق نوم بېتىك ئاچارى دالاي لاما ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك مەكتۇپنامىسىنى ئېلىپ كېلىۋىدىم، نەزىرىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ، غەمناك كۆڭلىمىزنى شاد قىلغايسىز، — دېدى ۋە مەكتۇپنى ئىككى قوللاپ سۇندى.

غالدان ئاپاق خوجىنىڭ قولىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ، ئاۋايلاپ ئاچتى ۋە ھۆرمەت نەزىرى بىلەن كۆز يۈگۈرتتى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«... سەن بۇرھانىمىز تاللىغان، براخمان مەملىكىتىنىڭ سەلتەنەت ئۆزەڭگىسىگە ئاياغ قويغان ئۇلۇغۋار ھۆكۈمرانسەن. شۇڭا، ساڭا بوشۇكتۇخان[1] تاجىنى ئاتا قىلدىم. مېنىڭ شۇل مەكتۇپۇمنى ساڭا ئېلىپ بارغۇچى ئافاق بىسيار ئۇلۇغ، كامىل كىشىدۇر، ئۇ بىزنىڭ لاماسۇندا ئۈچ ئاي يېتىپ، بۇرھانىنىڭ نەزىرىدىن ئۆتتى. ئۇ كاشغەر، ياركەندنىڭ خوجىسى ئىكەن. ئىسمائىل خان دېگەن بىرى ئۇنىڭ سەلتەنەتىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. كېرەككى، سەن لەشكەر ماڭغۇزۇپ، بۇ كىشىنىڭ يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسەن، بولمىسا، ئىش پاساد[2] بولۇر. گەپ تامام، نامە ۋەسسالام!...»

خەتتە، دالاي لاما V نىڭ پادىشاھلىق مۆھۈرى ۋە ئىمزاسى بار ئىدى. غالدان خەتنى ئوقۇپ بولۇپ سۆيدى ۋە پېشانىسىگە تەگكۈزدى. بۇ ئۇنىڭ دالاي لاماغا بولغان ھۆرمىتى ۋە ئىخلاسى ئىدى. چۈنكى ئۇ، موڭغۇللارنىڭ ئادەت – نىزامى بويىچە، كىچىكىدىنلا مانجى[3] بولۇپ، جۇڭغارىيىدىن بۇددالا سارىيىغا كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ زېرەك،

---

① دالاي لاما غالدانغا بوشۇكتۇخان، يەنى بىشەۋكەتى دەپ نام بەرگەن.

② پاساد — بۇزۇلۇش.

③ مانجى — بالا سىرامان، راھىب. موڭغۇللارنىڭ ئادىتىدە بىر ئۆيدە ئىككى ئوغۇل بولسا، كىچىكى چوقۇم مانجى بولاتتى.

قەيسەرلىكى بىلەن دالاي لاماغا ياراپ قېلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا بالاسىرامان بولغان ۋە ئون بەش يىلدىن ئارتۇق دالاي لامانىڭ ئەتىۋارلاپ تەربىيىلىشىگە ئېرىشكەنىدى.

غالدان تېخى يىقىندىلا ــ مىلادىيە 1677 ـ يىلى يازدا، ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تۇرپان بىلەن قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرلەرنى سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىقىدىن تارتىۋالغانىدى. ئەمدى ئۇ ئوكىدىمۇ ـ چۇشىدىمۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ ۋە باياشات ئەل ـ يۇرتنى ئىستېلا قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى.

ئۇنىڭ ئېتى چاپچىپ، غەلىبىدىن كاللىسى قىزىپ، «بۈيۈك جۇڭغار دۆلىتى» نى كېڭەيتىشنى ئويلاپ تۇرغان مانا شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، دالاي لامانىڭ خېتى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆز ھۇزۇرىدا پەيدا بولۇشى غالدانغا گويا بەخت ـ ئامەت قۇشىنىڭ بېشىغا قونغانلىقىدەك نۇسرەتتىن بىشارەت بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دالاي لامانىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن «بوشۇكتۇخان» دېگەن رەسمىي ئوتىغاتى[1] ئۇنىڭغا زور مەدەت ۋە جۇرئەت بەخش ئەتتى.

غالدان ئالدىراڭغۇ، قارام ۋە قاپ يۈرەك سەركەردە ئىدى. بىرەر ئىشنى قارار قىلسا، ھېچكىم ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرالمايتتى. ئۇ ئاپاق خوجا بىلەن بىر كېچە مەخپىي پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بارلىق ھەربىي ۋە مۇلكىي ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ، سەئىدىيە خانىدانلىقىغا قارشى ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق لەشكەر تارتىش قارارىنى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل جۇڭغارىيە تەۋەسىدە ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش جىددىي ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

بۇ مەزگىلدە ئاپاق خوجىمۇ جىم ياتمىدى. ئۇ ئىشەنچلىك سوپى ـ دەرۋىشلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ماڭغۇزۇپ، ھەر شەھەر، ھەر

---

[1] ئوتىغات ــ نام ـ ئەمەل يارلىقى، تاج.

يۇرتتا چىچىلىپ، يوشۇرۇنۇپ ياتقان مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى قوزغاشقا ھەم ۋاقتى كەلگەندە ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىشقا چاقىردى.

شۇنداق قىلىپ، ئاپاق خوجىنىڭ كۆز يېشى، دىيانىتى، خۇشامىتى ۋە تىز چۆكۈپ باش ئۇرۇشى ھېسابىغا قۇراشتۇرۇلغان ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق زور قوشۇن غالدان بوشۇكتۇخاننىڭ قوماندانلىقىدا، مىلادىيە 1678 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا، مۇز داۋان ئارقىلىق قەشقەرىيە تەۋەسىگە بېسىپ كىردى...

## توققۇزىنچى باب

# ئۇزۇن چۈش

### 1

دوستمۇھەممەدنىڭ ھېكايىسى تاڭغا يېقىن ئاخىرلاشتى.

ئاستا ـ ئاستا سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ، ئاسماننىڭ شەرقىي بۇرجىكى ئاقىرىشقا باشلىدى. دەريا ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن قويۇق تۇمان جەنۇبقا سۈرۈلۈپ، ئۇپۇققا باش قويدى. كېچىچە ئاسمان قەرىدە بىر ـ بىرىدىن نۇر ۋە جىلۋە تالىشىپ چىققان يۇلتۇزلارمۇ كەينى ـ كەينىدىن ئۆچۈپ، پەقەت چولپان يۇلتۇزىلا يېقىنلا يەردە كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى.

زەرەپشان دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلۇق يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن سەھەرنىڭ سالقىن، مەيىن شامىلى ئىسەن بۇقىنىڭ غەم ۋە مۇڭ باسقان يۈز ـ كۆزلىرىنى سۆيۈپ، ئەركىلىتىپ، ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە پىنھان ھېسسىياتلىرىنى ئويغىتىشقا باشلىدى.

ئىسەن بۇقا كېچىچە ئېزىلىپ ئولتۇرغان يېرىدىن ئاستا قوپۇپ، ئېقىن بويىدىكى خىيابانغا كەلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتى ئاشۇ ئۆركەشلەپ، تولغىنىپ، قايىنام ھاسىل قىلىپ ئېقىۋاتقان ھەيۋەتلىك دەريا ئېقىنىدەك جىددىي ھەم تاشقىن ئىدى. ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇددى ئاشۇ دەريا شاۋقۇنىدەك غەزەپلىك بىر نىدا كۆتۈرۈ-

لۇۋاناتتى : «ھەيھات!... بۇ شۇم پەلەك شۇنداق شەپقەتسىز، شۇنداق سىرلىقمىدۇر ؟!»

دوستمۇھەممەدنىڭ ھېكايىسى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا، ئۇ ئۆزىنى بىر تۇرۇپ ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالمايدىغان گاراڭغا، بىر تۇرۇپ ئەقىل بۇلىقى تېشىپ كەتكەن دانىشمەن ساراڭغا ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى.

دەرۋەقە، زەرەپشان بويىدا ئۆتكەن بۇ بىر كېچە ئۇنىڭ ئوتتۇز نەچچە يىللىق تىنچ، خىرامان تۇرمۇشى بىلەن مۇستەھكەم ئىخلاس ـ ئېتىقادىنى چالغىتقان شەپقەتسىز كېچە بولدى. بۇ كېچە ئىسەن بۇقىغا ئىلگىرى ئاددىي كۆزى بىلەن قارىغان نەرسىلەرگە ئەمدى قەلب كۆزى بىلەن قاراشنىڭ لازىملىقىنى، نېمىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىك ۋە خۇنۇكلۈك، نېمىنىڭ ياۋۇزلۇق ۋە ئالىيجانابلىق، نېمىنىڭ راستچىللىق ۋە ساختىپەزلىك ئىكەنلىكىنى ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى!

مانا شۇ كېچە ئىسەن بۇقىنىڭ كۆز ئالدىدا بۇرۇنقى ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەرنى قايتا ـ قايتا نامايان قىلدى : قان ۋە كۆز ياشلىرىغا بويالغان ئانا يۇرت... خاراب قىلىنغان شەھەرلەر، ۋەيران بولغان يېزا ـ قىشلاقلار... قۇرۇم باسقان تاملار تېگىدە دۆۋىلىنىپ ياتقان جەسەتلەر... جوڭغار ئىشغالىيەتچىلىرى ئاياغ ـ ئاستى قىلغان بىگۇناھ خەلقنىڭ قىيا ـ چىيالىرى... ئۆلۈم ئالدىدا غەزەپ ـ نەپرەت بىلەن ۋارقىرىغان سەركەردىلەرنىڭ ئۇنتۇلماس نىدالىرى... بۇ بەختسىز قارا ئەلگە سىغماي سۈرگۈن قىلىنغان مىڭلىغان ئەھلى ئىلىملەر، سەرۋازلار، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار ۋە ئاجىز قىز ـ جۇۋانلارنىڭ ئېچىنىشلىق نالە ـ پەريادلىرى...

مانا شۇ كېچە ئىسەن بۇقىنىڭ قەلب ئېكرانىدا غايىبانە سۆيگەن گۈزەل قىز ئايتۇلۇننىڭ ئوماق، مەسۇم چىرايى قايتا كۆرۈنۈپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندۇرۇۋەتتى...

ئىلىم ـ مەرىپەت ئوچىقى بولغان «رەشىدىيە مەدرىسى» نىڭ

كۆيدۈرۈلۈشى، مىڭلىغان بىگۇناھ جاننىڭ ئۆلۈشى، مەسۇمە قىز ئايتولۇننىڭ مۇدھىش ئوت ئىچىدە خۇددى قاپقانغا چۈشكەن ناتىۋان كېيىك بالىسىدەك ئېچىنىشلىق بوزلىشى، ۋاقىتسىز ئۆلۈم ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ئوت بىلەن تەڭ پەلەككە كۆتۈرۈلگەن نالە ـ پەريادى...

ئىسەن بۇقا ئۆز پىرى تەرىپىدىن قىلىنغان بۇنداق پاجىئەلىك، كۇپۇرانە قىلمىشنى ھەربىر ئەسلىگەندە، يۈرىكى پۇچىلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشەتتى.

مانا شۇ كېچە ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرگەن قەلب قۇشى ئۆز يولىدا دۇچ كەلگەن ھەربىر قىياغا قوناتتى ۋە ئۇ يەردىن يەنە ئۇچاتتى. ئەنە شۇنداق قونۇش ۋە ئۇچۇش ئاخىر ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى. ئەمدى ئۇ، كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان ھەيۋەتلىك دەريانىڭ جىددىي ئېقىنلىرى بىلەن سۈرلۈك قايناملىرىغا قارىدى...

ئىسەن بۇقىنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋالغان مانا شۇ ئاچچىق ئەسلىمىلەر، تۈگىمەس خىياللار ئۇنى خۇددى تەتۈر قاينامغا سۆرىگەندەك سۆرەپ ئۈزلۈكسىز پىرقىرىتاتتى: «ئاھ خۇدا، مەن نېمانچە ساددا ھەم گول ـ ھە؟! — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە خىتاب قىلدى ئۇ، — مەن پاك، دىيانەتلىك دەپ يۈرگەن بۇ دەرگاھتىكى زاھىتلار، سوپى ـ ئىشانلار بىدئەت، زالالەتچىلەر ئىكەن ئەمەسمۇ؟! پېقىر ئىشەنگەن، چوقۇنغان پىر ـ ئۇستازلار باقىي دۇنيانىڭ ئەمەس، بۇ دۇنيانىڭ غېمىدە ئىكەن ئەمەسمۇ؟!...»

ئىسەن بۇقا تىنىمسىز داۋالغۇپ تۇرغان بەگۋاش دەرياغا قاراپ، باش ـ ئاخىرى يوق ئەبەدىيلىككە سوزۇلغان ئەنە شۇ دەريادەك بۇ ھايات يولىدا ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىنى، يەنە بىر ئاي، بىر يىل ۋە ئون يىللاردىن كېيىن ئۆز تەقدىرىنىڭ نېمە بولۇپ كېتىشىنى ئويلاپ، يەنە چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى...

تاڭ پۈتۈنلەي يورۇدى. يىراقتىكى تاغ چوققىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياش بىپايان دالىغا ئىللىق نۇر چاچتى. زۇمرەتتەك كۆك ئاسمان

نۇر بىلەن چايقىلىپ تۇرغان دەريا يۈزىدە ئەكس ئەتتى.

ئىسەن بۇقا ئېغىرلاشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھارغىن كۆزلىرى بىلەن ئالدىغا قارىۋىدى، ئۆزىدىن ئىككى ـ ئۈچ قەدەم نېرىدا ـ دەريانىڭ ئوت ـ چۆپلۈك قىرىدا ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان دوستمۇھەممەدنى كۆردى.

— قانداق ئۇكام، ئەمدى پىرىڭنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىپ قايتامسەن؟ — دېدى ئۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن.

ئىسەن بۇقا دوستمۇھەممەدكە قارىغىنىچە بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. پەقەت دەريا بويىدىكى بىر پارچە يېشىل ئوتلاقتا بىمالال ئوتلاپ، بەزىدە بېشىنى چۆلغۈپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ئۆزىنى چىۋىنداپ تۇرغان چىپار ئېتىنى كۆرگەندىلا، ئاندىن بۇ يەرگە ئۆزىنىڭ نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

— ئاكا، بولدى، ئەمدى ئۇ گەپلەرنى قىلماڭ، — دېدى ئىسەن بۇقا چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ، — ھېلىمۇ تۆكۈلگەن قان ـ ياشلار ئازمۇ؟ ماڭا ياخشى بىر ئەقىل كۆرسىتىڭ، كۈچلۈك، خەسىس بىر دۈشمەن كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئېلىپ ۋەسۋەسە قىلىۋاتىدۇ. يامان، بۇزۇق ئىشلارنى ماڭا زىبا كۆرسىتىۋاتىدۇ، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم...

— ھۆرمەتلىك ئۇكام، — دېدى دوستمۇھەممەد ئىچ كۆيەرلىك بىلەن سەمىمىي ھالدا، — ياراملىق ئادەم بولۇش يولى ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس، ئۇمۇ ئەگرى ـ توقاي، ھەتتا ئىنتايىن ئازابلىق بىر يول. ئۇ ئادەمدىن ئىرادە ۋە جەسۇرلۇق تەلەپ قىلىدۇ! خۇدا ئۆز بەندىلىرىگە پىكىر قىلىش ئۈچۈن ئەقىل، سۆيۈش ئۈچۈن يۈرەك، ياخشى ـ يامانىنى ئايرىش ئۈچۈن ۋىجدان، سۆز قىلىش ئۈچۈن تىل بەرگەن! مەندىن مەسلىھەت شۇكى، ھېكمەتنى قارىغۇلاردىن ئۆگىنىڭ، چۈنكى، ئۇلار ماڭىدىغان يېرىنى سىيپىلاپ بىلىۋالماي تۇرۇپ ئاياغ باسمايدۇ. پىر ـ ئۇستازلىرىڭىز سىزنى ئاتقا مىنگۈزدى، لېكىن تىزگىنىنى سىزگە تۇتقۇزمىدى، باشقا ئادەم يېتىلەپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا،

سىز قانداق مېڭىپ، قەيەرگە بارىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيسىز. بۇ دۇنيا-دىكى بارلىق ھىيلە ـ مىكىر، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلارنىڭ ئاقىۋىتى گىرىپتارلىق ۋە نادامەت بولىدۇ! ئادەم بۇ يولدا كېتىۋەرسە، ھامان بىر كۈنى بالا تۇزىقىغا ئىلىنماي قالمايدۇ. سىز ئەمدى شۇ چاغقىچە كۆرگەن ئۆزۈن چۈشنى توختىتىپ ئويغىنىڭ...

ئىسەن بۇقا خۇددى گاراڭ ئادەمدەك خامۇش ۋە جىمجىت تۇرۇپ قالدى. دوستمۇھەممەدنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىتە-رەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىپادىسىز ئىدى. چۈنكى، «ئويغىنىڭ!» دېگەن سۆز ئېيتماققا ئاسان بولغان بىلەن، ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، پىر ـ ئۇستازى ئۇنىڭغا كىچىك-كىدىن تارتىپلا: «ئادەم ئۇيقۇدىدۇر، پەقەت ئۆلار ئۆلگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئويغىنىدۇ» دەپ تەلىم بېرىپ كەلگەنىدى. ئىسەن بۇقىدەك ئەنە شۇنداق يۇمران ۋاقتىدىن تارتىپ، بىر مەسىلەك، بىر مەزھەپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تەربىيىلەنگەن ئىخلاسى چوڭقۇر، ئېتىقادى كۈچلۈك، ئەقىدىسى چىڭ ئادەم ئۈچۈن، بۇ ئىش گويا دەريالارنى تىندۇرۇپ، تاغلارنى تۈزلەيدىغاندەك مۈشكۈل ئىش ئىدى. ئىسەن بۇ-قىنىڭ گۆش ۋە ئۇستىخاندىن تەركىب تاپقان ئاشۇ بىر پارچە جىس-مىلا ئۆزگىچە تەۋە ئىدى. ئىنسانىي غۇرۇر، ۋىجدان، سۆيگۈ ـ مۇھەب-بەت، ئەرك ۋە ھۆرلۈك دېگەندەك ئەقىل ۋە ئىدراكتىن تەركىب تاپقان تىرىك روھى بولسا، پۈتۈنلەي پىر ـ ئۇستازىغا مەنسۇپ ئىدى!

ـــ ئاكا، خوش ئەمىسە، مەن ئەمدى قايتاي! ـــ دېدى ئۇ تۇيۇق-سىزلا ئات تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ـــ سىز بىر مەزگىل ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئېلىپ تۇرارسىز. بۇ ئىشنى باشقا بىرسى يەنە قىلمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ.

ـــ ئۇقتۇم، ئىنىم، ـــ دېدى دوستمۇھەممەد تەسىرلەنگىنىدىن ئاۋا-زى تىترەپ، ـــ بۇگۈنلا قوشراپ تەرەپلەرگە چىقىپ كېتىمەن، بىر مەزگىل تاغ ئارىسىدا مالچىلار بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىمەن، سىزمۇ

ئۆزىگىزگە پەخەس بولۇڭ، چايان ھەمىشە يېنىمىزدىكى كېسەك ئاس-تىدا ياتىدۇ.

ئىككىيلەن خوشلاشتى. گەرچە ئۇلار قۇچاقلىشىپ، قول سىقىشىپ خوشلاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن قىسقا ۋاقىتتا پەيدا بولغان دوستانە مې-ھىر - مۇھەببىتى، سەممىي - ساداقىتى بىر - بىرىنىڭ قەلبىدە، يۈ-رىكىدە مەھكەم ئورناپ قالدى...

## 2

شۇ كۈنلەردە ئىسەن بۇقا خۇددى بۇرنىدا چۇلۇكى يوق تۆگىدەك باشباشتاق بولۇپ قالدى.

ئۇ ئارسلانباغدىن قايتىپ كېلىپ، بىرنەچچە كۈنگىچە ئاپاق خو-جىغا كۆرۈنمىدى، قەيەردە كۆڭلى خۇش بولسا، شۇ يەردە لاغايلاپ يۈردى. بۈگۈن ئوردىدىن خەۋەرچى كېلىپ، ئۇنى ئاپاق خوجىنىڭ ھۇزۇرىغا چىللىدى.

ئىسەن بۇقا چۈشتىن كېيىن ئوردىغا كەلدى. ئاپاق خوجا تېخى شاھنىشىنغا كىرمىگەنىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە مۇشۇنداق چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ، پەشلىرىنى سۆيۈپ ئەرزىنى ئېيتىش، پەرمان ئېلىش ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇن بەگ - سىپاھلار، ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلار، مويسىپىت ئاقساقاللار ۋە ئۇزۇن كۆلاھلىق سوپى - ئىشانلار سارايغا كېلىپ، بېشىغا ئالتۇن تاج، ئۈچىسىغا زەرباپ تون كىيگەن ئاپاق خوجىنىڭ غادىيىپ چىقىشىنى كۈتۈپ سالامخانىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈن-گەندە، ئىككى پۈكلۈپ، سەجدىگە باش قويغاندەك ئېگىلىشەتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئاپاق خوجا ئوردا بېگى بىلەن بىرنەچچە خاس مۇخلىسلىرىنىڭ «خوش - خوش» لىشى بىلەن سارايغا كىر-گەندە، كۈتۈپ تۇرغۇچىلار ئۆرە - تۆپە بولۇشۇپ بىر - بىرىدىن

قىزغىنىپ ئالدىغا سىلجىپ، تۇشمۇتۇشتىن : «خۇش كەلگەيلا، ئالەمپاناھ ھەزرىتىم!» دېيىشىپ قارشى ئېلىشتى.

بۇرۇن ھېچقانداق تۇيۇلمايدىغان — تەبىئىي، قائىدە ـ يوسۇنلۇق بۇ ئىشلار بۇگۈن ئىسمەن بۇقىغا تولىمۇ غەلىتە، كۆڭۈلسىز تۇيۇلدى. ئۇ خۇشامەتتە، كوچۇكلىنىشتە بىر ـ بىرىدىن ئاشۇرۇپ، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىپ، ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ تۇرغان بۇ ئادەملەردىن بىردىنلا يىرگىنىپ، بىزارلىق ھېس قىلدى. ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشتىن ئۆزىمۇ ھەيران بولدى. بولۇپمۇ، ئاپاق خوجىنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز پەيدا بولغان سوغۇق بىر ئەندىكىش ئەزەلدىن ئۇنىڭدا كۆرۈلۈپ باقمىغان سىرلىق بىر روھىي ھالەت ئىدى. بۇ روھىي ھالەتكە بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئويلاپ يېتەلمەيدىغان، ھەتتا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئاجايىپ بىر ھېس ـ تۇيغۇ يوشۇرۇنغانىدى...

كۈتۈلمىگەندە، ئاپاق خوجا بىرىنچى بولۇپ ئىسمەن بۇقىنى قوبۇل قىلدى.

— بىز تاپشۇرغان ئىش قانداق بولدى، ئىسمەن سوپىم؟! — سوردى ئۇ قىسقىلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن.

— ئۇ قېچىپ كەتتى، — دېدى ئىسمەن بۇقا بېشىنى ئېگىپ.

— نېمە، كىمنى دەيسىز؟ — ئاپاق خوجا يوغان قوڭۇر كۆزلىرى بىلەن كىشى ھېيىققۇدەك تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— دوستمۇھەممەدنى دەيمەن...، — دېدى ئىسمەن بۇقا سەل ـ پەل دۇدۇقلاپ، ھودۇقۇپ، — ئۇنىڭغا تۇيۇق چۈشكەن چېغى... مەن بارغان كۈنىلا قېچىپ كېتىپتۇ...

ئىسمەن بۇقا بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئاپاق خوجىغا قارىدى. ئاپاق خوجىنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ، ئاق سېرىق يۈزى دەسلەپ تاتاردى، كېيىن قارىداپ كەتتى، چىشلىرىنىڭ قاتتىق كىرىششىدىن قوۋۇزلىرى تارتىشىپ، جاغ سۆ-

ڭەكلىرى تومپىيىپ چىقتى، يېرىمىدىن كۆپى ئاقىرىپ كەتكەن ساقال ـ بۇرۇتلىرىمۇ دىردىيىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن، كەيپىياتىدىن قاتتىق خاپا بولغانلىقى، ئۆكۈنگەنلىكى ۋە ئەلەمگە پاتقانلىقى مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىسەن بۇقا بۇرۇن ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلارغا خاپا بولغان، چېچىلغان ۋاقتىدىكى سوغۇق، غۇزغۇن هالىتىنى كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇگۈنكىدەك مۇنداق سۇرلۇك، ئازابلىق ۋە چۈشكۈن هالىتىنى كۆرمىگەنىدى. بۇ هالەت ئۇنىڭغا دوستمۇهەممەدنىڭ ئاپاق خوجا ئۈچۈن هەقىقەتەنمۇ ئادەتتىكى رەقىب ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەقدىرىگە، ئىستىقبالىغا ۋە نام ـ ئابرۇيىغا ئەجەللىك تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇهىم مەنىۋى دۈشمەن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆرسەتتى.

— سۈسلۈق قىپسىز، بەكلا سۈسلۈق قىپسىز، ئىسەن سوپىم! — دېدى ئاپاق خوجا خېلى ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ئۆزىنى بىرئاز ئوڭشىۋېلىپ، — يىگىتلىك بەلگىسى شۇكى، هەمىشە قايغۇلۇق بولۇشى كېرەك، غەمكىنلىكى بولمىغان كىشىدىن غەپلەت بويى پۇرايدۇ. غەم ـ قايغۇلۇق كىشى ئاگاه بولىدۇ، ئۇنىڭدىن جەمئىيەت ۋە هوزۇرنىڭ بويى كېلىدۇ... لېكىن، سىز سۈسلۈق قىپسىز، سوپىم... هوشيار، ئاگاه بولماپسىز. خەيرىيەت... ئۇ قاچقان بولسا نەگە باراتتى، هامان بىزنىڭ ئالقىنىمىزدىن قېچىپ چىقالمايدۇ، پەقەت بىهۇدە جىسمى بىلەن ناپاك روهى بىرنەچچە كۈن ئارتۇق ياشايدۇ، شۇ...

ئاپاق خوجا بۇ هەقتە ئارتۇقچە سۆزلەشنى خالىمىدى، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئاغزىدا هېچ ئىش بولمىغاندەك تەسىر بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىسەن بۇقىغا ئۇنىڭدىن ئارتۇق گەپ قىلىپ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىشقا بولمايتتى، چۈنكى، ئىككىنچى قەدەمدە ئۇ ئاڭلايدىغان گەپنىڭ بېسىمى، شىددىتى ئۇنىڭ بەرداشلىق كۈچىدىن خېلىلا هالقىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئاپاق خوجا ئۇنىڭ

كۆڭلىنى ئاياپ، دوستمۇھەممەدنىڭ ئىشى توغرىسىدىكى سەۋەنلىكلە-رىنى ئانچە زىغىرلاپ ئولتۇرمىدى، بەلكى بۇ ئىشنى دەرھال باشقىچە ئورۇنلاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلدى.

ئاپاق خوجا ئەمدى گەپنى ھېكايەتتىن باشلاپ، ئاستا - ئاستا مەقسەتكە كۆچتى، بۇ ئۇنىڭ كونا ئادىتى ئىدى.

— سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەمدىن سوراپتۇ: «ئى ئەدھەم، نېمىشقا شاھلىقنى تاشلاپ، گۆرۈستاندا ئولتۇرۇشنى ئىختىيار قىلدىڭ؟» ئەدھەم دەپتۇ: «ئىنسان ئەھلىنى ئۈچ تائىپىگە بۆلدۇم: بىرسى، دۇنيا بىلەن خۇش؛ يەنە بىرسى، ئاخىرەتكە كەتكەنلەر؛ ئۈچىنچىسى، ئاتا پوستىدا تۇرغانلار. ئاخىرەتكە كەتكەنلىرى بىزنى ئالدىرىتىپ، قىچقىرىپ دەيدىكەن: تېز كېلىڭلار، بىز گۆر زىنداندا سىلەرنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىمىز، تېزرەك باقىي دۇنياغا كېلىڭلار!

ئاتا پوستىدىكىلەرمۇ بىزدىن بىزار بولۇپ دەيدىكەن: پانىي دۇنيادا قاچانغىچە تۇرىسىلەر؟! دۇنيانى بىزگە بوشاتمامسىلەر؟! بىرسى بىزنى چاقىرىدىكەن؛ بىرسى بىزنى قوغلايدىكەن. شۇڭا، مەن بۇنداق ۋاپاسىز دۇنيانى تاشلاپ، ئۇ دۇنيانى ئىزدەپ گۆرۈستاندا تۇرۇشنى ئىختىيار قىلدىمكى، ئۇ دۇنيادا زاۋال، يوقىلىش دېگەنلەر يوق. نۇرغۇن پادىشاھلار كەتتى، ئۆلۈم ھەممىنى ئېلىپ كېتىدۇ!...»

دەرھەقىقەت، ئادەم جىسمىدىكى ھاياتلىق لىباسى ئارىيەتتۇر. بۇ دۇنيانىڭ ئىشرىتى ئازابسىز، خۇشلۇقى غەمسىز ئەمەس. «ھەر نەرسە ھالاك بولغۇچىدۇر» دېگەن ئايەت ھۆكمى بويىچە، ھەر كامالنىڭ ئارقىسىدا بىر زاۋال بار! ئەمىر - سۇلتانلاردىن تارتىپ، تاكى پاسىق پېقىرغىچىلىك بۇ ئالەمدە باراۋەردۇر. بۇ دۇنيادا ئەگەر كىشىگە ئەبەدىي ھايات مۇيەسسەر بولسا ئىدى، پەيغەمبەرلەر ئۆلمەس ئىدى. ئەگەر ئەجەل كىشىگە مۆھلەت بەرسە ئىدى، غايەت كارامەت مەنشۇرى بولغان ۋە «پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇگەنچىسى» دېگەن ئايەت بىلەن ئىپادىلەنگەن

نەبىلەر خوجىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈلۈم لىباسىنى كىيمەس ئىدى...، — ئاپاق خوجىنىڭ دىمى كېسىلگەنىدەك بولۇپ سۆزدىن توختىدى ۋە ئۆزىدىن ئۈچ قەدەم نېرىدا قول باغلاپ، باش ئېگىپ تۇرغان ئىسەن بۇقىغا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. ئىسەن بۇقا دەسلەپ بۇ سۆزلەرنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەي ھاڭۋېقىپ قالدى، كېيىن پىر - ئۇستازىنىڭ سۆز ئورانىدىكى شۇم بېشارەتلەر بىلەن كۆزىدىكى مۇڭ - ھەسرەتلەرگە قاراپ، نېمىشقىدۇر يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ ئۆيگەندەك بولدى. ئاپاق خوجا كالتە يۆتىلىپ، ئاۋازىنى مىسكىن چىقىرىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوغلۇم، داداڭ ھۆنەردە كامال تاپقان، ئەل ھۆرمىتىگە سازاۋەر، مۆمىن مۇسۇلمان ئىدى. ئەپسۇسكى، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كاشغەردىن ياركەنتكە كېلىۋاتقاندا، ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپ بەندىچىلىك قىلدى. قانداق قىلغۇلۇق؟ قازا مۇتلەق، ئەمدى سەۋر قىلىپ، قازاغا رىزا بولۇش لازىم. ھەممە ئادەم يوقىلىش يۈكىنى ئۈستىگە ئارتىدۇ، فەنا شەربىتىنى تېتىيدۇ، بۇنىڭ ئۆزى ئەزەلىي تەقدىر...

ئىسەن بۇقا تۇرغان ئورنىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئاپاق خوجىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا نەشتەردەك ئۇرۇلۇپ، يۈرىكىدە مۇز بولۇپ قاتقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئۆزى ئاران - ئاران دەسسەپ تۇرغان زېمىن تىترەپ، ھەشەمەتلىك ئوردا تاملىرى ھازىرلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ۋەھىمىلىك، ئازابلىق تۇيغۇ ئىچىدە قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقمىدى، لېكىن يۈرىكى لەختە - لەختە قان بولۇپ ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى...

ئۇ ئوردىدىن پۇتلىرى لاكاسلاپ، سەنتۈرەكلىگەن ھالدا قايتىپ چىقتى. شۇ تاپتا، ئۇ ئۆزىنى بۇ سىرلىق، ۋاپاسىز پانىي دۇنيادا ھېچكىمى يوق، يېتىم، ھايات بازىرىدا ئادىشىپ قالغان ناتىۋان بالىدەك ھېس قىلىپ قالغانىدى.

## 3

«ئىنسان نېمىشقا ئازاب ئىچىدە تۇغۇلۇپ، قورقۇش ئىچىدە ياشاپ، ئەپسۇس ـ نادامەت چېكىپ ئۆلىدۇ؟ بۇ پەلەك نېمىشقا ئەقىل ـ ئىدراك ئەھلىدىن بىر غېرىچ ئۆمۈر، بىر چىشلەم نانىنى ئاياپ، جاھىللارنى بولسا، مال ـ مۈلۈككە كۆمۈۋېتىدۇ؟...»

مانا بۇ، ئىسەن بۇقىنىڭ قاتمۇ قات دەردكە، ئازابقا تولغان ھەسرەتلىك يۈرىكىدىن چىققان خىتاب ئىدى، بۇنداق چاغدا ئۇنىڭ خىيال دۇنياسى يەنە باشلىناتتى، ئازاب دېڭىزى دولقۇنلايتتى، دەرد ـ ئەلەم گۈلخىنى يالقۇنجاپ، ۋۇجۇدى كۆيگەن كاۋاپتەك پىژىلدايتتى.

ئىسەن بۇقا ھازىر ئۆزىنى خۇددى ئوت كەتكەن دەرەختىكى چۈمۈلىگە ئوخشاش ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ قاياققا ماڭمىسۇن ھامان ئوتنىڭ ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلالمايتتى. ئوت ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىنمۇ، يۇقىرى تەرىپىدىنمۇ قىستاپ، يالماپ كېلىۋاتاتتى...

ئۇ قاچانكى دوستمۇھەممەد بىلەن ئۇچراشتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا قاتتىق بىر سىلكىنىش پەيدا بولدى. ئەقىدە ـ ئىخلاسىمۇ دەز كەتكەن جانان چىنىدەك بوشىشىپ خىرەلىشىپ كەتتى. ئۇ ئەقلىگە كېلىپ چوقۇنغان، ئەقىدە باغلىغان، ساپ ئالتۇندەك ئەتىۋار بىلىدىغان ئادىمىنىڭ بىردىنلا مۇنداق ۋاپاسىز، دىيانەتسىز، بەتنىيەت بولۇپ قېلىشىنى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدى.

ئىسەن بۇقا بۇ ـ پىر ئۇستازىنىڭ بۇرۇنقى ئىشلاردىكى قارام ـ تەلۋىلىكىنى، چېكىدىن ئاشقان خۇنخورلۇق، زالىملىقلىرىنى ئۇنىڭ ئۆز رەقىبلىرى بىلەن «ئۆتنە ئالەم» قىلىشقانلىقى دەپ چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئەسلىي نىيىتىدىن، پىر ـ ئەۋلىيالىق سالاھىيىتىدىن شەكلەنمىگەنىدى. لېكىن، ئەمدى ئويلاپ كۆرسە، ئىش باشتىنلا چاتاق، سۇ باشتىنلا لاي ئىكەن! ئۇلار ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ شۆھرىتى، ئۆزلە-

رىنىڭ مەنپەئىتى، ئۆزلىرىنىڭ كارامەتلىرىنىلا ئويلاپ ئىش تۇتقانىكەن...

ئىسەن بۇقا بۇ ئىشلارنى ھەرقانچە ئويلىماي دېسىمۇ، لېكىن ئۇ گالدا تۇرۇپ قالغان بىر تال ئۆتكۈر قىلتىرىقتەك، ئۇنى زادىلا ئارامىدا قويمايتتى. بۇ ئازابلىق خىياللارنى ئاز دېگەندەك، ئەمدى دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىپ، ئۇنى تېخىمۇ خامۇش، سەدپارە قىلىۋەتتى.

بۇ كۈنلەردە، ئۇ ئۆز بېشىنىڭ بىر تۇيۇق كوچىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، كېلەچەك، ئىستىقبال دېگەنلەر ئۇنىڭ كۆزىگە ھەممىشە قاپقاراڭغۇ ھەم ۋەھىمىلىك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

بۈگۈنمۇ ئىسەن بۇقىنىڭ كەيپى ناخۇش ئىدى. ئۇ رەستە - گۈزەرلەرنى مەقسەتسىزلا ئايلاندى. شەھەرنىڭ خۇددى ئۈششاق قان تومۇرلاردەك، تەرەپ - تەرەپكە شاخ ئايرىپ كەتكەن كوچا - مەھەللىلىرىدىن — قاسساپلىق كوچىسى، شاخال كوچىسى، رېگىستان، تاشقىرىقى راۋاق، غەدىگەرلىكلەردىن ئۆتۈپ، سەرراپ بازىرىغا كەلدى. بۇ يەردە ئالىقانلىرىغا بىر سىقىم، بىر سىقىم تەڭگە - تىللالارنى تىزىۋالغان سەرراپلار ئۇلارنى تىنماي شاراقشىتىپ ئويناپ، پۇل سودىسى قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلاردىن ھەرقانداق كۈمۈش تەڭگىنى مىس داچەن، مىس يارماقلارغا تېگىشىۋېلىش مۇمكىن ئىدى. كۆپىنچە، سوتخورمۇ، دەللالمۇ، جازانىخورمۇ يەنىلا شۇ سەرراپلارنىڭ ئۆزى ئىدى. ئىسەن بۇقا ئۇلارنىڭ سودىسىغا، سودىدىكى چېۋەر، مەككارلىقىغا ۋە بىر - بىرىنى ئالداشتىكى ئۇستىلىقلىرىغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. بىر يولۇچى ئۇنىڭ يېنىدا توختاپ، لاي سۇپىغا گىلەم سېلىپ ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق سەرراپنىڭ ئالدىغا بەش سوملۇق تىللادىن بىرنى تاشلىدى - دە، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە تەڭگە ۋە مىس يارماقلارنى ئېلىپ بىلىگە تۈگدى، ئىسەن بۇقىنىڭ ھېسابىچە، بۇ سەرراپ بىردەمدىلا مۇساپىر يولۇچىدىن بىرمۇنچە نەپ ئۈندۈرۈۋالغانىدى.

ئۇنىڭ بۇ يەردىمۇ تۇرغۇسى كەلمىدى، نېمە ئۈچۈندۇر يۈرىكى

سىقىلىپ، ئىچى تىت - تىت بولاتتى. ماڭسا، ئۇنى - بۇنى كۆرسە، بىرەر ئىشقا مەغۇل بولسا، سەل - پەل ئارام تاپقاندەك بولاتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ يەردىنمۇ كەتتى. ۋاپۇرۇش بازىرىدىن ئۆتۈپ، باققاللارنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى بىلەن ھەرە - چىۋىنلەرنىڭ گۇژ - گۇژلىرى قاپلاپ كەتكەن مېۋە بازىرىغا كەلدى. بىر باققال بىر سېۋەت شاتراق شاپتۇلنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدىن خېرىدار چاقىرىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر ھاممال يوغان بىر تاي سەرگەزنى يۈدۈپ، ئىككى پۈكلەنگەن پېتى كېتىۋاتاتتى، ئىسەن بۇقا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، دوقمۇشقا بېرىپ يەنە قايرىلدى. بۇ يەرمۇ خېلى ئاۋات بازار ئىدى. چۈشتىكى قۇياشنىڭ تىك چۈشكەن نۇرى دۇكانلاردىكى رەڭگارەڭ گەزلىمىلەرگە، كۈمۈش ھەل بىلەن ئايەت يېزىلغان مىس لېگەنلەرگە، بويۇنلىرىنى قاقىردەك سوزغان نەپىس ئاپتۇۋىلارغا چۈشۈپ، ۋال - ۋۇل شولا چاچاتتى. بۇنىڭغا مىس، جەز ۋە تۆمۈرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى قوشۇلۇپ، قاينام - تاشقىنلىق بىر كەيپىيات شەكىللەندۈرگەنىدى.

ئىسەن بۇقىنىڭ قۇلىقىغا نەپىس، ئاھاڭدار سادا ئۇرۇلغاندەك بولدى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولىدىكى بولقىلار خۇددى يۈرەكنىڭ سوقۇشىغا ئوخشاش، بەزىدە قاتتىق، بەزىدە بوش توكۇلداپ، رىتىملىق ئاۋاز چىقىراتتى. مانا شۇ رىتىملىق، ئاھاڭدار سادا بىردەم بولسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غەمنى ئېرىتىپ، خىيالىنى سەگىتتى. ئۇ شۇ تاپتا، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى، پەقەت خانىقا بىلەن پىرنىڭ دەرگاھىدىن ئايرىلماي، ھاياتنىڭ بۇنداق رەڭگارەڭ، قايناق - تاشقىنلىق پەيزىدىن مەھرۇم قالغانلىقىنى، بۇ دۇنيادا خانىقادىكى زىكىر - سۆھبەت، «ئاللاھۇ» ۋە سوپى - دەرۋىشلەر ئارىسىدىكى چىلىم تارتىپ، تۈگىمەس غەيۋەت - شىكايەت قىلىشلاردىنمۇ باشقا، تېخىمۇ جەلپكار، تەسىرلىك، رەڭگارەڭ نەرسىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا خانىقالارنىڭ قېلىن، سوغۇق تاملىرى، پىر - ئۇستازلار دەستەك قىلىنغان يوغان كىتابلارنىڭ چاڭ باسقان سەھىپىلىرى، زاھىتلارنىڭ رەسىم - يوسۇن، قائىدە - نىزاملىرى تەرىپىدىن يىللار بويى چەكلىنىپ كەلگەن پايانسىز بۇ ئالەم توساتتىن ئۆز رەڭگىرويى، ئەسلىي قىياپىتى، تىرىك ئادەملىرى ۋە تۇرلۇك - تۈمەن مەنزىرىلىرى بىلەن قايتا نامايان بولۇپ، ئۇنى بىردەم بولسىمۇ، ھەقىقىي ھاياتنىڭ پەيزىگە چۆمدۈردى.

ئىسەن بۇقا كونا غەربكە قايرىلغاندا، بازار چۆرگىلەشنى توختىتىپ ئارقىغا ياندى ۋە «تېرەكباغ خانىقاسى» يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. چۈنكى، خانىقادىن ھەمدۇسانا ئوقۇۋاتقان سوپى - دەرۋىشلەرنىڭ «ياللا دوست، ياللا» سى بىلەن جەھرە - ساما سېلىۋاتقانلارنىڭ «ھۇم ئاللاسى» ئاڭلىنىپ، توساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەنە بىر قىسما قىلىپ قويغانىدى. تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئىسرىق پۇراپ تۇرغان خانىقاغا كىرگۈسى، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، پۇت - قوللىرى قاسماقلىشىپ كەتكەن خۇدانىڭ ئاشىقلىرى ئارىسىدا بىردەم ئولتۇرغۇسى، ئۇلارغا قوشۇلۇپ زىكىر قىلغۇسى، ناس ياكى نەشە چېكىپ ئۇزاق خىيال سۈرگۈسى كېلىپ قالدى. يۈرىكىنى ئازابلاپ، كۆڭلىنى بىئارام قىلىۋاتقان غەم - قايغۇلارنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇپ، ھېچ نەرسىنى ئويلىمايدىغان خۇدايى گاداي بولۇۋېلىش ئىستىكى ئاخىر ئۇنى يولدىن بۇرۇلۇشقا ئۈندىدى.

ئىسەن بۇقا ئۆزىگە تونۇش ئۇستى قۇببىسىمان، غۇۋا خانىقاغا كىردى. خانىقادا بېشىغا شەيدايى دوپپا، ئۇچىسىغا كىرتىك ياقىلىق، ئالدى يېرىم ئوچۇق بوز كۆڭلەك كىيىشىۋالغان سوپى - دەرۋىشلەر بۇرۇنقىدەكلا تەلقىن ئېيتىپ، جەھرە سېلىۋاتاتتى. ئادەم خېلى كۆپ ئىدى. ئۇ باشقىلاردەك، ئىككى يانغا تاشلىنىپ، ۋارقىراپ - جارقىرىمىدى، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، توپىغا مىلىنىپ چاچلىرىنى يۇلمىدى، ياقىسىنى يىرتىپ تۇۋا - تەسەددۇقمۇ ئەيلىمىدى. ئۇ ئۇياق سوقۇلۇپ،

بۇياق سوقۇلۇپ، ئاخىر ئىچكىرىكى خانىغا كىرىپ قالدى ۋە بىر ھۇجرىنىڭ يېنىدا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بولۇشىغا چىلىم تارتتى، بىردەمدە كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى، كۆڭلىدىكى ھەممە غەم - قايغۇلار ئۇنتۇلۇپ، ئۆزىنى گويا باشقا بىر ئالەمگە كىرىپ قالغاندەك خىرامان ھېس قىلدى...

ئىسەن بۇقا چىلىمنىڭ كەيپىدىن بۇ يەردە قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىنى بىلمىدى. بىر چاغدا كاللىسى سەگىپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋېدى، شۇئان قۇلىقىغا ياندىكى خاس ھۇجرىدىن غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇ سەگەكلەشتى، كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، قۇلىقىنى دىڭلىدى. راست، ھۇجرىدىن غەمزە ئارىلاشقان غەلىتە بىر ئاۋاز — بىر ياش بالىنىڭ ئىڭرىغان، زارلىغان زەئىپ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئىسەن بۇقا ياۋايى بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى جالاققىدە ئاچتى، تۈڭلۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان خىرە - شىرە يورۇقلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش تەس بولغان ئاجايىپ بىر خۇنۈك مەنزىرە بولدى.

چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىشقا باشلىغان، ئاغزىدىن قۇرئان كەرىم بىلەن ھەدىس كەلىمىلىرى چۈشمەيدىغان، قەلىمىدىن نەزم - بېيىتنىڭ دۇر - ئۈنچىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، كاتتا ئىشان ئاپاق خوجىنىڭ ئەڭ يېقىن مەقبۇللىرىدىن بولغان مىرزا شاھ خوجا يېرىم يالىڭاچ ھالەتتە كەلتۈرۈلگەن ئون تۆت - ئون بەش ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئۈستىگە بەئەينى كۈسۈككە كىرگەن ئىتتەك ئارتىلىۋالغانىدى. بالا ئىككى تەرەپكە تەۋرىنىپ ئىڭرايتتى، مىرزا شاھ خوجىنىڭ ھەمىشە جىلمىيىپ تۇرىدىغان جاغال كۆزلىرى شۇ تاپتا شەھۋەت كۈچىدىن پولتىيىپ كەتكەن، چىرايى دىغىرقاپ كەتكەن بۇقىدەك ئەسەبىيلەشكەنىدى.

ئىسەن بۇقا دەسلەپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ

كۆز ئالدىدا ھايۋانىي قىياپەتتە تۇرغان بۇ ئادەم ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭغىمۇ بىر مەزگىل شەرىئەتتىن، تەرىقەتتىن ۋە دىيانەتتىن دەرس بەرگەن ئۇستاز، ئاپاق خوجا دەرگاھىدا نامى بار شائىر ئىدى. بۇگۈن ئۇنىڭ قۇزغۇندەك چاڭگىلىدا ئىگراپ ياتقان بۇ بالىمۇ نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن ئۇنىڭ قولىدا تەربىيە ئېلىۋاتقان مەسۇمە شاگىرت ئىدى.

ـــ ھەي، قايسىڭسەن؟ دەرھال ئىشكنى ياپ بەچچىغەر!

مىرزا شاھ خوجىنىڭ خامۇشلۇقتا ئېيتقان بۇ سۆزى ئىسەن بۇقىنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئېتىلىپ بېرىپ، مىرزا شاھ خوجىنى راسا بىر ئەدەپلەپ قويۇشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن يەنە تۇرۇپلا نىيىتىدىن يانىدى. بۇنداق ناپاك ئادەملەر بىلەن ھەپىلىشىپ، ئۆزىنىڭ پۇت ـ قولىنىمۇ پاسكىنا قىلىۋېلىشنى خالىمىدى، پەقەت ھۇجرا ئىچىگە قارىتىپ «تۇفى!» دەپ بىرنى تۈكۈرۈپلا ئارقىغا ياندى. ئۇنىڭ بۇ تۈكۈرۈكىگە بارلىق غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن تىل ـ ئاھانىتى سىڭگەنىدى. ئۇ خانىقادىن ھېچكىمگە قارىماي، شىددەت بىلەن مېڭىپ چىقتى. بۇرۇن كۆزىگە شۇنداق ئىسسىق، يۈرىكىگە يېقىن تۇيۇلىدىغان بۇ زىكىر ـ ساما سورۇنى ھازىر ئۇنىڭغا شۇنداق سوغۇق ۋە يىرگىنچلىك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى...

شۇ كېچە ئىسەن بۇقا زادىلا ئۇخلىيالمىدى. خىياللار، ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىگە قادالغان پىچاقتەك، بىر ـ بىرىدىن بەتتەر ئازابلايتتى.

خانىقادا كۆرگەن ھېلىقى ئېچىنىشلىق ئىش ـــ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن ياش بىر ئوغۇلنىڭ پايمال قىلىنغان ھاياتى... تېخى ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان ئايتۇلۇننىڭ پاجىئەلىك قىسمىتى... كۆيدۈرۈلگەن مەدرىسە... تىرىك تۇرغۇزۇپ يۈرىكى سۇغۇرۇۋېلىنغان ئادەملەرنىڭ نالىسى... ھاجى قۇتلۇق مەۋلىۋى، بايىز مۇقامدەك ئەھلى ئىلىم، ئەھلى سەنئەت ئەللامىلىرىنىڭ مەردانە ئۆلۈمى... يەنە قانداق

تۈر، قوزۇقتا ئولتۇرغۇزۇلغان، پالتىدا چېپىلغان، زىندانلاردا چىرىپ كەتكەن ئونلىغان، يۈزلىگەن سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ قان ـ ياشلىق كەچمىشى... هايات تۇرۇپ ئاتا ـ ئانا، بالا ـ چاقا ۋە ئەل ـ يۇرتىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلغان مىڭلىغان «غالچا يىگىت»، «غالچا چوكان» لارنىڭ سۈرگۈنلۈك، قۇللۇق هاياتى...

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسەن بۇقىنىڭ كۆز ئۆڭىدە، خىيال ئېكرانىدا بىرمۇبىر گەۋدىلىنەتتى، جانلىناتتى ۋە ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىق، ئۆكۈنۈشلۈك خىياللارغا سېلىپ، بۇ ئىشلارنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يېتىشكە ئۈندەيتتى...

«تووۋا!... ئادەم دېگەننىڭ چىرايىغا، ئاغزىدىكى گېپىگە قاراپ، ياخشى ـ يامانلىقىنى ئايرىغىلى بولمايدىكەن ـ دە؟! ئۆزلىرىنى پىر ـ ئەۋلىيا، تەرىقەت پېشۋاسى دەپ كۆككە كۆتۈرىدىغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ يۈزىدىكى ئۇلۇغۋارلىق، يۇرۇش ـ تۇرۇشىدىكى ئاشۇ سىلىق ـ سىپايە سالاپەت، گەپ ـ سۆزلىرىدىكى ئاشۇ مۇلايىم، ئالىيجانابلىقلار، توختىماي ئېقىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا ھېسابىدىن يېتىم ـ يېسىرلارغا ئاش بېرىپ، ئەل كۆڭلىنى ئوۋلاشلار بەئەينى چىرايلىق چۈمپەردە ئىچىگە ئورۇنۇۋالغان ئالۋاستىنىڭ كۆز بويامچىلىقى، ھىيلە ـ نەيرىڭى ئىكەن ئەمەسمۇ؟! سەن بۇلارنى نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق ھېس قىلمىدىڭ، ئىسەن! خانىقا ـ مەسچىتلەردە كېچە ـ كېچىلەپ قىلىدىغان تىلاۋەتلەر، تائەت ـ ئىبادەتلەر، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئوقۇشلار، تەسۋى ـ تەكبىرلەر ساددا خەلقنىڭ كۆزىنى باغلايدىغان، نەزىرىنى چالغىتىدىغان ئەپسۇنكەشلىك ئىكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق سەزمىدىڭ، قاپاق باش؟! بىر ـ بىرىدىن ئۇلۇغ بۇ پىر ـ ئەۋلىيالارنىڭ ئارقىسىدا يۇرۇپ زادى نېمە تاپتىڭ، ناتىۋان بەندە؟!... ھە، ئەمدى بىلدىم، كىمنىڭ نىيىتى ئالا، ئىچىدە جىن بولسا، شۇ خۇدانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ھە دېسىلا قۇرئان كەرىمنى شىپى كەلتۈرىدىكەن!...»

ئىسمەن بۇقا مانا شۇنداق ھەسرەتلىك خىيال دەريالىرىدا تىنماي ئۈزۈپ، خۇددى چەكسىز ئورمانلىققا كىرىپ قېلىپ، يول تاپالماي تېنەپ قالغان يېگانە ئادەمدەك سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۆز ئايلىرىنىڭ بىرىدە، ئاپاق خوجىنىڭ يېڭى پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدى. پەرماندا، ئۇنىڭ دەرھال ئىشقۇل بازىرىدا ئۇلغىيىۋاتقان خەلق توپىلىڭىنى باستۇرۇشقا بېرىشى ئۇقتۇرۇلغانىدى.

ئاپاق خوجا ئاشۇ قېتىم دوستمۇھەممەدنى ئۇجۇقتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماي كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىسمەن بۇقىدىن خېلىلا خاپا ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ساداقىتىدىن، ئىخلاسىدىن شەك-لەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇ قېتىمقى ۋەزىپىگە تۇتقان سۇسلۇقىدىن ۋە كېيىنكى بىغەم ـ بىخەستە ھالىتىدىن كۆڭلىدە قاتتىق رەنجىگەنىدى. شۇڭا، ئۇنى بۇ قېتىم ئوبدانىراق سەگىتىش ۋە چۆچۈتۈش، ئەگەر ھايات قالسا، قانلىق ئۇرۇشتىن ئىبرەت ئالغۇزۇش ئۈچۈن، ئالا-ھىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى.

ئىسمەن بۇقا ئاپاق خوجىنىڭ بۇ يارلىقىدىن خۇشال بولدى. ئۇ چەكسىزلىككە سوزۇلغان بۇ ھايات سەپىرىدە، تۈگىمەس غەم ـ ئەندىشە ۋە ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرگەندىن كۆرە، مۇشۇنداق بىر مەردلىك مەيدانىدا جاننى دوغا تىكىپ، يا ئۆياق، يا بۇياق بولۇشنى ئەۋزەل كۆردى. قىسقىسى، ئۇ ھاياتتىن بەزگەن، جاندىن تويغانىدى.

ئۇ ھازىر ئۆز جېنىنىڭ ئىنچىكە يىپ بىلەن مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆڭلىدە ـ كۆڭگە ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. ئەگەر بۇ يىپ ئۈزۈلسە، ئۇ ئاشۇ مۇئەللەقتىن ئۆلۈمنىڭ سوغۇق، قاراڭغۇ قەرىگە غۇلاپ چۈشۈپ، بۇ سىرلىق، ۋاپاسىز دۇنيانىڭ تۈگىمەس غوۋغالىرى بىلەن ئەبەدىي خوشلىشاتتى. ئەگەر بۇ يىپ ئۈزۈلمەي، ئۇ ئاشۇ مۇئەللەقتە شۇ پېتى تۇرىۋەرسە، ئۇنىڭ ياشلىقى، ئۆمرى ۋە بار-لىقى ئاشۇ پىر ـ ئۇستاز دەپ ئاتالغان ئادەملەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ــــ

مەھكۇملۇقتا ئۆتەتتى، ئۆز ھاياتىدىن ئۆزىگە تەۋە ھېچ نەرسە بولمايت-تى. ئاتا ـ ئانا مېھرى، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئىنسانىي بېرىش ـ كې-لىش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەش، يۇرت كۆرۈپ ئەل كېزىش دېگەن-لەر ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ئەقلىگە كەل-گەندىن بۇيان، ئاپاق خوجا بىلەن ئۇنىڭ خاس مۇخلىسلىرىنىڭ قو-لىدىكى ئىتائەتمەن چوماق بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇلار ئۇنى خالىغانچە ئايلاندۇرۇپ، پىرقىرىتىپ يۇرەتتى.

ئەمدىلىكتە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى سەل ـ پەل چۈشىنىپ، ھايات يولىدا ئاداشقان، ئازغان ۋە قۇيۇندا قالغان ناتىۋان بىر يولۇچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، بۇ تەتۈر قۇيۇن ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، مۇئەللەقتە توختىتىپ قويدى. ئۇ ئىككى ئوتنىڭ، ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغانىدى. يۇقىرىغا قارىسا، ئۇنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرى، ۋىجدانى، پاك دىيانىتى ئۇنى ئەرشكە چاقىرىپ، ئۇنى ئادەمدەك ياشاشقا ئۈندەيتتى؛ تۆۋەنگە قارىسا، ئۇنى ئۆز پەنجىگە ئۆگىتىۋالغان ھېلىقى ئادەملەر دەرگاھىغا چاقىرىپ، ئۇنى خۇددى لاتا قونچاقتەك، داۋاملىق ئۆزلىرى خالىغان پەدىگە دەسسىتىپ ئويىنىتىش ئۈچۈن، سېھرىگەرلىك قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى...

شۇڭا ئۇ، ئۆزىنى ئوخشاشلا ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئۆكۈنۈش، تەڭلىك ۋە خورلۇق زەنجىرى بىلەن بوغۇپ تۇرغان بۇ مۇئەللەقتىن ئۈزۈپ، ئۆلۈمنىڭ زۇلمەت ئۆڭكۈرىگە غۇلاپ، پانىي دۇنيانىڭ ئىنسان قەلبىنى ئازابلايدىغان پايانى يوق قىسمەتلىرىدىن بىر يولىلا قۇتۇلۇشنى ئەۋزەل كۆردى...

## 4

جۇڭغار ئىشغالىيەتچىلىرى بىلەن پىچاقچى سوپىلاردىن تەشكىل-لەنگەن بەش يۈز كىشىلىك قوشۇن ئىشقۇل بازىرىغا كېلىپلا كۇچلۇك

بۆكتۇرمىگە دۇچ كەلدى. ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەم ئۆلۈپ - يارىلىنىپ، تالاپەت ئېغىر بولدى.

ئىككىنچى قېتىملىق يۈزمۇيۈز ئېلىشىش ئىشقول بازىرىنىڭ سىرتىدىكى ئايدالىدا يۈز بەردى. شىددەتلىك ئېلىشىش باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن پىچاقچى سوپىلار مەغدەپ قالدى، ھەتتا بەزىلىرى ئالاقزادە بولۇپ، جەڭ قايىنىمىغا ئات سېلىپ كىرەلمىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارشىسىدىكى رەقىبلەر بۇرۇنقىدەك بىرلا ھەيۋە بىلەن تىكئۆرۈيدىغان ئاددىي پۇقرا ئەمەس، بەلكى ئات ئۈستىدىكى ماھارىتى، ئۇرۇش سەنئىتى، جەڭگىۋارلىقى خېلىلا ۋايىغا يەتكەن ياش، چەبدەس چەۋەندازلار ئىدى. ئۇلار ئۆز رەقىبلىرى ئۈستىگە كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ، قولىدىكى قىلىچ، توقماقلىرىنى شىددەت بىلەن ئوينىتىپ، بەئەينى قارا بوراندەك بېسىپ كېلەتتى ۋە جان تىكىپ ئېلىشاتتى. بۇنداق ھۇجۇمغا خام نەشتىنى تولا چېكىپ، يۈرەكسىز، قورقۇنچاق بولۇپ كەتكەن پىچاقچى سوپى - دەرۋىشلەرلا ئەمەس، ھەتتا مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن، رەھىمسىز جۇڭغار لەشكەرلىرىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي تەمتىرەپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، پەقەت بېشىدىكى يالتىراپ تۇرغان دۇبۇلغىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان، دىۋىدەك ھەيۋەتلىك ئىسەن بۇقىلا ھەرقانداق ئۇر - يىقىتقا پىسەنت قىلماي، رەقىبلىرىنى ۋەھىمىگە سالاتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئادەم قورققۇدەك ھالەتتە ئىدى. ئىككى تانابى لىپىلداپ، ئاق سېرىق يۈزى قىپقىزىل بولۇپ، قان تولغان ئىككى كۆزىدىن ۋەيران قىلغۇچى بىر خىل نۇر چاقناپ تۇراتتى، ئۇ قولىدىكى ئۇزۇن ھەم كەڭ قىلىچنى بىر ئۇيان - بىر بۇيان شىلتىپ يېنىغا ئادەم يولاتمايتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قەھر - غەزىپى بىلەن باتۇر - جەسۇرلۇقىغا ھېچقانداق رەقىب تەڭ كېلەلەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئادەملەرگە بولغان گۇمان، ناقايىللىق ۋە ھاياتقا بولغان چۇشكۇن ئۈمىدسىزلىك — ئىسەن بۇقىنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەنە شۇنداق بىر خىل

تەلۋە، تۇرگۇن كۈچ پەيدا قىلغانىدى.

ئۇ ئۆلۈم ئىزدەپ ئېلىشىپ يۈرۈپ ئاخىر يارىلاندى. چېپار ئېتىغىمۇ قىلىچ، ئوقيا تېگىپ يىقىلدى. ئۇ ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئاستىدا دەسسىـ لىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ناھايىتى تەستە ئۆمىلەپ، سۆرىلىپ يۈرۈپ، يوغان بىر دەرەخكە يۆلىنىۋالدى. شۇ ئەسنادا، كەينىدىن بىرسى كېلىپ ئۇنىڭ كانىيىدىن قاتتىق بوغۇۋالدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن چىققان ئىسسىق تىنىق ئىسەن بۇقىنىڭ بوينىغا تېگىپ تۇراتتى. قاردـ غاندا، رەقىبى قورالسىز، ئىسەن بۇقىنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش نىيىدـ تىدە ئىدى. شۇڭا، ئۇ پەملەپ تۇرۇپ، يېنىدىكى خەنجىرىنى سۇـ غۇردى ـ دە، رەقىبىنىڭ بېشىغا ئارقىچىلاپ خەنجەر ئۇردى. رەقىبى «ۋاي» دەپ قاتتىق بىر سىلكىنىدى ۋە سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپ ئۆز سالمىقى بىلەن ئىسەن بۇقىنىمۇ يىقىتىۋەتتى. بىر چاغدا، ئىسەن بۇقا ئېغىرلاشقان بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ، قان تولغان ھارغىن كۆزلىرى بىلەن ئالدىغا قارىۋىدى، غۇۋالاشقان كۆز ئالدىدا، ئۇزۇن يالىلىق تىوـ رۇق ئاتنىڭ بېشى، پارقىراپ تۇرغان قىلىچ، قاپقارا يوغان كۆز، سۈرـ لۈك تەلەت بىر ئادەمنىڭ تونۇش چىرايى نامايان بولدى. ئىسەن بۇقا دەرھال ھوشىنى يىغدى ۋە كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ھېلىقى تونۇش چىرايغا يېگىۋاشتىن سەپسالدى. دەرۋەقە، ئۇ خاتا تونۇمىغانىدى. ئۇـ نىڭدىن ئىككى چامدام نېرىدا، قىلىچىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم تۇتۇپ، كۆزلىرىدىن ھەم غەزەپ ئۇچقۇنى، ھەم دوستلۇق، ھېسداشلىق مېھرىـ نى تەڭ چاچرىتىپ تۇرغان دوستمۇھەممەد مەغرۇر، مەردانە ھالەتتە تۇراتتى. ئۇ ئىسەن بۇقىغا ئۇزاق تىكىلدى، ئۇنىڭ بۇنداق ئۆتكۈر تىدـ كىلىشىدە ـــ چوڭقۇر ئۆچ ـ ئاداۋەت بىلەن بىللە دوستانە ئەپۇچانلىق تەڭ مەۋجۇت ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئىسەن بۇقىنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كېلىپ، بوينىغا بىرلا قىلىچ ئۇرۇش بىلەن بۇگۇن بۇ جەڭدە ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەن ۋە يارىلانغان سەپداشلىرىنىڭ قىساس ـ ئىنتىقامىنى ئېلىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، بەلكى

ئىسەن بۇقىغا: «ئامان بول، ئىسەن سوپىم!» دەپلا ئىتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، باشقا ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چېپىپ كەتتى.

ئىسەن بۇقا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاتتىق ۋارقىرىدى: «دوستمۇھەممەد ئاكا، نېمە ئۈچۈن جېنىمنى ئالمايسەن، مېنى ئۆلتۈرۈۋەت! ئۆلتۈرۈۋەت! مەن بۇ جاندىن تويدۇم!...»

لېكىن، دوستمۇھەممەد ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى، ئىسەن بۇقىنىڭ قۇلىقىدا ئۇنىڭ ئىتىنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازىلا قالدى.

جەڭ مەيدانى ئاستا ــ ئاستا تىنچىپ قالدى. ئىسەن بۇقىنىڭ ساداق ئوقى تەگكەن، قىلىچ كەسكەن يەرلىرىدىن توختىماي قان ئېقىپ، ئۇنى بارغانسېرى ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرقانچە ئىگىسىز قالغان يايلاق ئاتلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئىسەن بۇقىغا جاھان توساتتىن تىمتاس بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى، ئۇنىڭ سېزىمى بارغانسېرى غۇۋالىشىپ، ئەتراپ پۈتۈنلەي ئوت دېڭىزىغا ئايلانغاندەك، ئۆزى ئاشۇ ئوت ئىچىدە تولغىنىپ كۆيۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى...

ئايدالىدا مۆكۈنۈپ ياتقان ئۆلۈكلەر سايىنىڭ تېشىدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇرۇش بولغان مەيداننىڭ يۈزى ئوي ــ چوڭقۇر، چاڭ ــ توزان، قان ــ يىرىڭ ئىدى. ئۇ يەر ــ بۇ يەردىن تېخى جان تەسلىم قىلمىغان ياردارلارنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازلىرى بىلەن ناكار بولغان ئاتلارنىڭ ئازابلىق كىشنەشلىرى ئاڭلىنىپ كىشىگە گويا، بۇ مۇقەددەس ئانا تۇپراق بىردىنلا جانلانغاندەك، شۇ جانلىنىش ئىچىدە، قانغا بويالغان بۇ دالىدىكى قۇربان بولغان ئوغۇللىرىغا ھازا ئېچىپ، داد ــ پەرياد قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

جەڭ بولغان مەيداننىڭ چەت ــ چۆرىلىرىدە، قان بىلەن ژىن ھەدىنى يۇرىغان ئىتلارنىڭ بىردىنلا كېلىشكە پېتىنالماي، ئەتراپنى ئەگىپ يۈرگەن شەپىلىرى ئاڭلىناتتى. كۆك ئاسمان بىلەن يەر يۈزىنى قاپلاپ كەتكەن قاغا ــ قۇزغۇنلارمۇ كەڭ دالىنى بېشىغا كىيىپ، بىخەسشقا

باشلىغان جەسەتلەر ئۈستىدە بەزمە قۇرۇشماقتا ئىدى.

كەچ كىردى، ئەتراپنى قويۇق قاراڭغۇلۇق قاپلىدى، تىنىق ئاسماندا يۇلتۇزلار غۇنچىسى بەس - بەستە ئېچىلىشقا باشلىدى، ھىلال ئايمۇ بىر چەتتىن ئەگىم قاشلىرىنى سوزۇپ يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

ئىسەن بۇقا ئورنىدىن تۇرۇشقا خېلى ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، ئىككى پۇتىنى ئاتنىڭ ئۆلۈكى بېسىپ تۇرغاچقا زادىلا تۇرالمىدى. ئۇنىڭ بىر قولىمۇ قانداقتۇر ئېغىر بىر نېمىنىڭ ئاستىدا ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىچە ھايات ئىكەنلىكىنى، شۇنچە دەھشەتلىك ئۇر - يىقىت ۋە قانلىق قىرغىن ئىچىدىمۇ ھايات قالغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق ئەپسۇسلاندى. ئۇ ئاللاغا شۇنچە يېلىنىپ، ئۆزىگە ئۆلۈم تىلىمىگەنمىدى! ئاللا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلماي، نېمىشقا ئۇنى يەنە ھايات قالدۇرغاندۇ ؟! بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ يەنە قانداق كۆرگۈلۈكلىرى باردۇر ؟! لېكىن ئۇ ھەممىنى كۆرۈپ، بىلىپ، بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويغان ئەمەسمىدى ؟! ئاھ خۇدا، بۇ زادى نېمە قىسمەت ؟! ئادەم ئۆلىمەن دەپ ئۆلۈۋالغىلى بولمايدىكەن - دە!...

ئۇ نۇرغۇن جەسەتنىڭ ئارىسىدا ياتاتتى، كىم بىلىدۇ، ئۇزۇنغا قالماي ئۇنىڭغىمۇ نۆۋەت كېلىپ قالامدۇ تېخى... «ياپىرىم، مەن نەلەردە ياتىدىغاندىمەن، مەن جەڭ مەيدانىدا يىقىلغان ئىدىمغۇ، ئەگەر بۇ يەر جەڭ مەيدانى بولسا، ھازىر نېمىشقا بۇنداق جىمجىت...»

ئۇ ئاشۇنداق خىياللار بىلەن كۆزىنى تەستە ئېچىپ ئاسمانغا قارىۋىدى، كۆزىگە ئاسماندا پارقىراپ، جىمىرلاپ تۇرغان ئاي بىلەن يۇلتۇزلار كۆرۈندى.

شۇ چاغدا، تەبىئەت تەرىپىدىن قايتا بېرىلگەن بۇ ھاياتلىق تۇيغۇسى يەنە تۇرۇپلا ئۇنىڭغا باشقىچە شېرىن بىلىنگەندەك بولدى. ئۇ گويا ھاياتنىڭ قەدرىنى ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ تاپقاندەك ئىدى.

ئۇ باش - كۆزىدىكى يارا ئاغرىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاسماندا ئۈزۈپ

يۇرگەن ھىلال ئايغا، ئۇنىڭ ئەتراپىدا جۇلالىنىپ تۇرغان سانسىز
يۇلتۇزلارغا باشقىدىن قاراپ، تەبىئەت ئالىمىنىڭ بۇ گۈزەل كۆرۈنۈش-
لىرىدىن ھۇزۇرلاندى ۋە جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئۈز
يۇلتۇزىنى تاپماقچى بولغاندەك، قان تولغان ھارغىن كۆزلىرىنى بىپايان
بوشلۇقنىڭ كۆز يەتكۈسىز يىراق جايلىرىغىچە تىكتى.

شۇ چاغدا، ئىسەن بۇقىنىڭ كۆزىگە خۇددى ئاسماندىكى يۇل-
تۇزلاردىن بىرى ئېقىپ چۈشكەندەك، ئۆزىگە يېقىنلا بىر يەردە بىر
نەرسىنىڭ پىلىلدىغان يورۇقى كۆرۈندى. ئۇ دەسلەپ بۇنى جەڭدە
شېھىت بولغانلارنىڭ روھ ـ ئەرۋاھى ئىشارەت قىلىۋاتقان ئېزىتقۇ نۇر
دەپ بىلگەندى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي، بۇ نۇر بارغانسېرى يوغىناپ،
تېخىمۇ يورۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا باشلىدى ۋە بىرىنىڭ زەئىپ،
مىسكىن ئاۋازدا: «ئوغلۇم سايدات، نەدىسەن...» دېگەن ئاۋازى
ئاڭلاندى. ئىسەن بۇقا شۇندىلا، بۇ نۇرنىڭ جەڭدىن كېيىن ئوغلىنى
ئىزدەپ چىققان قايسىبىر ئاتا قولىدىكى قارا چىراغنىڭ نۇرى ئىكەنلى-
كىنى بىلدى.

چىراغ يورۇقى بىلەن بىللە سەل ـ پەل مۈكچەيگەن بىر قارا كۆ-
لەڭگە ئىسەن بۇقىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە چىراغنى ئۇنىڭ قارىقى مە-
دىرلاپ تۇرغان ئوچۇق كۆزلىرىگە يېقىن تۇتۇپ: «خۇداغا شۈكۈر،
بۇ بىرسى تېخى ھايات ئىكەن» دەپ ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ئاۋايلاپ
بوشاتتى ۋە بېشىدىن ئاستا كۆتۈرۈپ ئۆرىدىدى. شۇ چاغدىلا ئىسەن
بۇقا تاتلىق بىر ئەندىكىش ئىچىدە كۆزلىرىنى بۇ بوۋاينىڭ نۇرانە يۈز-
لىرىگە تىكتى. بوۋاينىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغاندەك كۆ-
رۈنسىمۇ، لېكىن ئەمگەكتە، جاپادا پىشقان تېنى تېخى مادارىدىن كەت-
مىگەن، بېجىرىم ۋە تېتىك ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە راستتىنلا قوزغىلاڭ-
چىلارغا قېتىلىپ كەتكەن سايدات ئىسىملىك نەۋقىران ئوغلىنى ئىزدەپ
چىققانىدى. لېكىن، بۇ يەردە ئوغلىنىڭ تىرىكىمۇ ـ ئۆلۈكىمۇ يوق ئى-
دى. لېكىن، ئۇ ناتونۇش بولسىمۇ، ئىسەن بۇقىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلى-

قىدىن خۇشال ئىدى...

*　　　*　　　*

بوۋاي بۇرۇن پۈتكۈل ئىشقۇل بازىرىدا نامى بار كارۋان بېشى ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى ھازىرمۇ «نىياز كارۋان» دەپ ئاتايتتى.

ئىسەن بۇقا نىياز كارۋاننىڭ ئۆيىدە ھەپتە تۇردى. بوۋاي ئۇنىڭ يارىلىرىنى كۆكۈل قويۇپ داۋالىدى، كەكلىك، قىرغاۋۇل گۆشلىرى بىلەن پەرۋىش قىلىپ باقتى.

— ئىشقۇل بازىرىدىكىلەر داداڭ يۇنۇس ئاخۇننى ئوبدان بىلىدۇ، ئوغلۇم، — دېدى نىياز كارۋان بىر كۈنى ئىسەن بۇقا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، — بۇ يەردىكى كاتتا، ئېسىل ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ قولى بار، پاكىز دىل ئەينەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا ھەر قانداق نەرسە ئۆز ئەكسىنى تاپىدۇ. داداڭ رەھمەتلىك ئەنە شۇنداق دىلى پاكىز، ئۆمرى كىشىلەرگە پايدىلىق ئىش قىلىپ ئۆتكەن، مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم ئىدى. مەن سېنى داداڭنىڭ يۈزىدىن قۇتقۇزدۇم، ھايانغا قالغان كېيىنكى ئۆمرۈڭدە داداڭنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىنى يەردە قويما، ئوغلۇم...

— راست تاغا، مەن دادامنى دورىيالمىدىم، — دېدى ئىسەن بۇقا دىلى ئۆكسۈگەن، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا، — ئەمدى ئەقلىمنى تېپىپ، ئۇنى رازى قىلاي دېگەندە، دادام مېنى تاشلاپ كەتتى. بەك بالدۇر تاشلاپ كەتتى، ئەگەر ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ئاشۇ يول قاراقچىلىرىنى تېپىۋالسام، بۇردا ـ بۇردا قىلىۋېتەتتىم...

— نېمە...، نېمە دېدىڭ ئوغلۇم؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى نىياز كارۋان ئىسەن بۇقىنىڭ كۆزىگە قاراپ، — يول قاراقچىلىرى دېدىڭما؟

— ھەئە، يول قاراقچىلىرى، — دېدى ئىسەن بۇقا پەرۋاسىزلا، —

دادامنى ئاشۇلار ئۆلتۈرۈپ بولاپ كەتكەن...
— بۇنى ساڭا كىم دېدى؟ — ئەزۋەيلەپ سورىدى نىياز كارۋان.
— خان ھەزرىتى ئاپاق خوجا ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى، — دەپ ئاپاق خوجىنىڭ ئېيتقانلىرىنى قىسقىچە چۈشەندۈردى ئىسەن بۇقا، — قەشقەردىكى ھېلىقى «مازارى شاھان» گۈمبىزى پۈتۈپ، يەھيا خوجا دادامغا نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام بېرىپتىكەن، قاراقچىلار بۇنى بىلىپ قېلىپ، ياركەنتكە كەلگۈچە ئارىلىقتىكى چۆلدە دادامنى ئۆلتۈرۈپ بولاپ كېتىپتۇ...
— بۇ گەپنى ئاشۇ ئاپاق خوجا ساڭا ئۆز ئاغزى بىلەن دېدىما؟ — چىرايى ئۆڭۈپ سورىدى نىياز كارۋان.
— شۇنداق، ئۆز ئاغزى بىلەن دېدى...
— ھۇ... يالغانچى، كاززاپ! ... — نىياز كارۋان بىردىنلا ئاچچىقلاپ كايىپ كەتتى، — ئاشۇنداق يالغان گەپ قىلغان ئاغزىڭغا ھونناق چىقىپ ئۆلەرسەن، ئىلاھىم!
ئىسەن بۇقا تېڭىرقاپ قالدى، دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي، نىياز كارۋاننىڭ ئاغزىغا قارىغىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.
— تاغا، ئۇنداقتا بۇ ئىشتىن سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بارما؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاخىر سەل - پەل ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ.
— شۇنداق، مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار، — دېدى نىياز كارۋان بىر ئاز بېسىقىپ چۈشۈپ، — داداڭنى قانداقتۇر يول قاراقچىلىرى ئەمەس، ئاشۇ يالغانچى، كاززاپلارنىڭ دەل ئۆزى ئۆلتۈرگەن.
— نېمە، نېمە دېدىڭىز، تاغا؟! — دەپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ئىسەن بۇقا.
— ئالدىرىما، مەن ساڭا ئېيتىپ بېرەي، — نىياز كارۋان ئىسەن بۇقىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئەسلىي ئىش مۇنداق: سەن دېگەن ھېلىقى «مازارى شاھان» قۇرۇلۇشىغا ياركەنتتىن داداڭنى، تۇرپاندىن سالىم،

سەلىم ئىسسىلىك ئىككى نەققاش ئۇستىسىنى ئالدۇرۇپ ئىشقا سالغان. ئىش پۈتكەندىن كېيىن، ئاپاق خوجا مەخپىي يارلىق چۈشۈرۈپ، بۇ ئۈچەيلەننى بىر كېچىدىلا، مەخسۇس جاللاتلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن. سەۋەبى، ئاشۇ ئۇستىلارنىڭ قولى بىلەن بۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە، ئاشۇنداق گۈزەل، نەقىشلىق گۈمبەزدىن يەنە بىرىنىڭ ياسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھۈنىرى بىلەن قوشۇپ بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈككە غايىب قىلىۋەتكەن! لېكىن، بىگىزنىڭ قاپتا ياتقىنى نەدە بار، ئوغلۇم. بۇ دۇنيادا شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق. ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن جاللاتلارنىڭ بىرسى دەل بىزنىڭ ئىشقۇل بازىرىدىن مازار قۇرۇلۇشىغا ھاشارغا بارغان بىرسىنىڭ ئاغىنىسى ئىكەن، ئۇلار بىر قېتىم بىللە كۆكنار ئىچىپ پاراڭلاشقاندا، كەيپچىلىكتە بۇ گەپلەرنى ئېيتىپ ساپتۇ. مەنمۇ بۇنى تېخى يېقىندىلا ئاڭلىدىم...

ئىسەن بۇقىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، يۈرىكىنى بىرى سوغۇق قول بىلەن مۇجۇپ تولغاپ ئويناۋاتقاندەك، ئازابلىنىپ ئىڭراپ كەتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر بېسىپ، بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدى...

— قارا ئۇ بەتنىيەت، نائىنساپلارنى، ئۇلارنىڭ جاجىسىنى بەندە ئاجىزلىق قىلغان بىلەن، ئاللا ئۆزى ئالىدۇ!

ئىسەن بۇقا بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت، ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى، گويا روھى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك، ھەرىكەتسىز، ئىپادىسىز ئىدى...

## ئونىنچى باب

# ئۆلۈمسىز ھالاكەت

### 1

ئىسەن بۇقا ئون كۈن بولدى دېگەندە، نىياز كارۋان بىلەن خوشلىشىپ، ئىشقۇلدىن قايتىپ كەلدى.

چاچلىرىغا بىمەھەل ئاق كىرگەن جاپاكەش ئانىسى كۆز يېشى ئىچىدە قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالدى ۋە ئۇزۇندىن بېرى يىغلىپ قالغان نۇرغۇن يۇرەك سۆزلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. لېكىن، ئىسەن بۇقا ئانىسىنىڭ ئەنبەر گۈلىدەك يېقىملىق ھىدىنى تويۇپ - تويۇپ پۇرىغاندىن باشقا، ئېغىز ئېچىپ بىر نەرسە دېمىدى. ئۇ كەم سۆز، خامۇش ھەم ھارغىن ئىدى. ئانا ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى بۇنداق سولغۇنلۇق بىلەن غەلىتىلىكنى راستتىنلا ھارغىنلىقتا جوراپ، ئۆزىگە - ئۆزى تەسەللى بەردى ۋە ئوغلىنى ئارام ئېلىشقا ئۈندەپ، ئۆزى ھاردۇق ئېشى ئېتىنىشكە تۇتۇندى.

ئىسەن بۇقا ئەتىسى ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىپ، ساق بىر ھەپتىگىچە بوسۇغا ئاتلىمىدى، دادىسىنىڭ قاتىلى ئۆزىنىڭ پىر - ئۇستازى — ئاشۇ كاتتا ئىشان ئاپاق خوجا ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا پۈتۈن ئالەم زۇلمەت بېسىپ، زىلزىلە ئىچىدە قالغاندەك، يەر ۋە ئاسمان چايقىلىپ، تارام - تارام يېرىلىپ كەتكەندەك، ئۆزى تۇرغان ئۆينىڭ قېلىن تام - تورۇسلىرىمۇ غۇلاپ چۈ-

شۇپ، قىيامەت بولىدىغاندەك، سۇرلۇك، ۋەھىمىلىك تۇيۇلۇپ كەتـ ـكەنىدى.

بىر ھەپتىدىن بېرى، ئۇ ئۆزىنى قىيناۋاتقان ئاچچىق خىياللاردىن قۇتۇلۇش ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن، بىردەم قۇرئان قىرائەت قىلاتتى، بىردەم ھاياتىدا ئۆتكەن گۈزەل خاتىرىلەرنى ئەسلەپ، شۇنىڭ بىلەن غەمكىن كۆڭلىنى ئاۋۇتماقچى بولاتتى، يەنە بىردەم ھەر خىل تارىخ، ئەدەبىيات ۋە دىۋانلارنى ۋاراقلاپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نېمە ـ نىدۇر ئىزدىمەكچى بولاتتى. بۇ كىتابلارنىڭ ئارىسىدا، ئاياز شىكەسـ ـتىنىڭ[1] «جاھاننامە» داستانى، مۇھەممەد بىننى خاراباتىنىڭ «كۇللىيات مەسنەۋى خاراباتى» غەزەللىرى ۋە يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ «دىۋان قىدىرى» ناملىق ئەسەرلىرى بار ئىدى. لېكىن، قۇرئاننىڭ سۇرە ـ ئايەتلىرى ئۇنىڭ زېھنىگە چۈشمەيتتى، گۈزەل خاتىرىلەر بولسا، ھامان بۇلۇت ئارىسىدىن يالت قىلىپ كۆرۈنگەن قۇياش نۇرىدەك پاللىدە بىر يورۇيتتى ـ يۇ، يەنە شۇ ھامان غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى زۇلمەت باسقان قاراڭغۇلۇق ۋە نالە ـ پەريادلارغا تولغان پاجىئەلەر ئىگىلەپ كېتەتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئۆزىنى زورلاپ ئولتۇرغىنىغا خېلى ۋاقىت بولدى. بىر چاغدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، مېھراب شەكىللىك روجەككە بىر پەس قارىغاندىن كېيىن، رەھىل[2] ئۈستىدە ئېچىقلىق تۇرغان قۇرئانغا قاراپ يەنە قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى بەكلا ناخۇش، روھى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەيتتى، ئىختىيارسىز كۆزلىرىدىن ئەلەملىك ياشلىرى تۆكۈلەتتى، لېكىن جىمجىتلىقنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا بېسىپ ئولتۇراتتى.

---

① ئاياز شىكەستە ـــ تارىخچى، شائىر مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى.

② رەھىل ـــ ئۈستىگە كىتاب قويۇلىدىغان، ياغاچتىن ياسالغان، ئېچىلىپ ـ يېپىلىدىغان سايمان.

ئۇ شۇ ھالەتتە چۈشكىچە ئۆزىنى ئاران باستى، چۈشتە ئانىسى ئېتىپ بەرگەن چۆچۈرىدىن بىر پىيالىدەك ئىچىپ سىرتقا چىقتى. ئانىسىمۇ ئۇنىڭ بىر ھەپتىدىن بېرى تەنھا بېكىنىۋالغان يېرىدىن سىرتقا — ھايات قايىنىغان، ئادەملەر تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىدە تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھاياتلىق سورۇنىغا چىققانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ بۇ يەردە يالغۇزلۇقتىن، زېرىكىشتىن، يۈرەكنى مىتە قۇرتىدەك يەيدىغان ئازابلىق ئوي ـ خىياللاردىن خالىي بولالايتتى، ئۆزىنى ئەركىن، يېنىك، خۇشخۇي سېزەلەيتتى.

ئوغلىنىڭ تەقدىرىدىن، سالامەتلىكىدىن بەكلا ئەنسىرەپ قالغان ئانا بۇگۈن ئۇنى ئەنە شۇنداق ئارزۇ ـ ئۈمىدلەر بىلەن دۇئا قىلىپ سىرتقا ئۇزىتىپ قويدى، لېكىن ئىسەن بۇقا ئىشكتىن چىقىپ، بازار، رەستە ـ كوچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئادەم يوق ئارقا يوللار بىلەن ئايلىنىپ، تېخىمۇ ئېغىر جىمجىتلىق، غەمكىنلىك ھەم سۈر باسقان شەھەر قەبرىستانلىقىغا چىقتى. ئۇ خىيالىدا، بۇ يەردىن ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى، توغرىراقى، ئاتىسىنىڭ روھىنى ئىزدىمەكچىدى. لېكىن، ئۇ يېرىم كۈندەك قەبرە ئايلىنىپ، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنىمۇ، قەبرىستانلىق ئۈستىدە كېزىپ يۈرىدىغان روھىنىمۇ تاپالمىدى. بەلكى تېخىمۇ تەنھالىق، غەمكىنلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە پېتىپ كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كىردى.

شۇ كېچىسى ئىسەن بۇقا جۆيلۈپ، ئۆندەرەپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. بۇ يورۇق دۇنيا ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى قانغا چىلىشىپ قالغاندەك قىزىل ۋە خۇنۇك كۆرۈنۈپ، ئۇنى ئەندىكتۈرەتتى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، پۈتۈن بەدىنى ئوت ـ ئاتەش قىزىپ كەتتى، ئۇ شۇ قىزىغانچە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئوت ـ كاۋاپتەك قىزىتما ئىچىدە ياتتى، گويا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈرىكىگە يىغىلغان دەرد ـ ئەلەملەر ۋولقانغا ئايلىنىپ، سىرتقا ئۆرلەپ چىقىۋاتقاندەك ئىدى...

ئانىسى بىچارە ئۈنىڭ باش ـ ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپ، قىلمىغان قىلىقى قالمىدى. لېكىن، ئىسسەن بۇقا كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئۈنىڭغا ھازىر نە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ھۇرىگەن دەمىدىلەر، نە مۇقەددەس سۆزلەر پۈتۈلگەن ئىسرىقلار تەسىر قىلمايتتى.

بىر نەچچە كۈن ئىچىدە، ئۈنىڭ ئىككى قوۋۇزى شىپپىدا چۆكۈپ، قاڭشىرى پىچاقنىڭ بىسىدەك ئۈچلىنىپ چىقتى، كۆزلىرىنىڭ قارىقى كېڭىيىپ خۇنى قاچقانىدى...

## 2

شەھەردە ھايات ئادەتتىكىدەك ئۆز يولى بىلەن كېتىۋاتاتتى. پۇر-سەتنى غەنىيمەت بىلىدىغان جۇڭغار ئەمەلدارلىرى رەستە ـ گۇزەرلەر-دە ئاچ بۆرىلەردەك تىمىسقىلاپ، سودىگەر، تىجارەتچى ۋە دۇكاندارلار-نى خىلمۇخىل ئۇسۇللار بىلەن قاقتى ـ سوقتى قىلاتتى. تەرەپ ـ تەرەپلەردە قاغا ـ قۇزغۇندەك توپ ـ توپ يۈرىدىغان سوپى ـ دەر-ۋىشلەرمۇ مادارىدىن كەتكەن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنى شىلىپ يەيت-تى. قەيەرگە قارىسا، زوراۋانلىق، ھىيلە ـ مىكىر، قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇق دەستىدىن پايمال قىلىنغان تۇرمۇش، خارلانغان ھايات...

يوللاردا — ھارۋىلارغا كۈنجۈت شادىلىرى بىلەن سامان ـ پاخال بېسىۋالغان ھارۋىكەشلەر، قاپ ـ قاپ قوناق ۋە ئارپا ئارتىۋالغان ئات ـ ئېشەكلەر، ھەر خىل ئىشلارنىڭ تەشۋىشلىرى بىلەن قاترىشىپ يۈرگەن ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار، تاي ـ تاي خام سەرگەزلەرنى يۈدۈپ مۈكچىيىپ كەتكەن ھامماللار، چىۋىقلارنى ئات ئېتىپ مىنىپ چېپىشىپ يۈرگەن يېرىم يالىڭاچ ئۇششاق باللار تىنىمسىز ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

بۈگۈن بۇ ئۇششاق باللارنىڭ قاتارىدا، يوغان بىر ئادەمنىڭ قول-دىكى دوناي ھاسىنى ئات قىلىپ، باللارغا ئوخشاش قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ ئويناپ يۈرگەنلىكى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۈنىڭ

قىلىقلىرىدىن كەيپى خۇش، بىغەملىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بالىلاردىن بىرلا پەرقى، ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ، ئەخمەت يەسەۋىنىڭ تۆت مىسرالىق نەزمىسىنىڭ ئىككى مىسراسىنى ناھايىتى چىرايلىق ئاھاڭغا سېلىپ، رىتىم بىلەن ئوقۇپ قوياتتى:

ئەي كۆڭۈل قىلدىڭ گۇناھ، ھەرگىز پۇشايمان بولمىدىڭ،
سوپىمەن دەپ لاپ ئۇرۇپ، تالىبى جانان بولمىدىڭ...

كىشىلەر ئۇنىڭغا قىزىقىپ ئالاھىدە سەپسالاتتى، ئۇ خۇددى كارا- مەتلىك ئەۋلىيالاردەك، سىرىق قار يېغىۋاتقان ئەتىيازنىڭ مۇشۇنداق جۇدۇنلۇق كۈنىدە يالاڭ ئاياغ، يالاڭۋاش ئىدى. كىيىم - كېچەكى جۇل - جۇل، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپايغان، يۈز - كۆزلىرى مەينەت ھەم ئۇششاق - چۈششەك جاراھەت ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ جى- يەكلىرى قىزارغان كۆزىدىن بىر خىل سوغۇق نۇر — قارىغان كىشى- نىڭ نەزىرىنى ۋەيران قىلغۇچى ئۆتكۈر بىر نۇر چاقناپ تۇراتتى.

بىر نەچچە كۈنگە قالماي، كىشىلەر كىچىك بالىدەك قىلىقى بار بۇ ئادەمنىڭ كۈندۈزى خەقلەر بەرگەن بىر بۇردا نان، بىر نەچچە تال گۆلە - قاق ۋە بىرەر قاچا نەزىر ئۇماچلىرى بىلەن جان بېقىپ، كې- چىسى شەھەر قەبرىستانلىقىدىكى ئاغزى ئوچۇق شام گۆرلەردە يېتىپ ئۇخلايدىغان جاھان سارىڭى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. يەنە بەزى دۇكاندار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنىمۇ بىلىپ قالدى:

— بۇ ھېلىقى مەرھۇم يۇنۇس تامچىنىڭ ئوغلى ئىسەن بۇقا ئىكەن ئەمەسمۇ...

— شۇنداقمۇ، ھېلىقى ئىسەن بۇقا، ئىسەن سوپىم دېگەن پالۋان يىگىت شۇمىكەن؟!

— شۇ... دەل ئۆزى شۇ...

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ، ھوش ـ كاللىسى جايىدا، خېلى ئوبدان بالا ئىدىغۇ...

— ئاڭلىساق، ئۇ پىر ـ ئۇستازلىرىدىن ئىلمى قال[1] بىلەن ئىلمى ھالنى[2] ئۆگىنىپ، كەشپۇ كارامەت كۆرسىتىمەن دەپ، خانىقادىن چىقماي كىتاب ئوقۇپ، ئاخىر ئېلىشىپ قاپتۇ، دېيىشىدۇ...

— ۋاي خۇدايىمەي... كىتاب دېگەننىمۇ كۆپ ئوقۇسا چاتاقكەن ـ دە!...

— ھەي ئىست... بىر ئوبدان بالا ئىدى، ياشلا تۇرۇپ ساراڭ بولۇپ كەتكىنىنى قاراڭلار...

كىشىلەر مانا شۇنداق ھېسداشلىق بىلەن ئۇنىڭغا خېلى ئوبدان قارايدىغان، ئۇششاق بالىلار ۋە بەزى مىجەزى چۇس، ئوسال ئادەملەر ئۇنى بوزەك قىلىسا، قوغلىسا، ئارىسىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى ئەيىبلەيدىغان بولدى. ئىسەن بۇقىمۇ ئەگەر ئەسەبىيلىكى، تەلۋىلىكى تۇتۇپ قالمىسىلا، ئادەتتە، ياۋاش، مۆمىن، رايىش ئىدى. پەقەت ھېلىقى ئىككى مىسرا نەزمنى ئوقۇغان چاغدىلا، بىر ئاز جىددىيلىشىپ، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا خەقىش قىلىپ قوياتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ، ئۇزۇن كۆلاھ، ئىشانچە تون كىيىپ، يوغان سەللە ئورىغان سوپى ـ دەرۋىشلەرنى كۆرسىلا، چىرايى ئۆزگۈرۈپ، ئاغزىدىن كۆپۈك چاچرىتىپ، قاچانلاردۇر ئوقۇپ ئېسىدە قالغان مەۋلانە قىدىرخاننىڭ :

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشىدۇ ـ يامانىڭدىن.
ئاق سەللە ـ يېشىل سەللە،
بىزارمەن تامامىڭدىن!

① ئىلمى قال ــ ھايات، تۇرمۇش، دىنىي قانۇنلار توغرىسىدىكى زاھىر ئىلىم.
② ئىلمى ھال ــ تەرىقەت ئىلمى، روھىي دۇنيا ئىلمى، باتىن ئىلمى.

دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ، ئۇلارنى تىللايدىغان، قولىدىكى دوناي ھاسىسىنى شىلتىپ خىرىس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. كىشىلەر بۇ ھالدىن ھەيران بولۇپ، تەئەججۇپكە چۈشسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىشكە ئامالسىز ئىدى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئاپاق خوجا ئوردىدىن چىقىپ، «تېرەكباغ خانىقا» سىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن سەرەمجانلانغان ئاق ئارغىماقتا ئىشانلىق تون ـ لىباسى بىلەن غادىيىپ ئولتۇراتتى. يېشىل مەخمەل كۇلاھ كىيگەن ئىككى سوپى ئىككى تەرەپتە ئاتنىڭ باشبېغىدىن يېتىلەپ سوكۇلداپ كېلەتتى، ئارقىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان بەقەسەم چاپانلىق، مەللە تونلۇق سوپى ـ دەرۋىشلەرنىڭ ھەممىسى بېشىدىكى كۆز مونچاق، كەھرىۋا ۋە ھېقىقلاردىن كۆز قويۇلغان ئۇزۇن كۇلاھلىرىنىڭ ئۇستىگە ئاق سىرىق ۋە يېشىل شايى سەللىلەرنى ئورىۋېلىشقانىدى.

ئۇلار چوڭ يولدىن ئۆتۈپ، ئوڭ تەرەپتىكى رەستىگە قايرىلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە، نەدىندۇر تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئىسمەن بۇقا قولىدىكى دوناي ھاسىسىنى يەرگە دوق ـ دوق ئۇرۇپ، ئاق ئارغىماقنى ئۈركۈتىۋەتتى. ئەگەر ئىككى سوپى ئاتنىڭ تىزگىنى بىلەن باشبېغىنى مەھكەم تۇتمىغان بولسا، ئارغىماق ئارقىغا شوخشىپ، ئاپاق خوجىنى تىك موللاق چۈشۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

ئىسمەن بۇقا ئاپاق خوجىنىڭ قورقۇپ ئۆزگەرگەن چىرايىغا، ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرىغا پىسەنت قىلماي، تىلىغا رام بولۇپ كەتكەن ھېلىقى شېئىرنى بار ئاۋازى بىلەن ئەمرىمەرۇپقا كەلتۈرۈپ ئوقۇدى:

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشىدۇ ـ يامانىڭدىن.
ئاق سەللە ـ يېشىل سەللە،
بىزارمەن تامامىڭدىن!

— ھەيدەڭلار بۇ ساراڭنى! — دەپ ۋارقىرىدى ئاپاق خوجا چالۋا-قاپ، — ئاغزىنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار بۇ تەلۋىنىڭ! ...

ئۇ شۇنداق دېدىيۇ، ئۆزىگە بىگىزدەك تىكىلىپ تۇرغان ساراڭنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر تونۇش چىرايىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭ شىپىر ئوقۇغان ئاۋازىدىنمۇ قانداقتۇر بىرسىنىڭ تونۇش تەلەپپۇزىنى ئاڭلىغاندەك بولدى ۋە ئىپسىگە بىر نەرسە چۇشۇپ دىڭ-گىدە چۆچۈپ كەتتى. «ئىسەن بۇقا ... ئىسەن سوپىم .... راستتىنلا شۇمىدۇر ؟!... »

ئاپاق خوجا ئۆز ۋاقتىدىلا، ئۇنى «ئىشقۇل جىنگىدە ئۆلدى » دەپ ئاڭلاپ، بىرلا دۇئا بىلەن پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئارىدىن شۇنچە ۋاقت ئۆتۈپ بۇگۇن ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ئۇنى ھەم تەمتىرەتتى، ھەم چۆچۈتتى. «ۋاي خۇدايىمەي، ئۇنىڭ روھىمۇ - يا ؟! ئۇنىڭ روھى تىرىلىپ، ساراڭ قىياپىتىدە ئايلىنىپ يۇرمىگەن بولمىسۇن يانا ... ئۇ، ئۇ دۇنيادا دادىسى بىلەن ئۇچراشقان بولسا ... »

ئاپاق خوجا ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن گاڭگىراپ، ساراسىمىگە چۇشۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىر نەچچە نەشكەش ياۋايى دەرۋىش-لىرى ئىسەن بۇقىنى ھەيۋە - پوپوزا، تىل - ھاقارەت بىلەن قوغلاشقا باشلىدى.

ئىسەن بۇقا تايتاڭلاپ قېچىپ كېتىۋېتىپ، بار ئاۋازى بىلەن ھېلىقى ئىككى مىسرا نەزمنى ئوقىدى :

ئەي كۆڭۈل قىلدىڭ گۇناھ، ھەرگىز پۇشايمان بولمىدىڭ،
سوپىمەن دەپ لاپ ئۇرۇپ، تالىبى جانان بولمىدىڭ!

ئۇنىڭ ياڭراق ئاۋازى يىراقتا شارقىراپ ئېقىۋاتقان زەرەپشان دەر-ياسىنىڭ شاۋقۇنلىرىنى بېسىپ ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئەكس سادا

ياڭراتتى ۋە رەستە ـ گۈزەرلەردىكى قايناق غولغۇن ئىچىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

*　　　*　　　*

ئىسەن بۇقا ساراڭ بولدى، ئۇنىڭ جىسمى ھايات تۇرغان بىلەن روھى ئۆلدى! ئۇنىڭ روھى پاك، كىرسىز ئىدى. ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا، ھاياتنى، ھاياتلىقنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى سۆيەتتى، قەدىرلەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان بۇ دەقىقىلەر ئۆزىنىڭ قىممىتىنى، گۈزەللىكىنى يوقاتقانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇنداق گۈزەللىكلەرنى كۆرىدىغان دىل كۆزى باشقىلار تەرىپىدىن كور قىلىۋېتىلگەنىدى ...

ئۇنىڭ روھىنى كىم ئۆلتۈرۈپ، دىل كۆزىنى كىم كور قىلىۋەتتى؟!

مەيلى ئۇنى كىم ئۆلتۈرمىسۇن، كور قىلمىسۇن، ئۇنىڭ قاتىلى يېڭىلدى. چۈنكى، ئىسەن بۇقىنىڭ روھى ئەمدى ھەرگىز بىر يەردە جىم تۇرمايدۇ، بۇرۇن ئۇ بىر كىشىگە تەۋە بولغان بولسا، ھازىر ئۇ، ئەركىن تەبىئەت قوينىغا سىڭدى، ئۇنىڭ روھى بۇ زېمىنغا تارالدى. ئەمدى بۇ روھ بۇ زېمىندا گاڭگىراپ، تېڭىرقاپ يۈرگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ھەرىكەتلىنىدۇ، ئۇلارنى ئويغىتىدۇ، سەگەكلەشتۈرىدۇ، ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئۆزىدىن ئىبرەت ئېلىشقا ئۈندەيدۇ، چاقىرىدۇ!...

# ئەسەردىكى مۇھىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ قىسقىچە بايانى

## (خاتىمە ئورنىدا)

**ئاپاق خوجا:**

ئەسلىي ئىسمى ھىدايىتۇللا خوجا بولۇپ، مىلادىيە 1626 ـ يىلى قۇمۇلدا تۇغۇلغان. دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا (مازار پادىشاھىم) مىلادىيە 1620 ـ يىلى نەمەنگاندىن قۇمۇلغا كەلگەن. ئانىسى زىلەيخا بېكىم ئۆز ۋاقتىدا قەشقەرىيەدىن قۇمۇلغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان بەشكېرەملىك مىر سەئىد جېلىل دېگەن كىشىنىڭ قىزى.

ئاپاق خوجا مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ئەرەبچە، پارسچە تىلنى ۋە شەرىئەت، تەرىقەت، تەسەۋۋۇپ ئىلمىنى دادىسى بىلەن ئانىسىدىن ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئانىسى توغرىسىدا «سىلسىلە تۇز ـ زەھەپ» («ئالتۇن زەنجىرلەر») دېگەن تەزكىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «مۇھەممەد يۇسۇپ خوجام جاھاننىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى. زىلەيخا بېكىممۇ تەڭداشسىز ئىستىپدات ئىگىسى ئىدى، ئەرەبچە ۋە پارسچىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى، شېئىر ھەم قەسىدە ئىجادىيىتىدە نۇقسانسىز ئىدى.»

بۇ تەزكىرىدە يەنە ئېيتىلىشىچە، زىلەيخا بېكىم ھاپىز شىرازى شېئىرلىرىنى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ، مۇتائىلە قىلغان ۋە تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ھەقتە مۇنۇ غەزەل مىسال كەلتۈرۈلگەن:

ئەگەر ئۇل تۈركىي شىرازى قولىغا ئالسا كۆڭلۈمنى،
كى خالىي ھىندۇغا بەرگۈم سەمەرقەندۇ ــ بۇخارانى!

ئاپاق خوجا مىلادىيە 1638 ـ يىلى ئون ئىككى ياش ۋاقتىدا، دادىسى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دادىسىدىن رەسمىي سوپى ـ ئىشانلىقنى ئۆگىنىشكە باشلىغان.

ئاپاق خوجىنىڭ جەمئىيەت خاراكتېرلىك سالاھىيىتى ــ «ئىرشاتنامىسى» بىلەن «نەسەبنامىسى» مىلادىيە 1655 ـ يىلى قەشقەردە «ئاق تاغلىق» سوپىلار تەرىپىدىن، «پەمغەمبەر ئەۋلادى»، «ئىشان» نامى بىلەن رەسمىي جاكارلانغان.

مىلادىيە 1667 ـ يىلى، دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا يەكەندە «ئىسھاقىيە» چىلار مەزھىپىدىكى ئۆزىنىڭ نەۋرە ئەۋلادى بولغان خوجا ئەبەيدۇللا تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاپاق خوجا دەرھال دادىسىنىڭ يۈرگۈزۈپ كەلگەن «ئىشقىيە سۈلكى» گە ھەم بۇ «سۈلۈك» مۇرىتلىرىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكەتلىرىگە باشچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولىغا ئالغان.

ئۇ كەڭ كۆلەمدە مۇرىت قوبۇل قىلىش، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە جىددىي كىرىشىپ، تۇرپاندا «ئەسھابۇل كەب»، قەشقەردە «خان خوجىنىڭ ئوردىسى»، يەكەندە «ئالتۇن مازار» دا ئۈچ سۈلۈك تەسىس قىلىدۇ، بۇ سۈلۈكلەر مۇرىت قوبۇل قىلىش ۋە ھەر خىل دىنىي ـ سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەركىزىي ئورۇنغا ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭغا باش قىلىپ قويۇلغان «خەلىپە» لەرنى ئىشان ئۆزى بىۋاستە كونترول قىلىدۇ. ئاپاق خوجىنىڭ ئەڭ يېقىن مۇخلىسى بولغان موللا باقى سەمەرقەندى شۇنداق دەيدۇ: «ھەزرىتى ئىشان قولىدا ئاخىر ئۆمرىگىچە تۆت يۈز مىڭ كىشى تۇۋا قىلىپ، مۇرىت بولۇپ، تائەت ـ

ئىبادەت يولىغا مېڭىپ بەھرە ئالغان ...»

ئاپاق خوجا ئەنە شۇنداق ئۇزلۇكسىز مۇرىت كۆپەيتىش، كۈچ توپلاش ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، ئەڭ ئاخىر تىغ ئۇچىنى دىنىي پائالىيەتتىن ھالقىتىپ، ھاكىمىيەتكە قاراتتى ۋە مىلادىيە 1678 ـ يىلى جۇڭغار ئىشغالىيەتچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ، سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئون ئىككىنچى سۇلتانى ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرۇپ، تارىختا 164 يىل ھۆكۈم سۈرگەن شۆھرەتلىك سەئىدىيە سەلتەنىتىنى بەربات قىلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا جۇڭغارىيە ھامىيلىقىدىكى ئاپاق خوجا «خان» لىقنى تىكلەپ، بۇ خانلىقتا ئون بەش يىل ھۆكۈمران بولدى.

ئاپاق خوجا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بۇ دەۋردە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئون بىر قېتىم چوڭ قىرغىنچىلىق بولدى، بىر يۈز سەكسەن مىڭ بېجىرىم ئادەم قىرغىنچىلىقتا ئۆلتۈرۈلدى. ئاپاق خوجىغا ۋە ئۇنىڭ ھامىيسى بولغان جۇڭغار ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ قاتمۇقات زۇلۇمىغا قارشى ئىككى يۈز قېتىمدىن كۆپرەك خەلق ئىسيانى كۆتۈرۈلدى.

ئاپاق خوجا مانا شۇنداق ئىسيانچىلاردىن ۋە ئۇ يۈرگۈزگەن تەردـ قەت زوراۋانلىقىغا قارشى چىققان تالىپلاردىن ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تۇتۇپ، مىلادىيە 1679 ـ يىلى جۇڭغارلارنىڭ كۈچى بىلەن ئىلىغا پالاپ، «غالچا يىگىت»، «غالچا چوكان» نامىدا جۇڭغار ئاقسۆـ ڭەكلىرىگە قۇل قىلىپ بەردى.

ئۇ يەنە، خانلىق يارلىقى چۈشۈرۈپ، مەسچىت، مەدرىسلەرنى خانىقا بىلەن تۇنەكخانىلارغا ئۆزگەرتتى، قۇرئان بىلەن ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاب، مەدەنىي مىراس ۋە تارىخىي قوليازمىلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇنىڭغا نارازى بولغان، قارشى چىققان شەرىئەت پېشۋالىرىنى، دىنىي ئۆلىمالارنى يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۆلتۈردى.

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىلار خۇددى

سەئدى شىرازىنىڭ؛

تەركىدۇنيا بول دەر خەلققە پىر ـ ئىشان،
لېكىن ئۆزلىرىچۇ؟ يىغار پۇل ۋە دان!

دېگىنىدەك، ھوقۇق تۇتقان ۋە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، خەلقنىڭ يىلىكىدە سۇ ئىچىپ، ھېسابسىز مال ـ دۇنيا يىغدى. مۇھەممەد يۇسۇپ خوجا يالغۇز قەشقەردىلا، قىرىق ئىككى جايدا مېۋىلىك باغ ئىگىلەپ داڭ چىقارغان بولسا، ئۇنىڭ ئوغلى ئاپاق خوجا خۇددى «دەسلەپ چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كېتىپتۇ» دېگەندەك، توقسان يەردە باغ ـ ئىرەم، يۈز پاتمانلىق[1] تېرىم يەر، يىگىرمە بەش كوزا ئېرىق مال (ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت)، يەتتە يۈز ئەللىك پارچە زىلچا ـ گىلەم، ئۈچ مىڭ ئات، يۈز جۈپ شاھزەر[2]، تۆت يۈز ياقا تون ـ سەرپاي، بەش مىڭ جايىناماز، ئۈچ يۈز دۇكان، يىگىرمە ھويلا ـ ئارام ئىگىلەپ، دادىسىدىن نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى.

ئاپاق خوجا مىلادىيە 1693 ـ يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بېشىدىكى بىر پەيشەنبە كۈنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى[3]. بىر كېچە ـ كۈندۈزدە يەكەندىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىنىپ، «ياغدۇ» (ھازىرقى ھەزرەت) دىكى ئۆزى بىنا قىلدۇرغان «مازارى شاھان» غا — دادىسى ھەزرىتى

---

① بىر پاتمان — تۆت يۈز موغا تەڭ.
② شاھزەر — يۈزىگە خەت ئويۇلغان ياپىلاق ئالتۇن ئۈزۈك.
③ «تەزكىرەئى خوجا ھىدايىتۇللا» دېگەن كىتابتا، ئاپاق خوجىنىڭ زەھەرلىنىپ ئۆلگەنلىكى يېزىلغان. بىزدىكى زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قەبرە ئاستىنى كۆك بوياپ قويۇش ئادىتى بويىچە، ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئاستىدىن يىگىرمە سانتىمېتىر كەلگۈدەك ئارىلىق باشقا قەبرىلەردىن پەرقلىق ھالدا، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە ئوخشاش كۆك سىر بىلەن بوياپ قويۇلغان.

بۇزرۇكۋار ئايىغىغا دەپنە قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، چوڭ ئوغلى خوجا يەھيا دادىسىنىڭ قەبرىسىنى كاتتا گۇمبەز ئىچىگە ئالدۇرۇپ، گۇمبەز-نىڭ ئۈستىگە پارسچە «ئاپاق خوجا خۇدانىڭ ئاشىقى ئىدى، يەككە - يېگانە مەشۇق ئىدى» دېگەن خەتلەرنى يازغۇزۇپ، بۇ يەرنىڭ نامىنى «ھەزرىتى ئاپاق مازىرى» قىلىپ بېكىتتى.

## ئىسمائىل خان:

ئىسمائىل خان — سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئون ئىككىنچى خانى. ئۇ ئابدۇرېشىت خاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، قارا شەھەر ۋە تۇرپاندا قىرىق يىل ھۆكۈمران بولغان ئابدۇرېھىم خاننىڭ تۆتىنچى ئوغلى.

ئىسمائىل خان مىلادىيە 1670 - يىلىدىن 1678 - يىلىغىچە خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان. بۇ دەۋردە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىنى خېلىلا كىچىكلەپ كەتكەنىدى. ئابدۇللا خان (ئىسمائىل خاننىڭ چوڭ ئاكىسى) دەۋرىدە، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىدىكى تاشكەنت، پەرغانە شەھەرلىرى ئىسمائىل خان دەۋرىگە كەلگەندە، ئارقا - ئارقىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى. بۇ مەزگىلدە، جۇڭغا-رىيە ئاقسۆڭەكلىرىمۇ ئىلى ۋادىسىغا ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن جايلارنى بېسىۋالدى. ئۇزۇنغا قالماي، يەنە تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلارنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىۋالدى. دېمەك، سەئىدىيە خاندان-لىقىنىڭ بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىياغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىنى ئىسمائىل خان دەۋرىگە كەلگەندە، تارىيىپ، جەنۇبتا خوتەندىن شىمالدا قارا شەھەرگىچە بولغان زېمىنلارلا قالغانىدى.

ھەزرىتى ئىسمائىل خان ئىمانى كامىل، باتۇر، ئادالەتپەرۋەر ئادەم ئىدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن خانلىق ئىشىدا ھەمىشە ئۇلۇغ ئالىملار بىلەن كېڭىشىپ، ئادالەت بىلەن توغرا ئىش قىلىشقا تىرىشتى. شۇڭا، ۋەيران بولۇپ كەتكەن مەملىكەت ئازغىنە مۇددەتتە ئەسلىگە

كېلىپ ئاۋاتلاشتى. بۇ ھەقتە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» ناملىق كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «... بۇ شەھەرلەر ئانچىنان ئاباد بولدىلەر، ئىلگىرى ـ كېيىن بۇنداق بولغان ئەمەس، ئۇن يىل رەئايا پەقىرلەر بىلمەدىلەركى، بۇ دىيارلار ئىچرە سىپاھى بارمۇ يا يوقمۇ؟ زۇلۇم ـ سىتەم سۆزى قۇلاققا ئاڭلانمىدى. ئۆلۈما ۋە پازىللەرغە رىۋاج تامام بولدى. شەرىئەت مۇستاپا روناق تاپتى...»

ئەمما، بۇ دەۋردە ئاپاق خوجىنىڭ تەسىر دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ، ئۇنىڭ «ئىشقىيە سۇلكى» كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى، ئۇ بارلىق كۈچ ۋە ھىيلە ـ مىكىر بىلەن فېئودال روھانىيلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىمتىيازلىرىنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى ۋە ئاخىر بىرىپ ھاكىمىيەتكە خىرىس قىلدى. ئىسمائىل خان دەسلەپ ئاز ـ تولا ھېسداشلىق ۋە كالتە پەملىك بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ بەزىبىر ئىشلىرىغا ۋە بىر قىسىم تەلەپلىرىگە يول قويغان بولسا، كېيىن ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى سەزگەن ھامان، ئۇنىڭ يولسىز ھەرىكەتلىرىگە، بولۇپمۇ، دىنىي كۆزقاراشلارنى نىقاب قىلىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان زوراۋانلىق، بۆلگۈنچىلىك، پاراكەندىچىلىك قىلمىشلىرىغا قاتتىق چەك قويدى ۋە ئۇنى جىددىي ئاگاھلاندۇردى. ھالبۇكى، ئاپاق خوجا ئۇنىڭ سەمىمىي نەسىھەتلىرى بىلەن ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلىمىدى، بەلكى تېخىمۇ تەلۋىلىشىپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى، خەلقنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى بۇزىدىغان مەزھەپلەر كۈرىشىنى جىددىيلەشتۈرۈپ، ئىچكى ئۇرۇش قوزغىدى. بۇ ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تىغ ئۇچى ئەمەلىيەتتە سەئىدىيە ھاكىمىيىتىگە قارىتىلغانىدى.

ئىسمائىل خان بۇ ۋەزىيەتنى، يەنى سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ تەقدىرىگە، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ھايات ـ ماماتلىق ۋەزىيەتنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىپ، ئاپاق خوجىغا مادارچە-

لىق قىلماي، قاتتىق تەدبىر قوللىنىش قارارىغا كەلدى ۋە مىلادىيە 1671 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاپاق خوجىنى بىرنەچچە مۇھىم مۇخلىس ـ شېرىكلىرى بىلەن قوشۇپ، مەملىكەت چېگرىسىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن، داۋالغۇپ تۇرغان ئىچكى ۋەزىيەتنى تېزلا كونترول قىلىپ، دۆلەتنى يوشۇرۇن بىر خەۋپتىن ساقلاپ قالدى.

ئىسمائىل خان مىلادىيە 1678 ـ يىلى كۈز ئايلىرىدا، ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ھامىيسى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن ئەۋلادلىرى بىلەن بىللە ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قولىدا قاتتىق خورلىنىپ بۇ دۇنيادىن ئۆتتى...

**غالدان سېرىن:**

غالدان سېرىن ـــ جۇڭغارلارنىڭ باش سەردارى باتۇر خۇنتەيجىنىڭ كەنجى ئوغلى. مىلادىيە 1644 ـ يىلى قوبۇقساردا تۇغۇلغان. زېرەك، قارام، قىزىق قان شاھزادە. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، دادىسى باتۇر خۇنتەيجى ئالەمدىن ئۆتكەن.

موڭغۇللارنىڭ بىر ئائىلىدە ئىككى ئوغۇل بولسا، كىچىكى «مانجى» بولۇش ئادىتى بويىچە، غالدان كىچىك ۋاقتىدىلا تىبەتكە لامالىقنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتىلگەن. ئۇ، لاساغا بارغاندىن كېيىن، دالاي لاما V نىڭ قولىدا بۇددا تەلىماتىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن.

مىلادىيە 1670 ـ يىلغا كەلگەندە، ئاكىسى سىڭگىنىڭ ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاكىلىرى چېچەن بىلەن جوت باھادۇرلار تەرىپىدىن ھوقۇق تارتىش مەقسىتىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال جۇڭغارىيىگە قايتىش ئۈچۈن دالاي لامادىن رۇخسەت ئالدۇ ۋە جۇڭغارىيىگە كېلىپلا، ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىگە قاتنىشىدۇ ھەم بۇ كۈرەش-

لەردە ئـارقىمۇئارقا غەلىبە قىلىپ، جـۇڭغار قـەبىلىلىرىگـە باشلىـق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لامالىقتىن چىقىپ، دەھرى بولغاچقا، دالاي لاما ئۇنىڭ خوتۇكتولۇق (ماشايىق) دېگەن ئۇنۋانىنى ئېلىپ تاشلايدۇ.

غـالدان جۇڭغـار قەبىلـىلىرىـنىڭ باشـلىقى بـولغانـدىـن كېيـىن، ئۇيراتلارنىڭ سىياسىي مەركىزىنى قوبۇقساردىن ئالمالىققا ــ ئىلىبالىق-تىكى ئىرەن قابىرغىغا يۆتكەيدۇ.

مىلادىيە 1673 ـ يىلى، غالدان ئۆزى ئىگىلىگەن جۇڭغارىيە ھاكى-مىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئۆز تاغىسى سوكۇر بىلەن قېينا-ئىسى ئۇچىر تۇچەچىن خانىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئۈچ يىل داۋام قىلىدۇ. مىلادىيە 1976 ـ يىلى غالدان قېيناتىسىنى سايرام كۆلى ئەتراپىدا مەغلۇپ قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىـڭ قەبىلـىسىنى پۈتۈنلـەي ئۆزىگـە بويسۇنـدۇرىدۇ. شۇنىـڭدىن كېيىن ئـۇ، «ھـەممە ئـويـرات ـ ئۇلۇسلىرىغا ئۆز گېپىنى ئۆتـكۈزىدىغـان» بىردىنـبىر ھۆكـۈمرانلىـق ئورنىغا چىقىدۇ.

بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىن پەيدىنپەي تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ مۇنبەت زېمىنلارغا قارى-تىشقا باشلايدۇ. مىلادىيە 1677 ـ يىلى يازدا، ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق لەشكىرى بىلەن سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۆلكى-لىرى بولغان تۇرپان بىلەن قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالىدۇ. دەل مۇشۇنداق پەيتتە، ئاپاق خوجا دالاي لاما V نىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كېلىشى غالداننىڭ يېڭى پىلانى ئۈچۈن مەدەت ھەم دەستەك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئون ئىككى مىڭ تاللانغان ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ سەئىدىيە خانىدانلىقىغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ.

غالدان سېرىن مىلادىيە 1697 ـ يىلى قۇمۇل ئاقتاش يايلىقىدىكى قارارگاھىدا ئەللىك ئۈچ يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

**يولۋاس خان:**

يولۋاس خان — سەئىدىيە خانىدانلىقىنىڭ ئونىنچى سۇلتانى ئابدۇللا خاننىڭ چوڭ ئوغلى، سەككىز يېشىدا قەشقەرگە نائىب خان قىلىپ قويۇلغان، ئوتتۇز يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان.

يولۋاس خاننىڭ خۇي - پەيلى توغرىسىدا شاھ مەھمۇد جوراس ئۆزىنىڭ «سەئىدىيە خانىدانلىقى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق يازىدۇ: «ئۇنىڭ تەبىئىتى زۇلۇم ۋە پىتنە - پاسات بىلەن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ زۇلۇ-مىدىن بەكمۇ ۋەيران ھەم پەرىشان بولۇشتى. لەشكەرلەرنى ياخشى تەربىيىلەيتتى، يەنە ئازغىنە بەتگۇمانلىق بىلەن رەنجىتىپمۇ قوياتتى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئەھۋالى بىر خىل تۇرمايتتى.»

شۇ سەۋەبلىك، يولۋاس خان بىلەن قەشقەر خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ئەۋجىگە چىقىدۇ. ئاپاق خوجا گۇرۇھى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يولۋاس خان بىلەن ئاتىسى ئابدۇللا خان ئوتتۇرىسىدا پىتنە - پاسات تۇغدۇرۇپ، ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىدۇ، بۆلگۈنچىلىك، قۇتراتقۇلۇق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. نەتىجىدە، ئابدۇللا خان مىلادىيە 1665 - يىلى ئۆزىنىڭ نەۋرىسى — يولۋاس خاننىڭ پەرزەنتلىرىدىن خوتەندە ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئون سەككىز ياشلىق ئوغلى ئۇبەيدۇللا سۇلتان بىلەن قىزى خانزادە خانىمنى ئۆلتۈ-رۈۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى نىزا كېلىشتۈر-گىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. يولۋاس خان دادىسىنىڭ خانلىق ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ھەرىكەتكە چۈشىدۇ. بۇنى سەزگەن ئابدۇللا خان مىلادىيە 1667 - يىلى يولۋاس خاننى جازالاش ئۈچۈن، قەشقەرگە قوشۇن ئەۋەتىدۇ. ئەمما، خانلىق قوشۇنى مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ يەنە مىلادىيە 1668 - يىلى ئىككىنچى

قېتىم ئوغلى يولۋاس خانغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى جەڭدە، قەشقەردىكى ئاپاق خوجىنىڭ ھېسابسىز سوپى ــ دەرۋىشلىرى يولۋاس خان قوشۇنى بىلەن ماسلىشىپ، سەئىدىيە خانلىقىغا «غازات» ئېلان قىلىدۇ. ئابدۇللاخان قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ يەكەنگە قايتىدۇ ۋە ۋاپاسىز ئوغلىدىن كەلگەن بۇ پاجىئەلىك مەغلۇبىيەتكە چىداپ تۇرالماي، خانلىق تەختىنى كىچىك ئوغلى ئابدۇلمۆمىنگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، «ھەج» قىلىش باھانىسى بىلەن ھىندىستانغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇ يىلى كۈزدە، يولۋاس خان لەشكەر تارتىپ قالغان ھاكىمىيەتنى ئىنىسىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئون بىرىنچى خانى سۈپىتىدە خانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ.

لېكىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاچ كۆزلۈك، تەبىئەتتىكە زۇلۇم سىڭىپ كەتكەچكە، پۇقرالارنىڭ ھالىغا يەتمەيدۇ، بەلكى نامراتلاشقان خەلقتىن تۇلكە تېرىسى بىلەن قىزىل ئالتۇن تەلەپ قىلىدۇ. مەملىكەت كۈندىن ــ كۈنگە خارابىلىككە قاراپ يۈزلىنىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئۆز يېنىدىكى ئادالەت سۆيەر، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقچىل ئەمىر ــ ئۆمىرالىرىنىڭ نارازىلىقىنى، قارشىلىقىنى قوزغايدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەركا بەگ، ئەلى شاھ قاتارلىقلار مىلادىيە 1670 ــ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئوردا ئىچىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ.

گۈزەل سايرام بويلىرىدا تۇغۇلۇپ ــ ئۆسكەن، بىرمۇنچە خان بەگلەرنىڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدە بولغان، نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ پىشىپ يېتىلگەن ئەركا بەگ ئاخىر ئىسمائىل خان بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇشىغا ياردەملىشىدۇ.

## مۇھەممەدئىمىن خان (باھادىر خان):

مۇھەممەدئىمىن خان ـــ سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى ئابدۇرېشىت خاننىڭ يەي نەۋرىسى بولۇپ، تۇرپانغا يىگىرمە يىل

ھۆكۈمران بولغان سۇلتان سەيىد بابا خاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى.

ئۇ تاغىسى ئىسمائىل خان دەۋرىدە، تۇرپانغا ھاكىم بولۇپ تۇرغان. مىلادىيە 1679 ـ يىلى، ئۇ ئىسمائىل خاننى ئاغدۇرۇپ خانلىق تەختىگە چىقىۋالغان ئاپاق خوجىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن، ئون بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەكەنگە جازا يۈرۈش قىلىدۇ ۋە كەڭ خەلقنىڭ قوللىشى، ھىمايىسى ئاستىدا، جۇڭغار لەشكەرلىرى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ سوپى ـ سالۇكلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، شۇ يىلى يازدا، خانلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ.

مىلادىيە 1681 ـ يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بىر جۈمە كېچىسى ئاپاق خوجىنىڭ پىچاقچى سوپىلىرى تەرىپىدىن بوغۇزلىنىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئۇنىڭ ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلىرىدىن بولغان مىرزا سالىھ بەگ جوراس بىلەن مىرزا ماناپ بەگ مۇھەممەدئىمىن خاندىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ قانلىق سۇيىقەستتە ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىدۇ.

**بى بى مۆھتەرەم خېنىم:**

بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنى «خېنىم پادىشاھ خېنىم»، «مەھلىيا خېنىم» دەپ ئاتىغان. ئۇ مۇھەممەدئىمىن خاننىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ھۆسن ـ جامالى كېلىشكەن، ئەمما خۇي ـ پەيلى يامانراق، قەھىر ـ غەزەپلىك قىز.

ئاپاق خوجا مۇھەممەدئىمىن خاندىن مەغلۇپ بولۇپ، قەشقەر، يېڭىسار ئەتراپلىرىدا يۈرگەندە، بۇ قىزنىڭ خەۋىرىنى ئالىدۇ ۋە ئىشنى «دوستلۇق، ئەھدۇ پەيمان» يولىدىن باشلاشنى ئويلاپ، بى بى مۆھتەرەم خېنىمغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇھەببەت ئىزھار قىلىدۇ، ئاخىر ئۇنىڭ ھەممە شەرتلىرىگە كۆنۈپ، ئۇنى ئەمرىگە ئالىدۇ. بى بى مۆھتەرەم خېنىم ئاپاق خوجىنىڭ كېيىنكى سۇيىقەستلىك ئىشلىرىدا كۆۈرۈكلۈك رول ئوينىغان مۇھىم شەخس. ئۇ ئاپاق خوجىدىن ئۈچ

ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغىدۇ.

مىلادىيە 1693 ـ يىلى ئاپاق خوجا ئۆلگەندە، ئۇ تەخت ۋارىسى ھېسابلىنىدىغان ئۆگەي ئوغلى خوجا يەھيانى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگۈزۈپ، ھاكىمىيەتنىڭ تىزگىنىنى بىر مەزگىل ئۆز قولىدا تۇتىدۇ.

بى بى مۆھتەرەم خېنىم رەھىمسىز، زالىم ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، «جاللات خېنىم» دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە «سىيادەتنامە» دېگەن ئەسەردە مۇنداق يازىدۇ: «ئول ۋاقىتتا ئانداق خۇنخورلۇق بولدىكى، ئىككى كىشى ئۇرۇشۇپ كىرسە، ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرەر ئەردى، مەزلۇم كىشىلەر بېشىنى تارىسا ھەم ئۆلتۈرەر ئەردى. ئۆزىنىڭ بىر سىڭلىسىنى ‹پاقلاندۇ خېنىم› دەر ئىدىلەر، بىسىيار ساھىبجامال، تۇغمىغان ئەردى، ئۇنى ھەم رەشكتىن ياغقا بېسىپ ئۆلتۈردى. ھەممە خەلق ۋەھشاتناك بولۇپ، ئۇنى ‹جاللات خېنىم› دەپ ئاتىدىلەر.»

بى بى مۆھتەرەم خېنىم مىلادىيە 1695 ـ يىلى مەكتىلىك سوپىلار ـــ خوجا يەھيانىڭ ئانا تەرەپ تۇغقانلىرى تەرىپىدىن پىچاقلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

**بارات ئەئلەم:**

بارات ئەئلەم ـــ يەكەننىڭ ئەينى چاغدىكى شەرىئەت پېشۋالىرىنىڭ كاتتىسى. مىلادىيە 1679 ـ يىلى، ئاپاق خوجا بارلىق مەسچىت، مەدرىسىلەرنى خانىقاغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا خانلىق بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان پايتەخت شەھىرىدىكى مۇدەررىس، ئىمام، خەتىپلار بارات ئەئلەمنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئاپاق خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشنى ئېيتىدۇ. بارات ئەئلەم شەرىئەت ئەھلىنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى ئېلىپ، ئاپاق خوجا بىلەن كۆرۈشىدۇ ھەم قۇرئان، ھەدىس تەلىماتلىرى بويىچە ئۆز پىكرىنى ئېيتىدۇ. لېكىن، ئاپاق خوجا ئۇنى يولسىزلىق بىلەن ئەيىبلەپ چىقىرىۋېتىدۇ ۋە شۇ كېچىسى ئاپاق خوجىنىڭ «رىجالۇل غەيب» دەپ ئاتىلىدىغان پىچاقچى سوپىلىرى تەرىپىدىن ئۆز ئۆيىدە ئىككى ھەمراھى بىلەن قوشۇپ، پالتا بىلەن

چاناپ ئۆلتۇرۇلىدۇ ۋە جەسەتلىرى كوچىغا تاشلىنىپ : «بۇلار پىر ـ ئەۋلىيا ئاپاق خوجىنىڭ تەخسىراتىغا كەتكەن ئازغۇنلار!» دېيىلىپ، خەلققە تېخىمۇ ئېغىر تەھدىت سېلىنىدۇ.

**ئۇلۇغ موللام، مەۋلانە موللا نەقى، موللا ئالىم ياركەندى، مىرزا شاھ خوجا، موللا باقى سەمەرقەندى، موللا ئاتىجان تاشكەندى، موللا شاھباز قاتارلىقلار:**

ئاپاق خوجىنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى ئىچىدە، يۇقىرى دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە تۆۋەن دەرىجىلىك دەپ تەبىقىلەرگە ئايرىلغان خاس مۇخلىسلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۇقىرىقىلار ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خاس مۇخلىسلىرى قاتارىغا كىرىدۇ.

ئۇلار ئاپاق خوجىغا ئەڭ سادىق ھەم پىداكار، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن سۇلۇك ۋە خانىقالارنى باشقۇرغان. ئۇلار تەسەۋۋۇپ، تەرىقەت ئىلمىدە خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ، بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى، كۈچ ـ قۇدرىتىنى، قىسقىسى، بارلىق ھاياتىنى ئاپاق خوجىغا ۋە ئۇنىڭ «تەرىقەتى ئىشقىيە» مەسلىكىگە بېغىشلىغان. ئۇلار ئەڭ قىيىن شارائىتتىمۇ ئاپاق خوجىدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭ بىلەن تەقدىرداش، ھەمنەپەس بولغان. مۇشكۇل ھىجرەت ـ سەپەرلەردىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ سادىق مۇرىتلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان.

پارسچە «ھىدايەتنامە» دېگەن قوليازمىدا، ئۇلار توغرىسىدا مۇنداق تەرىپ ۋە سۈپەتلەر يېزىلغان: «ھەزرىتى ئىشانىنىڭ قەدىمىي يارەنلىرىدىن، مەقبۇل ۋە مەھبۇبلىرىدىن ئىدىلەر... زاھىرىي، باتىنىي ئىلىملەرگە كامىل ئىدىلەر... ئۇستىۇن ھاللار ۋە ئۇلۇغ ماقاملار ئىگىسى ئىدىلەر... سەپەر ۋە غەيرىي سەپەردە، خىزمەتتە ھەمراھ ھەم ئەسرار ئىدىلەر...»

1999 ـ يىل، سېنتەبىر
2000 ـ يىل، دېكابىر
ئۈرۈمچى ـ قەشقەر

**图书在版编目(CIP)数据**

不幸的赛依德亚：维吾尔文/艾海提·吐尔迪著.—乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2009.3

（艾海提·吐尔迪作品集）

ISBN 978-7-5371-6501-3

Ⅰ.不… Ⅱ.艾… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 023345 号

责任编辑:阿布力孜·克尤木
责任校对:依巴达提·亚森
封面设计:阿里甫·夏

艾海提·吐尔迪作品集

**不幸的赛依德亚** （维吾尔文）

（长篇小说）

**艾海提·吐尔迪 著**

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市北京北路29号 邮编: 830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新 疆 新 华 书 店 发 行
新 疆 金 版 印 务 有 限 公 司 印 刷
850×1168毫米 32开本 14.5印张
2009年3月第1版 2013年3月第3次印刷

ISBN978-7-5371-6501-3 定价: 33.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换